ئانا مىراسى ئانا مىراسى

دۈرنەم مەشۈرووۋا



# ئانا مىراسى

ئانا مىراسى ئانا مىراسى

www.uyghurkitap.com

دۇرنەم مەشۇروۋا

# ئانا مىراسى

ئالمۇتا، 2010

ئۇدك (574) 821
ببك 84 Ұйғ_Араб_7

ئانا مراسى/ دۇرنەم مەشۇرووۋا
ئالمۇتا: "مر" نەشرياتى، 2010_يىل. 400 بەت

ISBN 978_601_7272_14_2

دۇرنەم مەشۇرووۋانىڭ نوۋەتتىكى بۇ كىتاۋى رېئال ۋاقىئەلەرگە ئاساسلانغان. مەزكۇر كىتاپتا مۇئەللىپ ئۆزى تونۇپ بىلگەن ئادەملەر، بولۇپمۇ ئانىلار تەغدىرى ئارقىلىق دەۋىر ھەققانىيىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەر ۋاقىئەسى تەقىپلەش ژىللىرىدىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزكۇر كىتاپنىڭ كىتاپخانىلار تەرىپىدىن ئىللىق قوبۇل قىلىنىدىغىنىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئۇدك 821(574)
ببك 84 Ұйғ_Араб_7

ISBN 978_601_7272_14_2

© دۇرنەم مەشۇرووۋا، 2010
© "مر" نەشريات ئۆيى، 2010

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كۆمۈچ قاناتلار ئېلىپ ئۇچقاندا.................. 3
مەڭگۈلۈككە سەپەر.................. 6
تەشۋىشلىك يىللار ساداسى.................. 20
چەت يۇرتلاردا.................. 26
يۇرتنىڭ مېھرى بۆلەك.................. 72
جۇدالىق ھەسرىتى.................. 82
كۆڭۈلسىز خەۋەر.................. 94
تەشنا يۈرەكلەر.................. 101
چەيلەنگەن نومۇس.................. 128
ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر.................. 141
ۋىژدان سوتى.................. 146
ئۈزۈلگەن ئۈمۈت.................. 151
ھىجران دەردى.................. 162
قايغۇلۇق كۈنلەر.................. 175
روھلار يۆلەيدۇ.................. 200
ئانا كۆڭلى بالىدا.................. 214
دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر.................. 221
كېچىككەن ۋىسال دەملىرى.................. 228
خوشنىدارچىلىق.................. 240
قانلىق پاجىە.................. 250
سېغىنىش ئوتى.................. 257
ئارمان قىلغان توي.................. 261
بەخىت قۇچىقىدا.................. 276
ئۈزۈلگەن ئارمان.................. 296
قاناتلىق ئارزۇلار.................. 309
زامان قىسمەتلىرى.................. 320
يىراقتىكى چەت ئەلدە.................. 336
ئانىلار تەغدىرى - ئىلھام مەنبەسى.................. 373
بىباھا مىراس.................. 383
قېرىنداشنىڭ ئوتى بۆلەك.................. 391

# كۈمۈچ قاناتلار ئېلىپ ئۇچقاندا



— What would you like to drink, Ma'm? — نېمە ئىچىشنى خالايسىز، خانىم؟ — دەپ سورىدى ستيۇئاردېسسا قىز ھەر خىل يېمىش سۇلىرى قۇيۇلغان ستاكانلار تىزىلغان پوتمۇسنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىپ.

مەن ئاپېلسىن سوكى قۇيۇلغان ستاكاننى قولۇمغا ئالدىم. شۇ چاغدا ستيۇئاردېسسىنىڭ: «خوۋۇپسىزلىك بەلدىكلىرىنى ياخشىلاپ تاقاڭلار، ئۇچاق يەردىن كۆتىرىلىپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ». — دېگەن ئۈنى ئاڭلاندى. ھەممىمىز بەلدىكلەرنى بەكىتتۇق.

— خانىملار بىلەن مىرزىلار! بىزنىڭ ئۇچاقنىڭ بورتىغا خۇش كەپسىلەر! بىزنىڭ ئۇچاق ئالمۇتا—ئامستېردام KLM 0410 رېيسى بويىچە ئۇچۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇچۇش ۋاقتىمىز 7 سائات 20 مىنۇت داۋاملىشىدۇ. ئامستېردام ۋاقتى بويىچە ئەتىگەنلىكى سائات 10 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە يەرگە قونۇمىز. ياخشى ئۇچۇپ، يۇمشاق قونۇشۇڭلارنى تىلەيمىز!

ئېكىپاژ كاپىتانىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ئۇچاقنىڭ ئاق كۈمۈچتەك قاناتلىرى ئاستا كۆككە كۆتىرىلدى. مەن ئۇچاقنىڭ ژۇقۇرى دەرىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىزمەت كۆرسىتىدىغان بىزنىس-كلاس دەپ ئاتىلىدىغان بۆلمىسىدە ئولتارغاچقا، بويى ئېگىز، چىرايىق كەلگەن ستيۇئاردېسسا قىز پات-پاتلا يېنىمغا كېلىپ، تۈرلۈك تائاملارنى، ئىچىملىكلەرنى تەكلىپ قىلدى.

- مەن هازىرچە هېچ نېمە يېمەيمەن، هېرىپ قاپتىمەن، بىر ئاز دەم ئالاي، - دېدىم.

بۆلمىدە ئادەملەر ئاز بولغاچقا، كرېسلولارمۇ بوش ئىدى. مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى ئېكراندا KLMنىڭ سىمۋولى يوغان، چىرايلىق ئاق قۇشنىڭ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ دېڭىزدىن كۆتىرىلىپ ئۇچقىنىنى كۆرسەتتى. ئەشۇ پەيتتە ئۆزەمنى شۇ ئاق قۇشقا ئوخشاتتىم. چۈنكى ژىراقتىكى كىچىك بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، مىڭ بىر قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ چوڭ بولغان مېنىڭ كىچىكىمدىكى ئارمىنىم ئەمەلگە ئېشىپ، نوۋەتتىكى كىتاۋىمنى تونۇشتۇرۇش مەراسىمىغا ئامېرىكىغا ئۇچۇپ كېتىپ بارغىنىم چۆچەك ئەمەسمۇ؟.. مەن بولۇۋاتقان بۇ يېڭىلىقلارنى يە ئوڭۇم، يە چۈشۈم ئېكەنلىگىنى بىلمەي، تېخىچە ئىشەنمەي ئولتىراتتىم.

ئىللىيۇمىناتوردىن كۆكتە ئەركىن لەيلەپ ئۇچۇپ ژۈرگەن سېخىرلىق ئاق بۇلۇتلاتنى تاماشا قىلىپ ئولتىرىپ كۆزۈم ئىلىنىپ كەتتى ئەتىمالىم، ئوخانسام، يېنىمدا چاچلىرى ئاقارغان، ئۆزلىرىگە چۈشكەن قورۇقلار خېلىلا بىلىنىپ تۇرغان، ئۇچۇسغا ئاق سپورت كوستيۇمىنى كىيگەن ئايال ئولتىرىپتۇ.

- How are you? -ئەھۋالىڭىز قانداق؟ - دەپ ئىنگلىزچە سورىدى ئۇ.

- Good, thank you - ياخشى، - دەپ جاۋاپ بەردىم. يېشى 65 لەرگە كېلىپ قالغان بۇ ئايالنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتسامۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنى قانداقتۇ دەرت-هەسرەتنى باشتىن كەچۈرگەنلىگىنى بايقىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئىككىمىز، خۇددى يېقىن تونۇشلاردەك، سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق.

- قاياققا ئۇچۇپ كېتىپ بارىسىز؟

- لوس-ئانذژېلېسقا.


- مەنمۇ لوس-ئانذژېلېسقا.

- مېنى لوس-ئانذژېلېستا دانيېل ئىسىملىك قىز قارشى ئالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن چىكاگوغا ئۇچىمەن.

— چىكاگودا كىم بار ياكى ئىش بىلەن ئۇچۇپ كېتىپ بارامسىز؟
— مەن ئوپرا ژۇرگىزىدىغان تېلېشوۇغا تەكلىپنامە ئەلغان ئېدىم.
— ئو-ئو! ئوپرا! ئوپرا ئەڭ ئاتاغلىق تېلېژۇرگۇزگۇچىغۇ، ئۇنىڭ ئىسمى دۇنياغا تونۇلغان.
— مەن ئوپرانى 2001 -ژىلى لوس-ئاندژېلېسقا بارغىنىمدا تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارمان قىلغان ئېدىم. مانا شۇ ئارمىنىم ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرىدۇ.
— بۇ قىزىق ئېكەن.
— مېنىڭ كىتاۋىم ئوپرانىڭ قولىغا چۈشىپتۇ. ئۇنى كىتاۋىمنىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەغدىرى قىزىقتۇرغانلىغىغا خوشال بولدۇم.
— بۇ گەپچە، سىز يازغۇچى ئېكەنسىزدە؟ ئامېرىكىلىقلارنى ئەزەلدىنلا دۇنيا خەلىقلىرىنىڭ تەغدىرى، ئۇرپى-ئادەتلىرى، تائاملىرى قىزىقتۇرىدۇ.
— مەن بىر ئاتاقلىق يازغۇچى ئەمەس، ئاما ھاياتتا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى قولۇمدىن كەلگىنىچە يېزىپ ژۈرىمەن..بۇ كىتاۋىمغىمۇ ئۆزەم بىلگەن-تونۇغان ئادەملەرنىڭ تەغدىرى ئاساس بولدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەشتە ئۇيغۇر خەلقىمىنىڭ ئۇرپى-ئادەتلىرى توغرىلىقمۇ بىر ئاز توختىلىپ ئۆتتۇم.
— توختاڭ، بۇ كىتاۋىڭىز مېنىمۇ قىزىقتۇرۋاتىدۇ. سىز ماڭا كىتاۋىڭىزدا تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
— ئو-ھو! بۇ ئىنتايىن ئۇزاق ھېكايە.
— بىز لوس-ئانژېلېسقا يەتكىچە 21 سائات بار، قانچە ئۇزاق ھېكايە بولسىمۇ سۆزلەپ تۈگۈتىسىز. تونۇشۇپ قويايلى مېنىڭ ئىسمىم رۇس.
— ناھايىتى ياخشى، سىز بىلەن تونۇشقۇنۇمغا خۇرسەنمەن. مېنىڭ ئىسمىم مېھرىبان.
— مەن سىزنىڭ كىتاۋىڭىزنىڭ قەھرىمانلىرى بىلەن تونۇشۇشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىۋاتىمەن.
مەن رۇسنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلماي، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تەييارلىنىپ، ھېكايەمنى باشلىدىم.

www.uyghurkitap.com

# مەڭگۈلۈككە سەپەر



ماي كىلىپ، يەر-جاھان كۆكىرىپ، باغلاردا ئالما-ئۆرۈكلەر چېچەكلىگەن پەيت. ئەتراپتا رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. پات-پات يېغىۋاتقان باھار يامغۇرىدىن كېيىن تەكشى باش كۆتەرگەن نازۇك مايسىلەر ئالەمگە يېشىل گىلەم يېيىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ كېچىمۇ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىپ چىقتى. قەيەرلەرگىدۇ چاقماق چۈشكەن بولسا كېرەك، قاراس-قۇرۇس قىلغان قاتتىق ئاۋازدىن كېيىن ئاسمان يوپ-يورۇق بولۇپ، يەر-جاھاننىڭ سىلكىنىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. خۇددى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، شۇ پەيتتە تېلېفونمۇ جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننىڭ تاڭ سەھەردە قاتتىق جىرىڭلىشى مېنىڭدە تېخىمۇ قورقۇنۇچ پەيدا قىلدى. ژۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئەنسىرەپ، نوگاينى كۆتەردىمدە، «گۈلى ئانام ئاخىرى تۈزۈلەلمىدى»، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم. سائەت تېخى بەش يېرىم بولسىمۇ، ئەندى يېتىپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەلۋەتتە، ھاياتتا ھېچ كىم مەڭگۈ ياشىمايدۇ. لېكىن يېزىمىزنىڭ ھۆلىنى قۇرغان ھۆرمەتلىك بۇ ئانامنىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق خەۋەر كۆڭلۈمنى غەش قىلدى.

كېيىنىپ كوچىغا چىقسام، يامغۇردىن كېيىن يەر-جاھان ئالاھىدە گۈزەل رەڭ ئاپتۇ. ھاۋامۇ تاپ-تازا. كۈلۈپ چىققان قۇياش ئەتراپقا نۇرلىرىنى تەكشى سەپمەكتە. بىراق بۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر مېنىڭ غەمكىن كەيپىياتىمنى كۆتىرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

ئىگۈلى ئاناملارنىڭ كوچىسىغا بۇرۇلۇپلا، ژىغىلىپ كەتكەن ئادەملارنى كۆردۈم. كوچىغا ئۇزۇن-ئۇزۇن بەلدىڭلەر قويۇلۇپ، ئۇلاردا ژۇت قىرىلىرى ئولتىرىشىپتۇ. ھويلىنىڭ ئىچى قىيامەت-قايىم، ژىغا-زېرە. گۈلى ئانامنىڭ يالغۇز ئوغلى يادىكار بېلىغا ئاق باغلاپ، ئانىسىغا بەك كۆيۈپ ژىغلىماقتا. «باللىق بورچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، ئانام. ئۈچ باللىنى يالغۇز بېقىپ، تارتقان جاپالىرىڭغا ژىغلايمەن، ئانام. سېنىڭ دادامغا سادىقلىغىڭغا ئاپىرىن، ئانام». - دەپ توختىماي ژىغلاپ، ھويلىدىكى ئادەملەرنىمۇ ژىغلىتىشۋەتتى. بەللىرىگە ئاق باغلىغان ئالتە-يەتتە ئوغۇل نەۋرىلىرىمۇ: «مومام، ئالتۇن موما، مېھرىۋان مومام»، - دەپ ژىغلىماقتا. «ئۆلۈمنىڭ ئېتى ئۇلۇق» بولغاچقا، ئەتىگەندىلا ھويلىدا دەسسىگىدەك يەر يوق. گۈلى ئانام يېزىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىسى ئۈچۈن ژۇت ئادەملىرى، خوشنا يېزىلاردىن كەلگەن ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ تورۇشۇپتۇ. مەن ئىچكەرگى ئۆيگە كىرىپ، ئاق ياغلىق تېڭىپ قاتار ئولتارغان ئاياللار بىلەن كۆرۈشتۈمدە، سېلىمەم، سانىيەم ھەدەملەرنى قۇچاقلاپ، چىدىماي ژىغلاپ كەتتىم. ئانىسىنىڭ دەردىدە كاۋاپ بولۇپ كۆيۈۋاتقان قىزلىرى:

- نەۋرىلىرىنىڭ تويلىرىدا تۆردە ئولتىرىپ بەرسە بولماتتىمۇ ئانام، جاپاكەش ئانام، بىر قوشۇق تالقانغا ئېتىزدا قونۇپ يېتىپ، پاتقاق كېچىپ، سۇ تۇتقان ئانام، بالىلىرىنىڭ دۆلىتىنى كۆرسە بولماتتىمۇ ئانام، - دەپ بىرى توختىسا، بىرى ژىغلاتتى.

تۆردە ئولتارغان ئاپپاق ئانام:

- سەۋر قىلىڭلار، بۇ دۇنىيا كىمگە باقى دەيسلەر، ھەممىمىزنىڭ بارىدىغان يېرى شۇ. بىرىمىز ئىلگىرى، بىرىمىز كېيىن كېتىمىز. خۇدايىم «ئانام!» دەپ قالغىلى بۇيرىسۇن. «بالام!» دەپ قېلىشتىن ساقلىغاي، - دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئولتارغانلارمۇ قولللاپ-قۇۋۋەتلىدى. ئاندىن ئاپپاق ئانام دۇئا ئوقۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتىرىۋېدى، ئىككى قىزى بىردىن توختىدى.

ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپ، ئۆيگە پەنجىم يېزىسىدا ياشايدىغان

قۇدىلىرى، سىلىمەم، سانىيەم ھەدەملەرنىڭ خولۇم-خوشنىلىرى، دوستلىرى ژىغلىشىپ كىرىشكە، قايتىدىن ھازا باشلىنىپ كەتتى.

— ھەي، يەرلىك پوتوپ قاپتۇ، ژۇغۇچىغا كىملەر كىرىدۇ؟ — دېگەندىلا ژىغا بېسىلدى.

— ئاپام ئۆزى بەلگۈلەپ كەتكەن دوستلىرى مىرۋان، مەرىيەم، زىمىنەپ ھەدەملەر ژۇغىچىغا كىرسۇن. سىپىيەم ھەدەم سۇيىنى قۇيۇپ بەرسۇن، — دېدى سىلىمەم ھەدەم.

ئىسمى ئاتالغان ئانىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتىندە، ھويلىغا چىقىپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، بىر بۆلمىگە كىرىپ، ئاق رەختىن كېپىن تىكىپ تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭى مىرۋانەم چوڭنام تىكىلگەن كېپىننى بىر پارچە ئاققا ئورىدىدە:

— بولدى، جورۇڭلار، «بىسمىللە!» دەپ دوستۇمىزنى ژۇيۇپ-تاراپ ئۇ دۇنياغا چىرايىق ئۇزۇتايلى، — دەپ گۈلى ئانام ياتقان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلارغا ئىسسىتىلغان ئىككى چېلەك سۇ ۋە يېڭىلا ئاغزىنى ئويۇپ ئاچقان قاپاق چۆمۈچنى يەتكۈزۈپ بېرىشتى. مېيىتنى سۇغا ئېلىپ، كىيىمنى كىيگۈزۈپ، ئوراپ تەييار بولغاندا، باللىرى، ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداشلىرى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ، خوشلىشىش ئۈچۈن كىرىشتۇق. مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئانا كۆزلىرى چانىغىغا ئولتىرىشىپ، ئۆزى كىچىكلەپ، تاتىرىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى رەت خوشلىشىپ، ئىچىمىزدە: «ئانا، ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولسۇن»، — دەپ پىچىرلاپ، ئاستا چىقىپ كەتتۇق.

ئەرلەر ئورالغان جەسەتنى كۆتىرىپ چىقىپ تاۋۇتقا سېلىپ، ھويلىدا نامىزىنى چۈشەرگەندىن كېيىن، قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭدى. ئاياللار دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ژىغلىشىپ ئۇزىتىپ، ئاندىن ھەممىمىز قوللىرىمىزنى ژۇيۇپ ئۆيگە كىرگەندە، قايتىدىن ژىغا باشلاندى. گۈلى ئانامنىڭ چوڭ قىزى سىلىمەم ھەدەم ئۇرپى ئادىتىمىز بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ژۇتۇم مېنىڭ ئانام قانداق ئادەم ئىدى؟ — دەپ ژىغلاپ سورىدى.

مىرۋانەم ئانام ئۇنىڭغا جاۋاپ قېتىپ:

— گۈلى ئىنتايىن ياخشى ئايال بولغان. ھېچ كىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمىگەن، سىلىق-سىپايە، ناھايىتى ئىشلەمچان، ھۆرمەتلىك

ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىز قانچە جاپا-مەشەقەتلەرنى بىللە تارتۇق، - دەپ ژىغلاپ كەتتى.

ھەقىقەتەنمۇ، ژۈتۈمىزدىكى مۈتىۋەر، تەۋەرۈك ئانىلىرىمىزدىن يەنە بىرى كامايدى، ئۆزلىرىمۇ، ئاشقا پوچاق سالغاندەك، ژىلدىن-ژىلغا ئازىيىۋاتىدۇ.

شۇ ئارىدا زەينەپ ئانا:

- سىلىمەم، ژىغلاۋەرمەڭ، قىزىم، سەۋىر قىلىڭ. قازان بېشىغا سايلايدىغان ئاياللارنى سايلايلى، يەتتىسىگە تۇرىدىغانلارنى تەكلىپ قىلىڭ! - دەپ بېشىدىكى ئاق ياغلىغىنى قاتتىق قىلىپ تاڭدى.

- ئاپامنىڭ خۇدا قوشقان خوشنىلىرى، جانەم بىلەن خالىدەم، سىلەر قازان بېشىدا يەتتە كۈن خىزمەت قىلىپ بېرىڭلار، ئاپام سىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، - دەپ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ئۆلتىماس قىلدى سىلىمەم.

جانەم بىلەن خالىدەممۇ:

- بولدى، ئانىمىزنىڭ خىزمىتىنى يەتتە كۈن قىلىمىز، - دەپ يەڭلىرىنى تۈرۈشۈپ، قازان بېشى تەرەپكە ماڭدى.

باياتىن ئىككى تىزىنى ئۇگىلاپ ئولتارغان زەينەپخان ئانا:

- مەن دوستۇمنىڭ يەتتىسىگىچە كۈندە سالىدىغان ژىتنى سىلىپ بېرەي، - دېدى دوستىغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ.

سىلىمەم ھەدەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- ئەندى ئاپامنىڭ دوستلىرى، قۇدىلىرى، تۇققانلار، ژۇت چوڭلىرى - سىلەر يەتتىسىگىچە ئولتىرىپ بېرىڭلار! - دەپ تەكلىپ قىلدى.

ياشلار: «ئۆيدە ئىشىمىز، مېلىمىز بار» دېسە، قېرىلار: «بىزمۇ بوش ئەمەس، باللار ئىشقا كېتىدۇ، بىز نەۋرىلەرنى باقىمىز» دېيىشىپ، بىر-بىرىنى «سىلى تۇرسىلا، ياق، سىلى تۇرسىلا» دەپ تەكلىپ قىلىشتى. شۇ ئارىدا جانەم بىر جاۋۇردا تونۇرغا يېقىلغان چىرايلىق توغاچلارنى ئېلىپ كىرىپ: «توغاچتىن ئېلىڭلار، چوڭنامىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئالغان»، - دەپ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا جاۋۇر بىلەن تۇتتى. ئايالار يېرىم توغاچتىن ئېلىپ، ياغلىقلىرىغا يۆگەپ ئولتارغاندا، قەغەزگە ئورالغان چاي بىلەن ژىپ-زىغىنىسىنى بىر تاۋاقتا ئېلىپ كىرگەن خالىدەم چوڭ ئانىلارغا مۇراجىەت قىلىپ: «مونۇ چايدىن بىر-بىر بولاقتىن ئېلىڭلار»، - دەپ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تاۋاقنى تۇتتى. چوڭلار ياشلارغا:

www.uyghurkitap.com



ــ سىلەرمۇ ئىلىڭلار، ئەتىگەنلىكى نامىزىڭلاردا گۈلگە ئاتاپ دۇئا قىلىڭلار، ــ دېيىشىپ، توغاچ چىككەن ياغلىقلىرىغا بىر بولاق چاي بىلەن زىپ-زىگىنسىنى قوشۇپ ئوراشتى.
ــ مۇردىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن نېمىشكە توغاچ تارتىدۇ؟
ــ دەپ سورىدى ياش جۇگان يېنىدا ئولتارغان زەينەپخان ئانامدىن.
ــ بىز ھاياتتا بىر-بىرىمىزدىن قەرزگە نان ئېلىپ، قايتۇرمىشىمىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۆيدىن ئاخىرقى قېتىم چىقىپ كېتىپ بارغاندا، توغاچنى ئۆلۈكنىڭ بېشىدىن ئۆرۈۋېلىپ تارتىمىز.
ــ چاي بىلەن زىپ-زىگىنچۇ؟ ــ ياش جۇگان يەنە سوئال قويدى.
ــ چاي بىلەن زىپ-زىگىنمۇ شۇنداقلا. بىز خوشنىلار بىر-بىرىمىزدىن چاي، زىپ-زىگنە ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن بولساق، ئاخىرقى كۈنى ئۇ دۇنياغا قەرزلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتسۇن دەپ تارتىلىدۇ. بۇ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئۇرپى-ئادەت، قىزىم.
چوڭلارنىڭ مېڭىشقا تەمشىلىپ، ئورۇنلىرىدىن ئاستا قوزغالغىنىنى بايقىغان سېلىمەم ھەدەم ئۆرە تۇرۇپ:
ــ ژۇتۇم، ئانامنى ئاخىرقى سەپەرگە ئۇزاتقىلى كەلگىنىڭلارغا ھەممىڭلارغا رەخمەت، ــ دەپ يەنە كۆز ياش قىلدى.
ئاپپاق ئانام ئۇنىڭغا سەۋرلىك بېرىپ:
ــ سېلىمەم قىزىم، گۈلنى چىرايلىق ئۇزاتتىڭلار، باللىقا يارىدىڭلار. ئەندى قالغانلار ئامان بولسۇن. مەن قۇرئان ئوقۇۋېتەي، ــ دەپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.
ئولتارغانلار ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قولىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن:
ــ سېلىمەم قىزىم، بۈگۈن ئۆزەمنىڭ تاۋىم بولماي ئولتىرىمەن. بولمىسا گۈلنىڭ يەتتىسىگىچە تۇرماتتىممۇ. موشۇ يەرگە مۇسىبەتلىك ئىش ئۈچۈنلا كەلدىم. قىزىم، سىز خاپا بولمىسىڭىز، مەن ئۆيگە قايتاي. ئامان بولساق يەتتىسىدە كۆرۈشەرمىز، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى.
ئۇرپى-ئادىتىمىز بويىچە ئۆلۈملۈك بولغان كىشىلەر يەتتىسىنى بەرمەي كەلگەن ئادەملەرنى ئۇزىتىپ چىقمىغاچقا. سېلىمەم ھەدەم بىر

قىزنىغا ئاپپاق ئانامنى ماشىنىغا سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۆيدە قالدى.

زەينەپخان ئانىمۇ ئاپپاق ئانام بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چوڭگۈلنى كۆتىرىپ باغ تەرەپكە ماڭدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ چايخانىغا كىرىپ، جاۋۇرغا ئۈننى ئاۋايلاپ ئالدىدە، چىننىگە كىچىككىنە تۇز سېلىپ، مۇزدەك سۇدا ئېرىتىپ، ژىتنىڭ خېمىرىنى ژۇغىرىشقا باشلىدى. باياتىن مومايىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپ-سېلىپ تۇرغان توققۇز ياشلىق غۇنچەم:

- موما، ژىتنى نېمە ئۈچۈن سالىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ژىتنى ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ، ئۇلارغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن سالىمىز.

- موما، مەن ساڭا ياردەم قىلايچۇ؟

- ياق، قىزىم، سەن قاراپ تۇرغىن. بىزدىن كېيىن قالغاندا، سىلەر سالىسىلەر ئەمەسمۇ.

زەينەپخان ئانا ژىت سېلىۋاتقاندا، مىرۋان ئانام ھويلىغا چىقىپ، ياشاراق ئىككى ئايالغا:

- قىزلىرىم، ئەرلەر يېنىقتىن كەلگىچە، بىر ئېغىز ئۆيگە جوزا قويۇپ، دەستىخان سېلىڭلار. زەينەپخان ژىتنى سېلىپ بولسا، جوزىغا ئەكىرىپ قويسۇن، - دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۆي ئىسسىپ كەتكەچكە، بىز پاشاخان بىلەن ھويلىغا چىقتۇق. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە ئېگىز، چىرايلىق قىلىپ ياسالغان ئۈزۈن ئۈزۈم بارىڭى بولۇپ، ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى يېڭىدىن كۆكىرىۋېتىپتۇ. ھويلىنىڭ يەنە بىر چېتىدە ئۇزۇن، چىرايلىق ياغاچلىرى گۈللەپ ياسالغان چايخانا بولۇپ. ئۇنىڭ بىر چېتىگە ئېگىز كۆتىرىپ سۇپا چىقىرىپ، ئىككى قازان ئېسىلغان، قازان بېشىنى ئاق قەلەي بىلەن قاپلاپتۇ. ژۇت ئادەملىرى يادىكارنى «قولى گۈلك، ئون قولى ئويناپ تۇرىدۇ» دەپ ماختىشىدۇ. ھويلا-ئارامدىكى سەرەمجانلىققا قاراپ، ئۇنىڭ راستلا شۇنداقلىقىغا كۆز يەتكۈزىسەن. گۈلى ئانام ئەزەلدىنلا گۈلگە ئامراق بولغاچقا، چايخانىنىڭ چۆرىسىگە رەڭمۇ-رەڭ قىزىل گۈللەر تىكىلىپتۇ. يېڭىدىن پورەك چىقىرىپ، كىچە ياققان يامغۇردىن كېيىن ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىدا تامچىلار پاقىراپ تۇران بۇ گۈللەرنى شۇ ئانا ئۆستەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۈلى ئانام بالىلىرىنى چوڭ ئوقۇتالمىسىمۇ، ئۇلار بىلەك كۈچى بىلەن ئىشلەپ ژۈرۈپ، كۆپىتىن قالغىنى يوق. ئانا ئىنتايىن ئىشلەمچان، ئادىل بالىلارنى تەربىيلەپ، قاتارغا قوشتى. موشۇنداق خىياللار ئىلكىدە تۇرغان ئارىلىقتا ئەرلەر يېنىقتىن قايتتى. يادىكار ئانىسىز چۆلدەرەپ كۆرۈنگەن هويلىغا ژىغلاپ كىرىپ كەلدى.

ـ ئانامنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ كەلدىم. جېنىم ئانام، بۇ هويلا سەنسىز ژىتىمسىراپ قالدى، بەرىكىتىم ئانام، مېھرىۋانىم ئانام، ئۆيۈمنىڭ قۇلۇپى ئانام، مەسلىھەتچىم ئانام...

يادىكارغا سىڭلىمەم بىلەن سانىيەم هەدەملەرمۇ قوشۇلۇپ، هويلىدا قايتىدىنلا هازا باشلىنىپ، هەممىمىزنى ژىغلىتىۋەتتى. راست، ئانا دېگەن ئۇلۇق، ئەزىز، مېھرىۋان. ئانىنىڭ هەممە خىسلەتلىرىنى ئېيتىپ تۈگىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۆز بالىلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن مىڭ بىر جاپا ـ مەشەقەتەرنى تارتىسىمۇ بىلىندۇرمەي هاياتتىن ئۆتكەن ئانىدىن ئايرىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئېكەنلىگىنى تىل بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزۈش قىيىن بولسا كېرەك...

ژىغا بېسىلغاندىن كېيىن، ئاخۇنۇملار ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئەرلەرگە تەييارلىغان بۆلمىگە كىرىشتى. ژىتقا قۇرئان ئوقۇلۇپ، هەممىسى گۈلى ئانىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. چاي ئىچىپ بولغاندا، يادىكار:

ـ ئاخۇن دادا، ئانامغا ئاتاپ قۇرئان تاماملاپ بەرسىلە، ـ دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ـ خوپ، قىرقىغىچە تاماملاپ بېرەي، بالام، ـ دەپ يادىكارنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى ئاخۇنۇم.

چايغا دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، كەلگەن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ خوشلىشىپ قايتىشىپ، ئۆيدە ئۇرۇق ـ تۇققانلار. گۈلى ئانىنىڭ يەتتىسىگە ئۇلتارغان دوستلىرى، قۇدىلىرى، خولۇم ـ خوشنىلىرى قالدى.

كەچ كىرىپ، غىزا ۋاقتى بولغاندا، جانەم بىلەن خالىدەم چوڭ بۆلمىگە ئۇزۇن جوزىلارنى قويۇپ، دەستىخان سېلىپ:

ـ مېرۋانەم ئانامنىڭ كېلىنلىرى يوغان كورىغا بىر سۈيۈق ئاش ئېلىپ كەپتۇ. سىلەرگە شۇ ئاشتىن قويۇپ كىردىم، ـ دەپ چىنىلەرگە قۇيۇلغان ئاشلارنى ئولتارغانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يوغان تونۇر نانلارنى ئۇشتۇدى.

تۆردە ئولتارغان ئانىلارنىڭ بىرى:

ــ ھەي، جانەم، خالىدەم قىزلىرىم، ئەر كىشىلەرگە تاماق قويۇلدىمۇ؟

ــ دېيىشىگە، جانەم:

ــ ھە-ئە، ھەممە ئەرلەر، چوڭنامنىڭ نەۋرىلىرى ھويلىدا، چايخانىدا ئولتىرىدۇ، ئۇلارغىمۇ بىر چىنىدىن ئاش قويدۇق، ئەندى چاي ئىچىشىۋاتىمىز، ــ دېدى.

تاماق ئىچىلىپ، ئارقىسىدىن چاي تارتىلدى. قاچا-قومۇچ ژىغىلىپ بولغاندا، تۆردە ئولتارغان ئاق ياغلىقتىكى ئانىلار بىر-بىرىگە: «خوش-خوش، سىلى دۇئا قىلسىلا» دېيىشىپ تەكلىپ قىلىشتى. مەرييەم ئانا تاماق ئەكەلگەن پاشاخان بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ:

ــ قىزلىرىم، قوللىرىڭلارغا دەرت كەلمىسۇن! شۇنداق تاتلىق ئاش ئېتىپ كەپسىلەر، رەخمەت، ــ دەپ دۇئاغا قولىنى كۆتەردى.

ئۇرپى-ئادىتىمىز بويىچە ئۆلۈم بولغان كۈنى ئۇ ئۆيدە قازان قاينىتىلماي، ھازىدارلارنى خولۇم-خوشنىلىرى، دوستلىرى چاي ياكى تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ كۈتىدۇ. تاماق ئەكېلىش يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. قازان بېشىغا سايلانغان ئىككى ئايال يەتتە كۈن تاماق ئېتىپ، باشقىلار ئەكەلگەن تاماقلارنى يەتتىسىگە ئولتارغانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قاچا-قومۇچ ژۇيۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

يەتتە نەزىرنى بەرگەن كۈنى ژۇغۇچىغا كىرگەنلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ ياخشى-ياخشى كىيىملىرىنى قويۇپ بېرىدۇ ۋە قازان بېشىدا يەتتە كۈن خىزمەت قىلغان ئىككى ئايالنىمۇ شۇ كۈنى رازى قىلىپ، ھەر قايسىغا بىردىن يوتقان ياكى ئودېيال، بىردىن دەستىخان، كورا، قوشۇق، ئىچىگە تولتىرىپ گۈرۈچ سالغان ئاپقۇر، سوۋغۇن قويۇلىدۇ.

مانا ھەش-پەش دېگىچە گۈلى ئانامنىڭ نەزىرىگە تەييارلىق ئىشلىرىمۇ باشلاندى. ژۇتتا بولۇپ تۇرىدىغان مويۇملارغا كېرەك دەپ باشقا يېزىلاردىكىدەك بىزنىڭ ژۇتتىمۇ ھەر بىر ئۆيدىن پۇل ژىغىپ، ئاش باسىدىغان يوغان قازان، ئىككى يۈز تاۋاق، قوشۇق، چىنە، چۆگۈن، دەستىخان، ئۈستەل، بەلدىڭلار سېتىۋېلىنغان. ئۇلارنى ھەر كىم توي ياكى نەزىر ئىشلىردا ئىشلىتىپ، پۈتكەندە ژۇيۇپ سەرەمجان ئۆتكۈزىدۇ.

ئەتىگەندىلا ئەينە شۇ ئۇمۇمنىڭ ئۈستەل-بەلدىڭلىرىنى ئەكېلىپ،

www.uyghurkitap.com



ئۆزۈم باراڭ ئاستىغا ئۇزۇن ئىككى قاتار قويىدى ۋە ئۈستىگە دەستىخان سېلىپ، ئەتىسى قويۇلىدىغان غىزالارنى تەييارلىماقتا. بىر تەرەپتە ئەرلەر مال سويۇۋاتسا، ئىككىنچى تەرەپتە ئاياللار سەۋزە توغراۋاتىدۇ. خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئاساسەن ئۇرۇق-تۇققان، خولۇم-خوشنىلار. يادىكارنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى. جانەم بىلەن خالىدەم كەلگەن ئاياللار بىلەن بىرلىشىپ، يەتتە نەزىرگە ئون تونۇر توغاچنى يېقىپ پىشىرىپ، ھويلىدىكى ئۈستەللەرگە يېيىپ قويىدى. ئۆيدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ، ھەمكارلىقتا مەزكۇر مويۇمنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرگە قاراپ، ژۈت ئادەملىرىنىڭ موشۇنداق چاغلاردىكى ئۆملىكىگە زوقۇق كېلىدۇ.

يادىكار بىر-ئىككى كۈن ئىلگىرى بىزنىڭ يېزىدىكى توي-نەزىرلەردە دايىم ھەمدەمدە بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ ژۈرگەن نىزامدۇن ئاشپەزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

- ئاكا، ئانامنىڭ نەزىر ئېشىنى ياخشى ئوخشىتىپ بېسىپ بەرسىڭىز. بىر ياراقلىق توپاقنى ئەتە سويىمىز، ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈڭ، يەتمەيدۇ دېسىڭىز، قوشۇمچە بىر قوي سويايلى، - دېۋىدى.

«ئۇكا، قايغۇرما، ھەممىسى ياخشى بولىدۇ، ئەتە ئۆزەم مال سويغاندا قاراپ تۇرىمەن»، - دېگەچكە، مانا بىر كۈن بۇرۇن قازان، كەپكۈرىنى ئېلىپ كېلىپ، سويۇلغان توپاقنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ، كۆپ بىلەن ئولتىرىپ بىر چىنە شورپا ئىچىپ، توغرالغان سەۋزىلەرنى كۆز مۆلچەرى بىلەن تەكشۈردى. گۈرۈچنى قولى بىلەن ئوچۇملاپ ئېلىپ قاراپ، يەنە قايتىدىن مىشكاپنىڭ ئاغزىنى چىگىپ قويىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ ئىككى يوغان قازانغا ئاش باستى. ئاشپەزنىڭ مۆلچەرى بويىچە ھەر بىر كىشىگە يۈز گىرامدىن گۈرۈچ، ئەللىك گىرامدىن گۆش، سەكسەن ياكى يۈز گىرامدىن ماي، ئوتتۇز گىرامدىن پىياز ۋە مەلۇم مىقداردا ھەر خىل دەرمەكلەر سالىدۇ. نىزامدۇن ئۆزىنىڭ پولۇ بېسىش قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ، ماينى ياخشى داغلاپ، مەرە گۆش، سەۋزە ۋە پىيازنى قورۇپ، گۈرۈچنىڭ سورتىغا قاراپ. سۇنى لازىملىق مۆلچەردە قۇيۇپ قايىنىتىدۇ، گۈرۈچنى پاكىز ژۇيۇپ ھوشيار بولۇپ دەملەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ باسقان پولۇسىنى ھەممىسى ھۆزۈرلىنىپ يەپ، ئاشپەزگە رەخمىتىنى ئېيتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇ بار ماھارىتىنى سېلىپ ئىشقا كىرىشتى.

سائات ئون ئىككىدە ئۈچ يۈزدىن ئوشۇق ئەرلەر ژىغىلىپ، چوڭلار ئۆيدە، ياشلار ئۈزۈم باراڭ ئاستىدىكى ئۈستەللەردە ئولتىرىشتى. قولغا سۇ ئېلىنىپ، دەسلەپ سىن چاي تارتىلدى. سىن چاينىڭ چىنىلىرى ژىغىشتۇرۇلىشىغا، تاۋاقلاردا پۇرىغى دىماقلارنى يېرىپ پولۇ كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا قايماقلىق ئەتكەن چاي ئېلىپ كىردى.

تاماق يېيىلىپ، چاي ئىچىلىپ، جوزىدىكى قاچا-قۇمۇچلار ژىغىلىپ، تاماققا دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندا، يادىكارنىڭ ئايالى خۇشنەم ۋە سىلىمەم، سانىيەم ھەدىلەر ئانىسىنىڭ ژۇغىچىغا كىرگەنلەرگە قويىدىغان تۆرت بولاققا ئورالغان كىيىم كېچەكلەرنى ئەكىرىپ، مىرۋانەم ئانامغا، زەينەپخان ئانامغا، مەرىيەم ئانامغا ۋە سۇيىنى قۇيۇپ بەرگەن سىپىيەم ھەدەمگە قويىدى. قىزلىرى ژىغلىشىپ: «ئانامنىڭ تەۋەرۈكى دەپ ئېلىڭلار، رازى بولۇڭلار. يەتتە كۈن ئانامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئولتارغىنىڭلارغا رەخمەت، ئەندى قىرقىغىچە ھەر پەيشەنبىلىكگە كېلىپ تۇرۇڭلار»، - دەپ ئىلتىماس قىلدى. خۇشنەم قازان بېشىدا خىزمەت قىلغان جانەم بىلەن خالىدەمنى چاقىرىپ كىردى.

- خوشنىلىرىم، سىلەر يەتتە كۈن ياخشى خىزمەت قىلدىڭلار، رەخمەت، - دەپ تەييارلىغان نەرسىلەرنى قويغاندا، جانەم بىلەن خالىدەم تەڭلا:

- ياق، ياق، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز. تۇققاندەك بولۇپ كەتكەن يېقىن خوشنا تۇرۇپ ئانىمىزنىڭ يەتتە كۈن خىزمىتىنى قىلساق سوۋاپ ئەمەسمۇ؟ - دېيىشىپ خىجالەت پولۇشتى.

تۆردە ئولتارغان ئاپپاق ئانام:

- سىلىمەم، سانىيەم! ژىغلىماڭلار، سەۋر قىلىڭلار، ئاما رىسقىمىز پۈتسە، ھېچ نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھەممىزنىڭ بېشىدا بىر كۈن بار. يادىكار ئوغۇل باللىققا يارىدى، نەزىرنى ھەممەر نەرسە باياشەت، چىرايلىق ئۆتكەزدى. گۈلنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، ئىمانى ھەمرا بولسۇن! ئاناڭلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچەرمەس ئۈچۈن سىلەر ئامان بولۇڭلار! - دەپ يېنىدىكىلەرگە قاراپ دۇئا قىلىش ئۈچۈن قولىنى كۆتىرىۋېدى، قالغانلارمۇ تەڭلا قوللىرىنى كۆتىرىشتى.

ئۇنىڭ كەينىدىنلا زەينەپخان ئانام:

www.uyghurkitap.com



— جانەم، خالىدەم! بىر جىنىڭلارغا مىڭ جان بەرسۇن! رەخمەت، خوشنىدارچىلىققا يارىدىڭلار، ئەندى بۇ ئىككىسىگە بىر دۇئا بېرەيلى! — دېيىشكە، ھەممىسى قايتىدىن قوللىرىنى كۆتەردى.

گۈلى ئانامنىڭ يەتتە نەزرى تۆگەپ، كېتىدىغان ئۇرۇق-تۇققانلار كېتىشتى. سېلىمەم، سانىيەم ھەدەملەرنىمۇ نەزرىگە كەلگەن خولۇم-خوشنىلىرى ئۆيلىرىگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى.

خۇشنەم قىزلىرى بىلەن ئۆي ئىچىنى تازىلاپ، سەرەمجان قىلىۋاتقاندا، يادىكار ئانىسىنىڭ بۆلمىسىگە كىردىدە، بوش قالغان ئورۇنغا قاراپ ژۈرىگى ئېزىلىپ، ئۆپكىسى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى. شۇ چاغدا ئوغلى تايىرجان كىرىپ كېلىپ، كۆز قىرى بىلەن مومىسىنىڭ كارىۋىتىگە قاراپ:

— دادا، مومام نېمىشكە ئۆلۈپ كەتتى؟ ئاغرىغانلا كىشى ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ بىراق مومامنىڭ دوستلىرىمۇ ئاغرىپ ساقايدىغۇ، نېمىشكە مېنىڭ مومام ساقىيىپ كەتمىدى؟ — دەپ مومىسىنىڭ كارىۋىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ، دۇم يېتىپ ژىغلىدى.

يادىكار نېمە قىلارىنى، ئالتە ياشلىق ئوغلىغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭ بېشىنى سىپاپ:

— ژىغلىما، موماڭ ژىغلاڭغۇ بالىلارنى يامان كۆرىدىغانغۇ، ئېسىڭدىمۇ؟ — دەپ ئوغلىنى قۇچىغىغا ئولتارغۇزۇپ، ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — مەن سىلەرنى ئەتە موماڭنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ كېلىمەن.

ئوغلى دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ:

— مەن دايىم مومام بىلەن بىر خانىدا ياتاتتىم، ئۇ ماڭا نۇرغۇن چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەندى ماڭا كىم چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ؟ مومامنى سېغىندىم، — دەپ دادىسىنى قۇچاقلاپ جىم بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ سېغىندىم، ئوغلۇم، بىراق قانداق قىلىمىز. ئەندى موماڭ ئاسماندا ئۇچۇپ ژۈرىدۇ، ئۇ دايىم بىزنى كۆرىدۇ. ئەگەر موماڭنى خوشال قىلىمەن دېسەڭ، ياخشى ژىگىت بول، موماڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئېسىڭدە تۇت!

ئەتىسى يادىكار بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئايالى خۇشنەم، قىزلىرى ئۈنچەم، غۇنچەم ۋە ئوغلى تايىرجانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاپىسىنىڭ قەبرىگە يول تۇتتى. ئۈنچەم مومىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن مودەن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گۈللىرىدىن گۈلدەستا تىزىپ، سۇ قۇيۇلغان قاچىغا چىلاپ ئېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ يېزىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا بېرىپ، كەتمەن بىلەن تەكشى قىلىپ ئۆردىگەن يېڭى قەبرى ئالدىغا كېلىشىپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىم تۇرۇشتى. يادىكار تىزلىنىپ ئولتىرىپ قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن، ھەممىسى دۇئا قىلىپ، مومىسىنىڭ قەبرىگە گۈلدەستىنى قويۇشتى. تېخى كىچىك تايىرجان قەبرىستانلىققا بىرىنچى قېتىم كەلگەچكە، مومىسىنىڭ قەبرىگە تىكلەنگەن پېتى تىكىرقاپ قاراپ تۇراتتى. مومىسىنىڭ قارا يەرگە كۆمۈلگىچە تارتقان جاپا-مەشەقەتلىرىنى، دەرت-ھەسرىتىنى ئۇ ھازىر نەدىن چۈشەنسۇن؟

چوڭ بولغاندا گۈلى ئانام ئوخشاش مىڭلىغان ھۆرمەتلىك ئانىلارنىڭ، مومىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتقا ئۆلگە بولارلىق ئۆمۈر يولىنى پەقەت كىتاپلاردىن ئوقۇپ بىلمىسە، نەدىن بىلىدۇ؟ مېنىڭ يېزىمىزدىكى مېھرى دەرىيا، باتۇر ئانىلارنىڭ بىرى گۈلى ئانام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ھەققىدە يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغان مەخسىتىممۇ شۇ... چۈنكى تارىختا «ئاق داغلار» قالدۇرغان 1937 -يىللىرى ناھەقتىن-ناھەق «خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ، تۇتۇلۇپ كەتكەن ئەرلەر تۈرمىلەردە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېغىرچىلىقلارنى تارتقان بولسا، ئۇششاق باللىرى بىلەن ئۆيدە قالغان ئانىلار «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئائىلىسى» دېگەن بەدنامغا ئورىلىپ، ھەم روھىي، ھەم جىسمانىي ئازاپلاندى. ئۇلارنى بېكاردىن-بېكار تۇغۇلغان زۇتلىرىدىن يەر ئاغدۇرۇپ، ناتونۇش يەرلەرگە كۆچىرىپ تاشلىسىمۇ، دەۋرنىڭ ئېغىر ژۇكىنى كۆتەرگەن ئانىلار خارلىنىپ، زارلىنىپ ژۈرۈپ، باللىرىنى ئاچارچىلىقتىن ئۆلتەرمەي، ئامان ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىگە باتۇرلارچە چىدىدى ئەمەسمۇ...

بىزنىڭ يېزىمىزدىنمۇ كۆپلىگەن ئادەملەر شۇ دەۋر سەياسىتىنىڭ قۇرۋانلىرىغا ئايلىنىپ، ھەم روھىي، ھەم جىسمانىي ئازاپلاندى. ئەلۋەتتە، يېزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھايات نەپەسىگە، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش-تىرىكچىلىكىگە قاراپ، ئۇ ژىللارنىڭ ئەكسىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. يېزىمىز چوڭ چىغان دەپ ئاتىلىپ، ئۇنى قېدىمىي ئىپەك يولى قاق ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتىدۇ. يولنىڭ زۇقۇرى «زۇقۇرى مەلە»، تۆۋىنى «تۆۋەنكى مەلە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىدا دىسلەپ ئەللىك ئائىلە ياشىغان بولسا، ئاستا-ئاستا كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپىيىپ، ھازىر

ئىنتايىن چوڭ بەرىكەتلىك ژۇتقا ئايلاندى. يېزىنىڭ پاكا-پاكا تام ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا ئېگىز، ئۈستى شىفېرلىق، زامانىۋى ئۆيلەر سېلىندى. ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدا ھازىر ئېشەك-ھارۋا ئەمەس، يېنىك ماشىنىلار تۇرىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، خەلىق تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلگىرى كونا باشلانغۇچ مەكتەپ بولسا، ھازىر ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئون ژىللىق مەكتەپ، مەدەنىيەت ئۆيى بار. بۇرۇنقى توپا كوچىلار ھازىر ئاسفالتلىنىپ، كوچىنىڭ ئىككى چېتىگە دەرەقلەر تىكىلىپ، گۈللەر تېرىلىپ، ئىنتايىن چىرايلىق تۈس ئالغان. چوڭ چىغان يېزىسىنى بۇ تەۋە خەلقىنىڭ بەرىكەت دارىغان، خوشاللىقلار ياڭرىغان ژۇت دېيىشى بېكار ئەمەس. چۈنكى چوڭ چىغانلىقلار ئۆتمۈشتىكى ئېغىر ژىللاردا ئەمگەك قىلغان باتۇر ئانىلارنىڭ، ئاتىلارنىڭ شانلىق ئەمگەك يولىنى بۈگۈنمۇ جۈرئەتلىك داۋاملاشتۇرۇپ، ياخشى ئۇتۇقلارغا، شان-شۆھرەتلەرگە ئېرىشىۋاتىدۇ. پەقەت ئۆتمۈشنىڭ تىرىك گۇۋاچىلىرى بولغان ژۇت مۆتىۋەرلىرىنىڭ قەلبىگە قۇلاق سالساڭ، ژىراقتا قالغان ئېغىر ژىللارنىڭ ساداسى كېلىدۇ... مېنىڭ قەھرىمانىم گۈلى ئانامنىڭ ھايات يولىمۇ چوڭ چىغانلىقلارنىڭ ژىراق ئۆتمۈشى بىلەن
چەمبەرچاس باغلىق...

***

- تەقپلەش ژىللىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئازاپ-ئوقۇبىتى توغرىلىق بۇرۇنتىنلا يېزىش ئويىڭىز بار ئىدىمۇ، يە گۈلى ئانىڭىزنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شۇنداق ئويغا كەلدىڭىزمۇ؟ - سورىدى ھەقىقەتنى بىلگۈسى كەلگەن رۇس مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىنىپ قاراپ.

- ئويلىغان ژىللار مابايىندا بۇ ماۋزۇ توغرىلىق يېزىش ئەمەس، ھەتتا بىر ئېغىز گەپ قىلىشنىڭ ئۆزى قورقۇنۇچلۇق بولغان ئىدى. كېيىنىرەك «ناھايىتى مەخپىي» دېگەن مۆر بېسىلىپ، ئارخىۋلاردا سارغىيىپ كەتكەن قانىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان قەغەزلەرنى ئوقۇشقا مۇمكىنچىلىك يارىتىلدى. قايتا قۇرۇشتىن كېيىن زامان ئۆزگىرىپ، ھەممە سىرلار ئاشكارە بولدى. شۇڭلاشقا مەنمۇ تەقپلەش ژىللىرى ئاددىي ئۇيغۇر ئايلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قايغۇ-ھەسرەت ئارقىلىق مىڭلىغانلارنىڭ دەردىنى تەسۋىرلىمەكچى بولدۇم، - دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى مېھرىبان.

# تەشۋىشلىك ژىللار ساداسى



گۈلى ئورتا بويلۇق، قارىقۇمچاق، ئۈزى دۈگىلەك، سىلىق-سىپايە قىز بولۇپ ئۆستى. قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى ئۇششاق كۆك گۈللۈك، ئاق چىت كۆينەك ئۆزىگە بەك يارىشىپ، ئورۇق غولىغا تاشلانغان ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى ئۇنىڭغا ئالەيتەنلا چىرايلىق سىن بېرەتتى. بىر كۈنى ئانىسى:

— قىزىم، ھەجەر چوڭئانامغا مونۇ تاماقنى ئاپىرىپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، ئاغرىپ قاپتەك دېيىشىدۇ، — دېدى.

گۈلى موماينىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ژىگىتكە غىل-پال قاراپ قويۇپ، ئۆيى تەرەپكە ئىلدام بۇرۇلۇپ كەتتى. گۈلىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قاراتقان بۇ بالىنىڭ ئىسمى تايىر بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك، پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى يوغان، خۇش چاقچاقچى، مەرت ژىگىت ئىدى. تايىرمۇ ئەلتەك قىزنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىگە ئېتىۋار بەرمەي ئۆتەلمىدى. ئەشۇ كۆز قاراشتىن ژۈرەكلەرگە ئوت تۇتىشىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

ئۇ زامانلاردا ياشلار ھازىرقىدەك بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ،

ئۇچراشماي، ئاتا-ئانىسى كىمنى لايىق كۆرسە، شۇنىڭ بىلەن تونۇشمۇش قۇرۇپ، بىر-بىرىگە سادىق بولۇپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا تېپىپ، تىرىكچىلىك قىلغاچقا، دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئاز كۈن ئۆتۈپلا، قىزغا ئەلچىلەر كىرىپ، ئاتا-ئانا رازىلىقى بىلەن ئىككى ياشنىڭ نىكاسىنى قىلىپ قوشۇپ قويىدىدە، گۈلى بىلەن تايىر تۇرمۇش قۇرۇپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولدى.

بۇرۇنتىنلا ئىشلەمچان تايىر ئۆز ئالدىغا ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ئاغىنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ ئاخشىمى-ئەتىسى تام سوقۇپ، يېڭى ئۆينى باشلاۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي لىم-چەگزىلەر بىلەن يېپىلغان ئۆگۈزىگە سامان لاي سېلىپ، ئىككى ئېغىز ئۆينى ھەمغىنە ياساپ كىرىۋالدى. ياش بولغاچقا ئۆي تۇتۇشقا قىزىققان گۈلى بۆلمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە كىگىز ئۈستىگە قويۇلغان كىچىككىنە جوزىنىڭ چۆشىگە قۇراق كۆرپە سېلىپ قويىدى. تۆردىكى ساندۇق ئۈستىدە ئورۇن-كۆرپىلەر چىرايلىق تىزىلغان. بار بىساتى موشۇنىڭدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئېغىز كىچىك، لېكىن كۆرۈنۈشى ئىللىق ئۆيدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختلىك كۈنلىرى ئۆتتى.

ئەر-ئايال ئىككىسى بەش-ئالتە ژىل ئىشلەپ، بىر كالا سېتىۋالدى. ئەندى گۈلى سۈت-قايماققا يېتىشىپ، كەينى-كەينىدىن تۇغۇلغان سىڭلىمەم، سانىيەم ئىسىملىك قىزلىرىنى شۇ سۈت-قايماق بىلەن باقتى. ئۇلار زوقمەنلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئۇقەت قىلىۋاتقان چىرايلىق، بەختلىك كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بىلىنمەستىن ئۆتمەكتە ئىدى.

بۇ چاغدا تايىرنىڭ ئاغىنىلىرى جېلىل، قۇدرەت، ئادىللار مۇ ئۆيلىنىپ، بالىلىق بولدى. يازچە ئىشلەپ ھارغان ئاغىنىلەر قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى بىللە ژىغىلىپ ئولتىرىپ، ئۆز ئارا كۆڭۈل ئېچىپ، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ ئۆتكۈزەتتى. مۇنداق چاغلاردا «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى» ئاتالغان تايىر دوستلىرىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن ئېيتىپ، تاڭلارنى تاڭغا ئۇلاۋېتەتتى. ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا، يەنە كولخوزنىڭ ئىشلىرى باشلىناتتىدە، تايىر ئاغىنىلىرى بىلەن ئۈستەڭ چېپىش، ئات سوقىسى بىلەن يەر ھايداش ئوخشاش ئىشلارغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇلار ياش بالىلارنى ئاتقا مىنگۈزۈپ، ئۆزلىرى سوقىنى تۇتاتتى. يازچە سۇ تۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىدىمۇ كۆپ بىلەن بىللە بولۇپ، يازنىڭ تومۇز ئايلىرىدا سەھەردە تۇرۇپ توپ-توپ ژىگىتلەر، قىز-جۇگانلار بەسلىشىپ ئوما ئورىشاتتى. «كۆپ بىلەن كۆرگەن - توي» دېگىنىدەك، ئۇلارغا ئىشنىڭ ئېغىرلىغى ئويۇن-كۇلكە بىلەن بىلىنمەتتى. قايناپ تۇرغان ئىسسىقتا باش كۆزىدىن تەر ئاققان ئومىچىلار ئۇسسىغاندا باغلارنى تىكلەپ كۆلەڭگە قىلىپ، قوغۇن-تاۋۇز يەپ، دوغاپ ئىچىپ ئولتىرىشاتتى. شۇ چاغدا تايىرنىڭ دوستلىرى يەنىلا: «ئاداش، ناخشاڭنى باشلىغىنا، كىچىككىنە ھادۇغىمىز چىقسۇن»، - دېيىشىپ ئىلتىماس قىلاتتى. تايىر مۇڭلۇق ناخشىسىنى باشلىغاندا، ھېرىپ-ئاچقان دېخانلارمۇ مۇڭلىنىپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قوياتتى. گايىدا تۆرت ئاغىنە بىرلىشىپ چاڭ كەلتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئېتىزنى كۆتىرىۋېتەتتى.

موشۇنداق ئېتىز-ئېرىقتا ئىشلەپ ژۈرۈپ، يازنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ بىلىنمەي قالدى. تايىر ساۋاتلىق ژىگىت بولغاچقا، شۇ ژىلى ئاغىنىسى ئادىل بىلەن ياركەنت شەھرىدە ئېچىلغان مال دوختۇرى ۋە ھېساپچىلارنى تەييارلايدىغان مەكتەپنى تاماملاپ، كولخوزدا مال ھېساپچىسى بولۇپ ئىشلەپ ژۈردى. ئادىل كولخوزغا مال دوختۇرى بولدى.

1937 - ژىلى سوغ شامىلى، پۈتمەس-تۈگىمەس يامغۇرى بىلەن ئەتىگەنلا كەلگەن كۈز دېخانلارنى ئالاقزادە قىلىپ قويدى. پاختا ژىغىش ئىشلىرى تېخى ئاياقلاشمىغاچقا، دېخانلارغا ئېغىر كەلدى. كۈندە ئەتىگەنلىگى بىرىگادىر ئاتقا مىنىپ، ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ: «ھوي پالانچى، ماڭمامسىلەر، يامغۇر دەپ تېخىلا ياتامسىلەر، كۈن چۈش بولدى، بەرى بىر پاختىنى ژىغىش كېرەك، ھوي خالايىق، تۇرۇڭلار!» - دەپ ئاتتىن چۈشمەي، غورۇ ئالدىدا ھەممىسى ئاڭلىسۇن دەپ ۋاقىرايدۇ. ئېتىزغا چىقمىساڭ، ئاچ قالىسەن. چۈنكى كۈندە ئىشلىگەن ھەققىڭگە جان بېشىغا بىر قوشۇقتىن تالقان بېرىدىغان. ئېتىزغا چىقمىغانلارغا ئۇمۇ يوق. پات-پات ياققان يامغۇردا يالاڭ كىيىم-كېچەكتە، ژىتىق ئاياقتا ئىشلىگەچكە، دېخانلارغا سوغ تېگىپ ئاغرىپ، يېتىپ قالغانلارمۇ كۆپ ئېدى.

لېكىن پاختىنى ئېتىزدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، قانداقلا قىپ بولمىسۇن ژىغىش كېرەك.

شۇنداق بىر يامغۇرلۇق كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى جېلىل تايىر بىلەن

پاراڭلاشماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردۇ. ئىككىسى جوزىغا ئولتىرىشىغا، ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ، ئورتا بويلۇق، تولۇق كەلگەن ھېلىگەر شاۋدۇن ئاسماندىن چۈشكەندەك كىرىپ كەلدى. تايىر شاۋدۇننىڭ قوسىقىدا بىرەر گەپنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، ئۇ يان-بۇ يان چېكىپ باقتى. لېكىن شاۋدۇندىن گەپ-سۆز يوق، يالغان كۈلكۈسىنى كۈلۈپ ئولتىراتتى. شۇ ئارىدا گۈلى چاي قىلىپ، ئۆيدە بارنى جوزىغا قويدى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، ئۆيگە قۇدرەت بىلەن ئادىل كىرىپ كەلدى.

— ئاغىنىلەر، مەن سىلەرنى چايغا چاقىرغاندەك ژىغىلىپ كەپسىلەرغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى تايىر كۈلۈپ.

— پاھ-پاھ، بۇ يامغۇر ئالامەت ئۇزاق ياغدى. يامغۇردا ئۆيدە زېرىكىپ. جېلىلىنىڭ ئۆيىگە بارساق. مېرۋانەم سىلەرنىڭ ئۆيگە كەتتى دېدى. بىزمۇ بىللە بارايلى، كىچىككىنە ساز تىڭشاپ، سېنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭنى ئاڭلايلى دەپ كەلدۇق، — دېدى قۇدرەت.

تايىر ئاغىنىلىرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، ئاغىنىلەر، بىر ئاز بولسىمۇ مۇڭداشقانغا نېمە يەتسۇن.

شۇ چاغدا ئالتە ياشلىق سېلىمەم ئىچكەركى بۆلمىدىن چىقىپ:

— ئەسسالام! — دەپ ئولتارغانلارغا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— تىلىڭىزدىن ئايلىنىپ كېتەي، سالىمىڭىزغا كۆپ رەخمەت، قىزىم، — دېدى ئادىل.

ھەدىسىدىن كەينىدىن ئۈچ ياشلىق سانىيەم چىققىنىنى كۆرگەن گۈلى قىزلىرىغا:

— جۇرۇڭلار، مېھمانلار ئولتارغان يەرگە باللار كىرمەيدۇ، — دەپ قىزلىرىنى ئېلىپ نېرىقى بۆلمىگە كىرىپ كەتتى.

ئاغىنىلەر ئارىسىدا ئادەتتىكىدەك كۈندىلىك ئىشلار، ھۆلچىلىكتە دېخانلارنىڭ ئاغىرچىلىقى، باشلىقلارنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى قىلماي، پاختىنىڭ غېمىدا ئېكەنلىكى توغرىلىق سۆز بولدى. تايىرنىڭ قېنى قىزىپ، خەلقنىڭ غېمىنى قىلىپ خېلە سۆزلىدى. باياتىن تېپ-تېچ تىڭشاپ ئولتارغان ناھايىتى ژۇگاچ، ئېغىر-بېسىق، كام سۆزلۈك جېلىل:

— ئاداش، بۇ پاراڭلارنى بېكار قىلدىڭ، — دەپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


چۈنكى بۇ تۆرت ئاغىنە بىر-بىرىگە ئىشەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىشىدا شاۋدۇن بىللە ئىدى. ئۇ سىرتىدىن بۇلار بىلەن ئاغىنىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىلىندۇرمەي ئاستىرتىن دۈشمەنلىك قىلاتتى. تايىر دۇتارىنى قولغا ئالغاندا، ئولتارغانلار خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن سەل ئىنچىكە ئاھاڭدا ناخشا باشلىدىدە، كېيىن شوخ-شوخ ئۇسسۇلغا چېلىپ، ئولتارغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتىرىۋەتتى. دادىسىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئىچكەركى ئۆيدىن سىلىمەم كۈلۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كىچىك قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ گۈلى چىقىپ:

- سىلەرگە قىزىمىز ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن، - دىدى.

سىلىمەم ئاپىسىنىڭ شۇ سۆزىنى كۈتۈپ تۇرسا كېرەك، خۇددى چوڭلاردەك، ئالدى بىلەن ھەممىسىگە سالام قىلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشتى. مېھمانلار كىچىك قىزنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق ئەۋرىشىم ئۇسسۇلىنى تاماشە قىلىپ، سازغا تەڭكەش بولۇپ چاۋاك چېلىشتى. بىر ئاز بەزمە قىلغان ئاغىنىلەر يەنە خېلە ۋاقىت مۇڭدىشىپ ئولتىرىشتى.

- ئۇھ! ھادۇق چىقىپ، كەيپىياتىمىز خېلىلا كۆتىرىلىپ قالدى. تايىر ئاداش، ساڭا كۆپ رەخمەت. گۈلى، سىزنى ئاۋارە قىلدۇق، سىزگىمۇ چوڭ رەخمەت. ۋاقتىمۇ خېلە يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەندى قايتايلى! - دىدى قۇدرەت.

قالغانلارمۇ رەخمەت ئېيتىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ چاغدا تالادا تېخىلا يامغۇر ياغماقتا ئىدى.

- بىزنىڭ تايىر ئاداش سۆزگە شۇنداق چېۋەر، ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىساڭ ھەۋىسىڭ كېلىدۇ، ناخشا-سازدىمۇ بار، - دېيىشتى ئاغىنىلىرى كوچىغا چىققاندىن كېيىن.

ئۇلارنىڭ تايىرلارنىڭ ئۆيىگە پات-پاتلا ژىغىلىپ ساز تىڭشاپ، مۇڭدىشىدىغانلىقىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. بۇ ژۇتۇمىزدا ئەنسىزچىلىك باشلىنىپ، بەش-ئون ئادەمنىڭ بېشىنى قوشۇپ سۆزىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان، ساۋاتى بار ئەرلەرنى بىر كېچىدىلا «خەلىق دۈشمىنى» دەپ تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ھەيران بولۇۋاتقان دەۋرلەر ئىدى.

تايىرنىڭ كۆزى ئۇيقىغا كەتسە كېرەك، بىر ۋاقىتتا شىپىر-شىپىر ماڭغان تىۋىش قۇلىغىغا ئاڭلاندى. شۇ ئارىلىقتا كىمنىڭدۇ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئۇرۇپ تۇرۇپ، بۇيرۇق ئاھاڭدا: «ئاچ، ئاچ دەيمەن!»

- دېگەن ئۇنى ئاگلاندى. تۈن يېرىمدا كەلگەن ئادەملەرنىڭ بۇيرۇق قىلىپ قاتتىق ۋاقىرىغان ئۈنىدىن قورقۇپ كەتكەن گۈلى:
- بۇ كىمدۇ كېچىدە كەلگەن؟- دەپ ژۇرىگى ئەنسىرەپ، قويغان- تۇتقىنىن بىلمەي قالدى.
تايىر تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېدى، ئۆيگە ھەربىيچە كىيىنگەن ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى قويىنىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ تايىرغا كۆرسەتتىدە:
- تايىر خۇسايىنوۋ، بىزگە بېرىلگەن بۇيرۇق بويىچە سېنى ئېلىپ كېتىمىز، - دېدى قاپىغىنى ئاچماي جىددىي قاراپ.
- ئىسسىق كىيىملىرىڭنى ئال، - دەپ قوشۇپ قويدى ئىككىنچىسى.
كېچىكى تۈندە يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن بۇ ۋاقەدىن تايىرنىڭ پېشانىسى بۇژ-بۇژ تەرلەپ، ئۆزىدە قانداقتۇ قورقۇنۇچ پەيدا بولدى، چۈنكى بولۇۋاتقان ۋەقەنىڭ سەۋەۋىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر نەچچە سېكۇند جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەت يامغۇرنىڭ شىرىلداپ ياققىنىلا ئاگلىنىپ تۇراتتى. تايىر كۆگلىدە «تۇتۇپ كېتىپتۇ دېگەن موشۇ ئوخشايدۇ» دېدىيۇ، ئۈنلۈك ئېيتىشقا تىلى بارمىدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىشكىلا، ئىككى ھەربىي ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماگدى. تايىر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قۇتلۇق بوسۇغا، ئايالى گۈلگە ۋە قورققۇنىدىن ئاپىسىنىڭ ئېتىگىنى چىڭ تۇتۇۋالغان، كۆزىدىن ئېقىۋاتقان مونچاق ياشلىرىنى كىچىك قوللىرى بىلەن سۈرتۈۋاتقان قىزىغا قارىدى. شۇ پەيتتىكى گۈلىنىڭ، قىزىنىڭ كۆز قارىشىنى ھېچ قاچان ئۇنتۇشقا بولمايدۇ. چارىسىز گۈلى تايىرنىڭ كەينىدىن قاراپ:
- تايىرجان، تايىر، - دەپ ۋاقىراپ، ھالسىز تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى...
تۈۋى يوق قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك قاراگغۇچىلىقتا قالغان گۈلى، يېنىغا كەلگەن قىزىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇزاق ژىغلىدى. ئىلگەركى ئىسسىق ئۆيى ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ سوغ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ تۈپسىز خىياللارغا بېرىلىپ: «تايىرنىڭ گۇناسى نېمە، ئۇنى قاياققا ئېلىپ كەتتى، ئەندى قەيەردىن ئىزدەيمەن؟!» - دەپ ئۆزىگە تۈگىمەس-پۈتمەس سوئاللارنى قوياتتىدە، بىراق جاۋاپ تاپالماتتى. ژىغلاپ-ژىغلاپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان قىزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈكسىنىڭ قېشىغا ياتقۇزۇپ، يوتقاننى ياپتىدە، ھەممىدىن بېغەم، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزلىرىغا ئۇزاق قاراپ ئولتاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ئاچچىق ياشلىرى مەگىزلىرىنى ژۆيۈپ، ئېچىشتۇرۇپ ئېقىۋاتاتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، ژىغىسىنى توختاتتى. «ژىغا–ئاجىزلىقنىڭ نىشانى، مېنىڭ ئىرادىلىك بولۇشۇم كېرەك، ئاجىز بولۇشقا ھەققىم يوق. ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس، ئىككى قىزىم ھەم ژۆرىگىمنىڭ ئاستىدا يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە ئىنتىلىۋاتقان ئوغلۇم ئۈچۈن غەيرەتلىك بولۇشۇم كېرەك. تايىر ئۆلگىنى يوق، ئۇ – تىرىك، ئاخىر بىر كۈنى كېلىدۇ، يەنە بەختلىك ياشايمىز. ئۇ كەلگىچە، مەن باللىرىمنى بېقىپ، ئۆيۈمنى تۇتۇشۇم كېرەك، ناكاشكى دەردىمنى ئېيتقىدەك ئاتا–ئانام قېشىمدا بولسىچۇ...»، – دەپ ئۆزىگە–ئۆزى سۆزلەپ سەۋىر بەردى ۋە تەغدىر تەققازاسى بىلەن تۇغۇلغان زىمىننى تاشلاپ كەتكەن ئاتا–ئانىسىنى ئەسلەپ ژىغلاۋەتتى...

كېڭەش ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان ژىگىرمىنچى ژىللىرى بۇ ياقلاردا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، شەھەر–يېزىلارغا ئاق گۋاردىياچىلار بېسىپ كىرىپ، كومسومول، كوممۇنىستلارنى ئۆلتىرىپ، قالغان ئەرلەرنى تۇتقۇنغا ھايداپ ئېلىپ كەتتى. كېيىنەرەك يار كەنتتە ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا باشلىغاندا، كېڭەش ھاكىمىيىتى باي–كۇلاكلارنىڭلا ئەمەس، ئوتتۇراھال دېخانلارنىڭمۇ يەر–مۈلكىنى تارتىپ ئېلىپ خورلىدى. شۇ ژىللىرى چوڭ چىقىغان يېزىسىدا خەلقىنىڭ مال–ۋاران، ئاشلىقلىرىنى تارتىپ ئېلىش ئىشلىرى ئەۋج ئالغاندا، خەلقىنىڭ نارازىلىقىغا، ژىغىسىغا قارىغان ھېچ كىم بولمىغان. بۇ ئادالەتسىزلىككە چىدىمىغان يېزا تۇرغۇنى تۇدمەت ئاقساقال قارشى چىقىپ:

– بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، يېزىدا نېمە قىلغان باي–كۇلاك؟ ھەر بىر ئائىلىدە يەتتە–سەككىز، ئوندىن بالا، خەلقىنىڭ ماللىرىنى، ئاشلىقلارنى ئېلىپ كەتسەڭلار، ئۇلار قانداق جان باقىدۇ؟ يېزا ئادەملىرى ئاران پۇتىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنى تىرىك ئۆلتۈرىسلەرغۇ، – دەپ خەلقىنىڭ غېمىنى قىلىپ سۆزلىگەندە، ئىككى قىزىل سولدات ئۇنى ئۇرۇپ، يېزىنىڭ چېتىگە ئېلىپ چىقىپ، قارىياغاچقا باغلاپ قويۇپ: «سەن كېڭەش ھۆكۈمىتىگە قارشى سۆزلىگەن دۈشمەن!»–دەپ سوت–سوراقسىزلا ئېتىۋېتىدۇ. بۇ باش–ئاخىرى يوق قالايمىقان سەياسىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلەر خەلقنىڭ زېرەكلىرىنى موجۇپ، ئۇلار ئەل-ژۇتنى، قومى-قېرىنداشلىرىنى، بار-يوقنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ تاپقان-تەرگىنىنى تاشلاپ، بىر ئەلدىن ئىككىنچى ئەلگە كۆچۈپ ماڭىدۇ. شور پېشانە تەغدىرىگە بوي سۇنۇشتىن باشقا ئامالى قالمىغان خەلقنىڭ كۆڭۈللىرى مىسكىنلىشىپ، ژۈرەك-باغرى تىتىلىپ، جۇدالىق كۆيىگىگە ئۇچرايدۇ. بۇ تەرەپتىن ئۆتكەنلەر غۇلجا، سۇيدۇڭ، چىلپەنزە، داشىگۇر قاتارلىق يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

ئەينە شۇ قالايمىقان ژىللىرى گۈلى بىلەن تايىرنىڭمۇ ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرى چېگارىدىن ئۇ ياققا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. گۈلىنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى داشىگۇردە ياشىسىمۇ، ئۇلار بىلەن خەت-چەك ئېلىشىشقا رۇخسەت يوق.

ژۇتتا گۈلىنىڭ ھەدىسى مايسىمەملا قالغاچقا، ئىككى ئاجىز قېرىنداشىبىر-بىرىگە ناھايىتى مېھرىۋان، قەدىردان ئىدى. ھەدىسى ئائىلىسى، بەش بالىسى بىلەن گۈلىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئۈچ-تۆرت ئۆي تۆۋەندە تۇرىدۇ. تاڭنى ئاران ئاتقۇزغان گۈلى سەھەردىلا ئىككى قىزىنى يېتىلەپ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باردى. سىڭلىسىنىڭ ئەتىگەندىلا ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ مايسىمەم ژۈرىگى ئەنسىرەپ كەتتى.

- ۋيەي گۈلىغۇ! - دەپ كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى پۇچۇلغان سىڭلىسىنى قۇچىغىنى كەڭ يېيىپ باغرىغا باستى. - ھوي نېمە بولدۇڭ؟

گۈلى جاۋاپ ئورنىغا كۆزىگە زورلىدى.

- نېمىشكە ژىغلايسەن، نېمە بولدى، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

گۈلى ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، «ئۇھ!» دەپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ئولتاردى.

- تايىرنى كېچە ئىككى ھەربىي كىشى تۇتۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن، نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلمەيمەن؟

بۇ سوغ خەۋەرنى ئاڭلىغان مايسىمەمنىڭ تەنلىرى تىترەپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، باغ تەرەپتىن مايسىمەمنىڭ يولدىشى قۇرۋان ئاكا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېشى قىرىقلارغا تاقاپ قالغان، ئېگىز

بويلۇق، كەڭ غوللۇق، ئېغىر بېسىق، ئويچان ئادەم ئېدى. بولغان ۋاقىەدىن خەۋەردار تاپقاندىن كېيىن بىر پەس ئويلىنىپ:

- هازىرقى زاماندا خولۇم-خوشنا، يار-بۇرادەرلەر تۇرماق، قېرىنداشلار بىلەنمۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ سېلىشىدىغان زامان ئەمەس. تايىرنى ئۆزەمنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرۈمەن، ئۇنىڭ قولى ئوچۇق، مەرت ژىگىت، لېكىن راستنى بېتىغا ئېيتىمەن دەپ ئۆزىگە دۈشمەن تاپىدۇ. ھەقىقەت دېگەن ئاچچىق نەرسە، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىدىن خۇسۇر چىقىرىپ ژۈرگەنلەر ئازمۇ. بۇ قالايمىقانچىلىق زاماندا «ئون قېتىم ئويلاپ، بىر قېتىم سۆزلەش» كېرەك. گۈلى، سىز ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ، ژىغىدىن ھېچ پايدا يوق. تايىرنى بىر نەچچە كۈن سوراقتا ئېلىپ چىقىرىدۇ، چىقارمىسا، ئۇنى يەنە كۆرەرمىز. قىزلىرىڭىزغا قاراڭا، سىزگە قاراپ ئۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، - دېدى.

شۇ ئارىلىقتا مايسىمەم بىر كورىغا ئەتكەن چاي ئېتىپ، ھەممىسىگە بىر چىنىدىن قۇيدى. جوزىغا قويۇلغان ئىككى تەخسە تالقان بىلەن ھەممىسى جىم-جىت، كەيپىياتى چۈشكەن ھالدا ئولتىرىپ چاي ئىچىشتى. كېچىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى گاڭگىراپ قالغان گۈلى ئەندى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن تايىردىن بىرەر خەۋەر تېپىشنىڭ يولىنى ئويلاپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى.

مەلە ئىچىدە «تايىرنى تۇتۇپ كېتىپتەك» دېگەن خەۋەر چاقماق ئىشتىكلىگىدە تاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تايىرنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى جېلىل، قۇدرەت، ئادىللار كىرىپ كەلدى. گۈلدىن كېچىدە بولغان ۋاقىەنى ئاڭلاپ، بىر نەرسىدىن چۆچىگەبدەك، ئويلىرىدىن ئاخشام موشۇ ئۆيدە بولغان پاراڭلارنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، شۈك ئولتىرىپ قېلىشتى. «تايىرغا كىم دۈشمەن؟ كىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرىزە قىلىشى مۈمكىن؟» - دەپ ئويلاپ، ئۈچىلىسىنىڭ گۇمانى شاۋدۇنغا توختىدى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاق-قارىسىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ياركەنتكە تۈرمىگە بارماق بولدى. گۈلى ياغلىققا ئورالغان بىر تۈگۈچنى جېلىلغا بەردى.

- ئەگەر تايىرنى سىلەرگە كۆرسەتسە، بىزنىڭ تېچ-ئامانلىغىمىزنى ئېيتىپ، نېمە كېرەكلىگىنى سوراپ بېقىڭلار. بۈگۈن چىقارمىسا، ئەتىلەتىن ئۆزەم بارىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



تايىرنىڭ ئاغىنىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىككى قىزى بىلەن قالغان گۈلىگە بىردىنلا ئەسكى ئويلار ياماشتى. قانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتارغاندا، ئۆيگە دوستلىرى زېمىنەپخان، مىرۋانەم، مەرىيەملەر كىرىپ كەلدى. گۈلى دوستلىرىنى كۆرۈپ، دىلىنى غەش قىلغان يامان ئويلاردىن بىر پەسكە نېرى بولدى. ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان قۇراق چۈشەكلەرگە تەكلىپ قىلدى.

– گۈلى، سىز ئۆزىڭىزگە بەك بولۇڭ. قېشىڭىزدا بىز بار، قانچە ئىش بولسا ياردەملىشىمىز، سىزنى يالغۇز قالدۇرمايمىز. دوست دېگەن موشۇنداق چاغلاردا ئەسقاتمىسا، دوست تۇتۇپ نېمە قىلىدۇ! – دېدى مىرۋانەم.

– ياق، ياق، ھازىرچە ھېچ قانداق ياردەمگە مۇھتاج ئەمەسمەن، – دەپ خىجالەت بولدى گۈلى.

دوستلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئورۇق سۆزگە چېچەر، ئايىغى يېنىك زېمىنەپخان ھويلىدىن بىر قۇچاق قاتتىق ئوتۇن ئەكىرىپ، گۈلىنىڭ ئۆزەم ياقاي دېگىنىگە ئۇنىماي، كىچىككىنە، كونا تۆمۈر مەشكە ئوت ياقتى. مەرىيەم بىر كورىغا سۇ قۇيۇپ، مەش ئۈستىگە قويدى. مەشتە چارسىلداپ كۆيۈۋاتقان قاتتىق ئوتۇندىن بىر دەمدىلا ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىپ، كورىدىكى سۇ قايىندى. زېمىنەپخان مىرۋانەم ئەكەلگەن بىر ئاپقۇر قايماق بىلەن ئەتكەن چاي ئەتتى.

– ئاخشام يوغان بىر كاۋىنى تونۇرغا كۆمۈپ پىشەرسەم، قەۋەتلا تاتلىق ئىكەن، يېرىمىنى سىلەرنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم، – دەپ تاۋاقتا سېلىنغان كاۋىنى جوزىغا قويدى مەرىيەم.

– مەنمۇ قۇرۇق كەلمىدىم، بىر ئاپقۇر سۈزمە ئېلىپ كەلدىم، – دەپ ئاپقۇرنى جوزىغا قويدى زېمىنەپخان.

ھەممىسىنى مۇڭدىشىپ چاي ئىچىپ ئولتارغادا، گۈلىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

– دوستلىرىمى، سىلەرگە مىننەتدارمەن، – دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

– ژىغلىماڭا، دوستۇم. تايىر بۇگۈن–ئەتە چىقسا، بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆنتۈلۈپ كېتەر، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاي–كۆڭىڭىز يېقىنلىشىپ قالدى، ئەتىمالىم، – دەپ گۈلىگە مېھرىۋانلىق بىلەن قارىدى زەينەپخان.

– خۇدايىم بۇيرىسا، تايىرغا ئوخشىغان بىر ئىشلەمچان ئوغۇل تۇغۇپ، ئېرىڭىزنى خۇش قىلىڭ، دوستۇم، – دەپ گۈلىنىڭ روھىنى كۆتەردى مەرىيەم.

– تايىر راستلا ئىشلەمچان، ھويلىنىڭ سەرەمجانلىقىغا قاراڭلارا، مېلىغا ئوت–چۆپنى تەييارلاپ، قىشلىق ئوتۇن–ياغىچنى ژىغىپ ئۆلگەرگەن، ئوتۇنلىرىنى كەسلەپ، لاپاس ئاستىغا سەرەمجان تىزىپ قويۇپتۇ، – دېدى مېرۋانەم.

گۈلى يولدىشى توغرىسىدىكى ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەغرۇرلىنىپ:

– باغدىكى كۆكتاتلارنى ژىغىپ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىچىككىنە ئامبار ياساپ سېلىپ بەردى، – دەپ قولى بىلەن ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ بۇلۇڭنى كۆرسەتتى.

– بىزنىڭ ئەرلەر تايىردىن ئۆلگە ئالسا بولىدۇ، – دەپ دوستلىرىغا چاقچاق قىلدى زەينەپخان.

مېرۋانەم بېلىنى سىپاپ:

– ئۆزەم ئاغرىپ، تاۋىم يوق. گۈلى، سىزنى قانداق قىلىۋاتقاندۇ دەپلا، ياتقان ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بېلىمنى مەككەم چىگىپ كەلدىم. راستلا گۈلى، كالىڭىزنىڭ سۈتى چىقمىسا، مەن باللاردىن ئەۋەتىپ تۇراي. بىزنىڭ كالىنىڭ سۈتى قويۇق، ياخشى، بارىمىزنىڭ تەڭ يەپ، ئولاش–چولاش ژۈرگەنگە نېمە يەتسۇن. ئەندى دۇئا قىلايلى، – دەپ مېڭىشقا تەمشىلدى.

ھەممىسى دۇئا قىلىشىپ، گۈلىگە ياخشىلىقلارنى تىلەپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. گۈلىمۇ رەخمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقتى.

– خوش، دوستۇم، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاغرىپ–سىلاپ قالسىڭىز خەۋەر قىلىڭ، ئۆزىمىزمىغۇ كېلىپ تۇرىمىز، – دېدى زەينەپخان.

– ئەرلىرىمىز ياركەنتتىن ياخشى خەۋەرلەرنى ئېلىپ چىقسۇن، – دېيىشىپ كېتىشتى ھەممىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاخىرى كۈنىمۇ پەللىسىگە يېتىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە گۈگۈم چۈشكەندە، تايىرنىڭ تارتكەن ئەتكەن ئۈچ ئاغىنىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھېچ قانداق ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلمىگىنى بىلىنىپ تۇراتتى. گۈلنىڭ بۇلاردىن بىرەر خەۋەر ئاڭلاشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتارغىنىنى بىلسىمۇ، نېمە دېيىشنى بىلمەي خىجالەت بولاتتى. ئاخىرى جېلىل سۆز باشلىدى.

— گۈلى، تۈرمىگە باردۇق، لېكىن تايىرنى بىزگە كۆرسەتمىدى. سىزنىڭ ئەۋەتكەن تۇگۈچىڭىزنى خەت يېزىپ كىرگۈزدۇق. تايىرمۇ بىزگە خەت چىقىرىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «بۈگۈن سوراققا ئالدى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن خېلە ئېغىر ئىش قوزغاپتۇ، لېكىن ھەممىسى يالا، قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ. گۈلگە ئېيتىڭلار، ئىسسىق كىيىم-كېچەكلىرىمنى تەييارلىسۇن» دەپتۇ.

بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان گۈلنىڭ پۈتكۈل ئەزايى بوشاپ، لاسسىدە ئولتىرىپ قالدى، لېكىن ژىغلىمىدى. قالغانلار گۈلنىڭ كۆڭلىنى نېمە دەپ ياساشنى بىلمەيۋاتقاندەك، شۈك ئولتىرىپ قېلىشتى...

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختىماي ئۆتمەكتە. تايىرنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن گۈلى قويچى رىسجان ئاپاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىشىدى، ئاپاي ئۇنىڭغا بىر خالتا ژۇڭ بەردى. گۈلى ئۇ ژۇڭنى ئىگىرىپ، تايىرغا پەلەي، پايپاق ۋە شارف توقۇپ تەييارلاپ قويدى. تايىر تېخىچە سولاقتا. گۈلى تۈرمىگە كۈندە بارسىمۇ، يا تايىرنى كۆرەلمەي، يا ئاپارغان تاماقلىرىنى بېرەلمەي، ژىغلاپ قايتىپ چىقاتتى. ئەندى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇنى قانداق يوللار بىلەن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن؟.. گۈلگە ھېچ كىم جاۋاپ بېرەلمەتتى ۋە ھېچ كىم ياردەممۇ بېرەلمەتتى.

ئاخىرى سوت تايىرنى بەش ژىلغا كېسىپتۇ، ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكىدەك دېگەن خەۋەر يەتتى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلى ئەتە ئېلىپ كېتىدۇ دېگەن كۈنى ئۇخلىماي، يوغان خالتىغا تايىرنىڭ فۇفايكىسىنى، ئىككى-ئۈچ كۆينىگىنى، ئۆزى توقۇغان كىيىملەرنى سالدى. قۇرۇۋان ئاكا ئۆزى ئاياپ كىيىپ ژۈرگەن ئۆتۈگىنى پايتىمىسى بىلەن ھەم بىر خالتا سوققان تاماكا بەرگەن ئېدى. ئۇلارنىمۇ قوشتى. تالقاننى باشقا كىچىك خالتىغا بۆلەك سېلىپ، ئاغزىنى چىگىپ، ھەممىنى تەييار قىلىپ

بىر چەتكە قويدىدە، يوغان قوسىغىنى سىيپاپ: «سەن تۇغۇلۇپ بەش ياشقا كەلگەندە، داداڭنى كۆرىسەنكەن، بالام»، ـ دەپ، خۇددى ئۇ ئاڭلاپ چۈشىنىدىغاندەك، تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان پەرزەندىنىڭ تەغدىرىگە كۆيۈنۈپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ بىر پەس پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان قىزلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن دېرىزە ئالدىغا كەلدىدە، قاراڭغۇ كوچىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەلمۈرۈپ ئولتاردى. تەشۋىشلىك خىياللارغا چۆمۈلۈپ قانچىلىك ئولتارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئەيتەۋىر، ۋاقىت خېلە بىر يەرلەرگە بارغاندا، ئىككى قىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ياتتى. ھادۇق يېتىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك، كۆزى بىردىنلا ئىلىنىپ، شىرىن ئۇيقىغا كەتتى...

يەرگە يورۇق چۈشە ـ چۈشمەيلا چۆچۈپ ئويغانغان گۈلى ئۇپۇل ـ توپۇل كىيىندىدە، ئۇخلاۋاتقان قىزلىرىنى ئويغاتماستىنلا، ئىسسىق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈشكە باشلىدى. موشۇ چاغدا قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسىمەم ھەدە ئىككىسى ئېشەك ـ ھارۋۇدا غورۇ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئېدى. تاراقلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يوغان خالتىنى كۆتىرىپ چىققان گۈلى، تېچلىق ئامانلىق سورىشىپ، خالتىنى ھارۋۇغا سالدى. ئاندىن ھەدىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، تاتلىق ئۇيقىسىدىن ئويغىناليۋاتقان ئىككى قىزىنى يېتىلەپ چىقىپ، ھارۋۇغا ئولتاغۇزدى. ئۇلار ياكەنتكە قاراپ يولغا چىققاندا، تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغان ئېدى.

قۇرۋان ئاكا ھارۋۇنى تۈرمىنىڭ كوچىسىغا بۇرىۋېدى، ئادەملەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ شۇ تەرەپكە كېتىپ بارغىنى بايقالدى. ئۇلار تۈرمىگە يېقىنلاشقاندا، ئادەملەرنىڭ تۆمۈر رېشېتكىنىڭ ئىچىدىكى سولاقتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆز يېقىنلىرىنى تېپىپ، ژىغلىشىپ خوشلىشىۋاتقانلىغىنى كۆردى. قوللىرىغا خالتا، تۈگۈچلەرنى تۇتقان ئايالالار، ئۇششاق باللار، ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، مۈكچىيىپ قالغان مومايلار كۆزلىرى ياش، روھلىرى چۈشكەن ھالدا شۇ تۆمۈر رېشېتكىنى بويلاپ، مەھبۇسلار ئارىسىدىن كىملەرنىدۇ ئىزدەتتى.

قۇرۋان ئاكا، مايسىمەم، گۈلى قىزلىرى بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىلىشىپ ئۆتۈپ، ئاران دېگەندە رېشىتكىغا يېقىنلىشىپ، ژىراقتىن تايىرنى تونۇپ قالىدۇ. تايىرنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتىرىشىپ، ئورۇقلاپ كەتكەن. ئىلگەركى خۇش-خوي تايىردىن ھېچ نېمە قالماپتۇ. بۇلارنى بايقىمىغان تايىر تىترىگەن قوللىرى بىلەن تاماكىدىن بىرنى بۇراپ تۇتاشتۇرۇۋاتاتتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە يولدىشىنىڭ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرگەندە، گۈلنىڭ ژۈرىگى سىقىلىپ، ھاۋا يەتمەي كېتىپ بارغاندەك ئۆزىنى ناچار سەزدى. قۇرۋان ئاكا كۆپنى كۆرۈپ، ئىسسىق-سوغ بېشىدىن ئۆتكەچكە ئۆزىنى تۇتۇپ:

– تايىر، تايىر! – دەپ ۋاقىراپ ئۈنىڭغا ئاران ئاڭلاتتى.

تونۇش ئۈندىن بېشىنى كۆتەرگەن تايىر مەھبۇسلارنى ئىتتىرىپ ژۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

– تايىر، ئۆزىڭىزگە مەكەم بولۇڭ، ئۇكا! گۈلدىن، بالىلاردىن ئەنسىرىمەڭ، بىز بار، ژۇت بار!

قۇرۋان ئاكىنىڭ سۆزلىرى ئۈنىڭسىزمۇ ئاران تۇرغان ژۈرەكلەرنى ئېزىپ، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى.

تايىر كۆزگە كەلگەن ياشنى ئاران توختىتىپ:

– رەخمەت، قۇرۋان ئاكا، – دەپ رېشىتكا ئارىسىدىن قىزلىرىنى سۆيۈپ خوشلاشتى. ئاندىن گۈلنىڭ ژىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

– ژىغلىما، سەن ئارانلا تۇرىسەن، ئۆزەڭنى چىڭ تۇت، مەن خەت يېزىپ تۇرىمەن.

ئۇ خوشلىشى ئۈچۈن قۇرۋان ئاكىغا قولىنى ئۇزاتتى.

– قۇرۋان ئاكا، مايسىمەم ھەدە ئائىلەم سىلەرگە ئامانەت.

ئىككى قىزى دادىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

– دادا، ئۆيگە كېتىمىز، – دەپ ژىغلاشماقتا.

رېشىتكا ئارىسىدىن تايىرنىڭ ياداپ، يالا-تۆھمەتتىن ئازاپلىنىپ كۆيۈپ كەتكەن ئۈزلىرىنى سىپاپ خوشلىشىۋاتقان گۈلنىڭ ئۈنلىرى تىترەپ كەتتى.

– تايىر، ئىسسىق كىيىملىرىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم، سىز ئامان-ئېسەن كېلىشكە تىرىشىڭ، ھەممىمىز سىزنى تۆرت كۆزۈمىز بىلەن كۈتىمىز، بىز يەنە بەختلىك ياشايمىز.

شۇ ئارىدا بىر ھەربىي ئادەم چىقىپ: «سەپكە!» ــ دەپ ۋاقىرىدى. رېشېتكىنىڭ ئىچىدىكىلەر غەمدىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ سەپكە تۇرۇشتى. بىر دەمدىلا قاتتىق بوران چىقىپ، چاڭ كۆتىرىلىپ كەتتى. تايىر چاڭنىڭ ئىچىدىنمۇ گۈلىدىن كۆز ئۈزمەي قاراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشىدىن ئېغىر دەرت-ھەسرەت، ئايرىلىش پۇغانى بايقىلاتتى. ئۇ ئىچىدە: «ئەي ئەزىزلىرىم، ماڭا سىلەرنى يېنىپ كۆرۈش نېسىپ بولارمۇ؟» ــ دەپ ئويلىدىدە، ژۈرىگىنىڭ بىر يېرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىدى. كۆزىدىن توختىماي تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى...

سولاقتىكىلەرنى ئېلىپ كەتسىمۇ، ئۇزىتىپ كەلگەن ئادەملەر خېلىغىچە ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىدى. ژىغا-زېرىمۇ بېسىلار ئەمەس. بولۇپمۇ ئاق ياغلىق تاڭغان قېرى ئانىلارنىڭ:

ــ خۇدايىم بىرىنىڭ قايسى گۇنالىرىمىز ئۈچۈن موشۇنداق دەرتلەرنى سېلىۋاتىدۇ. بالىلىرىمىز كەلگىچە، بار جانمۇ، يوق جانمۇ؟ ــ دەپ توختىماي زارلاشلىرى ژۈرەك-باغرىڭنى موجاتتى.

تاش يولدا بىر خىل تاراقلاپ كېلىۋاتقان ئېشەك-ھارۋۇدا ئولتارغان قۇرۋان ئاكىنى غەم-تەشۋىش ئوراۋالغان. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە جاۋاپ ئىزدىگەندەك، شۈپ-شۈك، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كېلىۋاتىدۇ. زامان نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئاقلار كېلىپ ئۆلتەرگەننى ئۆلتۈرۈپ، چاپقاننى چېپىپ، دېخانلارنىڭ بار دۇنياسىنى: مال بولسۇن، ژىغىپ قويغان ئاشلىق، كۆكتاتلىرى بولسۇن ئېلىپ كېتىشتى. ئاچارچىلىقتا ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالغانلار ئەندى ئاران پۇتىغا تۇرغاندا، كېڭەش ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، «ۋاي، ھۆرىيەت زامان بولدى» دېيىشىپ خوشال بولۇۋېدۇق، باي، كۇلاك دېگەننى تېپىپ، قالغان مال-ۋارانى، ئاشلىقنى تارتىۋېلىپ، قارشى چىققانلارنى سوت-سوراقسىز ئېتىپ، ئۆلتۈرۈپ كېتىشتى. ئەندى بولسا «خەلىق دۈشمىنى» دەپ بېگۇنا ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئالتە ئاي ئىلگىرى بىر يېزىدا ياشاۋاتقان، كولخوزدا ئاددىي دېخان بولۇپ ئىشلەپ ژۈرگەن ئاكىسى ئابدۇماناپنى تۇتۇپ كېتىپ، يەڭگىسى تۆرت بالا بىلەن قاڭغىر قاخشاپ قالدى. ئۇلار ئوخشاش قانچە-قانچە ئائىلىلەر قان ژىغلاپ ژۈرىدۇ تېخى. ئاكىسىدىن ئالتە ئايدا بىرمۇ خەت ئالغىنى يوق. ئۇ بارمۇ بۇ دۇنيادا ياكى يوقمۇ؟ ھېچ كىم بىلمەيدۇ. كىمدىن سوراپ، قەيەردىن ئىزدەشنىمۇ بىلمەيدۇ. قۇرۋان ئاكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خىيالىنى قۇلىقىغا ئاڭلانغان ئاچچىق ژىغا بۆلۈۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىۋىدى، كەينىدىكى ئېشەك ـ هارۋۇدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا بىر موماي قاتتىق ژىغلاۋېتىپتۇ. يېنىدىكىلەر مومايغا:

ـ سەۋر قىلىڭ، مايىمخان، تىرىك ئادەمگە ژىغلىماڭ يامان بولىدۇ. يەر دەسسەپ، قارا يەرنىڭ تۆپىسىدىلا بولسا، بىر كۈنى كېلىدۇ، قارا يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، ـ دەپ سەۋر بېرىشتى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قۇرۋان ئاكىنى تېخىمۇ غەم ئوراپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئارقىدا كېلىۋاتقان هارۋۇدىكى مايىمخان مومايىنىڭ ژىغىسى توختاپ، يەنە هارۋۇلارنىڭ تاش يولدا بىر خىل تاقىرلاشلىرى بىلەن قۇرۋان ئاكا پۈتمەس ـ تۈگىمەس خىياللار دەرياسىغا چۆكۈپ، ئۆيى بېچىنىشلىك ئۆتمۈشنى چارلاپ كەتتى.

قۇرۋان ئاكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆمۈر بويى بايلارغا ئىشلەپ، هاياتى خورلىنىپ ئۆتكەن. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەش قېرىنداش ژىتىم قالدى. هەدىسى ئادالەت ئابلىسى بىلەن موشۇ يېزىدا تىرىكچىلىق قىلىدۇ. ئاكىسى ئابدۇماناپ تۇتۇلۇپ كەتتى. سىڭلىسى روزىخان ئابلىسى بىلەن داشكۆردە ياشاتتى. شۇ پەيت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەنجە سىڭلىسى پاتەم كەلدى. پاتەم ئېگىز بويلۇق، ئاق ئۈزلۈك، يوغان كۆزلۈك، دايىم خۇشخۇي ژۈرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. سىڭلىسى ئون يەتتە ياشقا تولۇپ، ئېلەم ئىسىملىك ژىگىتكە تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۆي ـ ئوتاقلىق بولغاندا، ژۇتتىكى قالايمىقانچىلىق باشلانغان. كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە كەچلا پاتەم بىلەن ئېلەم ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىپ: «ئاكا، مايىسمەم هەدە! بىز بوۋام، مومام، ئاتا ـ ئانىمىز، قېرىنداشلار بىلەن بولۇپ ئون سەككىز جان بۆگۈنى يېنىك ژۈكلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭدۇق. ئەتە ـ ئۆگۈن چېگارىدىن ئۆتىمىز»، ـ دېگەن ئىدى. ئۇ زامانلاردا چېگارىدىن ئۆتۈش ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، قۇملاردا قونۇپ ـ يېتىپ، قېچىپ ـ مۆكۈپ ژۈرۈپ، مىڭ بىر جاپالار بىلەن تەلىيى بارلار ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەگەر چېگارىنى كۆزىتىپ ژۈرگەن قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، هېچ بىر سوراقسىزلا شۇ يەردە يېتىپ ئۆلتۈرەتتىدە، ئۆلۈكى قۇم ـ چۆللەردە قۇرۇت ـ قوڭغۇزغا يەم بولۇپ قالاتتى. بۈنىڭدىن ياخشى خەۋەردار قۇرۋان ئاكا ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان سىڭلىسىنىڭ گەپلىنى ئاڭلاپ، «قانداقمۇ ئۇ قاتقا

يېتىپ ئالار؟» ـ دەپ ئەنسىرىدى. ئۇ قۇچىغىنى كەڭ يېيىپ، پاتەمنى باغرىغا بېسىپ: «خۇدا نېسىپ قىلسا، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمىز. روزىخانغا بىزدىن سېغىنىشلىق سالام ئېيتىڭ. قەيەردىلا بولساق، ئامان بولايلى!» دەپ ھەر ئىككىسى ژىغلىشىپ خوشلاشقان ئىدى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، يېزىدا «ئۇ قاتتىق بىر ئادەم كەپتۇ، ئۇ قومدا ئون سەككىز ئادەمنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپتەك» دېگەن سۆزلەر تاراپ كەتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان قۇرۋان ئاكا ئۇ ئادەم چۈشكەن ئۆيگە كېچىسى بېرىپ، ھەممىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى توختىتالماي، يەرنى تاتلاپ، ۋاقىراپ ژىغلىغان ئىدى. ھازىر پاتەم سىڭلىسىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بىر نەچچە ياش تامچىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، قارا بۇرنىغا كېلىپ توختىدى. قۇرۋان ئاكا دەردىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. سىڭلىسىنىڭ قوملاردا ئېتىلىپ، يەرگە دەپنە قىلىنماي، قانغا مىللىنىپ چۆللەردە قالغىنىنى ئويلىسا، جۇدالىقتىن مىسكىن كۆڭلى بوشاپ، ژۈرەك-باغرى ئېزىلىپ كېتىدۇ. «ھېلىمۇ بۇ دەرتلەردە كۆيۈپ ژىغلاپ ژۈرۈپ ئادەم بالىسى ياشايدېكەن»، ـ دەپ قويىدۇ بەزىدە. ھازىرمۇ قايغۇلۇق ھالىتىنى باشقىلارغا بىلىندۈرمەس ئۈچۈن «ئۆھۆ-ئۆھۆ» دەپ يۆتىلىپ قويدى ۋە ئۆزىگە ئۆزى سەۋر بېرىپ: «جۇدالىق دەردىدە كۆيۈپ ژۈرگەن يالغۇز مەن ئەمەسقۇ، قانچىمۇ ئادەملەر ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىدىرىن، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قان ژىغلاپ ژۈرىدۇ»، ـ دەپ ئويلىدى. موشۇنداق ئېغىر خىياللارغا بېرىلىپ يېزىغا يېتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي قالغان ئۇ:

ـ ت-ر-ر-ر، جانىۋار! ـ دەپ غورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ـ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بىر چىنە قايناق چاي ئىچىپ ئۆيىڭگە بارارسەن، سىڭلىم، ـ دېدى مايسەمەم.

شۇ چاغدىلا گۈلى ئۆزىنىڭ تۇنۇگۇندىنلا بېرى ھېچ نېمە ئىچمىگەنلىگىنى، قوسىغىنىڭ ئاچ ئېكەنلىگىنى سەزدى.

ـ نېمانچىلا ژىغلايسەن، ئۆزەڭنى ئايساڭچۇ!

گۈلى ھەدىسىنىڭ ئۆزىگە چوڭ يۆلەكچى ئېكەنلىگىنى ھىس قىلىسمۇ:

ـ قورقىمەن، تايىرىسىز ئۈچ بالىنى قانداق باقىمەن؟ ـ دېدىدە، ياغلىغىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە تۇتتى.

مايسەممۇ سىڭلىسى بىلەن قوشۇلۇپ كۆز ياش قىلدى. موشۇ
پەيتتە ئۇلارنىڭ دىلىدىكى مېھرىۋانلىق، كۆيۈمچانلىق،
تۇيغۇلىرى كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىدا
قېرىنداشلىق
ئەكىس ئېتىلىۋاتاتتى. مايسەمنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ
قالغان سىڭلىسىغا ئىچى ئاغىردى.
– بۈگۈن سېنىڭ ئۆيۈڭدە قوناي، كىم بىلىدۇ، كېچىسى ئاغرىپ-
تارتىپ قالامسەن؟ تۇغۇتنىڭ ئىشىنى كىشى بىلىپ بولمايدىغۇ.
نەچچە كۈن ئۇيقىسىز ژۈرگەچكە، ھەدىسى بىلەن مۈگدىشىپ يېتىپ
ئۇخلاپ كەتكەن گۈلى، سەھەرلىگى تولغاق دەستىدىن ئويغاندى.
مايسەم ژۈگرەپ ھەجەر چوڭنامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، تېچلىق-
ئامانلىق سورىشىپ:
– گۈلى تولغاق يەۋاتىدۇ، ساڭا كەلدىم، – دېدى ئەنسىرىگەن
ھالەتتە.
– يا، ئاللا، ئۆزەڭ يول بەرگەيسەن، پەرۋەردىگارىم! ئاي-كۈنى
توشقانمېدى ياكى بىرەر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتتىمۇ؟
– ئاي-كۈنى توشقان، – دېدى مايسەم ئۆيگە ئالدىراپ.
ھەجەر چوڭنام:
– بىسمىللا، – دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىدىكى ياغلىقىنى
جۆندەپ، ئاسقىدا ئىلىقلىق يېنىك چاپىنىنى ئېلىپ كىيدىدە، كالىچىنى
سېپىپ، ئىشىگىنى ياپتى.
يېزىدىكى نۇرغۇن باللارنىڭ كىندىك ئانىسى بولغان چوڭنامنىڭ
يېشى يەتمىشكە كېلىپ قالسىمۇ، خېلە-خېلە ئاياللاردىن تىمەن.
سۆيىگى كىچىك، ئورۇق مومايىنىڭ مۆكچەيگىنى بولمىسا، مېڭىشى
يېنىك. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ:
– مەن گۈلىنىڭ ھەر ئىككى قىزىنىڭ كىندىك ئانىسى، خۇدا خالىسا،
ئۈچىنچىسىنىڭمۇ كىندىك ئانىسى ئۆزەم بولىدىغان ئوخشايمەن، –
دەپ قويدى.
ئۇلار كەلگەندە، گۈلى تولغاققا چىدىماي تووۋلاپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ
ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ ژۈرەتتى. ئۇنى كۆرۈپ ھەجەر چوڭنام:
– يا، ئاللا! يا، ئاللا، قۇدرەتلىك ياراتقان ئىگەم! ئۆزەڭ يول بەرگىن،
تۇغۇتىنى ئاسان قىلغايسەن، خۇدايىم! – دەپ يۇمشاق قولى بىلەن
گۈلىنىڭ بېلىنى ئۇگىلىدى. – تولغاق باشلانغىلى خېلە بولدىمۇ؟
– سەھەردە باشلاندى.

مايسىمەم مەشكە ئوت قالاپ، سۇ ئىسسىتقاچ، گۈلنىڭ بوۋاقنى يۆگەيدىغانغا تەييارلاپ قويغان لاتىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. بىر ئارىلىقتا سىڭلىسىنىڭ ئىككى قىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. گۈلى ئەرىكسىز تولغاپ، بىردە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭسا، بىردە ئولتىرىپ قالاتتى. بىر چاغدا ئىنجىقلاشقا باشلىۋىدى، چوڭنام:

- مانا ئەندى تولغاق پىشتى، يا، ئاللا، مىنىڭ قولۇم ئەمەس، ئۇلۇغ ئانىلىرىمىنىڭ قولى، - دېدىدە، بىر چاغدا بوۋاقنىڭ كىندىگىنى كېسىپ: - ئوغۇل! ئوغۇل! - دەپ خۇش خەۋەر ئېيتتى.

تايىر بىلەن گۈلى ئوغۇل تۇغۇلۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان ئىدى. مانا ئۇلارنىڭ تىلىگى ئىجاۋەت بولدى. گۈلى نەچچە سائەت تارتقان تولغاقنىڭ ئاغرىغىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى يېپ-يېنىك سەزدى. چوڭنام بوۋاقنىڭ ئاغىز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى ژۇيۇپ تازىلاپ، يۆگەككە ئوراپ:

- يا، ئاللا، خۇداغا شۈكرى! - دەپ بوۋاقنى گۈلىگە كۆرسەتتى.

- خۇدايىم ئوغلۇڭنىڭ ئۆمرىنى، ئىنساۋىنى بەرسۇن، دۆلەتلىك، بەختلىك بولسۇن، ئاتا-ئانىسىغا يار-يۆلەك بولسۇن!

باياتىن سىڭلىسىنىڭ قىينىلىۋاتقىنىغا چىدىماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن مايسىمەممۇ خوشال:

- مۇبارەك بولسۇن! - دەپ قېرىنداشنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە ئۇز-قوللىرىنى ژۇيغۇزۇپ، بىر ئاپقۇر ئىسسىق ئەتكەن چاي بەردى.

- ھەجار چوڭنا، سەنمۇ ھېرىپ قالدىڭ، چاينى ئىچىپ، كىچىككىنە يېتىپ دەم ئال، - مايسىمەم چوڭنامنىڭ يېنىغا ئىككى تەھيىنى قويدى.

سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلەرنى، ئىككى كۆزىدىن تاراملاۋاتقان ياشلارنى كىچىك سىرىق گۈللۈك لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ:

- مۇڭلانما، قېرىنداشىم! سەن ھايات، بالىلىرىڭ ئامان. تايىرنىڭ ئامان-ئېسەن كېلىشىنى ئاللادىن كېچە-كۈندۈز تىلەيمىز. سېنىڭ قېشىڭدا چوڭنام يېتىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ. ئۆيدە بىر ئاشلىق ئۇن بار ئىدى، مەن چىقىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇگۇر كېسىپ ئاچچىق-چۈچۈك ئاش ئېتىپ كىرەي، - دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ يۆمۈر مەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، لاخشىگىر بىلەن چوغلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىغا تارتىپ، ئىككى-ئۈچ قاتتىق ئوتۇن سېلىپ قويۇپ، مەشنىڭ ئاغزىنى ياپتىدە، ئۆيگە چىقىپ كەتتى. گۈلى ھېرىپ قالغاچقا، ئىسسىق چاينى ئىچىپ ئۇيقىغا كەتتى.

مايسىمەم كىچىك كورىغا ئاش ئېلىپ كىرگەندە، چوڭئاممۇ، گۈلىمۇ تاتلىق ئۇيقىدا ئىدى. ئۇ جوزىنى قويۇپ، ئىككى ئاپقۇرغا ئاشنى قۇيۇۋاتقاندا، تاماقنىڭ تاتلىق پۇرىقىدىن چوڭئانام ئويغىنىپ:

— يا، ئاللا، ئۇخلاپلا كېتىپتىمەناي، ئېشىڭ پىشتىما بالام؟ — دەپ تەھىيىگە يۆلىنىپ ئولتاردى. — گۈلىنى ئوخات، ئاش ئىچسۇن. سوت چۈشمىسە، ھازىر بوۋاق ژىغلايدۇ.

مايسىمەم سىڭلىسىنى ئويغىتىپ، تەھىيىنى ئارقىسىغا يۆلەپ ئۇنى ئولتارغۇزۇپ، ئاپقۇردىكى ئاشنى ئالدىغا قويدى. گۈلىنىڭ قوللىرى ماغدىرسىزلىقتىن تىترەپ تۇراتتى.

چوڭئانام ئاش ئىچىپ ئولتىرىپ:

— «قېرىنداش بىر ئۆلۈكتە، بىر تىرىكتە» دەپ، ھېلىمۇ سېنىڭ بارىڭ، بالام. سەن گۈلىگە چوڭ بىر يۆلەك، ئانىسىنىڭ ئورنىدا ئانا. بولمىسا ھازىرقى زاماندا كىمنىڭ كىم بىلەن ئىشى دەيسەن. گۈلى، قىزىم، ئاشنى زورلاپ ئىچ، ماغدىر كىرسۇن، سوت چۈشسۇن، — دېدى.

ئۇلار ئاش ئىچىپ ئولتارغاندا، سېلىمەم بىلەن سانىيەم ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنى، ئاندىن تۆردە ئولتارغان چوڭئامنى سۆيۈپ قويۇپ، بوۋاققا قارىدى. سانىيەم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— نېمانچىلا كىچىك؟ — دېۋىدى، سېلىمەم:

— نېمە دېگەن چىرايلىق، تاتلىق، ئاپا، ئۇكامنى قولۇمغا ئالايچۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى.

مايسىمەم ھەممىدىن بېغەم پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

— سېلىمەم، ئىككى قولۇڭىز بىلەن ياتقۇزۇپ تۇتۇڭ، قىزىم. ئەگەر ئۇكاڭلارنى چوڭ ژىگىت بولۇپ ئۆسسۇن دېسەڭلار، ياخشى بېقىڭلار.

— ئۇكام كۆزىنىمۇ ئاچمايدىغۇ؟ — خاپا بولدى سانىيەم.

ھەدە-سىڭىلىنىڭ دۇنياغا يېڭى كەلگەن ئۇكىسىغا مېھرى چۈشۈپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، تېخى كۆزىنى ئاچمىغان بوۋاقنى ئەركىلىتىپ ئولتارغىنىنى كۆرگەن چوڭئانام:

ــ موشۇ كىچىك نارىسىدىلەرگىمۇ قېرىنداش كېرەك، قاراڭلارا. گۈلى، ئوغلۇڭنى ئىككى قىزىڭلا بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، جۇمۇ، ــ دېدى زوقى كېلىپ.

تاماق ئىچىلىپ بولۇپ، ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتارغاندا، ھەجەر چوڭنام مايسىمەمگە:

ــ گۈلىنىڭ ئەھۋالى ياخشى، سەن يېنىدا قارا، كەچ كىرىپ قالدى، ئەندى مەن ئۆيگە باراي، ــ دەپ كېتىشكە تەمشەلدى.

ــ رەخمەت، سېنى بەك ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، ئىككى-ئۈچ كۈن قونۇپ كەتكىن، مەنمۇ سېنىڭ قىزىڭغۇ، ــ دەپ يالۋۇرىدى گۈلى.

ــ ئۆيدە يالغۇز ئولتارغىچە قونۇپ قالغىن. بىر نەچچە كۈن گۈلىگە ھەمرا بولساڭ ياخشى بولاتتى، سەن ئانىمىزنىڭ ئورنىدا بىزگە ئانا. مەن ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا ژۈگرەپ ژۈرىمەن.

چوڭنام گۈلىنىڭ كىندىك ئانىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى. مايسىمەمنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىدە، گۈلىنىڭ ئۇن ئىككى ئىدەسى چىققىچە ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى.

ئوم ئىككى كۈن بولغاندا، بوۋاقنىڭ ئېتىنى قويۇش ئۈچۈن قۇرۋان ئاكا زايىر بوۋاينى باشلاپ كىرىپ كەلدى. تايىرنىڭ ئارمان قىلغان ئوغلى تۇغۇلغىنىغا خوشال بولغان قۇرۋان ئاكا:

ــ مۇبارەك بولسۇن! ئوغلۇڭىزنىڭ كۆرۈملىگى، ــ دەپ بەش سومنى گۈلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

رىسىم-قائىدە بويىچە بىر چىنىدىن چاي ئىچىلىپ بولغاندا، زايىر بوۋاي:

ــ ئوغلۇڭىزنىڭ ئېتىنى تايىرغا يېقىن يادىكار قويايلى، ــ دېدى.

گۈلى: «ھەقىقەتەنمۇ يېقىن ئېكەن»، ــ دەپ ئويلاپ ماقۇل بولدى. زايىر بوۋاي بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، ئوقۇلىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇپ، بوۋاقنىڭ قۇلىغىغا ئەزەن چاقىرىپ، ئاندىن ئېگىز كۆتىرىپ:

ــ ئاسماندىن چۈشكەن يادىكار ئىسمىڭىز مۇبارەك بولسۇن! ــ دەپ ئۇنى كۆرپە ئۈستىگە دومۇلتىپ قولىغا ئالدى.

ئولتارغانلارنىڭ ھەممىسى گۈلىگە: «مۇبارەك بولسۇن!» ــ دېيىشىپ تەبرىكلەشتى...

مانا يەر-جاھانغا ئاپپاق پېرىنجىسنى يېپىپ قىش كەلدى. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن ياققلى باشلىغان قار، تاڭ ئاتقاندا بىرلا توختاپ، پۈتكۈل يېزا ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ قالدى. ئادەملەر ئەتىگەندىلا ھويلا-



ئارام، ئۆگۈزلەردىكى قارنى تازىلاپ-سۈپۈرۈپ، سىرتقا دوگىلاپ، ئەيتەۋىر، كەچ كىرگىچە هويلا-ئارامنى سەرەمجان قىلىشتى.

گۈلىمۇ هويلا-ئارامنى تازىلاپ بولۇپ، «هەجەر چوڭنىم قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، موماينىڭ هالى-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يوقلاپ باردى.

- ئەسسالام، چوڭنا! ئەھۋالىڭ قانداق؟

- هوي، گۈلىمۇسەن! مېنىڭ ئەھۋالىمغۇ ياخشى، بۇ قىشلاردا سەن ئۈچ بالا بىلەن قانداقمۇ قىلىۋاتىسەن، بالام؟

- ياخشى چوڭنا، ئەل قاتارىدا ياشاۋاتىمەن. بالىلىرىم ئامان. سېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دەپ كەلدىم. بۇ سوغلاردا يالغۇز ئولتارغىچە، بىزنىڭ ئۆيدە بىللە تۇرايلى. سەن مېنىڭ ئانامنىڭ ئورنىدا ئانامغۇ، بىر-بىرىمىزگە هەمرا بولۇپ، بىر ئۆيدە ياشايلى.

موماي كۆڭلۇشمەي: «هازىرچە كۈچ-قۇۋۋىتىم بار، ئۆزەمنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي، بالام. ئاغرىپ-تارتىپ قالسام بارارمەن» - دەپ ئۇزىتىپ قالدى.

قىش كۈنى چانىغا ياغاچ تۇڭلارنى بېسىپ، يېزا تۆۋىنىدىكى قۇدۇققا سۇغا ماڭغان بالىلار، ئېشەك-هارۋۇلىرىغا ئوتۇن بېسىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر كۆزگە چېلىقمىسا، يېزا كوچىلىرىدا ئادەممۇ كۆرۈنمەيدۇ. يېزا ئادەملىرى قىشچە ئۆيدە ئوت قالاپ، كۆل چىقىرىپ، مېلى بارلار ماللىرىغا چۆپ سېلىپ، ئېغىلنى تازىلاپ، يازچە تەرگەن-تىككەنلىرىنى، ئاز-تولا ژىققان ئوزۇقلىرىنى يەپ قىشتىن چىقاتتى.

گۈلىمۇ قىشچە تايىرىنىڭ دوگىلاپ بەرگەن ئوتۇنلىرى بىلەن يازچە ئۆزىنىڭ قورۇتقان تېزەك، كۈكۈملىرىنى ئاياپ قالاپ، ئۈچ بالىسىنى مۇزلاتماي كاڭنىڭ بوغۇزىدا باقتى. ئۇ تەشۋىشلىك كۈنلەردە دوستلىرىمۇ كۈندۈزلىرى كېلىپ گۈلىدىن هال-ئەھۋال سوراشتىن قورقاتتى، سەۋەۋى بىرەر ساتقۇن-زۇغۇيلارنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالسا، «خەلىق دۈشمىنىنىڭ» ئائىلىسىگە ياردەم كۆرسىتىپ ژۈرىدۇ دەپ، ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كېتىشى مۈمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئېھتىيات قىلىپ، كېچىلىرى كېلىپ هال سوراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇگۈنمۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، قۇدرەت بىلەن زېمىنەپخان گۈلنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك بولۇپ كىرىپ كەلدى. تايىر بىلەن خاتىرجەم ياشىغاندىكى چىرايىدىن ھېچ نېمە قالمىغان گۈلىدىن:

— تايىردىن خەت-چەك بارمۇ؟ ئۇ ژىراق ژۇتلاردا نېمە قىلىپ ژۈرگەندۇ؟ — دەپ سوراشتى.

لېكىن كەتكەندىن بېرى تايىردىن بىرمۇ خەت كەلمىگەن ئېدى. بۇ ئەھۋال ھەممىنى ئويلاندۇردى. گۈلى ئۇلاردىن كولخوز ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئادىلانە ئەمگەك قىلىۋاتقان رەھبەرلەرنىمۇ «خەلق دۈشمىنى» دېگەن يالا بىلەن تۇتۇپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ئاڭ-تاڭ بولدى.

— بۇ نېمە ۋاقىە؟ قايسى دۈشمەننىڭ ئىشى؟ — دەپ بىر-بىرىگە سوئال بىلەن قاراشىسمۇ، جاۋاۋىنى بىلمەتتى...

گۈلى شۇ كېچىسى ئۇخلىماي: «مەنغۇ باللىرىم بىلەن ئىسسىق ئۆيدە ياشاۋاتىمەن، تايىر قانداق كۈن كۆرۈۋاتقاندۇ؟ بۇ سوغلاردا سوغ تېگىپ ئاغرىپ قالدىمۇ؟ قوسىغى ئاچمۇ، توقمۇ؟» — دەپ يەنە ئەندىشە قىلدى. ئۇ باللىرىنىڭ قېشىغا — ئىسسىق كاڭغا چىقىپ، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تەھىيىگە باش قويىسمۇ، ئۇخلار ئەمەس، كۆڭلى ئېغىلدا ياتقان توقال سىيىردا. چۈنكى كەچقۇرۇنلۇغى زېمىنەپخان بىلەن قۇدرەت كەلگەندە، توقال كالىنى كۆرۈپ: «بۈگۈن-ئەتىلىگى قاپتۇ، كېچىسى يوقلاپ تۇرۇڭ، تۇغۇپ قالسا، موزاي ئۇششۇپ قالمىسۇن»، دېگەن ئېدى. شۇڭلاشقىمۇ گۈلى كېچىسى چىراق كۆتىرىپ، ئېغىلغا ئىككى كىردى. سىيىر — تىچ. ئۇ تالادىن ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ: «ھېلىمۇ تايىر ئىشىكنىڭ چۆرىسىگە كىگىز قېقىپ، ھەم يىپپىلدىغان قىلىپ بەرگىنى، بولمىسا قىشنىڭ بۇ كۈنلىرىدە گۈكىرەپ سوغ كىرەتتى»، — دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، ئوغلىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن گۈلى ئۈز-قولىنى ژۇيۇپ، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئەسكى داسقا ئېلىپ، ھويلىغا چىقتىدە، كۈلنى تۆكۈپلا ئېغىلغا كىرىۋېدى، توقال كالا يېڭى تۇغۇلغان موزىيىنى يالاۋېتىپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، كالام تىچ-ئامان موزايلىق بوپتۇ. بۇ بولسىمۇ باللىرىمنىڭ تەلىيى، — دەپ تۇرۇشىغا، تالادىن: «گۈلى!» — دەپ ۋاقىرىغان ئۈن ئاڭلاندى. گۈلى ئېغىلدىن چىقىپ، مۈكچىيىپ، سوغدا تىترەپ تۇرغان ھەجەر چوڭئانىنى كۆردى.

ـ ئەسسالام چوڭنا! قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سالام بېرىپ قېشىغا كەلدى.

مومايىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ:

ـ جۇر، ئۆيگە كىرەيلى، ـ دەپ ئىشىكنى ئېچىپ، مومايىنى ئالدىدا كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى ھەم ياپتى.

ھەجەر چوڭنام كاڭغا چىقىپ ئولتاردى.

ـ بىر-ئىككى كۈن ئۆزەمنىڭ تاۋىم بولماي يېتىپ قالدىم. ئوت قالاپ، كۆل ئېلىشقىمۇ چامىم يوق، قارا. قىزىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر ئاز كۈن تۇرۇپ كېلەي دەپ، ئەتىگەندە كەلدىم.

ـ كەلگىنىڭ خويما ئوبدان بوپتۇ، چوڭنا. ھازىر ئوت قالايمەن، چاي قايىنغىچە سەن بىر ئاز كاڭدا يات، ـ دەپ مومايىنى ئۇخلاۋاتقان قىزلىنىڭ قېشىغا ياتقۇزدى.

ـ رەخمەت، قىزىم، ـ توۋلاپ ياستۇققا بېشىنى قويدى موماي.

گۈلى ئۇنىڭغا يوتقانىنى يېپىپ قويۇپ، ئوچاققا ئوت يېقىپ، بىر دەمدىلا چاي قايناتتى. ھەجەر چوڭئام: «موشۇنداق كۆيۈمچان قىزىم تۇرۇپ، سوغ ئۆيدە ئاغرىپ بىكار يېتىپتىمەن»، ـ دەپ ئىچىدە ئۆزىنى كايىدى. ئۇ گۈلىنىڭ مېھرىۋانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەۋۋ كۈنى يوقلاپ بارغاندا، «بۇ قىيىنچىلىق زاماندا ئۆزى يالغۇز ئۈچ بالىنى بېقىۋاتسا، مېنىڭ بېرىپ يېتىۋالغىنىم ئۇيات» دەپ ئويلىغان ئېدى. بۈگۈن مانا ئۆزى كېلىپ كاڭدا ياتىدۇ. ئويقىسىدىن ئوخانغان سېلىمەم بىلەن سانىيەم تەڭلا:

ـ مومام كەپتۇ، ـ دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئەركىلەپ كېتىشتى.

موماي يانچۇغىدىن ئالما، ئۆرۈك قاقلىرىنى ئېلىپ:

ـ يەڭلار، بالىلىرىم، ـ دەپ قىزلارنىڭ بېشىنى سىيپاپ، پېشانىسىنى سۆيۈپ قويدى.

سېلىمەم مومىسىنى قۇچاقلاپ:

ـ موما ئەندى سەن ھېچ قاچان كەتمەسەن؟

ـ ياق، قوزىلىرىم، ھېچ قاچان كەتمەيمەن، ـ دەپ خوشاللىقىدىن كۆزىگە ياش ئالدى. گۈلىمۇ خوشال.

ـ چوڭنا، سەن كېلىۋېدىڭ، ئۆيۈمگە بەرىكەت كىردى، كالام تۇغدى.

uyghurkitap.com

– «بالىلىق ئۆي بازار» دېگەن موشۇ. ئۆمرۈمدە ماڭا بالا تېپىشقا نەۋرە كۆرۈش نېسىپ بولمىغان. ئەندى سىلەرنى تاشلاپ ھېچ ياققا كەتمەيمەن.

باياتىن تووۋلاپ ياتقان موماي ئىللىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاغرىغىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. سىرتتىن بىلىندۇرمىگەن بىلەن، ئۇنىڭمۇ دەردى يېتەرلىك.

ھەجەر چوڭنام ياش تۇرمۇشقا چىقىپ، قوساق كۆتەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ يولدىشىدىن ئاجرىشىپ، بىر ناچچە ژىل يالغۇز ياشايدۇ. ئىككىنچى قېتىم تاپىرنىڭ چوڭ دادىسى مەھەممەت ئاكا بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق، ماللىق بولۇپ، ئەندىلا بەختىنى تاپتىم دېگەندە، ئاقلار كېلىپ، يېزىدىكى كومسومول، كوممۇنىستلارنى ئېتىش باشلىنىدۇ. ژۇتتىكى ئاكتىۋلار قاتارىدا مەھەممەت ئاكىنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ. شۇندىن بۇيان چوڭنام يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

گۈلى ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ، قاچا-قۇمۇچلىرىنى ژۇيۇۋاتقاندا، مايسىمەنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن كىرىپ:

– كىچىك ئاپا، سىنى ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، – دەپ چىقىپ كەتتى.

گۈلى ئەنسىرەپ: «ھەر دايىم ھەدەم ئۆزى ژۈگرەپ كىرىپ كېلىدىغان، مېنى چاقىرغىنىغا قارىغاندا، ساقلىغى يوقمىكىن؟» – دەپ ئويلاپ، بۆشۈكتىكى ئوغلىنى ئېمىتىپ، قىزلىرىغا:

– يادىكار ژىغلىسا، ئاستا تەۋتىپ قويۇڭلار. مەن چوڭ ئاپاڭلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماڭلار، موماڭلار ئۇخلاۋاتىدۇ، – دەپ جىكىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، تېچلىق سورىشىپ ئولتىرىشىغا، مايسىمەم:

– قۇرۋان ئاكاڭنى تالغىر دېگەن شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكىدەك، – دېدى.

– نېمە ئوقۇش؟ تالغىر ژىراقما؟

– ژىراق دېيىشىدۇ. بىزنىڭ يېزىدىن قۇرۋان ئاكاڭ، پەخىردىن، ساۋۇت، ئىمەر – تۆرت ئادەمنى ئەۋەتكىدەك. ئوقۇش تۈگىگەندە، يېزىغا تراكتورلارنى ھايداپ كېلىدىكەن. ئەندى يەرنى ئات، ئۆكۈز بىلەن ھايدىماي، تراكتور بىلەن ھايداپ ئاشلىق تېرىيمىز دەيدۇ.

– بۇ ياخشى يېڭىلىققۇ. ئەندى دېخانلارغا يېنىكچىلىك بولىدىكەن.

ھەدە سىڭىل بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتارغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ، قۇرۋان ئاكا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ھال-ئەھۋال سورىشىپ بولۇپ:

- گۈلى، ھەدىڭىزگە قاراپ قويۇڭ! ئىككىڭلار باللار بىلەن قىلىۋاتىسلەر، بىر-بىرىڭلارغا ھەمرا بولۇپ ژۈرۈڭلار. ھەدىڭىزنىڭ ماغدىرى يوق، ئولتارغان يېرىدە ئۇخلاپ قالىدىغان بىر ئاغرىققا دۇچار بولدى. ئەتىگەندە كالا سېغىپ ئولتىرىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ، ھېلىمۇ چىقىپتىمەن. نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، ئوقۇشقا بارمايمەن دەلەلمىدىم. بىزلا ئەمەس، ھەممە يېزىلاردىن ئەۋەتكىدەك. ئەتە ماڭىمىز.

گۈلى ھەدىسىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئۆزىگە تەشۋىش بىلەن قاراپ قويدى.

- قۇرۋان ئاكا، ئەنسىرىمەڭ. مەن كۈندە نەچچە كىرىپ ئەھۋالدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن. مەلىمىزدە نۇرغۇنلىرى موشۇنداق ئاغرىۋېتىپتۇ.

- تۇرسۇن بىلەن تۇرغانغىمۇ جىكىدىم. ھەر ئىككىسى چوڭ بولۇپ، ئىشقا ياراپ قالدى، ئۇكىلىرىغا قاراپ، ئانىسىغا ياردەم قىلىدۇ.

- شەھەرگە كېتىپ بارىدىلا، مېنىڭ ئاغرىقىمغا دورا بولسا، ئالغاچ كەلسىلە، - دەپ گەپكە ئارىلاشتى مايسىمەم.

- ئەلۋەتتە، سوراپ ژۈرۈپ تېپىپ كېلىمەن. ئوقۇشقا بارمىسام بولمايدۇ. تۇنۇگۈن ژىغىندا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھەممە ئىشنى ماشىنىلار بىلەن ئىشلەيمىز دەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

- ھەممە ئىشنى ماشىنىلار قىلسا، ئادەملەرنىڭ كېرىگى بولماي قالامدۇ؟

بۇ قانداق بولغىنى، قانداق جان باقىمىز؟ - دەپ ئەندىشە قىلدى گۈلى.

- بىردىنلا بولماس، ھەممە نەرسە ئاستا-ئاستا بولىدۇدە، - قوشۇپ قويدى قۇرۋان ئاكا.

مايسىمەمنىڭ ھېچ ماغدىرى يوق بولسىمۇ، گۈلى ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتىرىپ قۇرۋان ئاكىنى يولغا تەييارلاشقا كىرىشتى. بىر چاغدا مايسىمەمنىڭ كۆزى ئىلىنىپ، ئۇگدەشكە باشلىدى. گۈلى ئەنسىرەپ:

- بۇ نېمە بالا؟ چوڭنامۇ كەلگەندىن بېرى باش كۆتەرمەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇخلاۋاتىدۇ. مەلىكە ئۇيقا ئاغرىقى كەلدىمۇ؟ خەلىق ئۇخلاپ يېتىپلا قىرىلماقچىمۇ؟ ـ دېدى.

چۈنكى گۈلى قۇدۇققا سۇغا بارغاندا، كىشىلەردىن ھەر بىر ئۆيدە ئىككى ـ ئۈچتىن ئادەم ئۇيقا ئاغرىقىغا دۇچار بولغىنىنى ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ تولىسى يېشى يېتىپ قالغانلار بىلەن كىچىك باللار ئوخشايدۇ. خوشنا يېزىدىمۇ ئۇخلاپ يېتىپلا ئۆلۈپ قالغانلار بار دېيىشكەن. ئۇ ھازىر بۇ گەپلەرنى ئېيتمىسىمۇ، ئۆزىدە قانداقتۇ بىر ئەنسىرەش پەيدا بولدى.

قورۇۋان ئاكا كېتىپ، خېلە كۈنلەردىن كېيىن گۈلى قورۇتۇپ سوققان لازا، پومىدورلارنى، ھەدىسى ئىككىسىنىڭ ژىغىپ قويغان سۈت ـ قايماقلىرىنى سېتىپ، بىر ئاز ئۇن، گۆش ئالماقچى بولۇپ ياركەنتنىڭ بازىرىغا باردى. سۈت سېتىپ ئولتىرىپ بىر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالغان گۈلى، ئۇنىڭغا ھەدىسىنىڭ ئاغرىقىغا دورا ئىزدەپ ژۈرگىنىنى ئېيتىۋېدى، ھېلىقى ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئۇددۇلىدا توقۇغان پەلەي، پايپاق، بۆكلەرنى سېتىپ ئولتارغاي تولۇق، پاكاراق، يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندەك كۆرۈنگەن ئايالنى كۆرسىتىپ:

ـ ئەۋۇ رۇس ئايالى ئاغرىقلارنى داۋالايدۇ. بىز ئۇنى فىنيا ئاپا دەيمىز. ئۆزى تېۋىپ، شۇنىڭدىن سوراڭ، ـ دېدى.

ـ مەن رۇسچە بىلمەيمەنغۇ، ھەدە. قانداق سۆزلىشىمەن؟

ـ سىڭلىم، خىجالەت بولماڭ. ئۇ رۇس بولغىنى بىلەن قازاقچە، ئۇيغۇرچە، تاتارچە بىلىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ خوشال بولغان گۈلى، ئەكەلگەنلىرىنى سېتىپ بولغاندا، رۇس ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى. بېشىغا توقۇغان يوغان ژۇڭ ياغلىق تېڭىۋالغان، ئۈستىدە قېلىن جۇگىسى بار، ئايىغىغا پىيما، قولىغا پەلەي كىيگەن بۇ ئايال تالادىكى سوققا پىسەڭ قىلمىغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، مەڭىزلىرى قىپ ـ قىزىل بولۇپ كېتىپتۇ. مېھرىۋانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپلا تۇرىدۇ. ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا فىنيا ئاپا بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى.

مېھرىبانمۇ تېچلىق سورىشىپ:

ـ مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ياردەم سوراپ كەلدىم، ـ دەپ ھەدىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى.

فىنيا ئاپا ئۇنىڭ دىققەت بىلەن تىڭشاپ:

– قىزىم، بۇ ئاچارچىلىقتىن بولۇۋاتقان ئاغرىق. ھەدەڭگە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر چىنە قايناتقان سۈتنى قوشۇق بىلەن قىرىق بىر قېتىم سورۇپ ئىچكۈزگىن. ئەگەر قەنت ياكى ھەسەل بولسا، سۈتكە بىر قوشۇقتىن سېلىپ ئىچكۈزسەڭ تېخىمۇ ياخشى. سەۋزىنى قىرىپ يېگۈز، ئاش چامغۇرنى قايىنتىپ بەرگىن. ئەگەر گۆشۈڭ بولسا، شورپا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاش چامغۇر، پىياز، سەۋزە، ياڭيۇ سېلىپ قايىنتىپ بەر. سۈتنى قىرىق كۈن ئەتىگەنلىكى ئىچسۇن، ماقۇلمۇ. مۇمكىنچىلىگىڭلار بولسا، توق–توق تاماق بېرىڭلار، تاماقنى توق يېمىسە، قۇرۇق چايدا ماغدىر بولمايدۇ. قورقما، ھەدەڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، – دېدى.

– ھەي فىنيا ئاپا، ئەگەر يېگىدەك نېنىمىز، كىيگىدەك كىيىمىمىز بولسا، موشۇنداق ژۈرىمىزمۇ؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ فىنيا ئاپانىڭ گۈلگە ئىچى ئاغرىدى، ئەتىمالىم.

– قىزىم، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سەنمۇ سۈت ئىچ، بولمىسا ھەدەڭدەك ئاغرىيسەن.

ئۇ گۈلنىڭ بالىلىرى بارلىقىنى بىلىپ:

– مونۇ پايپاقلاردىن قايسىسى سېنىڭ بالىلىرىڭغا دۇرۇس كېلىدۇ، ئال، – دېدى.

– ياق، رەخمەت، مونۇ پۇلۇمغا بىر ئاشلىق بولسىمۇ ئۇن، گۆش ئېلىپ كېتەي، بالىلىرىمغا تاماق كېرەك.

– سەن مېنىڭ كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدىڭ، قىزىم. مونۇ ئۈچ پايپاقنى ئۈچ بالاڭغا كىيگۈز، مەن سېنىڭدىن پۇل ئالمايمەن، – دەپ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قولىغا تۇتقۇزدى.

گۈلى يالاڭ چاپاندا بولغاچقا، سوغدا تىترەپ–كۆكىرىپ ئاران ئۆيگە چىقىپ باردى. ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ، ھەجەر چوڭنامىنىڭ قىزلىرىنى يېنىغا ئېلىپ كاڭدا ئولتارغىنىنى كۆرگەندە، كۆڭلى تىنىچلاندى.

– ۋاي، جېنىم بالام، مۇزلاپ كۆكىرىپ كېتىپسەن، يېشىنىپ كاڭغا كەلگىن، مەن ئوچاققا ئوت ياقاي.

گۈلى ئۆزى غال–غال تىترەپ تۇرۇپ بۆشۈكتىكى ئوغلىغا قارىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— يادىكار ژىغلاپ سىنى ئاۋارە قىلمىدىمۇ؟
— ياق، كىچىككىنە ژىغلىغاندەك قىلدى، قوشۇق بىلەن سۇ ئىچكۈزۈپ قويدۇم. قىزىم، بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچىپ ئىسسىنغاندىن كېيىن بالىنى ئېمىت.
گۈلى ئىسسىق چاينى ئىچكەندىن كېيىن، تىترەك بېسىلغاندەك بولدى.
— ھېلىما سىنىڭ بارلىڭ، چوڭئانا، باللىرىمدىن ئەنسىرەمەي سودامنى قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئۇن، گۆش ئېلىپ چىقتىم.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپلا:
— ئاپا، بۈگۈن لەگمەن ئېتىپ بەرگىنە، — دەپ قىزلىرى چۇقۇرىشىپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ ۋاڭ-چوڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن يادىكار ژىغلاپ، ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. گۈلى بۆشۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتاردىدە، ئوغلىنى ئەركىلىتىپ، بۆشۈكتىن يېشىپ، قولىغا ئالدى. ئوغلىنى ئېمىتىپ ئولتىرىپ، ئۇنىڭ قاش-كۆزىنىڭ تايىرغا شۇنچە ئوخشىغانلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولاتتى. شۇ پەيت تايىرنىڭ شۇۋۇرغان، سوغلاردا مۇزلاپ، قېلىن قارلىق يولدا كېتىپ بارغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردىدە، تېنى شۈركىنىپ: «يا، ئاللا، خۇدايىم! تايىر ئۆزەڭگە ئامانەت»، — دەپ پىچىرلىدى. ئوغلىنىڭ دۈمبىلىرىنى سىيپاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ:
— مانا قوساق تويدى، يادىكار. ئەندى سىنى يەنە بۆشۈككە بۆلەيمەن، ئىسسىق بۆشۈكتە تېچ يېتىپ ئۇخلا، ماقۇلمۇ، — دېيىدى، يادىكار ئاپىسىنى چۈشەنگەندەك ئۆزىچە بىر نىمىلەرنى دەپ گۈگراپ كەتتى.
— تۇغۇلۇپلا قالسا، چوڭ بولىدۇ. مانا، چوڭ بولدى دېگەن موشۇ، ئۆزىچە ئانىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ. خۇدا خالىسا، ئەتىياز كەلسە، ئۆمۈلەپ قالىدۇ، — دېدى باياتىن بۇلاردىن كۆز ئالماي ئولتارغان چوڭئانام.
ئاپىسى يادىكارنىڭ بۆشۈككە بۆلەپ بولغىچە، سىلىمەم بىلەن سانىيەممۇ زەڭ سېلىپ قاراپ تۇردى. ئاندىن گۈلى قىنيا ئاپاينىڭ بەرگەن پايپاقلىرىنى قىزلىرىغا تۇتقۇزۇپ:
— مونۇلارنى سىلەرگە بىر رۇس موماڭلار ئەۋەتتى، — دەپ ئۇلارغا

فىنيا ئاپا بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

ناتونۇش موماينىڭ سوغىسىغا خوشال بولۇشقان قىزلار، ژۆڭ پايپاقلارنى ئالدىراپ كىيىپ، مومىسىغا كۆرسەتتى.

ـ خويما چىرايلىق توقۇلۇپتۇ، ئىسسىق ئىكەن، ئەندى پۇتۇڭلارغا سوغ ئۆتمەيدۇ، ـ دېدى موماي.

ـ ئەندى ھەدەمگە بازارلىقنى ئاپىرىپ بېرەي، ـ دەپ بازاردىن ئېلىپ چىققان ئۇن، گۆشلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، مايسىمەملەرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى گۈلى.

ئۇ كىرگەندە، ھەدىسى ئىسسىق كاڭدا ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. گۈلنىڭ ئۈننى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەردى.

ـ بازاردىن چىقتىڭما؟ تووۋا، خېلە ۋاقىت بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ. بۇ سوغلاردا ياركەنتكە قانداقمۇ پىيادە بېرىپ كەلگەنسەن؟

گۈلى بازارلىقنى جوزا ئۈستىگە قويدى. ئۇلارنى كۆرگەن مايسىمەم خوشاللىقىنى يوشۇرالمىدى.

ـ بوگۈن باللىرىمغا قوساقتا تۇرغىدەك تاماق ئېتىپ بېرەي.

قاچا ژۇيۇۋاتقان مودەنگۈلمۇ:

ـ ئاپا، بىز ماھنۇر ئىككىمىز كۆكتات ئاقلايلى، تاتلىق لەڭمەن ئېتەيلى، ـ دەپ ئالدىرىدى.

ئەشۇ چاغدا ئوتۇنغا كەتكەن تۇرسۇنجان بىلەن تۇرغانجان ئۆيگە كىرىپ كەلدىدە، جوزا ئۈستىدىكى بازارلىقنى كۆرۈپ، خوشال بولۇپ كەتتى.

ـ بىز ئېشەك ـ ھارۋۇدا ئوتۇن ئەكەلدۇق. بىر ئاز ئىسسىنىۋېلىپ، ئاندىن چىقىپ كەسلەپ كىرىمىز.

گۈلى ئۆزى ئېلىپ كىرگەن كىچىككىنە گۆش بىلەن ئۇنغا ھەر ئىككى ئۆينىڭ باللىرىنىڭ خوشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بازارغا چۈشۈپ چىققىچە سوغدا توڭلاپ، ئۈششۈپ قالاي دېگىنىنىمۇ ئۇنتۇدىدە: «بوگۈن باللارنىڭ قوسىقى توق ئۇخلايدىغان بولدى، ئەتىنى ئاللاغا تاپشۇردۇق»، ـ دەپ ئويلاپ، فىنيا ئاپانىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىغا ئالدى.

ـ ھەدە، سىنىڭ ئاغرىغىڭغا نېمە دورا ئىكەنلىگىنىمۇ بىلىپ چىقتىم، ـ دەپ فىنيا ئاپانىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

ـ تووۋا، سۈتلا داۋا بولسا ياخشىغۇ، مەيلى ئىچىپ كۆرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


تۇرسۇن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:
بولدى، كىچىك ئاپا، كالىنى كۆلدە ئۆزەم سېغىۋاتىمەن. ئەندى سۈتنى قايىنتىپ، ئاپامغا بېرىمىز. خۇدايىم بۇيرىسا، دادام كەلگىچە، ئاپامنى ئۆزىمىز داۋالايمىز، ـ دەپ ئانىسىنىڭ ماغدىر قاچقان چىرايىغا ئۈمۈت بىلەن قارىدى.
ـ مەن ئۆيگە چىقاي، ھەدە، چوڭنام كەلگەندىن بېرى تۈزۈك تاماق ئەتمىدىم، بوگۈن لەگمەن ئېتىپ بېرەي، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى گۈلى.
مايسىمەم سىڭلىسىغا رەخمەت ئېيتىپ، جوزىدىكى بازارلىقنى قازان بېشىغا ئېلىپ ماڭدى. تۇرسۇن بىلەن تۇرغان گۈلىنى ئۈزىتىپ چىققاندا، تالادا قاتتىق شۇۋۇرغان بولۇپ، كۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەتتى. گۈلى ئەسكى ياغلىقنى ئۈزىگە چۆكۈرۈپ تاڭدىدە، باللارغا ئىچى ئاغرىپ:
ـ يا، ئاللا، ھېلىما ئوتۇندىن ئەتىگەنىرەك كەپسلەر، بولمىسا بۇ قار-بوراندا يول تېپىپ كېلىش تەس بولاتتى. بولدى، ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار، ئۆيگە ئۆزەم يېتىۋالىمەن، ـ دەپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى.
ئۇ ھويلىدىكى يوغان ئەسكى داسقا تېزەكلەرنى سېلىپ، ئۇستىگە قاتتىق ئوتۇنلارنى قويدىدە، كۆتىرىپ ئۆيگە كىردى. تالادا بوران ھۇۋلاپ، قار قۇيۇنى كۆز ئاچقۇزمىسىمۇ، باللار ئۆزلىرى ئارمان قىلغان تاماقنى تويغىچە يەپ، تاتلىق ئۇيقىغا كەتكەن شۇ كۈنى ھەر ئىككى ئۆيدە مەيرەم بولغاندەك تۇيۇلدى.
ئەتىسى بوران توختاپ، ئەتىگەندىنلا ھويلىنىڭ ئىچىگە بوران دوگىلاۋەتكەن قارنى ۋە مال قورالىرىنى تازلاش، مالغا چۆپ سېلىش، ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاش ئوخشاش تىرىكچىلىك باشلاندى. تۇرسۇن بىلەن تۇرغان ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، گۈلىنىڭ ھويلىسىدىكى قارنى سۈپىرىپ بولۇپ، قۇدۇقتا سۇغا ماڭدى. گۈلى ئۇ ئىككىسىگە كىچىك ياغاچ تۈگنى ھارۋۇغا بېسىپ بېرىپ، غورۇنى يېپىپ تۇرغاندا، ھويلىغا خوشنىسى رىھانبۇۋىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا، بىر بالا بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئىككى خوشنا بىر-بىرىگە سالام بېرىشكە، رىھانبۇۋى كۆزىگە ياش ئېلىپ:
ـ ژۇقۇرقى مەلىدە تۇرىدىغان چوڭنامنىڭ قىزى زورابۇۋىنى بىلىسىزغۇ؟ ـ دېدى.
ـ شاۋدۇننىڭ ئايالى زورابۇۋىما؟

ـ ھە، شۇ زورابۇۋى سەھەردە تۈگەپ قالدى، قاراڭ.

گۈلى قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئۆزىنى سىيپىدى.

ـ ئاغرىقمىدى؟

ـ ھېلىقى كۆزدىكى يامغۇردا پاختىدا يالاڭ ئىشلەپ، قەۋەتلا سوغ تېگىپ، ئىككى بىقىنىم قىسىپ ئاغرىيدۇ دەپ ژۈرگەن. شۇ ئاغرىقتىن تۈزىلەلمىدى، قاراڭ. تېخى ژىگىرمە بىر ياشتا ئىدى. كىچىك ـ كىچىك ئىككى ئوغلى قالدى. بۇ سوغلارنىڭ بوپ كەتكىنىنى قارىمامسىز. مەن شۇ ياققا ماڭدىم. سىزگە خەۋەر قىلىپ قوياي دەپ كىردىم، ـ دەپ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى قول ياغلىغى بىلەن سۈرتۈپ، ئالدىراش ماڭدى.

ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلى يېرىم گۈلى ئۆزىنى تۇتالماي، كۆزىگە جىققىدە ياش ئېلىپ:

ـ قانداق قىلىمىز، رىسقا تۈگىسە، ئىسسىق ـ سوققا قارىمايدىكەن،

ـ دەپ خوشنىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى.

شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چوڭنام:

ـ كەلگۈلۈك زورابۇۋىنىڭ قېرى ئانىسىغا كەپتۇدە. ئىككى ئوغلى ئانىسى بىلەن چېگارىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە، زەينەپخان شۇ يالغۇز قىزىنى دەپ قالغان ئەمەسمۇ. ۋاي بىچارە، قېرىغاندا بۇ دەرتلەرنى قانداق كۆتىرەر؟ زورابۇۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئانىسىمۇ كەتمىسە بولاتتىغۇ، ـ دەپ قاخشاپلا كەتتى.

بىر ژۈتتا بىللە ئۆسكەنلەرنىڭ بېشىغا قايغۇ ـ دەرت چۈشسە، ھېچ كىم ئۆيدە ئولتىرىپ ھەرگىز چىدىمايدۇ. بۈگۈنمۇ قاتتىق سوققا قارىماي ھەجەر چوڭنام، مايسەم، گۈلى خوشنىلىرى بىلەن شاۋدۇنلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. ھويلا ئىچى ژىغا ـ زېرە، ھويلىدا تۇرغان ئەرلەر سوغدا مۈزلاپ، كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ژۈت چوڭلىرىدىن ماھمۇت ئاكا:

ـ بۇ سوغدا تالادا تۇرۇپ چىداش مۇمكىن ئەمەس، ئۆتۈن ئەكىلىڭلار، ئوت ياقايلى، ئادەملەر ئىسسىنسۇن، ـ دەپ ھويلىنىڭ بىر چېتىگە ئوت ياققۇزۋاتاتتى.

ئەرلەر ئوتقا يېقىن كېلىپ ئىسسىنىشقا باشلىدى. ئاياللار ئۆيگە كىرىپ ئاق ياغلىق تېگىپ قاتار ئولتارغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، زەينەپخان چوڭنامنىڭ ئالدىغا كەلدىدە، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئەرىكسىز ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىپ كەتتى. ھەجەر چوڭنام ئۆينى بېشىغا كىيىپ ھازا قىلىۋاتقان دوستى زەينەپخاننىڭ باشلىرىنى سىيپاپ، تەسەللا بەرمەكتە ئىدى.

– دوستۇم، زىغلاۋەرگەن بىلەن بەرى بىر ئورنىغا كەلمەيدىكەن، ئۆزىڭىز ئارانلا تۇرىسىز، سەۋر قىلىڭ.

– يالغۇز قىزىمغا يار–يۆلەك بولۇپ زۇرەي دەپ ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلىپ قاپتىمەن. مېنى چىرايلىق زىغلاپ ئۇزىتار دەپتىمەن، بۇ دەرتلەرنى قانداق تارتاي. مېنى باتۇر كۆرگەن، بالام، ياش چوكان بالام! «ئانام!» دەپ زىغلاپ قالسا بولماتتىمۇ، ھەجەرخان.

تۆردە ئولتارغان موماي دۇئا قىلىۋېدى، زەينەپخان چوڭنامىمۇ جىم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆيگە يېڭى كىرگەن ئايالار بىر–بىرى بىلەن تېچلىق سورىشىپ، پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

– قارىمامدىلا، ھەجەرخان، كۆزدىكى يامغۇردا ئېتىزغا چىقما دېسەم، شاۋدۇن بىرىگادىر بولۇۋېلىپ، «زورەم پاختىغا چىقمىسا بولمايدۇ» دەپ ئېتىزغا چىقىرىپ، راسا سوغ تېگىپتۇ. ئىككى بىقىنىم سانچىيدۇ دەپ زۇرۇپ، ئۇچ ئايلا ئاغرىدى، دېسىلە، مانا بۇگۇن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇنايلىتىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق.

زەينەپخان چوڭنامنىڭ ھەيۋەتلىك زىغىسى يەنە ئاڭلاندى. ھەجەر چوڭنام دوستى بىلەن تەڭ زىغلاپ:

– زەينەپخان، سەۋر قىلسىلا. ياشقا قاراپ ئالسا، بىزنى ئالامدۇ، ئۆلۈم ياش–قېرىغا باقمايدىكەن. كۆپ ئامان بولسۇن دەپ تىلەيلى. ئۆزۈپ–ئۆزۈپ زىغلىسىلا، دوستۇم. زىغا ئەندى سىلى بىلەن قالدۇ، بۇ زىغلارنى تۈگىتەلمەيمىز، – دەپ دوستىنىڭ بىر ياققا چۇشۇپ كەتكەن ئاق ياغلىقنى ئېلىپ، ئېپپاق چاچلىرىنى سىيپاپ، ياغلىقنى قايتىدىن تېڭىپ قويدى.

ئۆي ئىچىدە ئولتارغان ئايالار ھەممىسى قېرى ئانىغا ئېچىنىپ قاراشتى.

زۇت دېگەن سادىغاڭ كېتەي، قاتتىق سوققا قارىماي يەرلىكنى كولاپ پۈتىرىپ، زورابۇۋنى زۇيۇپ–تاراپ ئاچىقىپ يەرلىدى. بىر توپ ئايالار بىلەن نامازدىن قايتىپ كېلىۋاتقان مايسىمەم ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

– بۇ دۇنيادا ئادەمزات زىغلاپ زۇرۇپلا تۈگەيدىكەن، – دېۋىدى، ئايالارنىڭ چىرايلىرى تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ كەتتى.

ئۇلار يول بويى زورابۇۋنىڭ ياپ–ياشلا تۈگەپ قالغىنىغا، قېرى

ئانىسىنىڭ كەينىدىن زارلاپ قالغىنىغا، ئىككى بالىسىنىڭ كىچىك ژىتىم قالغانلىغىغا ئىچىنىپ سۆزلەپ ماڭدى. ئايالالار زورابۇۋىنىڭ ئۆلۈمىگە كىمنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىگىنى ئويلاپ، ئويلىرىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەتتى...

ئادەملەر قىشنىڭ غاچىلداپ تۇرغان زەھەر سوغلىرىدىن تويۇپ، ئەتىيازنىڭ كېلىشىنى سېغىنىپ كۈتتى. باھار كېلىشى بىلەنلا، قىش بويى ئاپپاق قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان يەر-جاھان ئويغىنىپ، باغلاپ ئاپپاق چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، نازۇك مايسىلەر باش كۆتەردى. ئوچۇق-سۈزۈك ئاسماندا قۇياش كۈلۈپ تۇردى. سەھەردە غورازلارنىڭ قىچقىرىشلىرى، ئىشتلارنىڭ هاۋشۇشلىرى، ئىشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، قۇشلارنىڭ چىرايلىق سايراشلىرى باھارنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر بىرىۋاتقاندەك، ئىش قىلىپ، ھەر كۈنى تەبىئەتنىڭ قايتا ياشناۋاتقانلىغىنى بايقايسەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئادەملەر قەلبىگىمۇ تەسىر قىلغاچقا، ئۇلار ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەر قىش بىلەن بىللە كەتكەندەك، باھاردىن بىرەر خوشاللىق كۈتەتتى.

قۇرۋان ئاكا ۋە باشقىلار تالغىردىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئامان-ئېسەن ژۇتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ يېزىسىغا بۆلۈنگەن خ ت ز تراكتورلىرىنى هايداپ چىقىمىز دەپ ياركەنت م ت سىغا كەتكەن. چۈش مەزگىلى بولغاندا، ژىراقتىن يەر-جاھانى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ، گۈكىرەپ، چاڭ-توپىنى ئاسمان-پەلەك پۇقىرىتىپ كېلىۋاتقان يوغان قاپ-قارا ئىككى تراكتورنى كۆرۈپ، كۆتەك ئۈستىدە ئولتارغان قېرىلار «يا، ئاللا!» دېيىشىپ، ياقلىرىنى تۇتۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كوچىدا كېتىپ بارغان مەخسۇم:

— هاي، خالايىق! تۆمۈر تراكتور دېگەن مانا شۇ. ئۆيۈڭلارغا قېچىڭلار، هازىر دەسسەپ كېتىدۇ، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزلىرى چۆچۈپ تۇرغان خەلىقنى قورقۇتۇپ. مەخسۇمنىڭ سۆزىنى راست دەپ چۈشەنگەن ئۇششاق باللار، قېرىلار ئۆيلىرىگە ژۈگرىشىپ كىرىپ كېتىشتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا قاراپ تۇرغاي تۇرسۇن بىلەن تۇرغان تراكتورنىڭ رۇلىنى چىڭ تۇتۇپ هايداپ كېلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ، بىر-بىرىگە:

— دادام، دادام هايداپ كېلىۋاتىدۇ، — دپ ۋاقىرىشىپ تراكتور ئالدىغا ژۈگرىشىپ چىقتى.

تراكتور بىلەن يەر هايدىغاندا، كولخوز باشلىقلىرى بىلەن يېزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلقى ھەممىسى دېگىدەك ھەيران قېلىپ قاراپ تۇرۇشتى. بۇ شۇ ژىلى يېزىمىزدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ يېڭىلىق، يەنى خوشاللىق بولۇپ، ئەتىياز ئىشلىرى ئەينە شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن باشلاندى.

يېزىدىكى ئاياللار ئۆستەڭ چېپىش ئۈچۈن كەتمەنلىرىنى مۈرىسىگە سېلىپ كۈندە ئەتىگەنلىكى ئېتىزغا ماڭاتتى. ئەتىيازغىچە ئۈيقا ئاغرىغىدىن ياخشى بولغان مايسەمەمۇ كولخوزدىكى باللار باغچىسىغا ئىشقا كىردى. تايىر «خەلىق دۈشمىنى» دەپ تۇتۇلۇپ كەتكەچكە، گۈلىنى كولخوزغا ئىشقا چاقىرمىدى. ئۇ كولخوز ئىدارىسىگە ئۈچ–تۆرت قېتىم بېرىپ:

– مەن كولخوزدا ئىشلىمىسەم ئۈچ بالامنى قانداق باقىمەن؟ – دېۋىدى، كولخوز رەئىسى ئىمەر ئاكا جىددىيلىق بىلەن:

– مەن سىزگە ئىش بېرەلمەيمەن، ژۇقۇرىدىن شۇنداق بۇيرۇق كەلدى، – دەپ جاۋاپ بەردى.

مۇنداق جاۋاپنى ئاڭلاپ گۈلىنىڭ روھى چۈشىمۇ، باللىرىنىڭ غېمىنى يەپ، بېغىغا كۆكتات تەردى. يازنىڭ قايناق ئاپتاپلىرىدا قازان بېشىغا كۈن چۈشمەس ئۈچۈن، قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ژۈرۈپ تايىر ياساپ بەرگەن باراڭنىڭ چۆرىسىگە قاپاق چۆمۈچ، يۆگۈمەچ گۈللەرنى تەردى. ھە، بىر چاغلاردا تايىر بىلەن گۈلى قىزلىرى بىلەن موشۇ چىرايلىق باراڭ ئاستىدا تاماق ئىچىپ ئولتىرىپ مۇڭدىشىدىغان. ھازىر شۇ بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەپ كۆزگە ياش ئالدى.

باھارنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قېرى قارا ئاتقا مىنگەن، پوچتىچى مەسىم ئاكا گۈلىنىڭ غورۇسى ئالدىغا كېلەپ: «گۈلى، ھوي گۈلى!» – دەپ ۋاقىرىغاندا، باغ تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن گۈلى، ئۇنى كۆرۈپ بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ مەسىم ئاكىنى شۇنچە ئۇزاق كۈتكەن ئېدى. گۈلى ئالدىراش سالام بېرىپ، خوشاللىغىدىن:

– بىزگە خەت بارما؟ – دېيىشىگە. مەسىم ئاكا لاتىدىن تىكىلگەن خالتىسىدىن خەتنى چىقاردى.

– تايىردىن خەت كەپتۇ.

گۈلى خەتنى قولىغا ئالدىدە، رەخمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە ژۈگرەپ كىرگەن پېتى ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئەسسالام، مېنىڭ ئەڭ ئەزىز، قەدىردانلىرىم! ئامان–ئېسەن

تۇرىۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئامان بولساڭلار، مېنىڭ ئۈچۈن بەخت. گۈلى ئەزىزىم تېخى ئامان بوشانغانسەن؟ كۆڭدە سېنى، باللارنى ئويلايمەن. راست، ساڭا ئېغىرچىلىق چۈشتى، لېكىن سەن ھەر دايىم مېنى ئويلا. ماڭا چەت ژۇتلاردا قانچىلىك ئېغىر ئېكەنلىگىنى ئويلىساڭ، ساڭا مەدەت كىرىدۇ. خۇدا خالاپ دىدار كۆرۈشسەك، بۇ كۆڭلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر. ژۇتتىن ئايلىمىزدىن، قومى-قېرىنداش، ئاغىنە-ئۈڭگىلەردىن ئايرىلىشنىڭ نە قەدەر ئېغىر ئېكەنلىگىنى بىز ئوخشاش ژىراقلاردا ژۈرگەنلەرلا بىلىدۇ. مەن ئۆزەم ئوخشاش مەھبۇسلار بىلەن سىبىرغا كەلدىم. بۇ يەرلەردە سوغ قاتتىق بولۇپ، قار قېلىن ياغىدىكەن. ئۆپ-چۆرەڭگە قارىساڭ، ئېگىزدىن-ئېگىز قارىغايلىق ئورمان. يە بېشى، يە ئاخىرى يوقتەك بىلىنىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن قاراڭغۇ چۈشكىچە قارىغاي كېسىمىز. ئىشىمىز ھەددى-ھېساپسىز ئېغىر، لېكىن ئامال يوق. تەغدىرنىڭ يازمىشىنى تارتماي مۇمكىن ئەمەس، سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىشكە، ياشاشقا تىرىشىمەن...»

گۈلى خەتنى دىققەت بىلەن ئالدىراش ئوقۇماقتا، ئاما خەت ئاياقلاشقاندا، ئۇنىڭ مۇرىلىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرىدىن تارام ياشلىرى تۆكۈلدى. خەتنى باغرىغا باستى. شۇ ئارىدا باغدىن چوڭنام ئىككى قىزنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ، بىردە گۈلىنىڭ قولىدىكى خەتكە، بىردە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ:

- كۆزۈڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ، قىزىم، كۆڭۈلسىز خەت ئالغان ئوخشايسەنە؟ - دېدى تەشۋىش ئىچرە.

گۈلى ئۇنىنى ئارانلا چىقىرىپ:

- تايىردىن خەت كەپتۇ، - دېدىدە، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكۈرەپ ژىغلاۋەتتى.

سېلىمەم چوڭ ئۈچۈن:

- ئاپا دادام قاچان كېلىدىكەن؟ - دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئانىسىغا قارىدى. ئانا خەتنى قايتىدىن ئۈنلۈك ئوقۇدى.

گۈلى ئوقۇپ بولغاندا، چوڭنامۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئولتىرىپ قېلىپ:

- ژىغلىما، قىزىم. تايىر تىرىك ئېكەن، كۆپ بىلەن بىللە ئىشلەۋېتىپتۇ. بۇمۇ ھاياتنىڭ بىر سىنىغى. «جاپا چەكمەي، ھالاۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوق» دېگەندەك، بىزنىڭمۇ كۆلىدىغان كۈنلىرىمىز كېلىدۇ، پەقەت سەۋر-تاقەت قىلىش كېرەك، - دەپ مەدەت بەرگەندەك بولدى.

ئۇ كۈنى كەچكىچە گۈلى تايىر بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئەڭ بەختلىك دەقىقىلەرنى ئەسلەپ ژۈردى. تۇرۇپلا خەتتە يېزىلغان سۆزلەرنى ئويلاپ قورقۇپ: «يا، ئاللا، تايىر ئامان كەلسۇن»، - دەپ ئۆزىگە پىچىرلاپ قوياتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ، تايىرنىڭ كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولغاندا، گۈلنىڭ كۆڭلى نېمىدىندۇ ئەنسىرەپ، بىر بالانى سىزىۋاتقاندەك قولى ئىشقا بارمىدى. ۋادا كالا كېلىپ، ئۆيگە چىراق يېقىلغاندا، ئىككى ناتونۇش ساقچى ئىشىكنى ئىشەشلىك ئېچىپ كىرىپ كەلدىدە، جىددىيلىق بىلەن:

خۇسايىنوۋ تايىرنىڭ ئايالى گۈلى خۇسايىنوۋا سىز بولامسىز؟ - دېدى.

ئۇنىڭسىزمۇ ژۈرىگى موجۇلغان گۈلنىڭ پۇت-قولى تىترەپ كەتتى.

- ھە، مەن.

«خەلىق دۈشمىنىنىڭ» ئائىلىسىگە چېگارىدا تۇرۇشقا رۇخسەت يوق. ژىگىرمە تۆرت سائات ئىچىدە كۆچۈڭلار، بولمىسا ھەممىڭلار تۇرمىگە سولىنىسىلەر». ئۇ ئوقۇپ بولۇپ، بۇيرۇقنى گۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

- تەييار بولۇڭلار، ئەتە ماشىنا كېلىدۇ، بۇ يېزىدىن ئۈچ ئائىلىنى چېلەككە ئېلىپ كېتىش كېرەك، - دەپ چىقىپ كېتىشتى كەلگەنلەر.

- مەن ئۈچ بالا بىلەن قاياققا بارىمەن، بىزنىڭ نېمە گۇنايىمىز بار؟ - دەپ، ئاڭ-تاڭ بولۇپ ئولتارغان چوڭنامىغا قارىدى، لېكىن گۈلنىڭ كۆزىدىن ياش چىققىنى يوق. ھېچ نېمىنى چۈشەنمىگەن ھەجەر چوڭنامىنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ گۈلىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەندىگە قاراپ ژىغلاپ، كىملەرگىدۇ نالەت ئوقاتتى. گۈلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- چوڭنا، بىزنى چېلەكتە كۆپ تۇتماس، سەن موشۇ ئۆيدە تۇرىۋەرگىن، ھەدەمنىڭ بالىلىرى ساڭا ياردەم قىلىدۇ ھەم ھەمرا بولىدۇ. مەن ئۈچ بالام بىلەن ماڭىمەن، - دەپ، خۇددى قارار قوبۇل قىلغاندەك، جىددىي سۆزلىدىدە، كىيىم-كېچەكلىرىنى ژىغىشقا باشلىدى.

چوڭنامۇ ژىغىسىنى توختىتىپ، گۈلىگە ياردەملەشتى. خالتىلارغا ياڭيۇ، پىياز، چامغۇر، سەۋزە ئوخشاش كۆكتاتلارنى سالدى. ئۇلار بىردەمدىلا ژىغىدىغاننى ژىغىپ بولۇپ ئولتارغاندا، بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنى

ئاڭلىغان مايسىمەم، قولىغا بىر خالتا يېمەك-ئىچمەكنى كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ سىڭلىسىنى قاتتىق قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ژىغلىماقتا ئىدى. گۇلى ئۆزىنى تۇتتى.

- هەدە، ژىغلىما، مەن يالغۇز كېتىپ بارغىنىم يوق، بىزنىڭ يېزىدىن ئۈچ ئائىلە كېتىدىكەنمىز.

ئۆيگە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دوستلىرى مېرۋانەم، جېلىل، ئادىل، مەرييەم، قۇدرەت، زەينەپخانلار كىرىپ كېلىشتى. گۇلى ئۇلارغىمۇ كۆز-ياش تۆككىنى يوق. ئۇنىڭدا شۇنچىلىك غەيرەتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىغا دوستلىرىمۇ هەيران ئىدى.

- «خەلىق دۈشمىنى» دېگەن يالا بىلەن دېكابىر ئېيىدا تۇتۇپ كەتكەن رەهبەرلەرنىڭ ئائىلىسىمۇ ئەتە سىز بىلەن ماڭىدۇ، - دېدى ئادىل.

ئادالەتسىزلىككە چىدىماي تىت-تىت بولۇۋاتقان قۇدرەت:

- بۇ زامان نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بىز بىلىدىغان قانچە-قانچە پارتىيا، كېڭەش خادىملىرى، يېتەكچى زىيالىلىرىمىز، دىلى پاك ئىنسانلار «خەلىق دۈشمىنى» ئاتىلىپ سوتلاندى، تۇتقۇنغا ئېلىندى، نۇرغۇنلىرى ئېتىلىپ كەتتى. ئۇلارنى ئىش-خىزمىتىدە بىرەر-خاتالىق ئەۋەتكەندۇ دېسەك، ساۋاتسىز، ئېتىزدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدىغان كەتمەنچى دېخانلارنى، ئاددىي ئەمگەك ئادەملىرىنى «خەلىق دۈشمىنى» دەپ تۇتۇۋاتقىنىغا ئادەمنىڭ ژۈرىگى موجۇلۇپ، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەيمىز، - دېدىدە، خېلە ئۈنسىز ئولتاردى.

- هازىر دەردىڭنى ئېيتىپ، بوْلۇشكىدەك ئادەم تاپالمايسەن، خوشنىلارمۇ بىر-بىرىگە كىرىشتىن ئەيمىنىدۇ. بىزمۇ قورقۇپ، كېچىلەپ سىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدۇق، - دەپ كۆيۈپ سۆزلىدى جېلىل.

- قويساڭچۇ، ئاداش، بۇ زاماننىڭ قانداق بولۇپ كېتىپ بارغىنىنى چۈشەنمەيسەن. ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگە كىرمەيدىغان ۋاقىئەلەر بولۇۋاتىدىغۇ. ئويلىسام بېشىم گاڭگىراپ كېتىدۇ، - دەپ ئادىل چۆچىگەندەك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تايىردىن خەت كەلگىنىنى ئاڭلىغان دوستلىرى: «تايىر نېمە دەپ يېزىپتۇ؟» - دەپ سوراشتى. گۈلى تايىرنىڭ يازغانلىرى توغرىلىق ئېيتىپ بېرىۋېتىپ ژىغلاۋېتىشكە تاسلا قالدى.

- زامان مۇنداقلا بولۇپ كەتمەس، ياخشىلىقلارنى ئارمان قىلايلى. بىزنىڭمۇ ناخشا ئېيتىپ، كۈلىدىغان كۈنلىرىمىز كېلەر تېخى. هايات كۈرەشتىن ئىبارەت، شۇڭلاشقا هايات ئۈچۈن كۈرىشىش كېرەك، - دېدى ئادىل.

- گۈلى، سىز ئېغىرچىلىقتىن قورقمايدىغان باتۇر ئايال. كېتىپ بارغان يەردە هېچ كىم سىلەرنى ياخشى قارشى ئالمايدۇ، شۇڭلاشقا چەت ژۇتتا ئۆزىڭىز ئىش تېپىپ ئىشلەپ، بالىلىرىڭىزنى بېقىپ، تېچ-ئامان ژۇتقا قايتىپ كېلىشىڭىزنى تىلەيمىز، - دېدى قۇدرەت.

دوستلىرى گۈلگە نېمە دېيىشنى بىلمەي، كۆزلىرىگىلا زورلاپ، ژىغلىشىپ ئولتاردى.

- تايىر، ئامان-ئېسەن كېلىپ، ھەممىڭلار دەقەمدە موشۇ ئۆيۈڭلاردا خوشال-خورام، ئۇزاق ياشاشقا نېسىپ قىلسۇن، - دېدى جىبىلىنىڭ ئۈنى تىترەپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پاقىراپ تۇراتتى. خېلە ئولتىرىشقان دوستلىرى گۈلگە ئاز-تولا يېمەك-ئىچمەكلەرنى تۇتقۇزۇپ، ژىغلىشىپ خوشلىشىپ، ئىككى-ئىككىدىن تارقاشتى. مايسىمەمنىڭ كۆزى قۇرىماي ژىغلاپ، گۈلنى، قىزلىرىنى، يادىكارنى يېنىپ-يېنىپ سۆيۈپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى كۈن چىقىشى بىلەن ئۈچ ئائىلە: ئون ئىككى بالا، تۆرت ئايال ژۈكلىرى بىلەن ژۈك ماشىنىسىغا ئولتىرىپ، چېلەككە قاراپ يولغا راۋان بولدى. بۇ ئۈچ ئائىلىنى ئۇزاتقان بىرمۇ ئىنسان بولمىدى...

***

ئۇلارغا كرېسلوغا يۆلىنىپ يېتىپ مېھرىبانىنىڭ ھېكايىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتقان رۇسىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

ـ ھەي، بېچارىلەر، باللاردا نېمە گۇنا بار دەڭا؟ ئۇلار سەياسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ سەياسەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانلىقىنى، قاراڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەغدىرى قانداق بولدى؟ داۋامىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىمەن.

ـ ئۇ چاغدا تىڭشاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چەت ژۇتلاردا



يول بويى ئېغىر غەمگە چۆككەن ئانىلار ئۇھ تارتىشىپ، ئۇششاق بالىلار ژىغلىشىپ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئازاپلارغا قالغانلىغىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەي كەلمەكتە. ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يەتتە بالىسى ھەم ئانىسى روزىخان موماي بىلەن كېلىۋاتقان ئەلاخان ھەدىنىڭ كۆپنى كۆرگەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى. قېرى ئانا قاتتىق قاخشاپ ژىغلاتتى. گۈلىنىڭ يېنىدا ئىككى بالىسى بىلەن ئولتارغان ياش ئايال تاجىگۈل تۇرۇپ-تۇرۇپلا قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى. گۈلى ئۇنىڭغا قاراپ:

- سىز قەيەرلىك؟ - دەپ سورىدى.

- مەن ئەسلى ياركەنتلىك، ئېنىغىراغىنى ئېيتسام دۆڭمەلىلىك. ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ يەرگە ئىشلەپ ئەمگەك بىلە ھايات كەچۈرگەن دېخاننىڭ قىزى. ئۆزەمنىڭ ئاتا-ئانام قېرى، يولدىشى ئەسقەرنىڭ ئاتا-ئانىسى چېگارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئەسقەر ئاتا-ئانىسىدىن خەت-خەۋەر ئالمىسىمۇ، «خىتاي بىلەن ئالاقە باغلاپ ژۈرۈپسەن» دېگەن يالا بىلەن ئېلىپ كەتتى ئەمەسمۇ، - دەپ يەنە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

تاجىگۈل ياغلىق بىلەن ئاغزىنى تۇيۇپ ئۇزاق يۆتەلدى. گۈلىنىڭ

ئۇچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا سۇ بەرگەندە، قولىدىكى ياغلىقنىڭ قانغا بويالغىنىنى كۆردى.

ـ ۋاي، سىڭلىم، سىز ئاغرىق ئىكەنسىزغۇ، بۇ يوللاردا قاندقمۇ قىلارسىز؟

ـ ئەسقەر كەلگىچە، ئامان بولسام بولاتتى، باللىرىم ژىتىم قالمىسا دەپ قايغۇرىمەن.

تاجىگۈل قۇچىغىدىكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەن گۈلى، ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۇنتۇپ، چىلەككە يەتكىچە تاجىگۈل بىلەن ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا غەمخورلۇق كۆرسەتتى. ئەلاخان ھەدە بولسا يەتتە بالىنىڭ ئۇۋ-چۇۋى، ئانىسىنىڭ تووۇلىشى بىلەن ھېرىپ، ئەيتەۋىر ئاران يەتتى.

شۇڭغىچە ياركەنتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كۆرمىگەب ئۈچ ئائىلە چىلەكتە «دېخان ئۆيى» دېگەن دۆڭگە كېلىپ چۈشكەندە، بۇ يەردە «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئائىلىسى» ئاتىلىپ ئۇ ياق-بۇ ياقتىن كېلىپ ژىغىلغانلارنىڭ ھېساۋى يوق ئىكەن. زامانىنىڭ رەپتايىدىن چۆچۈگەن يەرلىك ئادەملەر بۇ مۇساپىرلارغا ياردەم بەرمەك تۈگۈل، ئۇلاردىن قاچاتتى. «خەلق دۈشمىنىنىڭ ئائىلىسى» بولغانلىقتىن، يا ئانىلارغا ئىش بېرىلمەيدۇ، يا باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا رۇخسەت يوق. قېرى ئانىلار ژىغلاپ-زارلاپ كىملەردىنمۇ ياردەم سوراشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ زارىغا ھېچ كىم قۇلاق سالمىدى.ھەممە ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىشتىن باشقا ئامال تاپالمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىگە پانا ئىزدىدى.

گۈلى ئۈچ بالىسى، تاجىگۈل ئىككى بالىسى بىلەن بىر ئېغىز ئەسكى، كونا ئۆيگە ئورۇنلاشتى. تاجىگۈل بىلەن گۈلى ئىككىسى ئۆيىنى تازىلاپ، كاڭ ئوچاق ياساپ، ئادەم ئولتارغىدەك دەرىجىگە كەلتۈرىدۇ. گۈلى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىگىچە بىرەر ئىش تېپىش كويىدا ژۈرۈپ، يېزىنىڭ چېتىدىكى سېغىز توپىغا كۆزى چۈشىدۇ. ئاپىسى تونۇر سالغاندا، كىچىك بولسىمۇ ھەدىسى بىلەن ياردەملىشىپ ژۈرۈپ، ھەممىگە زەڭ قويۇۋالغاچقا، ئۇ باللىرىنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈپ قويماس ئۈچۈن تونۇر سېتىپ جان بېقىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. بۇ ئويىنى تاجىگۈلگە ئېيتىدۇدە، ئىككىسى مىشكاپ بىلەن توپا توشۇپ، ئۆينىڭ يېنىغا دوگىلايدۇ. ئاپىسىنىڭ ژۇڭ سېلىپ تىكىپ بەرگەن يوتقىنىنى سۆكىدۇ. گۈلى ژۇڭنىڭ تىتىپ تەييارلىغىچە، تاجىگۈل قىزلار بىلەن ئېرىقتىن سۇ توشۇيدۇ. گۈلى تىتىلغان ژۇڭنى ئارىلاشتۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بار كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن لاي ئەتكەندە، ھەم ئىسسىقتىن، ھەم ئېغىر ئىشتىن ئۇنىڭ توپا باسقان ئۈز-كۆزىدىن مونچاق-مونچاق تەرلەر قۇيۇلسىمۇ، بۇ ئىشنى قىلماسقا ئامالى يوق، باللىرىنى بېقىش كېرەك.

تونۇر سېلىش ئۈچۈن لاي تەييارلىغاندا، ئۇنى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ئەتىگەنلىكى ھەم كەچقۇرۇنلىغى، ئۆرۈش كېرەك. لايىنى قولۇڭ بىلەن كۆملاش ياساپ، بىر تەرەپكە دوگىلايسەن. لاي يەردە قۇرۇپ كەتمەس ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىچىككىنە سۇ چېچىپ، ئەسكى مىشكاپلارنى يېپىپ قويىدۇ. ئالتە-يەتتە كۈن داۋامىدا لايىنى كۈندە ئۆرۈگەندىن كېيىنلا «لاي پىشتى دېيدۇ». ئاندىن تونۇرنىڭ قانداق يوغانلىقتا ياسىلىدىغانلىغىغا بولا، يەرنى ئۆلچەپ سىزىۋېلىپ، تەييارلانغان لاي بىلەن بىرىنچى قۇر قويۇلىدۇ. ھەر بىر قويۇلغان قۇرنىڭ ئۈستىگە لايغا پاتۇرۇپ ئۇششاق تاشلار تىزىلىدۇ. ئەتىگەنلىكى بىر قۇر، كەچقۇرۇنلىغى بىر قۇردىن قويۇپ، بارغانسىرى ئاغزى تارىيىپ قورۇلىدۇ. تونۇر ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا ياخشى قۇرۇشى كېرەك، يېڭى تونۇرنى سېتىۋالغان ئادەم ئالتە-يەتتە كۈن توختاتماي-كۆكۈم قىغلار بىلەن ئىس سېلىپ، ئاندىن قىزدۇرۇپ نان ياقىدۇ.

بۇ ئىنتايىن مەشەقەتلەك ئېغىر ئىش بولسىمۇ، گۈلى يازنىڭ قايناق ئىسسىقلىرىدا بىر تونۇر قۇرغىچە ئىككىنچىسىنى سېلىپ، قۇرىغانلىرىنى كەينى-كەينىدىن يەرلىك ئاياللارغا ساتاتتى. تونۇر سېلىپ سېتىش گۈلى ئۈچۈن چوڭ تاپاۋەت بولدى.

ئۇ ئاخچا تاپقىنىغا خوشال بولۇپ، بىر كۈنى باللىرىغا بازاردىن ئوزۇق-تۈلۈك ئېلەپ كېلىۋاتاتتى، يولدا ئالاخان ھەدە ئۇچراپ قالدى.

- ۋاي، تووۋا! نېمانچىلا جۈدەپ كەتتىڭىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرامدۇ؟

- ياقا، ئەلاخان ھەدە، سالامەتلىگىم ياخشى. ھازىر ئاغرىيدىغان ۋاقتىمۇ. ئىش يوق بولغاچقا، كۈنىنىڭ بۇ قايناق ئاپتىۋىدا تونۇر سېلىپ سېتىپ، بازاردىن ئۇن، گۆش، ماي ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆزىڭىزچۇ، يەتتە بالا بىلەن قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتىسىز؟ چوڭنامنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

ژۇتداش تونۇشلار بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىشىپ، ھال-مۇڭىنى ئېيتىشتى. دېمىسىمۇ. ئەلاخان دېگەندەك گۈلىنىڭ چىرايى قارىيىپ، كۆزلىرى ئولتىرىشىپ، ئۈزىگە قورۇقلار چۈشۈپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ، قالغان ئېدى. تونۇمىغان-بىلمىگەن بىرلىرى

ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆزىنىڭ يېشىدىن ئون ياش ژۇقۇرى بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەلاخان ياش ئايالنىڭ مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ، ئىچى سىرىلىپ، ئۇنى ئاياپ: «گۈلى، سىڭلىم، مەن سىزگە يېنىك ھاۋەر ئۇگىتەي، قاراڭ، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ»، ـ دەپ خوشلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. گۈلى ئۆيگە كېلىپ، ئىشىگىنى ئېچىشى بىلەنلا، سېلىمەم:

ـ جېنىم ئاپا، سېنى كۈتە ـ كۈتە كۆزلىرىم تېشىلدى. ھەممىمىزنىڭ قوسىغى ئاچ، تاجىگۈل ھەدەم يەنە ژىغلىپ چۈشتى، ـ دەپ قولىدىكى ئۇكىسىنى ئانىسىغا بەردى.

گۈلى قولىدىكى خالتىسىنى يەرگە قويۇپ، يادىكارنى ئالدىدە، تاجىگۈلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتاردى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ:

ـ يەنە ژىغلىپ قالدىڭىزما؟ مېنى قورقۇتماڭ، ـ دەپ تاجىگۈلنىڭ بېشىنى تۇتتى.

مەن خېلە ياخشى، ھەدە سىزگە تەييارتاپ بولۇۋالغىنىمغا رەنجىمەڭ.

ـ ئۇنداق سۆزنى قويۇڭ، بۇ چەت ژۇتتا بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، ژۇتۇمىزغا ئامان ـ ئېسەن يېتىش ئۈچۈن ئۈمۈت بىلەن ياشايلى.

ـ «ساق يېرىمنىڭ ھالى يوق، ئاغرىق يېرىمنىڭ تايىنى يوق» دېگەندەك، جېنىمغا پېتىپ ئاغرىۋاتقان بىر يېرىم يوق. بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ماغدىرسىزلىقتىن ژىغلدىم.

ـ سىز يېتىڭ، مەن ئۇرۇپ تاشلاپ ئاش ئېتەي، ھەممىمىزنىڭ قوسىغى ئاچ.

سېلىمەم بىلەن ئامىنەم گۈلىگە ياردەملىشىپ كۆكتات ئاقلاشتى. قازاندا قىيما قورۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك پۇرىغى ئاچ قوساق باللارنىڭ ئىشتىيىنى تېخىمۇ ئېچىپ، ھەممىسى قازانغا چۈشكىدەك بولۇشتى. تاجىگۈلنىڭ قىزى ئامىنەم يەتتە ياشلىق سېلىمەم بىلەن، ئوغلى ئۆمەر تۆرت ياشلىق سانىيەم بىلەن تەڭ بولغاچقا، ئۇلار ئۇرۇشماي بىللە ئويناپ، ئۆيىنىڭ ئىشىنىمۇ بىللە قىلاتتى. يادىكارغىمۇ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئۇكىسىدەك، ياخشى قاراتتى. بۇ چاغلاردا يادىكارمۇ ئۆمۈلەپ، دەم تۇرۇپ قالغان ئىدى. باياتىن كۆزلىرىنى قازاندىن ئالماي ئولتارغان باللار، ئاش پىشىپ، چىنىلەردىكى تاماق ئالدىلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قويۇلغاندا، خوشال ئالدىرىشىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، جوزىنغا تايىنىپ ئولتارغان تاجىگۇل كۆزىگە ياش ئالدى.

ـ ھەدە، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىغىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتىمايمەن، ئانامدەك غەمخورلۇق قىلىۋاتىسىز.

ـ ژىغلىماڭ، بۇ ئىغىرچىلىق زاماندا بىر ـ بىرىمىزگە يۆلەكچى، غەمخورچى بولۇشىمىز كېرەك. قۇۋۋەتلىك تاماق يېسىڭىز، ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

شۇ چاغدا سېلىمەم ۋاقىراپ:

ـ راستلا، ئاپا، تونۇر ئالدىغا بىر موماي كەلدى. «ئەتە ـ ئىشەك ھارۋۇ بىلەن كېلىمەن، ئاپىڭىز ئۆيدە بولسۇن» دېدى. ئاپا، تونۇرنى ساتساڭ ئۇن ئېلىپ، بىزگە نان يېقىپ بېرەمسەن؟

ـ ھە ـ ئە، قىزىم،، نان يېقىپ بېرىمەن، سىلەرگە قىشقا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىمەن.

ـ ھەدە، سىز ئەلاخان ھەدەمنى كۆردۈم دېگەنغۇ، ئۇ كىشى شۇنچە جاننى قانداق بېقىۋېتىپتۇ؟

ـ ئەلاخان ھەدەم: «كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، مەن سىزگە يىپنىڭ ھۈنەر ئۆگىتىمەن»، ـ دېدى.

ـ بېرىڭ ھەدە، ئۆگىنىڭ، تونۇر سالىمەن دەپ سىزمۇ كۆچ ـ قۇۋۋەتتىن ئايرىلدىڭىز.

ـ دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن كۆڭلىڭىزمۇ ئىسسىغى قايتتى. ئاز كۈندىلا كۆز كېلىپ، يېغىن ـ يېشىن باشلىنىدۇ ئەمەسمۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئىش تېپىش كېرەك.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، گۈلى ئۆيدىن چىقىپ، بىرلىرى كۆرمىسۇن دەپ، كوچىنىڭ چېتى بىلەن ماڭدى. دەرەق ئۇچىدا ئولتىرىپ ۋىچىرلاۋاتقان قۇشقاچلاردا بۇ ئەتراپنىكى جىم ـ جىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئەلاخانلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، تۆردە روزىخان موماي كىچىك نەۋرىلىرى بىلەن ئولتارغان ئىكەن.

ـ ھە، گۈلى، كەلدىڭمۇ بالام؟ ئەلاخان خېلە بولدى سېنى كۈتكىلى، ژۇقىرى ئۆت، ئولتار.

گۈلى سالاملىشىپ، مومايىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتاردى. ئەلاخان تالادىن بىر كورا چاينى كۆتىرىپ كىردى. ئۇلار قايتىدىن تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئەلاخان ھەممىسىگە چاي قۇيدى.

ـ بېكار چاي قىلدىڭىز، ھەدە، ـ خىجالەت بولدى گۈلى.

ـ قېنى ئازادە ئولتىرىپ چايغا باقايلى، ـ دېدى موماي.

ئەلاخان:

ـ قوسىغىڭلارمۇ ئاچقاندۇ؟ گۈلى، سىزگە قۇرۇقلا چاي بولدى، ـ دەپ جوزىدىكى نېپىز ناننى ئۇشتىپ چىنىلەرگە سالدى.

ـ ئۇنداق گەپنى قىلما، خۇدايىم چاي بىلەن ناندىن ئايرىمىسۇن. موشۇ كۈنگىمۇ شۈكرى قىلايلى، ـ دېدى موماي چاينى قايناق ـ قايناق سۈمەرگەچ، ـ ھېلىما قولۇڭدا ھۈنىرىڭ بار، بولمىسا بۇ ئېغىرچىلىق كۈنلەردە يەتتە بالىنى قانداق باقاتتىڭ، بالام.

ـ ماڭا ئۆزىنىڭ شۇ ھۈنىرىنى ئۆگىتىمەن دەپ چاقىردىڭمۇ، ـ دېدى گۈلى جانلىنىپ.

ـ ئىككى چوڭ ئوغلۇم ئېتىزدا قوغۇنلۇقتا ئىشلەيدۇ. قوغۇنچى ئەخمەت ئاكا باشقىلارغا ئۆزەمنىڭ تۇققىنىنىڭ بالىلىرى دەپ قويۇپتۇ. ئىككى قىزىم كىيىم توقۇيدۇ، بوش ۋاقتلىرىمدا مەنمۇ ياردەم قىلىمەن. ئۆيدىن قول ماشىنامنى ئېلىپ كەلگەن. ھازىر ماشىنىچىلىق قىلىپ يېزىدىكى ئاياللارنىڭ كۆينەك، كوستيۇم، فۇفايكا، ئەيتەۋىر، نېمە بۇيرۇتسا، شۇنى تىكىۋاتىمەن. ئۇلار بولسا، كۆكتات ياكى ئۇن، كىچىك ـ كىچىك بىر نېمىلەرنى بېرىدۇ.

ئەلاخاننىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتارغان روزىخان موماي سۆزگە ئارىلىشتى.

ـ يوغان جەننەت توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگىنە.

ـ نېرىقى كوچىدا تۇرىدىغان يوغان جەننەت: «قىزىمنىڭ تويى بولماقچى، مونۇ ئەسكى چاپىنىمنى سۆكۈپ، ئەتۈرىنى ئوڭ قىلىپ، قىزىمغا چاپان تىكىپ بەر» ـ دەپ ئۆزىنىڭ كونا چاپىنىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇنى قىزلىرىم بىلەن سۆكۈپ، ئۈچ ـ تۆرت كۈن ئولتىرىپ تىكىپ بەرسەم، رەخمىتىمۇ يوق. بۈگۈن قىزىنى كىرگۈزسەم، «خويما توپىدۇم بۇ ژىتىملاردىن» دەپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ، قاراڭ. مۇنداقمۇ زومىگەرلەر بولىدېكەن.

ـ ھەر كىم ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ، قىزىم. «توق ئادەم ئاچ ئادەمگە دوست بولمايدۇ» دەپ بېكار ئېيتمىغان، ـ مۈكۈلنىپ سۆزلىدى روزىخان موماي.

ـ ئاپامغۇ تېچ ئولتارغىنى يوق، ژۇڭ تىتىپ، ژىپ ئېگىرىيدۇ، قىزلار توقۇيدۇ.

ـ ژىپ ئېگىرىشمۇ ئوڭاي ئەمەس، قېرىغاندا ئادەمگە يەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېلىدىكەن، كېچىچە ئىككى قولۇم سىقىراپ ئاغرىپ چىقىدۇ، بىراق ئامالىمىز يوق، گۈلى، قىزىم، مەن ساڭا ژىپ ئېگىرىشنى ئۆگىتەي.

— مەن توقۇشنى ئاز تولا بىلىمەن، لېكىن كىيىم توقۇپ كۆرمەپتىمەن. ئەندى سىزدىن ئۆگىنىمەن.

— بىر-ئىككى كۈن كېلىپ كۆرۈۋالسىڭىز ئۆگىنىپ كېتىسىز، تونۇر سالغاندىن يېنىك، — دېدى ئەلاخان.

— مەن ئەتە بازاردىن ژۇك ئېلىپ، چوڭىنامدىن ژىپ ئېگىرىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئۆگىنەي. ژىپنى تەييارلاۋېلىپ، ئاندىن توقۇشنى ئۆگىنىمەن.

— تايىردىن خەت-چەك كېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى موماي.

— ياق، مەلىدە چاغدا بىرلا قېتىم خەت ئېلىۋېدىم. جاۋاپ يازغان، بىراق تايىردىن تېخى خەت يوق. سىبىردىن خەت ئىنتايىن ئۇزاقتا كېلىدىكەن، ئىش قىلىپ ئامان بولسۇن.

— ئۇلارنىڭ كۈنى بىزنىڭ كۈنىمىزدىن ئېغىر. بىز نېمە بولاتتۇق، ژىغلاپ-قاخشاپ كۈنىمىز ئۆتۈۋاتىدۇ. بېگۇنا كەتكەن باللىرىمىز ئامان-ئېسەن ژۇتىغا كېلىپ قوشۇلۇپ، بالا-جاقىسىغا، قېرى ئاتا-ئانىلىرىغا ئېگە بولسىلا بولدى، — دەپ روزىخان موماي كۆزىگە ياش ئالدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ كۈن كۆرۈش ئۈچۈن تارتىۋاتقان ئازاپلىرىنى، ھال-مۇڭىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ خېلە ئولتاردى.

— كەچ بولۇپ قالدى، مەن قايتاي. تاجىگۈل پات-پاتلا ئاغرىپ، مېنى قورقۇتۇپ ژۈرىدۇ. ئۇنى باللىرى بىلەن تېچ-ئامان ژۇتقا يەتكۈزسەم بولاتتىغۇ.

— ئىش قىلىپ، كىم بولسىلا، ئامان بولسۇن، خۇدايىم ئۆزى شىپا بەرگەي، — دەپ روزىخان موماي چايغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن قول كۆتەردى.

گۈلى ئۆي ئېگىلىرىگە رەخمەت ئېيتىپ قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلاخان پات-پاتلا ئوغۇللىرىدىن قوغۇن-تاۋۇز ئەۋەتىپ، گۈلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

كۈنلەر بىر خىللا ئۆتۈپ، گۈلى بىلەن تاجىگۈلنىڭ ئويلا باللارنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈۋالماي، ھەر قانداق ئېغىرچىلىققا چىداپ ئامان-ئېسەن بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئېدى. باشقا كەلگەن ئېغىرچىلىقلار كىچىكلەرنىمۇ ئوڭايلا چوڭ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ. باللارمۇ

ئىككى ئانىنىڭ قانچىلىك ئازاپ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ ژۈرگەچكە، هەر قەدەمدە ئۇلارغا ياردەمچى بولۇشنى خالاتتى. كۈندە ئەتىگەنلىكى گۈلىلەرنىڭ كوچىسىدىن ئەپكىچىنى مۈرىسىگە سېلىپ سۈت سېتىپ ئۆتىدىغان قىرى ئايالنى دېرىزىدىن كۈزىتىپ تۇرىدىغان سېلىمەم: «ئاپا، سۈت ساتىدىغان موماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى، مەن چىقىپ توختىتىپ تۇراي»، ـ دەپ پوپۇچىنى كىيىپ ژۈگرەيدۇ. ئامىنەمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا چاپىدۇ.هەر ئىككىسىنىڭ بويلىرى، خۇددى قىرقىپ قويغاندەك، تەكشى. سانىيەمۇ هەدىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، «مەنمۇ سىلەر بىلەن» دەپ ئەگىشىپ كەينىدىن قالمايدۇ. ئۆمەر بولسا ناهايىتى ژۈگاچ، سۆزلەپمۇ كەتمەيدۇ. تىلى يېشىغا تولا ـ تولمايلا چىققان يادكارمۇ مېڭىشقا باشلىدى. قىزلار يادىكارنى قولدىن چۈشەرمەي كۆتىرىپ، ياخشى قاراتتى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ هاياتى مۇنداق ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتمىگەندە، سېلىمەم بىلەن ئامىنەم بۇ ژىلى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغان بولار ئىدى، لېكىن هېچ گۇناسىز سەبىلەر «خەلق دۈشمىنىنىڭ» باللىرى ئاتىلىپ، كىچىك تۇرۇپلا ئىنسانىي هوقۇقىدىن مەهرۇم بولدى. گۈلى بۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولسىمۇ، قىزلىرىغا بىلىندۈرمەي، ئۆيدە ئۇلارغا يۈزگىچە ساناشنى، سانلارنىڭ ۋە هەرىپلەرنىڭ يېزىلىشىنى ئۆگەتتى. ئاپىسىدىن كېيىن قالغان ئۇششاقلارغا سېلىمەم «مۇئەللىم» بولۇپ ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ گۈلى بىلەن تاجىگۈل خوشال. بېچارە ئانىلارنىڭ قەلبىگە دەرت توشۇپ كەتسىمۇ، باللىرىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئالدىنىپ، قايغۇدىن كىچىككىنە نېرى بولاتتى.

يازنىڭ ئىسسىق، چىرايلىق كۈنلىرى تۈگەپ، يەر ـ جاهاننى سېرىق رەڭگە ئوراپ كۈز كەلدى. كۈز بىلەن تەڭلا ئۇلارنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. قىش كېلىپ، سوغ چۈشكىچە، گۈلى بىلەن تاجىگۈل يېزىنىڭ چېتىدىن ئوتۇن چېپىپ، قىشنىڭ غېمىنى يېدى. گۈلى بۇ هۈنەرنى ئۆزىلا ئۆگىنىپ قالماي، تاجىگۈلگىمۇ ئۆگەتتى. ئۇلار كېچىسى چىراق يورۇغىدا مۈكدىشىپ ئولتىرىپ باللارنىڭ كىيىملىرىنى توقۇپ، بازار كۈنلىرى ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، تىرىكچىلىق قىلىدىغان بولدى. قاراڭغۇ قىشتا ئاچ قالماي، كۈن كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن هەر ئىككىسى ئەلاخاندىن مىننەتدار ئىدى.

بىر كۈنى كېچىسى كىيىم توقۇپ ئولتارغان گۈلى ئەندىشە بىلەن تاجىگۈلگە قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەندى بىزنىڭ كۆنىمىز تۇغدى، سوغ شامال چىقىشىغا قارىغاندا، قار يېغىشى مۇمكىن. ئاخچىنى ژىغىپ، ئەسكى بولسىما بىر تۆمۈر مەش سېتىۋالايلى، بولمىسا باللارنى ئاغرىتىمىز، — دېدى.

— ئەتىدىن باشلاپ سۇت ئالمايلى، قارا چاي ياكى قايناق سۇ ئىچىپ، ئاخچا ژىغايلى.

— باللار قارا چاي بىلەن بىر پارچە نان يېسە بولمايدۇ، قاراڭا، ئۇنىڭسىزمۇ ھەممىسى قۇرۇق سۆيەك بولۇپ قىلىشتى.

— مەش سېتىۋالغاندىن كېيىن، تاماققا يەنە ئاخچا تاپىمىز. خۇدايىم ئاچ قويماس.

— ئۆزىڭىز ئويلاڭا، تاجىگۈك، بىزنىڭ تاپقان بۇ ئاخچىمىز بىلەن مۆشۈك ئاپتاپقا چىقامدۇ.

— ھەدە، ھېلىما بۇ ئاز ئاخچىنىڭ بەرىكىتى بار ئۆچۈن، بەش باللىنى بېقىۋاتىمىز. بۇ كۈنلەر ئۆتۈلۈپ، بىزمۇ كۆلىدىغان، خوشال بولىدىغان كۈنلەر كېلەر.

— مېنىڭچە، بىز ئوخشاشلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلەرنى ھېچ قاچان ئۇنىتمايدۇ. موشۇ ئېغىرچىلىقلاردا يولۇمىزدا ئۇچرىغان ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ئۇنىتۇلمايدۇ. مەنغۇ ھېچ قاچان ئۇنىتۇمايمەن. تاجىگۈل، ئېيتىڭا، بىزنىڭ بەختىلىك ھاياتىمىزنىڭ يوق بولۇشىغا، ئاتىلىرىمىزنىڭ تىرىقتەك ھەر يان چېچىلىپ كېتىشىگە كىم ئەيىپلىك؟

كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئىككى ئايال توقۇۋاتقان ئىشلىرىنى قويۇپ، جىم ئولتىرىپ قالدى. ئۆيدە ھۆكۈم سۈرگەن كېچىلىك تىنىچلىقنى گۈلى بۇزدى.

— تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ، بولدى يېتىپ ئۇخلايلى.

ئۇلار تاتلىق ئۇخلىشىۋاتقان باللىرىنىڭ قېشىغا ياتتىدە، ئۇخلاپ كەتتى...

گۈلى بىلەن تاجىگۈل باللارنى ئاغرىتماس ئۆچۈن قانچە تىرىشسىمۇ، قىش باشلىنىپلا، ئۇلار بىرىدىن كېيىن بىرى سوغ تېگىپ ئاغرىپ، ئىككى ئانا ۋايىم بىلەن كىرىپىك قاقماي نەچچە تاڭلارنى ئاتقۇزدى. ژۇتىدىن ژىراقتا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قىيىنچىلىقلارنى، ئېزىلىش-خورلىنىشلارنى تارتقان ئانىلار، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆز ژۇتىغا كېتىش يوللىرىنى ئىزدەشتۇردى. ژىغلاپ-قاخشاپ مىڭىپ ژۈرۈپ، ئاخىرى 1940 ـ ژىلى ئون ئايلە ژۇتىغا قايتىشقا رۇخسەت ئالسىمۇ،


ئۇلارنى ياركەنتكە ئۆتكۈزمەي، كۆكتال يېزىسىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى...

***

– بۇمۇ كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئادەملىرىگە قىلغان «ياخشىلىقلىرىنىڭ» بىرى دېسەڭچۇ! ھەيرانمەن، ئەگەر ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلسە، نېمە ئۆزگىرىپ كېتەتتى؟ ئۇلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ دادىلىرىنى گۇناسىز تەقىپلىگەننى ئاز دەپ، بالىلىرىنىمۇ شۇنچە قىينامدۇ؟ ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى مۇنچىمۇ دەپسەندە قىلغان بارمۇ؟ – رۇس مېھرىباندىن جاۋاپ كۈتكەندەك ھەيران بولۇپ قارىدى.

– مەنمۇ ئاتا مېھرىگە تويمىغان بالىلارنى ژۇتنىڭ مېھرىدىن ئايرىۋەتكەن شۇ دەۋىردىكى سەياسەت بېشىدا تۇرغانلارنىڭ ژۈرەكلىرى تاشمىكىن دەپ ئويلايمەن. داۋامىنى تىڭشاڭ.

# يۇرتنىڭ مېھرى بۆلەك



گۈلى كۆكتالغا كەلگەندىمۇ تاجىگۈلنى بالىلىرىنى بىلەن بىللە يېنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولدى. چېلەككە بىللە كەتكەن ئەلاخانمۇ قېرى ئانىسى، يەتتە بالىسىنى ئېلىپ تېچ-ئامان كېلىشتى. بۇ يەردە ئۇلارنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كېلىپ كۆرۈپ كېتىشكە رۇخسەت بولغاچقا، بىر ئاز بولسىمۇ تەشۋىش ئازايدى.

قىزى تاجىگۈلنىڭ ئامان-ئېسەن كۆكتالغا ئورۇنلاشقىنىنى ئاڭلىغان قېرى ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى كېلىپ يېمەك-ئىچمەكتىن ياردەملەشتى. قىزىدىن گۈلىنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىغان ئاتا-ئانىسى:

— قىزىم، كۈندە ئۆمرۈڭىزنى سوراپ دۇئا قىلىمىز، — دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلارنىڭ كۆكتالغا كۆچكىنىدىن خەۋەر تاپقان مايسەممۇ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە قېرىپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، كۆز يېشىنى تۇتالمىدى. ئىككى قېرىنداش ئۇزاق يىغلاشتى. مايسەم سىڭلىسىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ:

– نېمىلا بولسا، باللىرىنىڭ بىلەن ئامان كېلىشۋالدىڭ، – دەپ ئىككى ژىلدا يېزىدا بولغان يېڭىلىقلارنى، تىرىكچىلىكنى بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلىنىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى.

گۈلى ھەجەر چوڭنامىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

– تووۋا، چوڭنام ياخشى، سېنىڭ ئۆيۈڭنى تۇتىۋاتىدۇ. باقا كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بەش-ئالتە توخۇسىنى ئەكىۋالدى. شۇلار بىلەن مېلىكە بولۇپ ژۈرىدۇ. تۇرسۇن بىلەن تۇرغان توخۇلارغا كاتەك ياساپ بەردى. خۇداغا شۈكرى، چوڭنام ياخشى، قېرىپ قالسىمۇ تېنى تازا.

– ماللارنى قانداق قىلىۋاتىدۇ؟

– سەن كەتكەن كۈنىلا كولخوزدىن ئادەملەر كېلىپ، «خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ» ھەممە ماللىرىنى كولخوزغا ئۆتكۈزىمىز» دەپ، كالاڭنى موزىيى بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا، چوڭنام ئىككىلەن قاخشاپ ژۈرۈپ موزىينى ئېلىپ قالدۇق. ھېلىما موزاي چىشى بولغىنى، يېقىندا ئۇ موزايلىق بولدى. چوڭنام ساغالمىغاچقا، كۈندە تۇرغان سېغىپ بېرىدۇ. شۈكرى، ھەممىمىز ئامان. ئەندى سەن ئېيت، ياققا ژۈتتا ئىككى ژىل قانداق ياشىدىڭ؟

– نېمىسىنى ئېيتاي، جېنىم ھەدە، چىرايىمدىن بىلمەمسەن. تارتقان ئېغىرچىلىقلارنى ئېيتىپ تۈگىتىشمۇ، ئۇنتۇشمۇ مۈمكىن ئەمەس. ئىككى ژىل ئىچىدە «كۆرمىگىنىم كۆپ، يېمىگىنىم چۆپ» بولدى. ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس، باللىرىم ئۈچۈن ياشاپ، كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ نان تاپتىم. ئۇلارنى ژۈتۇمغا ئامان-ئېسەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن سىماپتەك ياشلىرى قارىيىپ ئورۇقلاپ كەتكەن ئۈزىنى ژۈيۈپ چۈشمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا ئۆيگە چۇقۇرىشىپ باللار كىرىپ كەلدى. سېلىمە بىلەن سانىيەم چوڭ ئاپىسىغا ئېسىلىپ سۆيدى. يادىكار بولسا ھېتىقاپ ئاپىسىنىڭ قېشىدا ئولتىرىپ، مايسىمەگە قاراپ قوياتتى. تۇرسۇن يادىكارنى قولىغا ئېلىپ:

– ۋاي-ۋۇي. يادىكار، چوڭ ژىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ، – دەپ ئۇنى كۆتىرىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. تاجىگۈل جوزا قويۇپ، چاي قىلدى. مايسىمەم يەنىلا قىزلارنىڭ بېشىنى سىيپاپ:

– چوڭ بولۇپ، بويلىرىڭلار ئۆسۈپ، ئاپاڭلارغا ئەسقېتىپ قاپسىلەر، قىزلىرىم، – دەپ باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سېغىنغان قېرىنداشلار دىدارلىشىپ، بىر پەسكە بولسىمۇ خاپىلىقلارنى ئۇنتۇپ، خوشال-خورام پاراڭ سېلىشىپ ئولتاردى. مايسىمەم بىلەن ئوغلى بىر كېچە قونۇپ قايتتى.

گۈللەر كۆكتالدىمۇ جان بېقىش كېرەك دەپ، قانداقلا ئىغىر ئىش بولسا ئىشلىدى. بىراق ئۆز ژۇتىغا، تايىر ئىككىسى بەختلىك ياشىغان قۇتلۇق بوسۇغىسىغا كېتىش ئارمىنى گۈلگە ئارام بەرمەي، تېگىشلىك ئورۇنلارغا ئەرىزە قىلىشنى توختاتمىدى.

كۆكتالدا بىر ژىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنى ئارىدىن ئۈچ ژىل ئۆتۈپ، ئەتىياز پەسلىدە بىللە كەتكەن ئۈچ ئائىلە ژۇتقا قايتتى. ئۇلار ئولتارغان ژۈك ماشىنىسى كەچقۇرۇنلىغى يىزىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنا توختىغاندا، كۆپنى كۆرگەن روزىخان موماي:

– يا، ئاللا ئىگەم، شۈكرى! جان بىشىمىز ئامان، ساق-سالامەت ژۇتقا كەلدۇق. ئەندى ئۆلسەممۇ، ئارمىنىم يوق، – دىدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەم بالىسى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن ژۇتىنىڭ مېھرى بۆلەك، ژىللار ئۆتۈپ، ياش چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى تېخىمۇ بىلىنىدىكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر ھەممىدىن ئەزىز بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. يىشى خېلە يەرگە بارغان روزىخان مومايىنىڭ گەپلىرىنىڭ جېنى بار. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ مەناسىنى كىشىنىڭ ژۇتىدا مۇساپىر بولۇپ ژۈرگەنلەرلا چۈشىنىپ، قەدرىگە يەتسە كېرەك...

ژۇتىدىن ئەرىكسىز قوغلانغان بۇ ئۈچ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى قاراڭغۇدا يىزىسىنىڭ ئۆتكەن ژىللار ئىچىدە قانداق ئۆزگەرگەنلىگىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئاچچىق-چۈچۈك قورۇلغان ئاش قىيمىلىرىنىڭ پۇرىغى بىلەن تولغان ھاۋاسىدىن بولۇق-بولۇق نەپەس ئىلىپ، بىر پەس تارتقان دەرت-ھەسرەتلىرىنى ئۇنۇتقاندەك بولدى.

گۈلى ماشىنىدا ئولتارغانلار بىلەن خوشلىشىپ، يەرگە چۈشتى. خوشاللىغى قىن-قىنىغا پاتمىغان سېلىمەم بىلەن سانىيەم پۇت-قولى يەرگە تەگمەي ئۆي تەرەپكە ژۈگرەشتى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ئۇرغاندا، تەھىيىگە يېگىلا بېشىنى قويغان ھەجەر چوڭئانام: «بۇ كىمدۇ؟ مايسىمەم باللاردىن غىزا كىرگۈزگەن ئوخشىمامدۇ»، – دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. موماي ئالدىدا تۇرغان قىزلارنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھاڭقېتىپ قالدىدە، ئاندىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇلارنى باغرىغا باستى.

— ياراتقان ئېگەم، سىلەرنى راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟

گۈلى مومايىنى قۇچاقلاپ:

— راست كۆرۈۋاتىسەن. بۇ — بىز، بالىلىرىڭ كەلدى، — دېدى.

شۇ چاغدىلا موماي ھوشىنى يىغىپ:

— خۇداغا شۈكرى! مەن سىلەرنى كۆرمەيلا ئۆلۈپ كېتىمەنمىكىن دەپ ئويلايتتىم. ئامان-ئېسەن كەپسىلەر، قوزىلىرىم، — دەپ قايتىدىن سۆيۈپ كۆرۈشتى. — يا، ئاللا! يا، ئاللا، شۇنداقمۇ ئۇزاق بىلىنىدىكەن بۇ ئۈچ يىل، بالام.

موماي گۈلىنىڭ ئورۇقلاپ، قارىيىپ كەتكەن ئۇزىدىكى قورۇقلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قانچە جاپا-مەشەققەت تارتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا، باش-كۆزىنى سىيپاپ يىغلىماقتا ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن چوڭنىم بىر قانچە كۈندىن بېرى يىغىپ-تۇگۈپ يۈرگەن قايماق، سۇزمە، قۇرۇتلىرىنى ئەكېلىپ جوزىغا قويدىدە، ھەممىسى ئۆتكەن-كەچكەننى سۆز قىلىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. سېلىمەم بىلەن سانىيەم تېخىچىلا خۇشاللىقىنى باسالماي، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇ ياققا يۈگرەپ كۈلۈشەتتى. گۈلىمۇ تايىر ئىككىسىنىڭ بىللە ئۆتكۈزگەن بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئۆيىنى بەك سېغىنغاچقا، ئۆز ئۆيۈمگە راست كەلدىممۇ، يالغانمۇ دېگەندەك، خىيالغا بېرىلىپ ھەممە تەرەپكە سەپ-سېلىپ قاراپ ئولتاردى.

يولدا ھېرىپ كەتكەچكىمۇ، يا ئۆيىگە كېلىپ ئۆزلىرىنى ئەركىن سەزدىمۇ، بىر ئازدىن كېيىن ھەممىسىلا ئۇگدەپ قىڭغىيىشىپ، ئۇيقىغا كەتتى.

تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كەتكەن گۈلى، ھويلىغا چىقىپ سېغىنغان يۇرتنىڭ سالقىن، تازا ھاۋاسىنى يۈرىگى قانغىچە يۇتتى. ھويلىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ، ئەتراپقا سەپ-سېلىپ قارىدى. ئەتىگەنلىك جىم-جىتلىقتا ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرغان غورازلارنىڭ قىچقىرىشلىرى، ئىشتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى، قۇشلارنىڭ بىيراشلىرى، ھەتتا تۇرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان تېزەكنىڭ تۈتۈنلىرى — ھەممىسى يېزىغا قانداقتۇ بىر ئىسسىقلىق بېرەتتى. گۈلى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېغىنغان ئىدى. ئۇ ھويلىدىكى باراڭغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ: «تۇغۇلغان يۇرتۇڭنى، ئۇ يەردە ئۆسكەن ھەر بىر گىيانى ياخشى كۆرگىن. ئاتا-ئاناڭنى، قېرىنداشلىرىڭنى، يولدىشىڭنى ۋە چوڭ-كىچىك يۇرتداشلىرىڭنى قەدىرلىگىن، بالام»، — دەپ ئېيتقان

www.uyghurkitap.com



سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ھازىر ئانا ـ ئانىسى قەيەردە؟ ئۇلار بارمۇ، يوقمۇ؟ بار بولسا، قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ گۈلى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ شۇنداق خىياللارغا پېتىپ ئولتارغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيدىن قولىغا چۆگۈن كۆتىرىپ چوڭنام چىقتى.

- ئەتىگەندە تۇرۋاپسەنغۇ، قىزىم. ئۇيقۇڭ قېچىپ كەتتىما؟

- ئۆيۈمگە كېلىپ ياخشى ئۇخلاپتىمەن، سەھەرنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى ژۇتۇپ، ھويلامغا قاراپ ئولتىرىمەن.

- كونىلار «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلىغى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلىغى» دەپ بىكار ئېيتمىغاندە. باراڭنىڭ چۆرىسىگە قاپاق چۆمۈچ، يۆگۈمەچ گۈللەرنى، ئېرىقنىڭ ئۇ چېتىگە سېرىق سەبدە، تاجىغوراز گۈللەرنى تېرىپ قويدۇم. ئۈچ ـ تۆرت كۈن بۇرۇن خويما ياخشى يامغۇر يېغىۋىدى، تەرگەن گۈللەر ھەممىسى ئۈنۈپ چىقىپتۇ.

گۈلى ئۆز ـ كۆزىنى ژۇيۇپ، كالىسىنى سېغىش ئۈچۈن چېلەكنى ئېلىپ، ئېغىلىغا مېڭىشىغا، مايسىمەمنىڭ ئوغلى تۇرغان:

- موما، كالاڭنى سېغىپ، پادىغا ھايدايمەن ـ دەپ ۋاقىراپ سۆزلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ گۈلىنى كۆرۈپ:

ۋاي، كىچىك ئاپا، قاچان كەلدىڭلار؟ تىنچ ـ ئامان كەلدىڭلارمۇ؟

ـ دەپ قۇچاغلاپ كۆرۈشتى.

- ھە، كەچ كەلدۇق، شۇڭلاشقا سىلەرگە خەۋەر بەرمىدۇق، ئۆيدىكىلەر تېچلىقتۇ؟

- ھەممىسى تېچلىق. قىزلىرىڭ ئۇخلاۋاتامدۇ؟

- ئۇخلاۋاتىدۇ، ھازىر ئويغىتىمەن.

- مەن ئاپامغا ئېيتاي، ئاندىن كېلىپ كالاڭنى پادىغا ھايدايمەن،

- دەپ خۇش خەۋەرنى ئاپىسىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ ھويلىدىن ژۈگرەپ چىقىپ كەتتى.

گۈلى قىزلىرىنى ئويغىتىپ، ئورۇنلىرىنى ژىغىپ، جوزا قويغاندا، ئۆيگە قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسىمەم بەش بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ، كۆز ـ ياشلىرى توختىغاندا، تۆردە ئولتارغان قۇرۋان ئاكا گۈلى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىغا سەپ سېلىپ قارىدى.

- سىلەرنىڭ ئۈچ ژىل مابايىنىدا چەت ژۇتلاردا تارتقان جاپا ـ مەشەقەتلىرىڭلارنى ئېيتمىسىڭىزمۇ بىلىمىز. بۇمۇ ھاياتتىكى بىر سىناق. مانا شۇ ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتۈپ، بالىلىرىڭىزنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ

كەلگىنىڭىز، ئۇ ـ باتۇرلۇق. بەش-ئون كۈن ئۆيدە دەم ئېلىپ، ئاندىن ئاياللار بىلەن ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەڭ. ھازىر ئىش قايىنغان چاغ. مەن بىرىگادىرغا ئېيتىپ قويىمەن. زامان ئاستا-ئاستا جۆندىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى.

گۈلى قۇرۇان ئاكىغا رەخمەت ئېيتىپ:

ـ خۇدايىمدىن بىز كۆرگەن دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئەۋلاتلىرىمىز ھېچ قاچان كۆرمىسىكەن دەپ تىلەيمەن، ـ دەپ يەنىلا كۆزىگە ياش ئالدى.

ئەشۇ كۈنىلا چېلەككە كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى بىر-بىرىدىن ئاڭلىغان ژۇت ئادەملىرى، دوستلىرى ھال-ئەھۋال سوراپ كېلىشتى. گۈلىنىڭ دوستلىرىمۇ قايتا دىدارلاشقانلىغىغا خوشال بولۇپ، ئۇزاق ئولتىرىپ مۇڭدىشىپ كېتىشتى.

ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپلا، گۈلى لاي ئېتىپ، ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان، چۈشكەن يەرلەرنى چاپلاپ، بېغىغا كۆكتات تەردى. ئۆزى گۈلنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ھويلىغا تۈرلۈك-تۈرلۈك گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ تەردى. ھويلىدا ئەتىيازنىڭ ئاپتىۋىغا قاقلىنىپ ئولتارغان ھەجەر چوڭنام گۈلىنىڭ كەلگەندىن بېرى بىر مىنۇتمۇ دەم ئالماي ئىشلەۋاتقانلىغىغا قاراپ زوقلاندى.

ـ «ياش كەلسە ئىشقا» دېگەندەك، قىزىم، سەن كېلىپلا، ئۆيۈڭگە بەرىكەت كىردى. ھويلا-ئارام پاكىز، چىرايلىق، ئىللىق بولۇپ قالدى. مەن قېرىنىڭ قولىدىن ھېچ نېمە كەلمىدى.

ـ قېرى بولساڭمۇ ئۈچ ژىل موشۇ ئۆيگە قاراپ، ئېگە بولۇپ ئولتارغىنىڭ ياخشى بولدى. سەن بولمىساڭ، مەن بۇ ئېغىرچىلىقلارنى قانداق تارتاتتىم؟ چوڭنا، ساڭا مىڭ رەخمەت، سېنىڭ ئۆمرۈڭنى بەرسۇن.

ـ مېنىڭ ئۆيۈمدە سارەمنىڭ قىزى رېھانبۈۋى بالىلىرى بىلەن تۇرۇۋاتاتتى. موشۇ ئەتىيازدا يامغۇر تولا يېغىپ، بىر تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، ھېلىما بالىلىرنى تام بېسىۋالماپتۇ دېسەڭ، ئۇنىڭغىمۇ شۈكرى. ئۇلار ھازىر باشقا ئۆيگە كۆچۈپ كېتىپ، مېنىڭ ئۆيۈم بىر ئەسكى تام بوپ قالدى.

ـ ئۆيىنىڭ غېمىنى قىلما، ئەندى ھېچ ياققا كەتمەيسەن، مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرىسەن، سەن مېنىڭ ئانامنىڭ ئورنىدا ئانام.

ـ ئىنساۋىڭغا رەخمەت، بالام، مېنىڭ قانچە ئۆمرۈم قالدى دەيسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غولىچى تولغەپ، غېرىبچى قالدى. ياش چېغىمدىن جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ ئۆتكەن مەلىدىكى كۆرنەكلىك ئايال ئىدىم، بۇ كۈندە بولۇپ قالغىنىم مانا.

گۈلى موماينىڭ كۈمۈچتەك ئاپپاق چاچلىق بېشىنى سىيپاپ:

– سەن چىرايلىق قېرىغان موماي، ھازىرمۇ سېنى يېزىدا چوڭ-كىچىك ھەممىسى ھۆرمەتلەيدۇ، – دەپ ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

شۇ چاغدا كاتەككە كىرىپ كەتكەن سىلىمەم بىلەن سانىيەم ۋاقىرىدى:

– موما، بىز توخۇلارغا دان چېچىپ بەردۇق، سەن تۇخۇم باستۇرۇپ بەرگەن ئاق توخۇ تۇرمايدىغۇ.

– ئاق توخۇغا تەگمەڭلار، ئۆزى خالىغان چاغدا تۇرۇپ دان يەيدۇ، سۇ ئىچىدۇ.

ھەجەر چوڭنام باللىرى كەلگەندىن بېرى قاياقتىن كەچ كىرىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالىدىغان بولدى. موماي: «خۇدايىم ئۆمرۈمدە ماڭا بالا بەرمىگەن، قېرىغاندا بۇ ئالتۇندەك باللارنى بەرگىنىگە شۈكرى» دەپ ئويلىدى ۋە گۈلىنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى.

– گۈلى، بۈگۈن مايسىمەم چايغا چاقىرغانىغۇ.

چوڭنامنى، سىڭلىسىنى باللىرى بىلەن ئۆيگە چاقىرغان مايسىمەم، ئۇلار كىرگەندە، قازانغا سالغان يوغان پىياز ناننى جوزىغا قويۇپ، چىنىلەرگە قۇيۇلغان ئىلىكتەك ئەتكەن چاينى مېھمانلارغا ئۇزاتتى. ھەدىسىنىڭ تۇرمۇشىنى بىر ئاز ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان گۈلى ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئۈمۈت باغلىدى. ھەقىقەتەنمۇ، يېزىغا دىسلەپ تراكتور ھايداپ كەلگەن قۇرۋان ئاكا باللىرىنى، ئايلىسىنى بېقىش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئىشلەۋاتقاچقا، مايسىمەملەرنىڭ تۇرمۇشى خېلە جۆندىلىپ كېلىۋاتاتتى. تراكتورغا ئولتارغان ژىلدىن باشلاپ ھەر كۈنى سەھەردە ئۆيدىن خ ت ز تراكتورىنى گۈكىرتىپ ھايداپ ئېتىزلىققا كېتىۋاتقان قۇرۋان ئاكا، ئۆتكەن ژىللار ئىچىدە كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ، ئىلغارلار قاتارىدا كۆرۈنۈپ، كولخوز باشلىقلىرى ھەم ژۇتداشلىرى ئالدىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولدى. قۇرۋان ئاكا كام سۆزلۈك، ئېغىر بېسىق، ئويچان، قۇۋۇلۇق-شۇملۇقنى بىلمەيدىغان ئىشلەمچان، ئاق كۆڭۈل ئىنسان

ئېدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىسلەپكى مەرىپەتچىسى ھېبىب زاكىرى ئۇيۇشتۇرغان مەكتەپكە كىرىپ ساۋاتىنى ئاچسىمۇ، ژىتىمچىلىقىنىڭ كېسىرىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەمگەككە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۆزى ئوقالمىغاچقا، ئوقۇغان ئادەملەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە دايىم باللارغا، «ئوقۇڭلار، ئوقۇمىساڭلار مېنىڭ ئوخشاش چاڭ ژۇتۇپ ژۈرىسلەر» دەپ، ئۇلارنى ئوقۇشقا، ئەدەپلىك بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى.

باللىرى تۇرسۇن بىلەن تۇرغان يېزا مەكتىۋىنى تاماملاپ، ياركەنت شەھىرىدە مولوتوۋ نامىدىكى (ھازىرقى ئالتىنسارىن) مەكتىۋىدە ئوقۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپ بىلەن ئېتىزدا ئىشلەتتى. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ئاتقۇرۇلغاچقا، باللار ئۇن يېشىدىنلا ئېتىزغا چىقىپ كېتەتتى. تۇرسۇن مەكتەپنى تۈگەتكەندە، قۇرۋان ئاكا ئوغلىغا: «ئوغلۇم، سەن ئەندى ياركەنتتىكى مۇئەللىملەرنى تەييارلايدىغان تېخنىكۇمغا چۈشۈپ ئوقۇساڭ، كېلەچەكتە ئۇستاز بولۇپ، مەكتەپتە باللارغا بىلىم، تەربىيە بېرىسەن، ئۇستاز بولۇش - ئەڭ ئۇلۇق ئىش»، - دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. تۇرسۇن ئۆزىنىڭمۇ ئۇستازلىق كەسىپكە ئىشتىياقى كۈچلۈك بولغاچقا، دادىسىنىڭ مەھلىھىتىنى قۇلاققا ئېلىپ، مۇئەللىملەر تەييارلايدىغان ئوقۇشتا ئوقۇۋاتاتتى. قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسىمەم ئوغلىدىن رازى بولۇپ، خوشاللىغىنىڭ چېكى يوق ئېدى. قىزلىرى يېزا مەكتىۋىدە ئوقاتتى.

چاي ئىچكەچ بۇ ياخشى يېڭىلىقلارنى ئاڭلىغان گۈلى، ھەدىسىنىڭ باللىرىنىڭ ئۇتۇغىغا چىن ژۈرىگىدىن خوشال بولدى.

- مېنىڭمۇ بىرلا ئارمىنىم - باللىرىمنى ئوقۇتۇپ، زامانغا لايىق تەربىيلەپ قاتارغا قوشسام.

- قورقماڭ، گۈلى، ئەندى ئوقۇتىسىز. ھۆكۈمەتنىڭ «بالا ئاتا ئۈچۈن جاۋاپقا تارتىلمايدۇ» دېگەن توختامى ئېلان قىلىندى. شۇڭلاشقا ھازىر «خەلىق دۈشمىنى» ئاتالغانلارنىڭ باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىشتى. سىپپەم مۇئەللىم ئېتىزغا كېلىپ گېزىت ئوقۇپ، بىزنى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر قىلىدۇ، ئەمەسمۇ.

قۇرۋان ئاكىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان گۈلىنىڭ ژۈرىگىدە ئۈمۈت ئوتى پەيدا بولۇپ، ئۇ ي ېنىك نەپەس ئالدى. باياتىن بېرى سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ، ئۇنى ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتارسۇن دەپ سەكپارە بولۇۋاتقان مايسىمەم، ئاپقۇرلارغا ئۇستىلەپ چاي قۇدى. چوڭنام ئاپقۇرنى قولى بىلەن يېپىپ:

— بولدى، قىزىم، بىر ئاپقۇر چاينى ئارانلا ئىچىمەن، نېنىڭ تولىمۇ ئوخشاپتۇ، مېنىڭ ئوخشاش چىشى يوقلارغا يۇمشاق ياخشىكەن، خېلىلا يەپ قويدۇم. چىيىڭنىمۇ ئىلىكتەك ئىتتىپسەن، رەھمەت بالام، — دەپ قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئۆزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.

باياتىن گۈلنىڭ ژىراقتىكى ژۇتتا كۆرگەن كۈنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتارغان قۇرۋان ئاكا:

— بۇ يەردىمۇ خەلققە ئاسان بولغىنى يوق. دېخانلارمۇ ئاخىرقى ئىككى-ئۈچ ژىل ئىچىدە كۆپ ئېغىرچىلىقلارنى كۆردى. بولۇپمۇ پاختا يامغۇرنىڭ پاتقاقچىلىغىدىلا ئەمەس، ھەتتا قىش كۈنلىرى كۈلتۈك قار كېچىپ ژۈرۈپ ژىغىشتۇردۇق. قانچە ئادەملىرىمىز ئېغىر ئەمگەكتىن، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. بىراق قانچە ئېغىر بولسىمۇ، يېزا ئادەملىرى مەردانىلەرچە ئەمگەك قىلدى. بۇ كولخوز 1929- ژىلى بىز ئەزا بولۇپ كىرگەندىن بېرى ئازدۇ تولا بۇغداي، كۆمۈقوناق تەرگىنى بولمىسا، ئاساسەن پاختا ئۆستۈرەتتى. موشۇ ژىلدىن باشلاپ ناھىيەمىزدە پاختا تەرمەيدىغان بوپتۇ. پاختىنى ئىسسىق، شارائىتى قولايلىق يەرلەردە ئۆستەرگىدەك، بۇ بولسىمۇ دېخانلارنىڭ تەلىيى. ئەندى ئاساسەن بۇغداي، كۆمۈقوناق، ئارپا، سۇلۇ تېرىلىدۇ. زامان بىر ئاز تۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ قالدى. يېزىلاردا توي-تۆكۈن بولۇۋاتىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ياخشىلىق. ئەندى ئىشلەش كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پادا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلى ئېغىلنى بىر قۇر تازىلاپ، تامغا تېزەك يېقىۋاتاتتى، ئىشىك ئالدىغا شاۋدۇن كەلدى. ئۇ تېپچىلىق سورىشىپ:

— بۈگۈندىن باشلاپ كەتمىنىڭىزنى ئېلىپ ئېتىزغا چىقىڭ، ئايالار ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ، بۇغداي سۇغۇرىۋاتىدۇ، — دېدىدە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ مېڭىپ كەتتى.

شاۋدۇن، نېمىشقىدۇ، گۈلگە تىك قارالمىدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، رەڭگى-روينى توپا باسقان، چىرايى جۇدەك ئىدى.

ئۆزىنى ئىشقا چاقىرغىنىغا خوشال بولغان گۈلى، شاۋدۇننىڭ تۇرىگە كەلمىگەن ئوخشايدۇ». — دەپ ئويلىدىدە، ئۆيگە كىرىپ يېڭىلىقنى ئانچىلا ئېتىۋار بەرمەي ئىچىدە: «بۇ بېچارە ئايالى ئۆلۈپ تېخىلا ئۆزىگە چوڭئانىغا ئېيتتى.

— ياخشى بوپتۇ، بالام، ئىشقا چاقىرغان بولسا، ئىشلە، مەن ئۆيدىكى ئۇ-بۇ ئىشىڭنى قىلىپ، بالىلىرىڭغا قارايمەن.

— شۇنداق دېگىنىڭگە رەخمەت، چوڭئانا! ساڭا ئېغىر كەلمىسۇن،

سېلىمەم بىلەن سانىيەم چوڭ بولۇپ قالدى، ھەممە ئىشنى ئىككىسى قىلىدۇ، يادىكارغىمۇ قارايدۇ. سەن ئۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ بەرسەڭلا، رازىمەن.

ـ چۈشلىگى ئىچىدىغان چاڭ ـ پايلىرىڭنى ئال، قىزىم، ـ دەپ ئەنسىرىدى موماي.

گۈلى چۈشلۈك غىزاسىنى ياغلىققا چىگىپ، كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كوچىغا چىققىنىدا، ئالدىغا ئېتىزغا ماڭغان مېرۋانەم، مەريەم، زمىنەپخان ۋە يەنە بىر نەچچە ئايال ئۇچرىدى. گۈلىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ خوشال بولۇشتى. يول بويى ئۈز ئارا قىزىق پاراڭ سېلىشىپ ماڭغان ئاياللا بىر دەمدىلا ئېتىزغا يېتىپ كەلگىنى تۇيماي قالدى.

ئېتىزلىققا ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق چېچەكلەر، سىيا رەڭ كاككۈك گۈللەر، يەردىن باش كۆتۈرۈپ ئۈنۈپ چىققان ياپ ـ يېشىل بۇغدايلار باھارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئەتراپنى ئەجايىپ گۈزەللىككە بۆلەپ، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى.

تۇغۇلغان ژۇتنىڭ ئېتىزلىقىنى، ئۇنىڭەن ھەر بىر گىياسىنى سېغىنغان گۈلى ئەتراپتىن كۆز ئالماي تەلمۈرەتتى. بەلكى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا موشۇ ئېتىزلاردا تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن سۆيۈملۈك يارى تايىر كەلگەندۇ...

گۈلى ئىشقا چىققاندىن بېرى تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگىچە قىز ـ جۇگانلارنىڭ ئېتىزلىقلارغا جان كىرگۈزۈۋېتىدىغان خۇش چاقچىغى، جاراڭلىق كۈلكىسى بىلەن كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئامما ئەتە جۈمە دېگەن كېچىسى كۆرگەن چۈشىدىن كېيىن ئۇنىڭ خاتىرجەملىگى بۇزۇلدى. ئۇ چۈشىدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىدە، تاڭ ئاتقىچە كۆز ژۇمماي ئولتاردى. چۈشنى ھېچ كىمگە ئېيتقىنىمۇ يوق، لېكىن ژۈرىگى بىر بالانى سېزىۋاتقاندەك نېمىدىندۇ ئەنسىرەتتى...

***

ـ ئۇ قانداق چۈشكىنە؟ ـ سورىدى رۇس ئالدىراپ.

ـ گۈلىنىڭ كۆرگەن چۈشى توغرىلىق ھېكايەمنىڭ داۋامىدا بىلىسىز، ھازىرچە ئۇنى ئېيتماي تۇراي، ـ دېدى مېھرىبان ئۇنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇدالىق ھەسرىتى



كۈنلەرمۇ توختىماي ئىلدام ئۆتۈۋەردى. ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرى تۈگەپ، گۈلى دوستلىرى بىلەن بۇغداي سۇغارماقتا ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈكى پاتقاق كېچىپ بۇغداي سۇغۇرۇپ ھارغان ئاياللار چاي ئىچمەك بولۇپ، كەتمەنلىرىنى تاشلاپ، سالقىن يەرگە كېلىپ ئولتاردى. ئەشۇ چاغدا مايسىمەمنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئۆڭ-سولى يوقلا ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدىدە، گۈلىگە:

- كىچىك ئاپا، ئاپام سېنى ئىشنى تاشلاپ ئۆيگە قايتسۇن دەيدۇ، - دېدى.

- نېمە بولۇپ قالدى، تېچلىقمۇ ئۆزى؟

ئۇ: «بىلمەيمەن»، - دېدىدە، بىر نەرسىنى يوشۇرغاندەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھېلىقى كۆرگەن چۈشىدىن كېيىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ژۇگەن گۈلىنىڭ كۆڭلىگە ئالىقاندەك ئەنسىز ئويلار كېلىپ، پۇت-قولى تىترەپ دوستلىرىغا قارىدى. گۈلىنىڭ چىرايىدىن ھەممىنى بايقىغان ئاياللار چۇقۇرىشىپ: «بېرىڭ، بېرىڭ! بىر نەرسە بولمىسا، ئىشنى تاشلاپ كەلسۇن دەمدۇ» - دېيىشتى. مېرۋانەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

- نېمىلا بولسا، مەن سىز بىلەن بىللە باراي، - دەپ كۆيىنگىنىڭ

ئېتىگىنى قېقىپ گۈلى بىلەن ماڭدى.

ئىككىسى كۆلنىڭ ئىسىغىدا ئالدىراپ مېڭىپ، تەرلەپ-پىشىپ ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ھويلا ئىچى جىم-جىت، ئۆينىڭ ئىشىگى ئوچۇق ئېكەن. گۈلى بوسۇغىنى ئاتلاپ ئۆيگە كىرگەندە، تۆردە قورۇۋان ئاكا بىلەن ژۇتنىڭ چوڭلىرى ماھمۇت ئاكا، داۋۇت ئاكا، زايىر بوۋايلار ئولتىراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ گۈلنىڭ ژۈرىگى تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئارانلا سالام بېرىپ، دېرىزە تۈۋىدە ئولتارغان چوڭنامىغا قارىدى. چوڭنامىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ نېمە دەرىنى بىلمەي، داكا ياغلىغىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىغا بېسىپ، يەرگە قاراۋالدى. قالغانلارمۇ تېپ-تېچ. ئۆيدىكى جىم-جىتلىقنى زايىر بوۋاينىڭ ئاستا چىققان ئاۋازى بۇزدى.

- قىزىم، «جان بار يەردە، قازا بار» دەپ ئېيتقاندەك، تايىرنى ۋاپات بولدى دېگەن خەۋەر كەپتۇ، سەۋىرلىك بولۇڭ!

گۈلى كېيىنكى سۆزلەرنى ئاڭلىغىنى يوق. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، ئۆزىنى بىلمەي يەرگە ژىقىلدى.

چوڭنام:

- ئۇزىگە سوغ سۇ چېچىڭ، - دەپ ۋاقىرىدى مېرۋانەمگە.

موماي بىلەن مېرۋانەم گۈلنىڭ ئۇزىگە سوغ سۇ چېچىپ، قوللىرىنى ئۇگىلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە كەلدىدە، پاڭگىدە ئېتىلىپ ژىغلاۋەتتى.

- ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ، دوستۇم. ئۇچ بالا قانداق قىلىدۇ؟ - دەپ ئۇنىڭ كەينىگە ئىككى تەھىيىنى قويدى مېرۋانەم.

بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى گۈلگە ئاڭلىتىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىغىنى ئۆزىلا بىلگەن زايىر بوۋاي تىزلىنىپ ئولتىرىپ قۇرئان ئوقۇدى. قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەر كىشىلەر ھەجەر چوڭنام بىلەن گۈلگە تەساللا بېرىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار چىقىشىغا مايسىمەم تالادىنلا ژىغلاپ كىرىپ، سىڭلىسىنى باغرىغا باستى. ئىككى قېرىنداش ئۇزاق ژىغلاشتى. ئۆيدە نېمە بولۇۋاتقانلىغىنى چۈشەنمىگەن سېلىمەم، سانىيەم، يادىكارلار تالادىن كىرىپ، ئاپىسىنىڭ ۋاقىراپ ژىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاغلاپ ژىغلاشتى. باياتىن توختىماي ژىغلاۋاتقان گۈلى بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ، تېخىمۇ قاتتىق ھازا قىلدى.

- ژىتىم قالغان، قوزىلىرىم، ئاناڭلارنىڭ تارتقۇلىغى تۈگىمەپتۇ تېخى.

www.uyghurkitap.com



داداڭلاردىن ئايرىلىپ قاپتىمىز. چەت ژۇتلاردا قالغان، تايىر. ئارماندا كەتكەن تايىر... ئا...خۇدا! مېنىڭ موشۇ ئازاپلارغا يارىتقانمېدىڭ!؟

گۈلى بىلەن تەڭلا ژىغلاۋاتقان مېرۋانەم:

– گۈلى، سەۋر قىلىڭ، قاراڭا باللار قورقۇپ كەتتى، – دەپ ئۇنىڭغا تەسەللا بەردى.

شۇم خەۋەر بىردەمدىلا مەلە ئىچىگە تاراپ، ئۆيگە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دوستلار، ژۇتداشلار كىرىپ كەلدى. ژىغا–زېرە يەنە باشلاندى. تايىرنىڭ ئاغىنىلىرى جېلىل، ئادىل، قۇدرەتلەر تالادىنلا ئۇن سېلىپ ژىغلىشىپ كىردى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئىچ–ئىچىدىن تىتىلىپ ژىغلاۋاتقان گۈلى تېخىمۇ زارلاپ كەتتى.

– تايىردىن ئايرىلىپ قاپتىمەنغۇ، جېلىل، ژۇتۇمغا يېتىۋالسام دەپ ئارزۇ قىلغان، تايىر. ئۈچ باللىڭىز ژىتىم قالدىغۇ، تايىر. جاپاكەش تايىر...

تۆردە ئولتارغان چوڭنام:

– سەۋر قىل، قىزىم، – دېدىيۇ، ئۆزى ژىغلاپ كەتتى.

كۆڭۈل سوراپ كەلگەن زەينەپخان چوڭنام ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قىزىنى ئەسلىدى تايىلىق، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپ كەتتى.

– پېشانىمىزگە يازغانىنى تارتماي ئامالىمىز يوق، رىسقىسى شۇنداق، قىزىم، ئارقىڭىزغا قاراڭ، ئەندى سىز باللىرىڭىزغا ھەم ئانا ھەم ئاتا. ئۆزىڭىز ئامان بولۇڭ.

ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا ئاياللارمۇ قوللاپ–قۇۋەتلىدى. ژۇتتىن چەتلەردە بىر–بىرىگە يار–يۆلەك بولۇپ، جاپا–مەشەقەتنى تەڭ تارتقان روزىخان موماي، ئەلاخان، تاجىگۈللەر ژىغلىشىپ كىرىپ كەلگەندە، تېخىمۇ قاتتىق ژىغا–زېرە بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسى ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرت–ئەلەملەرگە ژىغلاتتى.

قازان بېشىغا چىققان گۈلىنىڭ دوستلىرى مېرۋانەم، مەرييەم، زەينەپخانلار ئۇماچ تەييارلىدى. تايىرنىڭ جەسىدى ژىراقلاردا قالسىمۇ، ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ كەلگەنلەر ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر چىنىدىن نەزىر ئېشىنى ئىچىپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

تايىرنىڭ ئۆلۈمى گۈلىگە بەك ئېغىر كەلدى. خۇددى بېشىغا تاغ غۇلىغاندەك، خېلە كۈنلەر ئۇ ئۆزىگە كېلەلمىدى. گۈلىنىڭ «تايىر قايتىپ كېلىدۇ، يەنە بىللە بەختلىك ياشايمىز» دېگەن ئارزۇلىرى

كۆكلەرگە ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى ئالدىدا يەنىلا جاپا-مەشەققەتلىك ئىغىر كۈنلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئىغىرچىلىقنى يىڭىشكە گۈلىنىڭ كۈچ-قۇۋىتى، ئىرادىسى يېتەمدۇ، يە ئۇمۇ تايىر ئوخشاش بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشامدۇ؟ گۈلىنىڭ كۆزىگە ئۇچ پەرزەندى كۆرۈنگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئويىدىن چۆچۈپ كەتتى. «ياق، ياق، مەن يامان ئويىدىن ئاۋلاق بولاي. باللىرىم ئۇچۇن ياشىشىم كېرەك» دەپ، كۆزىنى يوغان ئىچىپ ئاسمانغا قارىۋىدى، كۆپ-كۆك گۈمبەزدەك ئاسماندا كۈلۈپ تۇرغان قۇياش ياپ-يىشىل چىرايلىق ئەتراپقا نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى...

تايىرنى ئۆلدى دېگەن خەۋەردىن كېيىن بىر ئاي ئۆتۈپ، مەسىم ئاكا ئۇنىڭ ئاخىرقى خېتىنى گۈلىگە ئەكەلگەندە، ئۇ يىغلا ئىتىزدىن كېلىپ، كەچكى غىزانى تەييارلاش ئۇچۇن قازانغا ئوت ياققان ئىدى. گۈلى ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي، خەتنى ژۇرنىگە چىڭ باستىدە، قوللىرى دىر-دىر تىترەپ كونۋېرتنى ئاران ئاچتى.

«ئەسسالام، مىنىڭ ئۇچۇن قىممەت بولغان ئەزىزلىرىم! ئەھۋاللار قانداق؟ ئامان-ئىسەن ژۇتقا كەلدىڭلارمۇ؟ گۈلى، ئەزىزىم، سەن باتۇر ئايال، سىنىڭدە چوڭ كۈچ-غەيرەت، ئىرادىنىڭ بار ئىكەنلىگىگە چوقۇم ئىشىنىمەن. ئۇچ باللىمىزنى يالغۇز بېقىپ، ئۇلارنى ئاچ-يالىڭاچ قالدۇرماس ئۇچۇن شۇنچە ئىغىرچىلىق، خورلۇقلارنى تارتىۋاتقىنىڭنىڭ ئۆزى باتۇرلۇق. سىنىڭ بىلەن ئۆي-ئوتاقلىق بولۇپ، ئاز بولسىمۇ بەختلىك كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. مەن سىنىڭدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازىمەن.

بۇ يەردىكى ئەھۋالنى بىلمەك بولساڭ، ئادەم تۆزگۈسىز شارائىتقا، ئىغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بىرەلمەي، كۆپ ياخشى ئىنسانلار كۆز ژۇمدى. مەنمۇ ھازىر ئىغىر ئاغرىپ ياتىمەن. باللىرىم ئۇچۇن، سىنىڭ ئۇچۇن ياشىسام دەپ ئاللادىن تىلەۋاتىمەن، لېكىن كىم بىلىدۇ دەيسەن. گۈلى، ئەگەر مەن موشۇ ژىراق ژۇتلاردا بىر نېمە بولۇپ قالسام، باللىرىم چوڭ بولغاندا، مىنىڭ قانداق ئادەم بولغانلىغىمنى ئېيتىپ چۈشەندۈر. «داداڭلار بەستى كېلىشكەن، قورقۇمسىز، مەرت، خۇشخوي كىشى بولغان، لېكىن ھېچ قاچان «خەلىق دۈشمىنى» بولمىغان، ئۇ قورۇق يالا» دەپ ئېيت. بىزنىڭ دىلىمىزنىڭ ئاقلىغىنى، خەلىق ئۇچۇن جانپىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلغانلىغىمىزغا ئىشىنىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. ھازىر بىز – مىڭلىغان زىيالىلىرىمىز، ھەتتا ئاددىي ساۋاتسىز كىشىلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـ موشۇ رەزىل سەياسەتنىڭ قۇرۇۋانلىرى بولۇپ قالدۇق. ئەگەر ژۇتقا يەتسەم، قانچىمۇ ياخشى ئىنسانلارنىڭ تەقىپلەش سەياستىنىڭ ئېغىر دەرت-ئازاپلىرىدىن كۆز ژۇمغانلىغىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەتتىم. ئانا ژۇتۇمغا قايتىپ بېرىپ، سىلەر بىلەن دىدارلاشسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئېدى، لېكىن ئۇنىڭغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. كۈندىن-كۈنگە ماغدىرسىزلىنىپ، ئوساللىشىپ بارىمەن. گۈلى، سەن كۆرگەن، بىلگەن تايىر يوق ئەندى. هازىر مەن قۇرۇق سۆيەك بولۇپ ياتىمەن، ژۈرىگىملا ئاستا سوقماقتا، قالغان ئەزالىرىمنىڭ هەممىسى ئۆلۈپ بولدى. گۈلى، بۇ دۇنيادا سەن مېنىڭ ئۈچۈن قىممەت. ئەندى سەن بولساڭمۇ ئۈچ پەرزەندىمىزنى قاتارغا قوشقىن. ئۇلارنىڭ قىزىغىنى، دۆلىتىنى ساڭا كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي دەپ ئاللادىن تىلەيمەن. باللارنى مېنىڭ ئۈچۈن باغرىڭغا بېسىپ، سۆيۈپ قوي. قېرىنداشلارغا، دوستلارغا سالام ئېيت. ئامان بولۇڭلار!»

تايىر خەتنى ژىغلاپ ئولتىرىپ يازسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆز يېشى تامغان، قاتتىق يۆتەلگەندە قان تامچىلىرى چاچرىغان بەزى سۆزلەر سۇگىشىپ، ئوقۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. گۈلى خەتنى ئۈچ-تۆرت قېتىم ئوقۇپ چىققاندە، قىمىر قىلماي ئولتىرىپ ئويغا كەتتى. ئۇ هېلىقى جۈمەدە كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى.

«گۈلىنىڭ قېشىدا تايىر ياتقىدەك. ئۇ: «نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىز ژىراق، مەن ئاران ئۈچۈپ كەلدىم. گۈلى، ئەزىزىم، مەن سېنىڭسىز تۇرالمايمەن شۇڭلاشقا سېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم»، ـ دەپ گۈلىنىڭ باش كۆزىنى سىيپاپ سۆيۈۋاتقىدەك. گۈلى خىجالەت بولۇپ: «تايىر، مەن بىر مىنۇتمۇ ئويلانماي سىز بىلەن كېتەتتىم، لېكىن باللار كىچىك، ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن»، ـ دەپ ئۇنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاش ئۈچۈن قولىنى كۆتەرگەندە، تايىر يوقاپ كېتىدۇ».

شۇ چاغدا ژۈرىگى قاتتىق سوقۇپ، چۆچۈپ ئوخانغان گۈلگە تىترەك ئولاشقان ئېدى. ئۇ شۇ كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ ئولتىرىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئويىدا تايىر تېخىلا موشۇ ئۆيدە ئولتارغاندەك قىلاتتى. گۈلى: «شۇ چاغدا تايىرنىڭ روهى كەلگەن ئېكەندە» ـ دېدىدە، كۆز ياشلىرىنى كۆينىگىنىڭ يېڭى بىلەن ئېتىپ، ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى تۇرماسقا ئىلاجىسى يوق، باللىرىنى بېقىشى كېرەك.

گۈلى بۇ كېچە كىرپىك قاققىنى يوق. كۆزىنى ژۇمسىلا، تايىرنىڭ

قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ ياتقىنى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ژىغا يامىشاتتى.

ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ، ئۇز-كۆزىنى ژۇيۇپ، «بىسمىللا!» دەپ، چېلەكتىن بىر چىنە مۇزدەك سۇ ئېلىپ، تايىرغا ئاتاپ ئۇزاق دۇئا` قىلىپ ئىچتىدە، ھېچ نەرسىگە خۇشتى يوق ھويلىغا چىقتى. شۇ چاغدا ئېغىلدىن موزاينىڭ مۆرىگىنى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ قوسىغى ئاچ، ئەتىمالىم. گۈلى كۆڭدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن مال-ۋاران، توخۇ-تۇمانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان. بۇگۇن بولسا، خۇددى ھەممىگە بىپەرۋا ئادەمدەك، يە موزاينىڭ مۆرىگىنىنى، يە توخۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرىنى ئاڭلىغىنى يوق...

بۇ چاغدا تاڭمۇ سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ باققا چىقىپ، تاڭنىڭ سالقىن، تازا ھاۋاسىدىن بولۇق-بولۇق ژۇتتى. باغدا تايىر ئۇز قولى بىلەن كۆچەرگەن ئالما-ئۈرۈكلەر ياپ-يېشىل بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆكىرىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا باغنىڭ چۆرىسىنى تايىر ئىككىسى تال، تىككەنلەر بىلەن قورشىغان ئىدى. گۈلى باغنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ: «باللىرىمنى بېقىش ئۇچۇن ئەمگەك قىلىشىم كېرەك»، — دېدىدە، كەتمەننى ئېلىپ، يەڭنى تۇرۇپ ئىشقا كىرىشتى. ئۇ ئەندىلا ئۇنۇپ چىققان مانتا كاۋا كۆچەتلىرىنىڭ تۇۋىنى يۇمشاتتى، تۆرت كەيزە ياڭيۇنىڭ چۆپىنى چاپتى، يېڭىدىن كۆچەرگەن لازا پومىدور، چەيزىلەرنىڭ تۇۋىگە ئېرىقتىن چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ قۇيدى. گۈلى شۇنچىلىك قاتتىق ئىشلىدىكى، تەرلەپ-پىشىپ سۇ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ تەر بىلەن ئىچىدىكى دەرت-ئەلەملەر چىقىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، خېلە يېنىكلىشىپ قالدى.

چۆگۈننى كۆتىرىپ باققا چىققان چوڭنامۇ گۈلىنىڭ جان-جىگەرى بىلەن ئىشقا بېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ خوشال بولدى. موماي چاي قاينىتىپ ئەتكىچە، گۈلى كالىسىنى سېغىپ، پادىغا ھايداپ، توخۇلارغا دان چېچىپ، ئېغىلنى تازىلاپ، تېزەك يېقىپ ئۇلگەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەممىسى دەقەمدە ئەتىگەنلىك چايغا ئولتاردى.

— بۇگۇن تاڭ ئاتمايلا تۇردۇڭمۇ، قىزىم؟ باغدىكى شۇنچە ئىشنى قىلىپ ئۇلگىرىپسەن، — دېدى چوڭنام.

گۈلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلەر ئىچىدە ئورۇقلاپ قارايغان، قورۇقلار تېخىمۇ كۆپەيگەن ئۇزىدىن، كۆزلىرىدىن دەرت-ھەسرىتى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ سەۋىرلىك بىلەن:

تۇغفۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



– ھە، ئۇيقۇم ئېچىلىپ، باققا چىقسام، شۇنچە ئىش ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئېتىزغا كەتكىچە بىر ئاز ئىشلەۋالدىم. – سېلىمەم، قىزىم، سانىيەم ئىككىڭلار باغدىكى ئىككى كەيزە پىيازنى ئوتاۋېتىڭلار، خويما تەكشى ئۈنۈپتۇ، لېكىن چۆپ ئارىسىدىلا قاپتۇ. ئاۋايلاپ ئوتاڭلار، پىيازلارنى دەسسەۋەتمەڭلار، ماقۇلمۇ؟ – دېدى.

– ماقۇل، ئاپا، راستلا بىزگە ھوسما، خىنا تەردىڭمۇ؟

– ھە–ئە، پىياز تەرگەن تاختىنىڭ بىر قىرىغا ھوسما تېرىپ قويدۇم. خىنىنى ھويلىدىكى ئېرىقنىڭ قىرىغا تېرىۋېدىم، ئۇمۇ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. گۈللەرنىمۇ ئوتاۋېتىڭلار، چۆپنى بايقاپ ژۇلۇڭلار، يەنە گۈللەرنى ژۇلۇۋەتمەڭلار. يادىڭلار، سەن كوچىغا چىقىپ كەتمە ھويلىدا ئوينا.

– ئاپا، مەن خوشنىمىزنىڭ بالىسى ئارۇپ بىلەن ئوينايمەن.

چوڭنام چىنىنى ئاخىرغىچە سۈمۈرۈۋېتىپ، ئالدىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى چىنىسىگە سېرىپ چۆشەردىدە، دۇئا قىلىش ئۈچۈن قول كۆتەردى. قالغانلارمۇ موماي بىلەن تەڭلا قول كۆتىرىشتى. كوچىدىن ئىشقا ماڭغان ئاياللارنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، گۈلى ئورنىدىن تۇردى:

– موماڭلارنى قاخشاتماي، ئەدەپلىك باللاردىن بولۇڭلار، – چوڭنامنىڭ تەييارلاپ قويغان چۆشلۈك غىزاسىنى ياغلىققا چىگىپ، كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

قىز–جۇگانلارنىڭ ئۈچىسىدا ياماق كۆينەك، يېگۈدەك تۈزەك تامىغى يوق بولسىمۇ، ئۇلار ئېتىزغا كەلگەندە، ھېچ نەرسە بىلىندۈرمەي، ھەممىنى ئۇنتۇپ، بىر–بىرىگە چاق–چاق قىلىشىپ، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزلىرى كۆتىرىپ ئىشلەتتى.

بۈگۈنمۇ بۇغدايلىققا قويۇلۇۋاتقان سۇنى تەڭشەپ قويۇپ، چۆشلۈك چاي ئىچىش ئۈچۈن ھەممىسى بىر يەرگە ژىغىلىپ ئولتىرىپ قىزغىن پاراڭغا چۆشكەندە، مىرۋانەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىپ بارغان شاۋدۇننى كۆرۈپ:

– ھەي، باشلىق، چايغا كېلىڭ، – دەپ تەكلىپ قىلدى.

– رەخمەت، سىلەر چاي ئىچىپ، بىر ئاز دەم ئېلىڭلار، لېكىن سۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەلە تەرەپكە بۇراپ كېتىپ قالدى.

– شاۋدۇن بىچارە جۇدەپ، قېرىپلا كېتىپتاي، – دېدى ئادالەت ئۇنىڭ كەينىدىن ئىچى ئاغرىغاندەك قاراپ.

ئادالەت ئورتا بويلۇق، ئاق ئۇزلۇك، قاش-كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئىتى چىلك ئايال بولۇپ، ئۇ بىللە ئىشلەۋاتقانلاردىن بىر ئاز چوڭ ئۇچۇنمۇ ياكى ئۇلارغا غەمخورچى بولغاچقىمۇ، ئەيتەۋىر، ئۇنى ھەممىسى ھۆرمەت قىلاتتى.

زەينەپ:

- لايىق تېپىپ ئۆيلەپ قوي، - دەپ كۈلدى.

- شۇنداق ژۇرسە، ئۇنىڭغا كىممۇ تېگەر، - دېدى ئاياللارنىڭ بىرى.

- ۋاي، تووۋا، ئۇنىڭ خوتۇنى يوق ئۇچۇن شۇنداق شۇمشەرەپ كەتتىدە، ئەگەر ياخشى ئايالغا ئۆيلەنسە، ژۇيۇپ-تاراپ كىيىندۇرسە، بىر ئۇبدانلا ژىگىت، - دەپ ماختاپ باشمالتىغىنى كۆرسەتتى ئادالەت.

- زورەم ئۆلۈپ كەتكىنى قانچە ژىل بولدى. ئىككى بالا بىلەن بويداق قالدى، ھېلىما زورەمنىڭ قېرى ئانىسىنىڭ بارى، بولمىسا قانداق قىلاتتېكىن، - دېدى مەرىيەم.

- سائادەتكە ئەلچى بولۇپ ئېلىپ بېرەيمىكىن. - سائادەتكە قارىدى ئادالەت. ئادالەتنىڭ سۆزىدىن سائادەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتىدە، يېنىدا ئولتارغان گۈلنىڭ كەينىگە ئۆتۇۋالدى.

- ۋاي، نېمانچە چەكچەرەپ كەتتىڭ، شاۋدۇن ساڭا ياقامدۇ نېمە؟

- ياقمايدۇ. ئەر كىرەك بولسا، ئۆزەم تېپىۋالىمەن، - دېدى سائادەت رەنجىگەن ئەلپازدا ۋە بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. - بىز سېغىز چىقىرىپ كېلىمىز.

- ۋاي-ۋۇي، بۇنىڭ سۆزىنى قاراڭلار تېخى، دەپ چىنىدىكى چېيىنى سۈمۈرۈۋېتىپ، ئادالەتنىڭ كۆزى ئۇددۇلىدا ئولتارغان گۈلگە چۈشتى.

گۈلنىڭ ھەم ئويچان، ھەم سۇرلۇك چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشتىن ھەممىسى ئەيمىنەتتى. ئادالەتنىڭ ئۆزىگە بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىغىنى سەزدىمۇ، گۈلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- سىلەر چاي ئىچىپ تۇرۇڭلار، مەن تۇغانلارنى بىر قۇر قاراپ كېلەي، - دېگەن بانە بىلەن يوغان، ئېغىر كەتمىنىنى مۇرىسىگە سېلىپ، غول ئېرىقنى ياقىلاپ كەتتى.

مېرۋانەممۇ دوستىنىڭ ئارقىسىدىنلا تۇرۇپ ماڭدى. ئىككىسى تۇغاندىكى سۇنى يۆتكەپ، ئۆيگە ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن قۇرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شاخ ئۇتۇنلارنى ژىغىپ، يوغان ئىككى باغ قىلىپ باغلاپ قويدى. قىشنىڭ غېمىنى يەپ ژۈرگەن گۈلىنىڭبۇ كۆڭلىدىكى ئىشى ئىدى. كەچقۇرۇنلۇغى ئۇ ئىتىزدىن يوغان بىر باغ ئۇتۇننى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئۆيگە كەلسە، تاجىگۈلنىڭ دادىسى مۆمۈن بوۋاي بىلەن ئاپىسى پاتەم موماي ئولتىرىپتۇ. تېچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، بوۋاي سۆز باشلىدى.

- قىزىم، بىز بىخەۋەر بولۇپ قاپتىمىز، بۈگۈن تاجىگۈلدىن ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭىزنى سورىغاچ، تايىرجانغا ئاتاپ بىر قۇرئان ئوقۇپ قويايلى دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق.

- تەغدىرگە تەن بەرمەي ئامالىمىز يوقكەن، قىزىم، سەۋرىلىك بولۇڭ. تايىرجان قايتىپ كېلىپ سىلەرگە ئىگە بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى، لېكىن قانداق قىلىمىز، رىسقىسى شۇنچىلىك ئىكەن، ئەندى سىز ئامان بولۇڭ، قىزىم. تايىرجاننىڭ ئىزىنى بېسىپ، چىرىغىنى ياندۇرىدىغان باللىرىڭىز ئامان بولسۇن، - دېدى پاتەم موماي كۆزىدىكى ياشلىرىنى ئېتىپ.

مۆمۈن بوۋاي قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تايىرغا ئاتاپ ئۇزاق دۇئا قىلىشتى. چوڭنام بىلەن گۈلى رەخمەت ئېيتىپ، ئۇ ياق-بۇ ياقتىن گەپ قىلىشىپ ئولتارغاندا، سېلىمەم جوزا قويۇپ، دەستىخان سالدى.

- مەن ئادىمەتچىلىگىمنى قويىۇۋېتەي، - دەپ پاتەم موماي ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر تاۋاق ژۇتا، تۆرت توغاچ، ئىككى بولاق چاي، گۈلىگە بىر كىيىملىك رەخت ۋە چوڭنامغا دەپ بىر ئاق داكا ياغلىقنى رەتلەپ جوزىغا قويدى. - ھەجەرخان، گۈلى، ئاز بولسىمۇ، كۆپكە تاۋاپ قىلارسىلەر. بىز ۋاقتىدا كېلەلمەپتىمىز، خاپا بولماڭلار.

چوڭنام بىلەن گۈلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رەخمەت ئېيتتى.

- نېمانچىلا جوۋاپ ژۈرىدىلا، پاتەمخان، شەدىن-شەگە بىزگە كۆڭۈل ئېيتىپ چىققىنىڭلارغا بىز رازى، بېكار ئاۋارە بوپتىلا، - دېدى چوڭنام.

گۈلى بىلەن تاجىگۈل قازان بېشىغا چىقىپ، چوڭنامنىڭ تۆرت-بەش تال تۇخۇمىنى قورۇپلا، پوچاق كاۋا ئۇرۇقلىرىنى سېلىپ، ئۈگۈر كېسىپ ئەتكەن، ئاشكۆكى، پىدىنە كۆكىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماقنى يېرىپ تۇرغان سۇيۇق ئېشىنى چىنىلەرگە قۇيۇپ ئېلىپ

كىرىشتى. ئاڭغىچە مايسىمەممۇ كىرىپ كەلدى. گۈلى ھەدىسىنىڭ يالغۇز كىرگىنىنى كۆرۈپ:

– قۇرۋان ئاكام كىرمەپتۇغۇ؟ – دەپ سورىدى.

– ئۇ كىشى ئىشتىن كېلىپ كەچكى غىزاسىنى ئىچىپلا، يەنە ئېتىزغا كەتتى. بۈگۈن تاڭ ئاتقىچە يەر ھايدايمىز دېدۇ.

ئۇلار ئۆتمۈشنىڭ پاراڭلىرى بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر ئولتىرىپ ئاچ ئىچىشتى. پاتەم موماي بىلەن چوڭنام ئاتا-ئانىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى سورۇشتۇرۇۋېدى، بىر-بىرىگە تۇققان بولۇپ چىقتى. ئىسسىق ئاشتىن بۇژژىدە تەرلىگەن مۆمىن بوۋاي، پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى ئاپپاق قول ياغلىغى بىلەن سۈرتىدە، تايىرنىڭ ۋاپاتى توغرىلىق گەپ قىلىپ كېلىپ:

– مەن يەتمىش ياشلىق ئۆمرۈمدە ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ كۆردۈم. مېنىڭچە، بۇ تەقىپلەشتىن چەتتە قالغان بىرمۇ ژۈت يوق. مېنىڭمۇ بىر تۇققان ئاكام ئەكۋەر ئىمام بىگۇنا گۇناھكار ئاتىلىپ تۇتۇلۇپ كەتكەن. ئۇ ئۆمرىدە دىنغا ئېتىقات قىلىشتىن باشقا نەرسە بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئەمەس ئىدى، مەدرىسىدە ئىسلامدىن دەرىسمۇ بېرەتتى. 1937-ژىلى بىر كېچىسىلا «سەن كېڭەش ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىق ژۈرگۈزگەن ئادەم» دەپ، 75 ياشقا كىرگەن، ئاپپاق ساقاللىق بوۋاينى تۇتۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. سوراش-قىيناشلاردىن كېيىن «خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ سوتلاندىدە، ژىراق سىبىردىكى تۈرمىلەرنىڭ بىرىگە ھايدالدى. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپلا ۋاپات بولدى دېگەن خەۋىرى ئالدۇق. يېشىغا يېتىپ قالغان بىچارە ئاكام ئۇ يەرلەرنىڭ شارائىتىغا، ئىغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولسا كېرەك. بۇ جۇدالىق ئاكامنىڭ بالا-جاقىسى بىلەن بىزگە تولىمۇ ئىغىر كەلدى، – دەپ قېرىندىشىنى ئەسلەپ، كۆزلىرىدە پاقىراپ تۇرۇپ قالغان ياش تامچىلىرىنى بىلىندۈرمەي ئەتتى.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ كۆڭلى بوشاپ قالغان ھەجەر چوڭنامۇ ئۆزىنىڭ يولدىشى مەھەممەت ئاكىنى ئەسلەپ، كۆز ياش قىلدى.

– بۇ باشلاردىن نېمىلەر ئۆتمىدى دېسىلە، ھېلىما ئادەم بالىسى چىداشلىق قىلىدىكەن. تايىر بالامۇ ماڭا يات ئەمەس، مەھەممەتنىڭ بىر تۇققان سىڭلىسىنىڭ بالىسى. ئەندى مەن قېرىغاندا گۈلىنىڭ قولىغا كېلىپ، نەۋرىلىرىمگە قاراپ ئولتىرىمەن. بۇ كۈنلەرگىمۇ شۈكرى.

– تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، ھەجەرخان، بىر-بىرىڭلارغا ھەمرا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر چىنە چاينى مۇگدىشىپ ئولتىرىپ ئىچكەنگە نىمە يەتسۇن. مانا تاجىگۇل ئىپتىزغا چىقىپ ئىشلىمەك تۇگۇل، ماغدىرسىزلىقتىن ئىككى بالىسىغىمۇ قارالماي قاپتۇ. بىز بوۋاي ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى بالىلىرى بىلەن ياركەنتكە ئېلىپ كېتىپ، ئۇيدە بىر ئاز داۋالاپ كۆرەيلى دېدۇق. خۇدا خالاپ، ئەسقەرجان ئامان-ئېسەن ژۇتقا قايتسا، كېلىپ ئۇيىنى تۇتار. گۈلى قىزىم، «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپ، ئۇچ ژىل چەت ژۇتلاردا قىزىمغا قېرىنداش بولۇپ، غەمخورلۇق قىلغىنىڭىزنى ھېچ قاچان ئۇنتىمايمىز. بالىلىرىڭىزنىڭ قىزىغىنى كۆرۈڭ، قىزىم.

پاتەم موماينىڭ قورۇق باسقان ئۇزلىرىنى ژۇيۇپ ئېقىۋاتقان ئاچچىق ياشلارغا يالغۇز قىزىنىڭ ئەھۋالدىن تەشۋىشلىنىپ ئولتارغان ئانىنىڭ دەردى قوشۇلۇپ، مەڭىزلىرىنى كۆيدۇرگەندەك بولدى.

گۈلى تەخسىلەرگە پاتەم موماي ئېلىپ كەلگەن ژۇتانى سېلىپ كىرىپ، چىنىلەرگە ئەتكەن چاينى قۇيدى. ئۇلار ئالدىرىماي يەنە ئۇزاق ئولتىرىپ، ئىچىدىكى دەرت-ئەلەملىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىپ، خىيلە يېنىكلەپ قالدى. مېھمانلار دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، تاجىگۇل گۈلىنى قاتتىق قۇچاغلىدى.

– ھەدە، ئامان بولۇڭ، ئەندى كۆرۈشىمىزمۇ، يوقمۇ، خۇدا بىلىدۇ، سىزگە كۆپ رەخمەت.

ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، تېخىمۇ ئورۇقلاپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. ھېلىدىن-ھېلى يۆتىلىپ، تىنىنى تەر بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈپ بارغان كۆزلىرىدىكى پاقىرىغان ياشلارنى كۆرگەن گۈلى:

– تاجىگۇل، ژىغلىماڭ ئۇكام، ياخشى بولۇپ كېتىسىز. بالىلىرىم ئۈچۈن ياشايمەن دەپ ياشاڭ، – دېدى كۆڭلىنى ياساپ.

ھەقىقەتەنمۇ، تاجىگۇلنىڭ كۆزلىرى ئۆچەي دەپ قالغان گۆنسىز چىراقنى ئەسلىتەتتى. ئۇچ ژىل بىللە ياشاپ، بىر-بىرىگە ئىچەكىشىپ كەتكەن ئىككى ئاجىز، خۇددى يېنىپ كۆرۈشمەيدىغىنىنى تۇيغاندەك، ژىغلىشىپ خوشلاشتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تاجىگۇلنىڭ ۋاپاتى توغرىلىق شۇم خەۋەر كەلدى. گۈلى بىر تۇققان قېرىندىشىدىن ئايرىلغاندەك: «نىمە دېگەن ۋاپاسىز دۇنيا بۇ. ئۆلۈم ياش-قېرىغا باقمايدۇ دەيدۇ. بىراق تاجىگۇلنىڭ ياپ-ياش تۇرۇپ ساقايماس كېسەلگە دۇچار بولۇشىغا كىم ئەيىپلىك؟

قېرى ئاتا-ئانىسىنىڭ زارىغا، بالىلىرىنىڭ كىچىك ژىتىم قېلىشىغا كىم ئەيىپلىك؟ ئەندى بالىلىرىنىڭ تەغدىرى نېمە بولماق؟» - دەپ ئۆزىگە-ئۆزى سوئال بەرسىدە، جاۋاپ تاپالماي ژىغلاۋەتتى...

***

- توختىماي سۆزلەپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويمىغاندىمەن، - رۇسقا قارىدى مېھرىبان.

- ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. ئەكسىنچە، سىزنىڭ كىتاۋىڭىزنى قەھرىمانلىرى مېنى ئۆزلىرىگە رام قىلىۋالدىمۇ نېمە؟..

مەن ئۇلارنىڭ تەغدىرلىرى قانداق بولىدىغانلىغىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىمەن.

- بىز، كېڭەش دەۋرىدە ئوقۇپ، تەربىيە ئالغانلار، مەيدىسىگە ئوردېن-مېداللارنى تاقىغان ئادەملەرگە ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلىمىزدە تېچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، غالىبىيەتكە يېتىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدا قان كېچىپ كۈرەش قىلغانلىغىنى ياخشى بىلىمىز. لېكىن مەيدىسىگە ئوردېن تاقىمىسىمۇ، ھەممە غالىبىيەت ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ ئېغىر ژىللىرى ئېتىز-ئېرىقتا يېتىپ-قونۇپ، تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ ژۈرۈپ ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، ئاجىز يەلكىسىگە يوغان قاپلارغا قاچىلانغان بۇغداينىلا ئەمەس، دەۋرىنىڭ ئېغىر ژۈكىنى ئارتقان باتۇر ئانىلارنىڭ يېڭىش كۈنىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا قانچىلىك ھەسسە قوشقانلىغىنى ھەممىمىز بىلىۋەرمەيمىز. تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىگەن ئىش ھەققىگە كۈنىگە جان بېشىغا بىر قوشۇقتىن قوماچ ئالسىمۇ، ئارقا سەپنىڭ ھەددى-ھېساپسىز ئېغىرچىلىقلىرىنى سۇنماس ئىرادىسى بىلەن يەڭگەنلىگىگە ھازىر ھەيران بولىمىز. ئۇلارنىڭ تارتقانلىرىنى گەپ قىلساق، ھازىرقى ياشلار ئۈچۈن خۇددى رىۋايەتكە ئايلىنىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ سالغان يارىسى ئۇلارنىڭ ژۈرەكلىرىگە ئورناپ كەتكەچكە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئېغىر ژىللاردىمۇ ئايلىق ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قانچە ئىشلەپ، قانچە تاپقىنىنىمۇ بىلمەي، ئەرلەرسىز بالىلىرىنى بېقىپ، ئۆيىنى تۇتۇپ، ئېغىر ئىشلاردا ئىشلەپ سالامەتلىگىدىن ئايرىلغان شۇ ئانىلار، بارى-يوقى ئون ئىككى سوم پېنسىيا ئالىدىغان. شۇندىمۇ بېغىدىكى كۆكتاتلىرىنى سېتىپ، ئاز-تولا گۆش، ماي ئالسا، توخۇلىرىنىڭ تۇخۇمنى دۇكانغا ئۆتكۈزۈپ، چاي-تۇز، سوۋۇن، تاتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئېلىپ، بارىغا شۈكرى قىلاتتى. ئۇلار دايىملا: «خۇدايىم، موشۇنىڭغىمۇ شۈكرى، بىز نېمىلەرنى كۆرمىدۇق. باللىلارنىڭ تەلىيىگە ژۇت ئامان بولۇپ، ئۇرۇش بولمىسۇن!» - دەپ تەكرارلاتتى. ئارقا سەپتە جاسارەت كۆرسەتكەن شۇ مىللىونلىغان دەۋىر قەھرىمانلىرىنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ ئاياللىرىمۇ بولۇپ، ئۇرۇش ئۇلارغىمۇ پۈتمەس-تۈگىمەس دەرت-ھەسرەت ئېلىپ كەلگەن ئېدى.

- كېيىنكى ئاياللىرىنىڭ ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ژىللىرى كۆرسەتكەن جاسارىتى توغرىلىق كىنولاردىن كۆرگەنمەن، ئەندى سىزدىن ئاڭلاي، - دېدى رۇس.

# كۆڭۈلسىز خەۋەر



بۇ ژىلى ئاشلىق تولىمۇ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلدى. ساپ-سېرىق بۇغدايزارلىق ئاستا چىققان شامالدا، خۇددى دولقۇندەك، چايقىلىپ تۇراتتى. دېخانلار ئەتىيازدىن بېرى تۆككەن تەرنىڭ ھوسۇلىنى ئىسراپسىز ژىغىۋېلىش ئۈچۈن ئومىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. يېزا ياشلىرى مالغا قىشلىق ئوزۇق تەييارلاشنىڭ غېمىدا چۆپ چېپىش ئىشلىرى بىلەن بەنت. ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا، بۈگۈنمۇ سەھەرنىڭ سالقىنىدا ياشلار بېدە ئورۇپ، توشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى بىلەن ياڭراق ناخشىلىرىنىڭ ساداسىنى مەيىن شامال ژىراق-ژىراقلارغا ئېلىپ ئۇچاتتى. يېزىدىكى خاتىرجەم ھاياتتىن ئادەملەرنىڭ ۋاقتى خۇش ئىدى.

ياز كۈنى ئۆيدىمۇ ئىش يېتىپ تۇرىدۇ. باغدىكى ئالما-ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ، كۆكتاتلارمۇ يېتىلگەن. گۈلى ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئېتىزدا بولغاچقا، سىلىمەم بىلەن سانىيەم پىشىپ كەتكەن پومىدورلارنى قاق سالىدۇ. يادىكار ئالما-ئۆرۈكلەرنى ژىغىپ چىقىدۇ، ئەيتەۋىر، ھەممىسىگە ئىش يېتىدۇ. چوڭنامىمۇ تىنچ ئولتارماي، باغدىكى ئاش كۆكى، پىدىنە كۆكلىرىنى ئورۇپ، ژۇيۇپ، ھويلىغا دەستىخان سېلىپ يېيىپ قۇرۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– موما، ئالما-ئۆرۈك قاقلىرىنى ئۆگۈزگە يېيىپ قويايلىچۇ؟

– ياق، قوزىلىرىم، ئەتىيازدا يامغۇر تولا ياققاچقا، ئۆگۈزدە تامچا ئۆتۈپ، مېنى خېلىلا بىئارام قىلغان. سىلەر ئۆگۈزگە چىقساڭلار، ئويۇلۇپ تېخىمۇ تامچا ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ.

دېمىسىمۇ ئۈچ ژىل كۈتۈمسىز قالغان ئۆينىڭ ئۇ-بۇ يېرىنى جۆندەش كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئەتە-ئۆگۈن ئوما باشلىنىدۇ دېگەندە، گۈلى كۈننىڭ ئىسسىغىنى پايدىلىنىپ، ئۆينىڭ ئۆگۈزىگە لاي سالماق بولۇپ، برىگادىردىن ئىككى كۈنگە رۇخسەت سوراۋالدى. ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىنى ئويۇپ، سامانلىق لاي ئەتتى. ھەدىسىنىڭ ئوغلى تۇرغاننى ياردەمگە چاقىرىپ، ئىككىسى بىر كۈندە ئۆگۈزنى ياخشىلاپ سۇگاپ چىقتى.

ئەندى كەچ كۈزگىچىلا ئېتىزدا ژۈرۈپ ۋاقتى بولمايدىغانلىغىنى ياخشى بىلگەچكە، ئەتىسى ئەتىگەندە بېغىدا پىشىپ كەتكەن كۆكتاتلىرىنى ژىغىپ، ئېشەك-ھارۋۇغا بېسىپ، بازارغا كەتتى. تاپقان ئاخچىسىغا كېرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈك، قىزلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىش ئۈچۈن كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش قۇراللىرىنى ئېلىپ چىقتى. چوڭنىم ئىككى قىزغا جىلتا تىكىپ بەردى. مەكتەپ باشلىنىشىغا خېلە ۋاقىت بار بولسىمۇ، توققۇز ياشتىكى سېلىمەم بىلەن يەتتە ياشلىق سانىيەم بۇ ژىلى مەكتەپكە بارىمىز دەپ ئىنتايىن خوشال ئىدى. گۈلى ئىككى كۈندە ئۆينىڭ خېلە ئىشلىرىنى تۈگەتتى.

ئەتىسى ھەممە كولخوزچىلار ياشلارغا چۆپ تەييارلاشقا ياردەمگە چىقتى. كۈننىڭ ئىسسىغىدا بېدىنى ژىغىپ قۇرۇتۇپ ئېلىشقا ئالدىراتتى. ئىش راسا قايىنىغان چاغدا ئوت چېپىشقا رەئىس كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قېشىدا ناھىيەدىن پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان ۋەكىل بار ئىدى. رەئىسنىڭ چىرايى ئۆمىسلا، كولخوزچىلار بىلەن ئارانلا تېچلىق سوراشتى. ئۇ ھەممىسىنى بىر يەرگە ژىغىپ، تەكشى قاراپ چىقتىدە، تەشۋىشلىك ئۈن بىلەن:

– قەدىرلىك ژۇتداشلار، ئۇرۇش باشلاندى، – دېدىدە، شۈك بولۇپ قالدى.

ھېچ نېمە چۈشەنمىگەن كولخوزچىلار ئاڭ-تاڭ بولۇپ بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

– بۈگۈن، 22-ئىيۇن كۈنى، تاڭ سەھەردە نېمىس-فاشىست باسقۇنچىلىرى ۋەتىنىمىزگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپتۇ. رادىودىن

دۈشمەنگە قارشى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ باشلانغانلىقى توغرىلىق خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، ھازىر بارلىق جايلاردا ژىغىن بولۇۋاتىدۇ، ـ دېدى رەئىس غەمكىن كۆزلىرىنى ژىراقلارغا تىكىپ.

سۆزنى ناھىيەدىن چىققان ۋەكىل ئېلىپ:

ـ يولداشلار! ـ دە مۇراجىەت قىلدى ئەتراپىدا ئۆزىنى تىڭشاۋاتقان ئانىلار بىلەن ئاتىلارغا، ژىگىتلەر بىلەن قىزلارغا قاراپ. ـ بۈگۈن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھىيە ھاكىمىيىتىدە بولغان ژىغىندىن كېيىن، ھەممىمىزنى كولخوزلارغا ئەۋەتتى. قەدىرلىك يولداشلار، ئەتىدىن باشلاپ ئەرلەرگە ھەربىي كومىسسارىئاتتىن چاقىرىش قەغىزى چىقىدۇ، تەييار بولۇپ

تۇرۇڭلار. ئانىلار، ئاياللار ۋە باللار! ئەندى ئېتىز ئىشلىرى سىلەرگە قالىدىغان بولدى، غەيرەتلىك بولۇڭلار.

كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا بىردىنلا قانداقتۇ قورقۇنۇچ پەيدا بولۇپ، ئانىلارنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ھەممىسىدە كەلگەن بۇ دەھشەت-بالانى قانداق توختىتىش مۈمكىن دېگەن بىرلا ئوي.

ـ يولداشلار! ـ دەپ سۆز باشلىدى قۇرۋان ئاكا. ـ ئۇرۇش دېگەن سۆز ھازىر ھەممىمىزنىڭ ژۈرەكلىرىنى موجۇپ، ئۆزىمىز ئاڭ-تاڭ بولۇپ قالدۇق. ھەر بىرىمىزگە چاقىرىش قەغەز چىققىچە، ئەتىدىن باشلاپ ئومنى ئورۇپ ئالمىساق، نۇرغۇن بۇغدايدىن ئايرىلىمىز. دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ئىلگەركىدىنمۇ ياخشى ئىشلەپ داننى ژىغىۋالايلى، بۇ بىزنىڭ غالىبىيەت ئۈچۈن قوشقان ئۈلۈشىمىز بولسۇن.

رەئىس بىلەن ناھىيەدىن چىققان ۋەكىل ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى. ياشلار: «بىز چاقىرىش قەغەزنى كۈتمەي، ئۆزىمىز ھەربىي كومىسسارىئاتقا بېرىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئۈچۈن ئەرىزە يازىمىز»، ـ دېيىشتى. ئېتىزدىكىلەرنىڭ بارلىغى ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆيلىرىگە قايتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ژۇتنىڭ خاتىرجەملىگى بۇزۇلۇپ، بارلىق جايدا ئىش-شارائىت ئۆزگەردى. ھەر بىر ئائىلىنى ژىغا-زېرىگە بۆلەپ، ئاتىلار، ژىگىتلەر كەينى-كەينىدىن فرونتقا ئاتلاندى. يېزىمىزدىكى جېلىل، ئادىل، قۇدرەت، ئارۇپ، مەھەممەت ۋە باشقىمۇ ئوندىن ئوشۇق ژىگىتلەر بىرىنچى بولۇپ فرونتقا ماڭدى.

«باشقا كەلسە باتۇر» دېگەندەك، بارا-بارا ئوغاق بىلەن بۇغداي ئورۇپ، باغ باغلاش ۋە ئېتىزدىكى باشقىمۇ ئىشلار ئانىلارغا، كىچىك باللار بىلەن قېرى-چۆرىلەرگە قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەندى ئارقا سەپتىكىلەردىن «ھەممىسى فرونت ئۈچۈن، غالىبىيەت ئۈچۈن» شىئارى ئاستىدا كېچە-كۈندۈز ئەمگەك ئېتىش تەلەپ قىلىندى. بۇ ئېغىر چاغلاردىمۇ گۈلى، مېرۋانەم، مەرىيەم، زەينەپخان، ئادالەت، روشەنگۈل، زورەم، سارەم، زۇنارەم، باھارەم، جەننەت، ئىززەت، زىلەيخان، ئىمەرەخان قاتارلىق ئانىلار تاڭ سەھەردىن تا كەچكىچە ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىشلەپ، كۆپچىلىككە ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇلار كولخوزنىڭ ئالدىنقى ئومچىلىرى ئاتىلىپ، بۇغداي ئورۇشتا ئىش نورمىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاتتى. كۈنىگە 10 سوتى ئورنىغا 14-13 سوتى يەرنىڭ ئاشلىغىنى ئوروپ باغلاتتى، كەچتە ئۆيگە كەلگەندە ھادۇق يېتىپ ژىقلاتتى. ئەلۋەتتە، ئانىلارنىڭ بۇ دەرت-ئەلەملەرگە چىدىماي كۆز ياش تۆككەن چاغلىرىمۇ بولدى. بىراق ئۇلار سەھەردە يەنە تۇرۇپ، سىقراپ ئاغرىۋاتقان پۇت-قوللىرىنى، بەللىرىنى ئۇگىلاپ تۇرۇپ، ھويلىسىنى سۈپىرىپ، كالا سېغىپ، تېزەك يېقىپ، بىر چىنە قۇرۇق چاي ئىچىپ، ئوغنىنى ئېلىپ يەنە ئېتىزلىققا ماڭاتتى. ئورۇش كىچىكلەرنى مەزگىلدىن بۇرۇن چوڭايتتى. ئۇلار ئورۇشنىڭ كاساپىتىدىن غەمسىز بالىلىغىنى ماساق تەرگەن ئېتىز-ئېرىقلاردا قالدۇرۇپ، جاپا-مەشەقەتكە تېگىشىشكە مەجبۇر بولدى. ئەتىيازدىن تا كۈزگىچە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان يېزا ئادەملىرى ئېتىزدا ئىدى.

قۇرۋان ئاكا بىلەن پەخىردىن ئاكا لوبوگرەيكىسى بىلەن ئاشلىق ئالاھىدە ئۈلگە كۆرسىتىپ، كۈنىگە 3 گېكتار ئورنىغا 5-4 گەكتار مەيدانىنىڭ ئاشلىغىنى ساپالىق ئورۇۋاتاتتى. بۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇلارغا تاڭ سەھەردىن تا ئەل ياتقىچە ئىشەشلىك توغرا كەلدى. تراكتورلىرىنىڭ ئۇ-بۇ يېرى بۇزۇلۇپ قالسا، ئۆزلىرى ياساپ، قارا مايغا مىلەنگەن پېتى يەنە ئىشقا كىرىشەتتى. موشۇنداق ئىشلىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئىسمى ناھىيەدىكى ئەڭ ئىلغار مېخانىزاتورلار قاتارىدا تىلغا ئېلىندى. قۇرۋان ئاكا يېزىمىزدىكى بۇغداينى ئوروپ بولۇپ، باشقا ئېگىلىكلەرگە ياردەمگە ئاتلىناتتى. ئوما مەزگىلىدە بۇ ئىككى ئىلغارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغانلار ئاز ئىدى.

قۇرۋان ئاكا ئۆزىنى فرونتقا چاقىرمىغىنىغا دەسلەپ چۆشەنمىدى. ئاغىنە-ئۆگىلىرىنىڭ ھەممىسى كېتىپ، ئۆزى يېزىدا ئايرىلىپ قالغاچقا، نومۇسلىنىپ بىر تۈرلۈك بولۇپ ژۈردى. بىر كۈنى تاماق ئىچىپ ئولتىرىپ:



تۇغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— پەخىردىنىنمۇ ئېلىپ كەتتى، مەن ئەتە ناھىيەلىك ھەربىي كومىسسارىئاتقا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرەي، نېمە ئۈچۈن بۇلار مېنى چاقىرتمايدۇ، — دېدى.

باياتىن گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەي دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتارغان تۇرسۇن ئاتا-ئانىسىغا، ئىنىسى-سىڭىللىرىغا بىر قاراپ چىقىپ:

— دادا، ئاپا، بۈگۈن ماڭا قەغەز چىقتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇشقا ماڭىمەن، — دېدى.


ئەشۇ پەيتتە مايسىمەمگە ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدىدە، كۆزىگە يېش ئېلىپ:

— ئانىلارنى قاخشاتقان قاغىش تەككۈر دۈشمەنلەر! داداڭ كەتسە، سەنمۇ كەتسەڭ، بالام، بىزنىڭ كۈنىمىز نېمە بولماق؟ سىلەر كەلگىچە، ژىغلاپ ژۈرۈپ بار جانمۇ، يوق جانمۇ؟ — دەپ كۆزىدىكى ياشلىرىنى ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

تۇرسۇن ئانىسىنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ:

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ژىغلىمىغىنا، مەيدانغا كېتىپ بارغان يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ؟ — دەپ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشتى...

# تەشنا يۈرەكلەر



تۇرسۇن 19 ياشتا بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، دادىسى ئوخشاش ئويچان، ئىشلەمچان، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئېدى. سائادەت ئىككىسى ياركەنتتىكى مۇئەللىملەر تەييارلايدىغان تېخنىكۇمدا ئوقۇپ يۈرگەندە، بىر-بىرىگە ئىشقى چۈشۈپ، ۋەدىلىشىپمۇ قويغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سائادەتنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولغان ئېدى. ئەندى مانا تويىنىڭ ئورنىغا ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئەتە كېتىمەن دېگەن كۈن قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىككى ياش ئاخىرقى قېتىم سائادەتنىڭ بېغىدا ئۇچراشتى. تېچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرىگە قادىلىپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. تۇرسۇن قىزنىڭ بېلىدىن مەككەم قۇچاغلاپ، لەۋلىرىدىن سۆيدى. ئىككىسى بىر-بىرىگە تويماي ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇزاق تۇردى. ئاشىقلارنىڭ پەرىشان دىلىنى چۈشىنىپ ھېسداشلىق بىلدۈرگەندەك، باغدا خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئۈنىمۇ باشقىچە مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى.

— بىلەمسىز، سائادەت، ھازىر بىز ئوخشاش قانچە ياشلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيگىنى بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ.

– قارغىش تەككۈر ئۇرۇش، ژۈرەكلىرىمىزنى ئېزىپ، ئارمانلىرىمىزنى كۆككە ئۇچۇرىۋەتتى.
– بەلكىم، بۇمۇ ھاياتنىڭ بىر سىنىقىدۇ.
– تۇرسۇن، كۆڭلۈم ئەنسىرەپ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىۋاتقاندەك. ئەگەر سىز ئۇرۇشتا بىر نېمە بولسىڭىز، مەنمۇ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىمەن.
بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، سائادەتنىڭ ئۈنلىرى تىترەپ، كۆزلىرىگە ژىغا ياماشتى.
– ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، سائادەت. بىز ۋەتەننى ئازات قىلىپ، غالىبىيەت بىلەن قايتىمىز. كەلگەندە پۈتكۈل ژۇتنى چاقىرىپ توي ياسايمىز، ئىككىمىز ئۆمۈر بويى ئايرىلمايمىز، – دەپ قىزنى قاتتىق قۇچاغلاپ باغرىغا باستى.
ئاغزىڭىزغا ماي، تىلىگىڭىز ئىجاۋەت بولسۇن!
– مەن كەلگىچە ئوقۇشىڭىزنى تاماملاپ، مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيسىزدە.
– خۇدا خالىسا، لېكىن بۇ ئۇرۇش بىزنىڭ ئوقۇشىمىزغا دەخىل يەتكۈزىدۇ دەڭا.
– ئۇرۇش تۈگەپ، ئىككىمى مۇئەللىملىك ئوقۇشىمىزنى پۈتىرىپ، ئۆمرۈمىزنى ياش ئەۋلادلارنى ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەشكە بېغىشلايمىز.
– ئەگەر ھەممىسى سىز ئېيتقاندەك بولسا، – دېدى سائادەت مۇڭلىنىپ.
ئۇنىڭ ژىغدىن قىزارغان كۆزلىرىدە يەنە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.
– جۇرۇڭ، يېزىمىزنىڭ كوچىلىرىنى بىر ئايلىنىپ، خوشلىشىپ كېلەيلى.
تۇرسۇن قىزنىڭ چاچلىرىنى سىيپاپ، كۆزلىرىگە تويماي باقاتتى. ئىككى ئاشىق يېزا كوچىلىرىنى ئارىلاپ، كېلەچەك ھەققىدە ئۇزاق پاراڭلىشىپ، قايتىپ يەنە سائادەتنىڭ بېغىغا كەلدى. قىز ئالدىن–ئالا ئالمىنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويغان خالتىنى ئېلىپ، ئىچىدىن ياغلىققا ئورالغان توغاچنى ئالدىدە، ژىگىتكە:
– بۇ توغاچتىن بىر چىشلەپ يەڭ، قالغىنىنى سىز كەلگىچە ساقلايمەن، – دەپ ئىلتىماس قىلدى.
تۇرسۇن سۆيگىنىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

‐ كېلىنلىق، ئىككىلەن بىر‐بىر چىشلەمدىن يەيلى، قالغىنىنى مەن كەلگەندە، موشۇ باغدا، موشۇنداق بىر ئايدىڭ كېچىدە يەيمىز، كېلىشتۇقمۇ.

چىرايلىق ئايدىڭ كېچىدە ئىككىسى توغاچنى بىر چىشلەمدىن يەپ، ئاندىن قىز توغاچنى قايتىدىن ياغلىققا ئوراپ خالتىغا سالدىدە، ئالما شېخىغا ئېسىپ قويدى. موشۇ چاغدا، خۇددى ئىككى ئاشىقنىڭ بىر‐بىرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە گۇۋاچى بولغاندەك، تولۇن ئاي ئاسماندا سۈزۈلۈپ ئۈزۈپ بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى. ئالما تۈۋىدە پاراڭلىشىپ ئولتىرىپ سائادەت يانچۇقىدىن كەشتە بېسىلغان ئاق قول ياغلىقنى ئېلىپ ژىگىتكە سۇندى. تۇرسۇن قول ياغلىقنى ئېچىۋېدى، رەڭمۇرەڭ ژىپلار بىلەن گۈللەر ئارىسىدىكى قۇشنىڭ قېشىغا يەنە بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان پەيتى كەشتە قىلىپ بېسىلىپتۇ.

‐ پاھ، بۇ نېمە دېگەن مەنالىق بېسىلغان كەشتە.

‐ گۈل ئارىسىدا سىزنى كۈتۈپ ئولتارغان مەن. سىزنىڭ ئۇرۇشتىن ئامان قايتىپ، موشۇ باققا كېلىپ قونۇشۇڭىزنى ئارزۇ قىلىپ باستىم.

‐ رەخمەت، بۇ ياغلىقنى دايىم ساقلايمەن، ‐ دەپ كوستيۇمنىڭ ئىچكى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى تۇرسۇن.

ئۇلار بىر‐بىرىنى قىيالماي، خوش دېيىشكە ئاغزى بارماي ئۇزاق ئولتارغان شۇ كېچىسى، قىز ژىگىتنىڭ مەيلىگە تولۇق بېرىلگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئەندى ئۇلار بىر‐بىرىگە قاراشقا ئۇيالغاندەك، كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي خېلە ۋاقىت جىم ئولتاردى. باياتىن بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان ئاي كۆلۈپ، «ھەي، بەختىلىك ئاشىقلار، ئەندى سىلەرنىڭ تەغدىرىڭلار نېمە بولماق؟» دېگەندەك، كۆكتە ئاستا ئۈزۈپ ژىراقلاپ باراتتى.

مانا سۈزۈلۈپ تاڭمۇ ئېتىپ، بۈك‐باراقسان باغ يېشىل رەڭگە بويىلىشقا باشلىدى. تۇرسۇن قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشىپ، كېلەچەك ئارزۇ‐ئارمانلىرى توغرىلىق سۆزلىسىمۇ، ژۈرىگى ئەنسىرەپ، ئىچىدە: «ھەي، خۇدا، موشۇ گۈزەل ژۇتۇمنى، ئاتا‐ئانا، قېرىنداشلىرىمنى، سۆيگەن يارىم سائادەتنى يېنىپ كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ؟ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە گۇۋا بولۇپ توختىماي سايراۋاتقان بۇبۇلنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلارمەنمۇ؟ ‐ دەتتى ژۈرىگى ژىغلاپ ئۇ باغدىكى ياڭزا‐ياڭزا ئېچىلغان گۈللەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر گۈلنى ئۈزۈپ، قىزنىڭ قولىغا قىسىپ، ئۇنىڭ ئالقىنىغا بېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىدىن سىماپتەك ئىككى تامچا ياش تۆكۈلۈپ سائادەتنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى. ھىجران ئوتىدا يۈرىگى ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان قىزمۇ يىغلىماقتا ئىدى. ئەتراپ بىر دەمدىلا يورۇشقا باشلىدى. تىلى سۆزگە كەلمەي قالغان تۇرسۇن قىزنى باغرىغا قاتتىق بېسىپ سۆيدى. سۆيگىنىگە تويماي تەلمۈرۈپ قارىغان سائادەت:

- ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ، ئامان قايتىپ كېلىڭ، - دەپ خوشلاشتىدە، ئارقىسىغا نەچچە قايرىلىپ، ئۆيىگە ماڭدى.

تۇرسۇن ئۆيگە كىرىشىگە، دادىسى ئالدىغا چىقىپ قالدى.

- ئەندى كەلدىڭما؟ بۈگۈن يولغا ماڭىسەن، يېتىپ ئۇخلاۋالساڭ بولمامدۇ.

- ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، - دېدى دادىسىدىن خىجالەت بولۇپ.

قۇرۋان ئاكا ئوغلىنى يېنىغا ئولتارغۇزۇپ:

- بالام، ئۇرۇش دېگەن كۆيۈۋاتقان ئوت، ئەشۇ ئوت ئىچىگە ۋەتەننى ئازات قىلىمەن دەپ كېتىپ بارىسەن. ئاتا-ئاناڭنىڭ، يۇتۇڭنىڭ ئابرويىنى ساقلا، دۈشمەنگە رەھىمسىز بول، غالىبىيەت بىلەن ئامان-ئېسەن يۇتقا كېلىشكە تىرىشىپ قىلسۇن. مەنمۇ بىر ئاز كۈندىن كېيىن مېڭىشىم مۇمكىن. سەن مېنىڭ تۇنجا ئوغلۇم، ئەگەر مەن قايتىپ كەلمىسەم، ئاپاڭ بىلەن ئۇكىلىرىڭ ساڭا ئامانەت، - دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئوغلىنى قاتتىق قۇچاغلىدى.

كېچىچە كىرپىك قاقماي چىققان ئانىمۇ ئاتا-بالىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىغىسىنى توختىتالمىدى.

شۇ كۈنى ئەتراپتىكى ھەممە يېزىلاردىن مەيدانغا چاقىرىلغان 18 ياشتىن 21 ياش ئارىلىقىدىكى شىرغۇراندەك يىگىتلەر ھەربىي كومىسسارىياتتا يىغىلىپ تىزىملانغاندىن كېيىن، ئارىلىغى 200 چاقىرىم كېلىدىغان سارىئۆزېك ستانسىيا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئۇرۇشقا ئاتلانغان ياش يىگىتلەرنى ئاتا-ئانىلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، يۇتداشلىرى يىغا-زېرە بىلەن تا ئۆسەككىچە ئۇزىتىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سائادەت ئوخشاش ياش قىز-جۇگانلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى يۈرەكلەرنى موجاتتى.

ئۇزىتىپ كەلگەنلەر يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن قارىسى يۈتكىچە قاراپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ پۇلاڭلىتىپ تۇردى. سائادەتمۇ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىغا ئېگە بولالماي، تۇرسۇن كەتكەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، تۇرسۇندىن ئاتا-ئانىسىغا ۋە سائادەتكە ئۈچ پارچە كىشىلىك خەت كەلدى. تۇرسۇن خېتىدە سارىئۆزەكتىن توۋار پويىزى بىلەن خاركوۋ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ يەردە تۆرت ئاي ئوقۇپ مەشىقلىنىپ، ئاندىن قولىغا مىلتىق تۇتۇپ جەڭگە كىرىدىغانلىقىنى توغرىلىق يازغان ئىدى.

سائادەتنىڭ «ئەگەر تۇرسۇن ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇ دۇنيادىن مەڭگۈگە خوشلىشىمەن» دېگەن ئويلىرىغا يەنە بىر غەم-قايغۇ قېتىلدى. چۈنكى تۇرسۇن كېتىپ، بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى سېزىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر دەرتكە پاتتى. كۈندىن-كۈنگە بويى ئېغىرلىشىپ، بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئاينىپ، ئۆزىنى بىر تۈرلۈك ھەس قىلىدىغان بولدى. ئەندى ئۇ ئۆزىنى كايىپ، شۇ كېچە بولغان ۋاقىەگە پۇشايمان يەتتى. چۈنكى تۇرسۇن قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، نىكا قىلىپ قويۇپ كەتسە، گەپ باشقا ئىدى. سائادەت ئاز كۈندە ھەممە نەرسە ئاشكارىرە بولۇپ، پۈتكۈل ژۇت ئالدىدا باش كۆتەرگۈسىز ئۇياتقا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قورقاتتى. ئۇ بىللە ژۈرگەن دوستلىرىدىن نەگە يوشۇرۇنۇشنى بىلمەي، خىجالەت بولاتتى. بۇرۇنقى خۇشخوي چاقچاقچى سائادەتنىڭ ئەندى غەمگە چۆكۈپ، ئېغىر-بېسىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن دوستلىرى: «ژىگىتىنى سېغىنىپ مۇڭلىنىپ ژۈرسە كېرەك. تۇرسۇن ئوينىغىلى ئەمەس، بەلكى ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشقىلى كەتتىغۇ»، - دەپ ئويلىشاتتى. ئۆزىنىڭ دەردىنى ھېچ كىمگە بىلىندۈرمەسكە تىرىشقان سائادەت، يازلىق تەتىلدە كۆپ بىلەن بىللە ئېتىزغا چىقىپ، ئوما ئورۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى.

ھەش-پەش دېگىچە كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. كۈن نۇرى بىر دەم قىزىتىپ، بىر دەم سوۋۇتۇپ تۇرغان ۋاقىت. ئۇرۇش يېزىدىن ژىراقتا بولۇۋاتقىنى بىلەن، ئارقا سەپتىكىلەرگىمۇ يېنىك بولغىنى يوق. جەڭچىلەرنىڭ غېمىنى ئويلىغان دېخانلار ئاشلىق ژىغىپ ئېلىشنىڭ كويىدا ئاۋارە بولۇپ، كېچە-كۈندۈز دېگىدەك ئېتىزدا. بىرلىرى ئوما ئوروۋاتسا، بىرلىرى شالدىن پايدىلىنىپ خاماندا بۇغداي سورۇۋاتقان، ئۇششاق باللار ئېتىزدا ماساق تېرىۋاتقان، ئاياللار خاماندىكى تازا بۇغداينى قاپلارغا قاچىلاپ، ئات-ھارۋىلارغا بېسىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يارىكەنتكە ئېلىپ مېڭىۋاتقان. ئىش قىلىپ يېزىدا ھېچ كىم بوش ئەمەس. قېرىلار: «بار نەرسىنى كۆپچىلىك بىلەن ژىغىشتۇرۇۋالماق ئوڭايغۇ،

ھەممىدىن يوقى يامان ئەمەسمۇ»، ـ دەپ ياشلارغا مەدەت بەرگەندەك بولاتتى. ئاخىرى ژىغلاپ ـ قاخشاپ ژۇرۇپ پىشقان ئاشلىقنى ئورۇپ، ئىسراپسىز ژىغىپ، بىر تال دانغىچە «ھەممىسى غالىبىيەت ئۈچۈن» دەپ ئۆتكەزدى. ئەتىيازدىن باشلاپ ئاشلىقنى تېرىپ ئۆسۈرۈپ، يازنىڭ قايناق ئاپتاپلىرىدا كۆيۈپ، مىڭ بىر جاپا ـ مەشەقەتلەر بىلەن ژىققان دېخانلار، قاغىش تەككۈر ئورۇشنىڭ كاساپىتى توپەيلى خاماندىن ئارا ـ گۈجەكلىرىنى مۇرىسىگە سېلىپ قۇرۇق قول قايتتى...

ئېتىز ئىشلىرى بىر ئاز سېلىككەچكە، يېزا خەلقى قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىشنىڭ غېمىنى يەپ، بېغىغا تەرگەن ـ تىككەن ئازدۇ ـ تولا كۆكتاتلىرىنى ژىغىپ، قۇرۇتۇپ ئامبارلىرىغا سېلىش، مال ـ ۋارىنىغا ئوت ـ چۆپنى تەييارلاش، قىشلىق ئوتۇن ـ ياغىچنى ژىغىش ئوخشاش ئىشلار بىلەن بەنت ئېدى. بۇ ژىلى كولخوزدىن ھېچ بىر ياردەم بولمايدىغانلىغىنى بىلگەچكە، ھەر كىم ئۆز تۇرمۇش ھەلەكچىلىگى بىلەن بولۇپ كېتىشتى. ئاچتىن ئۆلۈپ كەتمەس ئۈچۈن، ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن بار ئوزۇق ـ تۈلۈگىنى ئەتىيازغىچە يەتكۈزۈش كېرەكلىگىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بازاردا ئۇن قىممەتلەپ كەتتى. ھېلىما دېخانلار باغلىرىغا ئاز بولسىمۇ كۆمۈقوناق تېرىپ ژىغىۋالغىنى. ئادەملەر ئالدا كۈتۈۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ئويلاپ ئەندىشە قىلاتتى...

سائادەتنىڭ بېشىدا بولسا تامامەن باشقا قايغۇ. ئوقۇش باشلانغاندا، سائادەت تېخنىكۇمنىڭ ياتاقخانىسىدا تۇرۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئوقۇشتىن كېلىپلا، ياتاقتىن چىقماي دەرىس ئوقاتتى، ھېچ كىم بىلەن ئارىلاشماتتى. كېچىلىرى ئۇيقىسى قېچىپ، بېشىغا كەلمىگەن ئوي قالماتتى. تۇرسۇن ئېسىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭغا بىردىنلا ژىغا يامىشىپ: «ھەي، خۇدا، ئىش قىلىپ تۇرسۇن ئامان كەلسۇن»، ـ دەپ نالە قىلاتتى.

ئارىدىن خېلە ۋاقىت ئۆتۈپ، قوسىغىمۇ بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاخىرى تۇرسۇنغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھامىلدار ئېكەنلىگىنى بىلدۈردى. ئەندى سائادەت تۇرسۇننىڭ خېتىنى تاقەتسىز كۈتتى. چۈنكى دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۈچ بالا بىلەن قالغان ئانىسىنىڭ ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلمەتتى. ئانا بالىلىرىنىڭ چوڭى سائادەت بولغاچقا، قىزىنى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئىشلەپ ئۇكىلىرىنى باقىدۇ دەپ چوڭ ئۈمۈت ئارتاتتى. ئۇ ھەر دايىم: «قىزىم، ئوقۇشىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇگىتىپ، قولۇڭغا قەغەز ئېلىپ، ئاندىن تۇرمۇشقا ئابروي-ئىززىتىڭ بىلەن چىق، مېنى خەلىق ئالدىدا سۆز-چۆچەككە قالدۇرما»، - دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

«ئەھۋالىمنى ئانامغا قانداق ئېيتىمەن، ئۇ ئۆزى ئاغرىقچان، بۇ خاپىلىقلارنى كۆتىرەلەمدۇ» - دەپ ئويلاپ ژۇرگەندە، تۇرسۇندىن خەت كېلىدۇ. ئۇ خېتىدە: «ئۆيگە ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ خەت يېزىۋەتتىم. سىز قايغۇرماڭ، مېنىڭ ئاتا-ئانام ئاپىڭىزنىڭ ئالدىغا كىشى كىرگۈزۈپ، بالا تۇغۇلغاندا، سىزگە ۋە تۇغۇلغان بالىغا ئېگىدارچىلىق قىلىدۇ. بىز ھازىر قولۇمىزغا مىلتىق تۇتۇپ، جەڭگە ئاتلاندۇق»، - دەپ يېزىپتۇ. خېتىنىڭ ئىنتايىن قىسقىلىغىدىن، تۇرسۇننىڭ ئالدىراپ يازغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

تۇرسۇننىڭ ئۈچ بۆجەك خېتىنى شۇ كۈنى قۇرۋان ئاكىلارمۇ ئالىدۇ. تۇرغان ئاكىسىنىڭ خېتىنى ئاتا-ئانىسىغا ئوقۇپ بەرگەندە. قۇرۋان ئاكىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، قاپىغى تۈرۈلۈپ:

- مەن تۇرسۇن بالامدىن بۇ ئىشنى كۈتمىگەن. مېنىڭ قىلغان شۇنچە نەسىھىتىم ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەندى قايسى ئۈزىمىز بىلەن ئىمەراخاننىڭ ئالدىغا بارىمىز. تېخى بۇ ئىككىسى كېلەچەكتە بالا تەربىيىلىگىدەك، مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇئەللىمەلەر ئەخلاقى تەرەپتىن گۆھەردەك تازا، ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك، - دەپ توختىماي سۆزلەپ، ژىغلاپ ئولتارغان مايىسىمەمگە قارىدى. - مانا سېنىڭ تەربىيىلىگەن بالاڭ.

- قاتتىق خاپا بولمىسىلا، تۇرسۇن بالام قان كېچىپ ئۇرۇشتا ژۈرىدۇ. ئۇنچىۋالا كايىمىسىلا، بالىغا توقۇلۇپ قالمىسۇن، - دېدى ئانا ژىغلامسىراپ.

ئاچچىغىغا پەس كېلەلمىگەن قۇرۋان ئاكا ئايالىغا قاراپ قولىنى بىر شىلتىپ، تالاغا چىقىپ كەتتى. مايىسىمەم ئورنىدىن تۇرالماي قايغۇغا پېتىپ ئولتىرىپ قالدى.

- شۇ، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئۆزەم بىر نەرسىنى سەزگەندەك، ژۈرىگىم ئەنسىرەپ ژۈرەتتىم، موشۇ خاپىلىقلار ئېكەندە.

قۇرۋان ئاكىنىڭ ئاچچىغىنى قانداق قايتۇرۇشنى بىلمىگەن ئانا بېچارە ژىغلاۋېتىپ تۇرغانغا قاراپ:

- ئاكاڭنىڭ خېتىنى يەنە بىر قايتىلاپ ئوقۇغىنا، بالام، - دېدى. تۇرغان خەتنى ئوقۇپ چىقىشى بىلەن، ئانا قولىنى سۇنۇپ:

— بولدى، بالام، خەتنى ماڭا بەر، — دېدىدە، ئۇنى تۆرت قاتلاپ ئىچ يانچۇغىغا سېلىپ قويدى. — بالام، سەن ئۇ قىزنى بىلەمسەن؟ — دەپ تۇرغاننىڭ كۆزىگە ئۈمۈت بىلەن قارىدى.

تۇرغان ئاپىسىنى قۇچاغلاپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئەتتى.

— ئاپا، سائادەت ھەدەم شۇنداق چىرايلىق، مۇجەزىمۇ ياخشى. ئاكام ئىككىسى بىر ژىلدىن بېرى سۆزلىشىپ ژۈرىدۇ. ئاكام ئۇرۇشتىن كەلگەندە، ئىككىسى ئۆيلىنىمىز دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. ئاكام ماڭا، «سائادەت ھەدەڭگە قاراپ قوي» دەپ تاپشۇرۇپ كەتكەن، — دېدى.

تۇرغاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مايسىمەمنىڭ ژۈرىگى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدىدە، ھويلىغا چىقتى. ئۇ دەردىنى ئېيتىپ، بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەي دەپ ئۇدۇل سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

قۇرۋان ئاكا شۇ كەتكىنىچە ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكەندە بىرلا كەلدى. ئۇنىڭ قاپىغى چۈشۈپ، ھېچ كىم بىلەن سۆزلەشمەي يېتىپ قالدى. مايسىمەممۇ، خۇدى ئۆزى گۇنا قىلىپ قويغاندەك، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئېرىنىڭ چىرايىغا تىكىلىنىپ قارالمىدى.

قۇرۋان ئاكا يېزىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك، ھاياتى باشقىلارغا ئۈلگە ئادەم ئىدى. كىچىگىدىنلا ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دەپ ئۆسكەچكە، ھەقىقەت دېسە جېنىنى بېرەتتى. ئۇ ئىككى ئوغلىنى يېنىغا ئولتارغۇزۇۋېلىپ: «مەن كىچىك ژىتىم قېلىپ، بايلارنىڭ قولىدا ئىشلەپ، خورلۇقتا ئۆتتۈم. سىلەرگە ئېيتىدىغىنىم، ئوغرىلىق قىلماڭلار، يالغان ئېيتماڭلار. نەشە چېكىپ، قىمار ئويناشتىن ئاۋلاق ژۈرۈڭلار»، — دەپ دايىم نەسىھەت قىلاتتى. ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ بار بايلىغى بەش پەرزەندى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىدىن ئۈمۈتلىرى چوڭ ئىدى.

مانا ئەندى تۇرسۇن باللىق قىلىپ ئولتىرىدۇ. قۇرۋان ئاكا ھەر خىل خىياللار بىلەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئەتىگەنلىكى چاي ئۈستىدە ئۇ ئايالىغا:

— كەچتە ئىمەرەخاننىڭ ئالدىغا بارمىساق، قىز ژۈتنىڭ ئىچىدە قانداق باش كۆتىرىپ ژۈرىدۇ. ئەلچى ئەۋەتىپ سۆز-چۆچەكنى كۆپەيتمەي، ھەدەم بىلەن گۈلنى ئېلىپ، ئۆزىمىزلا بېرىپ كېلىشىپ كېلەيلى. بالا دېگەن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ سالىدۇ.

يولدىشىنىڭ ئاچچىغىدىن قايتقانلىغىنى بىلىپ، مايسىمەمگە جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ دەررۇ ئىچكەركى بۆلمىگە كىرىپ، ساندۇقنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاچتى. ساندۇقتا ئانىنىڭ نەچچە ژىلدىن بېرى ئوغلۇمنىڭ توينى قىلسام دەپ ژىغىپ ژۈرگەنلىرى بار ئېدى. ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا كىرگەن مودەنگۈل:

ـ ئاپا، نېمە ئەتىگەندىلا ساندۇغۇڭنى ئېچىۋالدىڭ؟ ـ دەپ ھەيران بولۇپ ساندۇققا قارىدى.

ـ قىزىم، ئەگەر ئىمەراخانىنىڭ ئالدىغا رەخمەت ـ تازىم چاي ئاپارساق، قايسى رەخت ياخشى دەپ، ئادىمەتچىلىگىمگە قاراۋاتىمەن. بېشىغا مونۇ ئاق بۆرتۈمە ياغلىقنى سالاي.

ئانا بىر قول ياغلىقتا تۈككەن تۈگۈچىنى يېشىپ:

ـ مونۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپام مېنىڭ تويۇمدا بەرگەن. تۇرسۇن ئۆيلەنسە، كېلىنىمنىڭ قولىغا سالىمەن دەپ ساقلاپ قويغان، ـ دەپ قىزىل كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرسەتتى. ـ نەچچە ژىلدىن ساقلاپ كېلىۋاتقان مونۇ تۆرت كىيىملىك رەختنىڭ ئەڭ چىرايلىغىنى كېلىنگە، بىرىنى ئىمەرەخانغا دەپ ئاپىرىمىز.

ـ جېنىم ئاپا، سەن خېلە نەرسىلەرنى ژىغىپ قويغان ئېكەنسەنغۇ.

ـ ھە، قىزىم، قولۇمىزدا دەررۇ خەشلەيدىغان ئاخچا بولمىغاچقا، موشۇنداق چاغلاردا ئەسقېتىپ قالار دەپ، ئۆزەم كىيمەي ئاياپ، ساندۇققا تاشلاپ قويغان.

ـ مونۇ ئىككى رەختنى كىمگە بېرىسەن؟

ـ ئۇنىڭ بىرىنى داداڭنىڭ ھەدىسى ئادالەت ھەدەمگە، بىرىنى گۈلى كىچىك ئاپاڭغا.

ـ جېنىم ئاپا، ئۆزەڭ ياماق كۆينەكتە ژۈرۈپ، نېمشكە كۆينەك تىكىپ كىيمەيسەن؟

ـ قىزىم، چوڭ ئاپاڭ بىلەن كىچىك ئاپاڭ كېلىن ئاپسەن دەپ ماڭا ئادىمەتچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ، مەن ئۇلارغا قايتۇرۇشۇم كېرەك، بىزنىڭ رەسىم ـ قائىدىمىز شۇنداق.

ـ بۈگۈن كەچتە ئاپىرامسىلەر؟

ـ ياق، بۈگۈن داداڭ ئىككىلەن ئادالەت ھەدەم بىلەن گۈلىنى ئېلىپ ئىمەرەخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز. تېخى ئۇ نېمە دەيدۇ، تىڭشاپ، ئاندىن داداڭ توق ئېتەرىنى دەپ، كۈننى كېلىشىمىز. ئىمەرەخان بەلگۈلىگەن كۈنى موشۇنداق قىز ئۆستىرىپ، تەربىيىلەپ بىزگە بەرگىنىڭىزگە رەخمەت ـ تازىم دەپ، قوي سويۇپ، ئالدىغا ئادىمەتچىلىك ئاپىرىپ، چاي قىلىمىز. ئىمەرەخان ژۇت چوڭلىرىنى چاقىرىدۇ. خۇدا خالىسا،

تۇرسۇنجان بالام ئامان-ئېسەن كەلگەندە، ژۇتقا توي قىلىپ، نىكاسىنى قىيىمىز، - دەپ يېنىدا ئولتارغان ئاق ئۇزلۇك، چولپان كۆزلۈك، پېشانىسى ئىللىق قىزنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى سىيپاپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ:

- داداڭ ئىككىمىز كۆزۈمىزنىڭ تىرىگىدە ھەممىگلارنى ئۆز ئۇگاڭلارغا قوندۇرۇپ كەتسەك بولاتتىغۇ، قىزىم، - دېدى.

مودەنگۇل ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى ئەتىدە، قۇچاغلاپ سۆيۈپ:

- جېنىم ئاپا، سىلەر بىزنىلا ئۆستۈرۈپ قويماي، تېخى نەۋرىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىسىلەر. ئۆزەڭ تاڭغىنا، - دەپ ساندۇقتىن بىر چىرايلىق يېڭى ياغلىقنى ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن ئاپىسىنىڭ بېشىغا تاڭماقچى بولدى.

- ياق، قىزىم، ئالدىمىزدا تويلار تۇرىدۇ. بۇ ياغلىق بىر يەرگە كېرەك بولۇپ قالار تېخى، - دەپ قىزىنىڭ قولىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ ساندۇققا سالدىدە، ئاغزىنى ياپتى.

ئۆيگە گۇگۇم چۈشكەندە: «ئەسسالام!»، - دەپ ئادالەت كىرىپ كەلدى. مودەنگۇل بولسا بىر دەمدىلا جوزا قويۇپ، دەستىخان سالدى.

- چاي قىلما، قىزىم، ھازىر ماڭىمىز.

- ۋاي-ۋۇي، ھەدە، كۇندە كەلمەيدىلىغۇ بىزنىڭ ئۆيگە، شۇنچە يەردىن كەلگەندىن كېيىن ئۇسساپ قالغاندىلا، بىر چىنە چاي قىلسۇن، ھازىر گۇلما كىرىپ قالار. - مودەنگۇل، بىز كىچىككىنە پاراڭلىشىپ ئولتىرىپ تۇرايلى، قىزىم، گۇلى كىرگەندە چاي دەمله.

- تۈنۈگۈن كەچتە ئۆڭى ئۆچۈپ قۇرۋان بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ. يا، ئاللا، نېمە بالا بولغاندۇ دەپ، كۆڭلۈمگە ئاللىقاندەك يامان ئويلار كەلدى دېمەمسىز، مايسىمەم.

- مەنمۇ سىلىنىڭ ئۆيگە كەتتىمىكىن دەپ ئويلىدىم. كەلگەندىمۇ قەيەرگە بارغىنىنى ئېيتمىدى دېمەمدىلا، ھەدە.

- قۇرۋان بېچارە ئىنتايىن خاپا بولۇپ بېرىپتۇ، قاراڭ. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق نەسىھەت قىلىپ، بولىدىغان ئىش بوپتۇ، ئەندى نېمە قىلسەن، ئۇكام، ژۇت ئالدىغا بىر چىنە چاي قوي، بالا تۇغۇلسا، نەۋرەڭگە ئېگىدارچىلىق قىل. ئۇنىڭدىن سەن كام بولمايسەن، ژۇت قۇرۋان دۇرۇس قىپتۇ دەيدۇ. تۇرسۇنجان كەلگەندە، ژۇتقا چوڭ توي ياساپ بېرىمىز. خۇدايىم شۇنىڭغا يەتكۈزسۇن، - دېدىم.

شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ، سالام بېرىپ گۇلى كىرىپ كەلدى.

- ماڭىمىزما؟

– ژۇقۇرى ئۆتۈپ ئولتىرىڭ، قۇرۋان كەلسۇن، ـ دېدى ئادالەت.
مودەنگۇل چاي دەملەپ ئېلىپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن چىنىدىن چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، قۇرۋان ئاكا كەلدى.

– قۇرۋان ئاكا، ئىشلار ئىلگىرى، ـ دېدى گۇلى.

– رەخمەت، سىڭلىم. قارىمامسىز، مەن تېخى بۈگۈن ھەربىي كومىسسارىئاتقا كىرىپ، ئۇرۇشقا ئەۋەتىشنى سوراپ ئەرىزە بېرەي دېۋىدىم، ئاياق ئاستىدىن تۇرسۇندىن خەت كېلىپ، بۇ ئىشلارنى تۈتۈش قىلدۇق. ئەندى بۇنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن بارىمەندە.

قۇرۋان ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادالەت كۆزىگە ياش ئېلىپ:

– ئەگەر سەن كېرەك بولساڭ، ئۆزلىرىما چاقىرىق قەغەز چىقىرىدىغۇ، ئۇرۇشقا كېتىشكە نېمانچىلا ئالدىرايسەن. ماھمۇت كەتكەندىن بېرى بىر-ئىككى قېتىملا خەت ئالدۇق. ھازىرمۇ ژۈرىگىم ئەنسىرەپ، قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەي ژۈرۈۋاتىمەن. ئىش قىلىپ، كىم بولسا، ئامان بولسۇن. غەم-قايغۇدىن نېرى بولىدىغان كۈن كېلەمدېكىنتاڭ؟

ئادالەت ھەدىنىڭ غەم يېگىنىچىمۇ بار. بىر ئوغۇل، تۆرت قىزنىڭ تۇنجىسى ماھمۇت تۇرسۇنلار ماڭغان كۈنى ئۇرۇشقا كەتكەن ئېدى. يولدىشى ئابدۇل ئاكا ئاغرىقچان، كۆزى ياخشى كۆرمىگەچكە، كولخوزدا ئىشلەشكىمۇ چامى يوق. ھېلىمۇ ئېتى تىرىك. ئۇلار ئېتىزنىڭمۇ، ئۆينىڭمۇ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاچقا، دادىسىنىڭ ئىشلىمىگىنى بىلىنمەيدۇ. ئادالەت ھەدىمۇ ئېتىز-ئېرىقتا ئىشلەپ ژۈرەتتى. بىراق ئاخىرقى ژىللاردا پات-پاتلا ژۈرىگى سېلىپ، دېمى سىقىلىدىغان بولدى. ئۇلار: «ئوغلۇم بىزنى باقىدۇ، ئۆلۈپ-تارتىپ قالساق، مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئۇزىتىپ، چىرىغىمىزنى ئۆچەرمەيدۇ»، ـ دەپ ئوغلىغا چوڭ ئۈمۈت ئارتاتتى، لېكىن بۇ كاساپەت ئۇرۇش ئاتا-ئانىنىڭ ئارمانلىرىنى يوق قىلىپ، يالغۇزىنى ئېلىپ كەتتى. شۇندىن بۇ يان ئانىنىڭ كۆزى قۇرىماي، ياتسىمۇ-تۇرسىمۇ ئوغلىنى ئويلاتتى.

– قايغۇرما، ھەدە. بىزمۇ تۇرسۇندىن ئىككىلا خەت ئالدۇق. «قولۇمىزغا قۇرال ئېلىپ ئۇرۇشقا ماڭدۇق» دەپ قىسقىلا خەت يېزىپ، موشۇ ئىشلارنى بىزگە خەۋەرلەپتۇ. بولدى تۇرايلى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئىمەرەخانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىغى خېلە بار، ـ دېدىدە، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مېڭىشتى.

بۇ ئىش دۇرۇس يېشىلىپ، قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسىمەم بىر قوي سويۇپ، ئىمەرەخانىنىڭ ئالدىغا ئادىمەتچىلىگى بىلەن چاي قويۇپ،

قىزغا ئېگىدارچىلىقىنى بىلدۈرگەندە، ژۈتداشلار رازى بولۇپ، قۇرۋان ئاكا تېخىمۇ ئېگىز كۆتىرىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان رەئىسمۇ قۇرۋان ئاكىنى كۆرۈپ: «ئاڭلىدىم، ئۇكا، ياخشى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپسەن، بۇمۇ بىر ئۈلگە بولىدۇ» ـ دېدى.

تۇرسۇننىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلاپ، كۆڭلى بىر تەرەپ بولغان قۇرۋان ئاكا ئۆز دېگىنىدە تۇرۇپ، ناھىيەلەك ھەربىي كومىسسارىئاتقا ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىشنى ئۆتۈنۈپ ئەرىزە يېزىپ كىرىۋېدى، كومىسسىيا ئەزالىرى ئۇنىڭغا: «سەن ھازىرچە ئىشلەۋەرگىن، كېرەك ۋاقىتتا چاقىرىمىز»، ـ دەپ يولغا سالدى...

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ، قىلىچىنى سۆرەپ قىشمۇ يېتىپ كەلدى. يېزىدىكىلەرگە قىش كۈنلىرىمۇ ئىش يېتەرلىك. ھېچ كىم تېچ ياتقىنى يوق.

قىشنىڭ قاتتىق سوغلىرىدا قۇرۋان ئاكا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تۆمۈر تۇلپارنى تەييارلاش ئۈچۈن ياركەنتكە م ت س قا كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە تراكتور رېمونتلاپ، كەچتە قايتىپ چىقاتتى. ياركەنت بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىغى 7 كىلومېتر بولغاچقا، ئۇ كۈندە 14 كىلومېتر يولنى باساتتى.

يازىچە ئېتىز ـ ئېرىقتىن كەلمىگەن ئاياللار بىلەن قىزلار ئەندى كۈندىزى فېرمىلاردا ئىشلەپ، گۆش ـ سۈت، ژۈك يېتىشتۈرۈشكە ياردەملەشسە، كېچىلىرى ژۈڭدىن ژىپ ئىگىرىپ، پەلەي، پايپاق توقۇپ، ژۈگا تىكىپ، مەيداندىكى جەڭچىلەرگە ئەۋەتەتتى. جۇگا تىكىشتە، بولۇپمۇ، ئەلاخان ئىنتايىن چېۋەر ئىدى. ئۇ يېنىغا گۈلى، زىنەپخان، مەرىيەم، سارەملەرنى ئېلىپ، ئۇلارغىمۇ جۇگىنى پىچىپ، تىكىشنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرىگادىسى چوڭ ئۇتۇقلارغا يېتىپ، ئىلغارلار سېپىدە كۆرۈندى. ئاياللار جەڭ مەيدانىدىن پات ـ پاتلا: «ئەۋەتكەن سوغاڭلار ئۈچۈن چوڭ رەخمەت، مېھرى دەريا ئانىلار، قىزلار! سىلەرگە ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ئۇرۇش تۈگەپ، بىز غالىبىيەت بىلەن ژۇتقا قايتىپ بارغاندا، سىلەرنى ئېغىر ئىشلاردىن بوشىتىمىز. ھازىرچە غەيرەتلىك، سەۋىرلىك بولۇڭلار، ئەزىز ئانىلار!» ـ دېگەن خەتلەرنى ئالاتتىدە، ھەر بىرى ئەۋەتكەن كىيىمنى ئۆزىنىڭ بالىسى، قېرىندىشى ياكى دادىسى كىيگەندەك خوشال بولاتتى. شارائىتنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىغا قارىماي، ئادەملەردىكى مېھىر ـ شەپقەت يوقىمىدى، ھېچ كىم روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلمىدى.

جەڭ مەيدانىدىن يىراقتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئادەملەرنىڭ يەيدىغىنى كاۋا، ياڭيۇ، كۆمۇقوناق يارمىسىدىن ياسىغان سۇيۇق تاماق بولسىمۇ، ئۇلار ھەممىگە شۈكرى قىلىپ، پەقەت ئۇرۇشنىڭ تۈگىشىنى، كەتكەنلەرنىڭ غالىبىيەت بىلەن يۇرتقا تېچ-ئامان كېلىشىنى كۈتەتتى.

ياركەنت پېداگوگىكىلىق ئۇچىلىشىسىدا ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتلارمۇ پات-پاتلا يېزىلارغا كېلىپ، كونسېرت قويۇپ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز بولسىمۇ كۆتىرىش بىلەن بىللە، كولخوزچىلار ئارىسىدا تەشۋىق-چۈشەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرۋان ئاكىنىڭ ئون ئالتە ياشتىكى ئىككىنچى ئوغلى تۇرغانمۇ بار. ئۇ بۇ يىلى پېدئۇچىلىشىغا چۈشۈپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئىنچىكە كەلگەن، قاپ-قارا قاشلىرى ئۆزىگە بەك ياراشقان چىرايلىق خۇشخوي يىگىت بولۇپ، خەلق ناخشىلىرىنى، بولۇپمۇ «ئىلاخۇنىنىڭ» ناخشىسىنى بابىغا يەتكۈزۈپ، مۇڭلۇق ئېيتىپ چىققاندا، مىسكىن خەلقنىڭ يۈرەكلىرى تېخىمۇ ئېزىلەتتى. چۈنكى ئۇرۇش باشلىنىپ، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يۈرەكلەرنى موجۇپ، يېزىلارغا جەڭ مەيدانىدىن «قارا خەتلەر» كېلىشكە باشلىدى. موشۇنداق خەت ئالغان ئائىلىلەردىكى يېقىنىدىن ئايرىلغان ئانىلارنىڭ، بالىلارنىڭ، موماي-بوۋايلارنىڭ ئاچچىق يىغىسىنى ئاڭلىغاندا، چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئېدى. چوڭلار مۇسىبەت ئېغىلىرىنى سەۋرلىككە، چىدامىلىقتا چاقىرىپ، مەدەت بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالماتتى. ئۇرۇشتىن ئىلگەركى كۆڭۈللۈك ھايات، خۇش كۈلكىلەر يىغا-زېرە بىلەن ئالمىشىپ، ئادەملەر تەشۋىشتە ياشاۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسىم ئاكا بىزنىڭ يېزىغا «جېلىل ئىمنوۋ ئۇكرائىنىدا بولغان قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، قۇرۋان بولدى» دېگەن بىرىنچى قارا خەتنى ئەكەلدى. قارا خەت ئالغان جېلىلنىڭ قېرى ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلىسى ئورنى تولماس قايغۇ-ھەسرەتكە چۆكۈپ، پۈتۈن يۇرت ئۇلار بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ، يىغا-زېرە قىلىشتى. جېلىلنىڭ تۆرت بالىسى يېتىم قالدى. گۈلى دوستىنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا سەۋرلىك بېرىپ، بىر نەچچە كۈنى يېنىدا بولدى. بۇ ئەلەم دەرتلەرگە چىدىماي ئىككىسى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىشاتتىندە، يەنە بالىلارنى ئويلاپ بىر-بىرىگە مەدەت بېرىشەتتى.

ئەندى خەت توشۇغۇچى مەسىم ئاكا كىمنىڭ غورۇسى ئالدىغا كەلسە، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قورققىنىدىن پۈت-قولى تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىدىغان بولدى. قانلىق جەڭلەر ژۈتۈمىزدىن ژىراقتا يۈز بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ساداسى ھەر بىر ئۆيدە ئادەملەرنىڭ ئاھۇ-زارىغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

تۇرسۇندىن خەت-خەۋەرسىز سائادەتنىڭمۇ ھەر كۈنى تەشۋىش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ ئەندى ژۈت ئالدىدا بېشىنى كۆتىرىپ ژۈرەلىسىمۇ، ژۈرىگى ئەنسىرەپ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي قالىدىغاب بولدى. ئاي-كۈنى توشۇپ قالغاچقا، ئۆزىنى-ئۆزى تىڭشاپ، يوغان قوسىغىنى سىيپاپ: «سەن داداڭ بىلەن كۆرۈشىشىڭ كېرەك، ئوغلۇم! ئىككىلەن داداڭنى غالىبىيەت بىلەن كۈتىمىز»، - دەپ قوياتتى. ئۇ جېلىلنىڭ ئايالى مېرۋانەمنىڭ ياش تۇرۇپلا تۇل قالغىنىنى ئويلىسا، تېنى شۈركىنىپ كېتەتتى...

قىش ئۆزىنىڭ كۈچىنى قانچە كۆرسەتمىسۇن، باھار كېلىشى بىلەنلا، قارلار ئېرىپ، چەر-جاھان كۆكىرىشكە باشلىدى. بۇ ژىلىمۇ ھەر كىم ئائىلىسىنى ئۆزىنىڭ بېغىدىن ئالغان ھوسۇل بىلەن باقىدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، كولخوزنىڭ ئىشلىرى باشلانغىچە، شەخسىي يېرىگە ئىشلەپ، كۆكتات تېرىيدىغان يەرلىرىنى چاناپ تەييارلاۋالدى.

ئېتىزدىكى ئىشلار باشلىنىشى بىلەن، قىز-ئاياللار كەتمەنلىرىنى مۈرىسىگە سېلىپ، يەنە ئۆستەڭ چېپىش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ مېڭىشتى. قۇرۋان ئاكا تاڭ سەھەردىن تا يېرىم كېچىگىچە يەر ھايداپ، ئاشلىق تېرىشكە كىرىشتى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشقا كەتكەن ئاتىلار، ژىگىتلەر ئۈچۈن ئىشلىشىمىز كېرەك دەپ، بار كۈچ-غەيرىتىنى ژىغىپ-ئىشقا كىرىشكەن ئىدى.

مانا موشۇنداق ئىش قايىنىغان ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سائادەت ئوغۇل بوشىنىپ، ئېغىر ژۈكتىن يېنىكلەشتى. سائادەتنىڭ سىڭلىسى راھەتبۇۋى مايسىمەمگە خۇش خەۋەر ئېيتىپ كېلىۋېدى، ئانا ساندۇغىنى ئېچىپ چىرايلىق بىر ياغلىقنى ئېلىپ قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

- خۇش خەۋەر ئېيتقىنىڭىزغا رەخمەت، قىزىم. خۇدايىم بۇيرىسا، تۇرسۇنجان بالام ئامان كېلىپ، ئوغلىنى باغرىغا باسقىلى ئاللا نېسىپ قىلغاي، - دەپ ھەم خوشاللىقتىن، ھەم سېغىنىشتىن ژىغلاۋەتتى.

مايسىمەم شۇ كۈنىلا كېلىنىنى بوشىنىپ قالسا دەپ ساقلاپ ژۈرگەن كىچىككىنە بىر ئاشلىق گۆشى بىلەن «قورۇم شوۋا» تەييارلىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۆشنى ئۇرۇقچىدەك توغراپ، قازانغا ماي قۇيۇپ قىزىتىپ قورۇپ، تۇز، دورا- دەرمەكلەرنى سېلىپ، مۆلچەرى بىلەن سۇ قۇيدى. ئۆينىڭ ئىچىگە ئاچچىق- چۇچۇك پۇراق تارالتقان تاماق تەييار بولغاندا، ئانا شوۋىنى بىر كىچىك كورىغا قۇيۇپ، مۇزلىماس ئۈچۈن لۆڭگە بىلەن ئورىدى.

– مودەنگۇل قىزىم، داداڭغا ئىتىزغا چۈشلۈك چىيىنى ئاپىرىپ بەرگەچ خۇش خەۋەرنى ئېيت، ئاندىن كىچىك ئاناڭغىمۇ ئېيتىپ قوي، يەنە خاپا بولۇپ قالمىسۇن، – دەپ كىچىك قىزى ماھنۇرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىنىنى يوقلاپ ماڭدى.

ئۇلار ئىمەرەخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككى قۇدا ھويلىدىلا تېچلىق- ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مايسىمەم:

– مۇبارەك بولسۇن! مەن ئۆيگە كىرمەي، قۇدا. ئۇن ئىككى ئىدىسى چىقسۇن، مونۇ تاماقنى قىزىمىزغا ئىچكەزسىلە، – دېدى.

ئىمەرەخان قۇدىسىنى بەك تۇتۇپ:

– ئۇنداق قىلماڭ، ئىشىك ئالدىدىن كېتىدىغان كىچىك بالىمۇ سىلى، ئۆيگە كىرەيلى، مايسىمەم ھەدە، نەۋرىلىرىنى كۆرۈپ كەتسىلە، – دەپ قۇدۇسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتى.

سائادەت مايسىمەمنى كۆرۈپ خىجالەت بولۇپ، ياتقان ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇقىدى:

– مەن رازى، ياتىۋېرىڭ، قىزىم، مۇبارەك بولسۇن! – دەپ كېلىنىنىڭ پېشانىسىنى سۆيۈپ، بېشىنى سىيپاپ: – ئىلاھىم تۇرسۇنجان ئىككىڭلار ئوغلۇڭلارنى تەڭ قاتارغا قوشۇڭلار، ئارزۇ- ئارمانلىرىڭلارغا يېتىڭلار، قىزىم، – دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئىمەراخان يۆگەكتىكى كىچىككىنە بوۋاقنى مايسىمەمنىڭ قولىغا بەردى.

– مۇبارەك بولسۇن، قۇدا! نەۋرىلىرى چوڭ ژىگىت بولغاي!

مايسىمەم بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنى ئوغلىغا ئوخشىتىپ، نەۋرىسىگە مېھرى چۈشۈپ قالدى. يېنىدا ئولتارغان قىزىغا ئىسسىق قورۇم شوۋۇدىن بىر چىنە قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا. ئىمەراخان كېلىنىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ئۈزىگە قاراپ:

– قىزىم، ئىسسىق- ئىسسىق ئىچىڭ، ماغدىر كىرسۇن، سۈت چۈشسۇن»، – دېدى.

ئىككى ئانا بىر ئاز مۇڭدىشىپ ئولتارغاندىن كېيىن، مايسىمەم قىزى بىلەن خوشال ئۆيىگە قايتتى. ئۇ كېلىپ:

— بوۋاقنى كۆرۈپ كەلدۇق. يا، ئاللا، تۇرسۇنجان بالامغا شۇنداق ئوخشايدىكەن. خۇدايىم ئۆمرىنى بەرسۇن! — دەپ خوشاللىقىنى قىزلىرىغا ئېيتىپ ئولتارغاندا، ئۆيگە ئادالەتنىڭ قىزى چولپان كۆزلىرى ياش كىرىپ كەلدى.

— ئاكام كەلدى.

— ماھمۇت كەلدىما؟

— ھە! بىراق ئاكامنىڭ بىر قولى يوق، — دەپ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلاۋەتتى چولپان.

مايسىمەمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— يا، ئاللا، بۇ دۇشمەنلەردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز. قاچانمۇ كېلەر غالىبىيەت! — دەپ ئوغلىنى ئويلىدى، ئەتىمالىم، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر سوغ كىرگەندەك، پۇت-قولى تىترەپ، پۈتۈن تېنى بوشاپ كەتتى.

ئۇ تېخىچە ژىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمايۋاتقان چولپانغا قاراپ:

— قىزىم، سەۋىر قىل، قانداق قىلىمىز، ھېلىما ئۆزى ئامان ئېكەنغۇ، — دەپ قىزىنىڭ ياش-كۆزىنى سىيپىدى. — جۇرۇڭلار، ئۆزىمىز بېرىپ كۆزۈمىز بىلەن كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپ قىزلىرى بىلەن بىللىلا ماڭدى.

ئۇلار ئادالەتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۆيدە ئادەملەر لىققىدە ئولتىرىپتۇ. ئادالەت خوشال بولۇشىنىمۇ، خاپا بولۇشىنىمۇ بىلمەي، ژىغا-زېرە قىلىۋاتاتتى. ئۇرۇشتىن ئامان كېلىشىنى كېچە-كۈندۈز تىلىگەن ئوغلى كەلدى، بىراق بىر قولى يوق مېيىپ بولۇپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا ئانا بالىسىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ قايغۇرۇپ ژىغلىماقتا ئىدى.

ئۆيدە ئولتارغانلار ئادالەتكە سەۋىرلىك بېرىپ، ماھمۇتقا كەينى-كەينىدىن سوئاللارنى قوياتتى. ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى سورىسا، بوۋايلار ئۇرۇشنىڭ قانداق دەرىجىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى.

ئۇ سورىغان سوئاللارغىلا ئاستالا جاۋاپ بېرىپ قوياتتى.

ئەندى ماھمۇتنىڭ بۇرۇنقى خۇشخويلۇغى يوققاپ، چىرايى تاتىرىپ، كام گەپ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگەركى ژىگىرمە ياشلىق، ئېگىز بويلۇق، ئاق-سېرىق كەلگەن ماھمۇتقا زادىلا ئوخشىماي، ھازىر تامامەن باشقا كىشىدەك كۆرۈنەتتى. ماھمۇت ژۇتداشلىرىغا قانچىلىگەن ياش ژىگىتلەرنىڭ شىددەتلىك جەڭلەردە قەھرىمانلارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرۇان بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندە، قېرى بوۋاي ـ مومايلارنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلدى.

بىر چاغدا ئۆيگە ماھمۇتنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان كولخوز رەئىسى ئەمەر ئاكا كىردى. ئۇ ئولتارغانلار بىلەن سالاملىشىپ، ئاندىن ماھمۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتاردى.

ئۇرۇشنى سۆزلەپ بۇ قېرىلارنى قورقۇتۇۋەتمە، ئۇكا. ژۇتاقا ئامان كەلگىنىڭگە خوشالمەن. بىزگە ھازىر سېنىڭ ئوخشاش ژىگىتلەر يېتىشمەيۋاتىدۇ. كۆردۈڭمۇ، موشۇ ئولتارغان قېرى ئاتىلار، ئانىلار ۋە ياش باللار ھەممىمىز بار كۈچ ـ غەيرىتىمىزنى ئايىماي، ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، جەڭچىلەرگە ئەۋەتىۋاتىمىز. سەن، ئۇكا، ئۈچ ـ تۆرت كۈن ياخشىلاپ دەم ئال، ئاندىن تېرىلغۇ بىرىگادىسىنى باشقۇر. ئىش تولا، بىلمىگەن يېرىڭ بولسا، ياردەم بېرىمەن.

رەئىسنىڭ سۆزىدىن ماھمۇتنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمۈت ئوتلىرى يانغاندەك بولدىدە:

ـ رەخمەت، ئەمەر ئاكا، بار كۈچۈمنى ئايىماي ئىشلەيمەن، ـ دەپ خوشاللىغىنى يوشۇرالمىدى.

ئەتىسى كەچتە كۈتۈلمىگەن يەردىن مەلىگە ئورۇقتىن ـ ئورۇق، تىرىك ئەرۋا بولۇپ قالغان، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتىرىشىپ كەتكەن ماغدىرسىز ئىككى ئادەم كېلىۋاتاتتى. كوچىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئۇلارنى كۆرۈپ، تونالماي سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇشتى. كەلگەن ئىككىسى ژۇتداشلىرىغا:

ـ بىزنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ مەن ـ قاسىم، بۇ ـ ئەسقەر، ـ دېۋىدى، ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

ژۇتقا ئامان ـ ئېسەن يېتىۋالدۇق دەپ خوشاللىقىنىمۇ ياكى ئاچارچىلىقتىنمۇ، ئەيتەۋىر، قاسىم بىلەن ئەسقەر تەڭلا ھوشسىز ژىقىلدى. ژۇتداشلىرى قاسىمنى كۆتىرىپ ئېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇنى روزىخان موماي، ئەلاخان باللىرى بىلەن ژىغا ـ زېرە قىلىپ قارشى ئالدى. كىملەردۇ قاسىم بىلەن ئەسقەرنىڭ ئۇزىگە سوغ سۇ چېچىپ، ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈردى.

ئەسقەر كۆزىنى ئېچىپلا، ژۇتداشلىرىغا تەكشى سەپ سېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى، يەنى تاجىگۈل بىلەن ئىككى پەرزەنتىنى ئىزدەۋاتاتتى.

ـ قايناق چاي بېرىڭلار، باللارنىڭ قوسىغى ئاچ، ماغدىرى يوق،

شۈكۈلاشقا ژىقىلدى، ـ دېدى روزىخان موماي.

ئەلاخان ئىككى ئاپقۇرغا ئەتكەن چاي ئەكىلىپ جوزىغا قويغاندا، قېرىلارنىڭ بىرى چىنىگە نان سېلىپ قويدى. قاسىم بىلەن ئەسقەرنى يولەپ ئولتارغۇزۇپ:

ـ بالىلىرىم، ئىسسىق چاي ئىچىڭلار، ماغدىر كىرىدۇ، ـ دەپ كۆزىدىكى ياشلىرىنى ئېتتى روزىخان موماي.

يا، ئاللا، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ئامان كەپسلەر، بالىلىرىم ـ دېدى زايىر بوۋاي.

ئۇلار چاي ئىچكىچە، ئەلاخان ئىككىسىگە كىيىملەرنى تەييارلاپ، ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ بىر ئاز تالاغا چىقىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئۆيدە ئولتارغانلار ھويلىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قاسىمنىڭ ئوغۇللىرى ھاسان بىلەن ھۈسەن دادىسىنىڭ ۋە ئەسقەرنىڭ ژىتىلىپ، جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يېشىپ، تازا كىيىم كيگۈزدى. ئەسقەر خوشنا ئۆيدە تۇرغاچقا، ئۇنىنى ئارانلا چىقىرىپ:

ـ مەن ئۆيگە چىقاي، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

ھېچ كىم سۆزمۇ قىلالمىدى. ئۇنى يۆلەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. ئەسقەر بىلەن بىللە ژۇت چوڭلىرى كىرىشتى. زايىر بوۋاي تۆرگە چىقىپ ئولتىرىپ:

ـ ئەسقەرجان بالام، ئامان-ئېسەن كەپسلەر، بۇ بولسىما پەرزەنتلىرىڭنىڭ بەختى. بالام، «جان بار يەردە، قازا بار» دەپ، سەن كەلگىچە، تاجىگۈلنى چىن دۇنياغا ئۇزىتىپ قويدۇق. رىسقىمىز تۈگىسە، ياش-قېرىغا باقمايدىكەن، سەۋرىلىك بول، ـ دەپ تىزلىنىپ ئولتىرىپ قۇرئان ئوقۇدى.

قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولتارغانلار ھەممىسى تاجىگۈلگە ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. ئەسقەر بولسا نېمە دەرىنى بىلمەي ئۈنسىز قاراپ ئولتىراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان تارام-تارام ياشلار ئورۇق ئۇزىنى ژۇيۇۋاتاتتى.

ـ خۇدا! ماڭا بۇ دەرتلەر بارمېدى، تېخى! شۇنچە جاپا-مەشەقەتلەرنى تارتقىنىم يەتمىگەنمېدى؟ ئەندى تاجىگۈلدىن ئايرىلىپتىمەنغۇ...

ئولتارغانلار ھەممىسى كۆز ياش قىلىشتى. روزىخان موماي ژىغلاپ:

ـ سەۋرىلىك بول، بالام، ئىككى قوزاڭنى باغرىڭغا بېسىپ چوڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلىشقا ساڭا ئاللا تائالا كۈچ-قۇۋۋەت بەرسۇن. ئۆزەڭگە قارىغىنا، بولۇپ قالغىنىڭنى قارا، بالام، - دېدىدە، ئورنىدىن تۇرۇپ، - جۇرۇڭلار، ھەممىمىز بىزنىڭ ئۆيگە چىقىلى. ئەلاخان قىزلىرى بىلەن تاماق قىلىۋاتىدۇ، - دەپ ئولتارغانلارنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار كىرگىچە ئەلاخان قىزلىرى بىلەن ئۇزۇن جوزىنى قويۇپ، دەستىخان ئۈستىگە ئۆيدە بارىنى قويدى. قىزلار چاي قۇيۇپ، ئاياللار بىرلىشىپ تاماق تەييارلاپ ئاۋارە بولماقتا.قاسىم بىلەن ئەسقەر، ژۇتقا راست كەلدۇقمۇ، يالغانمۇ دېگەندەك، تەھىيىگە يۆلىنىپ ئولتىرىپ، ژۇتداشلىرىغا تويماي باقماقتا ئىدى.

تاماق ئىچىلىپ بولغاندا، قېرىلار قاسىم بىلەن ئەسقەرنىڭ ئۇ ياقتىكى بەش ژىللىق ھاياتى توغرىلىق سورىدى. قاسىم ئالدىدىكى بوش چىنىنى ئىشتىرىپ قويۇپ، ھېكايىسىنى باشلىدى.

- نېمىسنى ئېيتايلى، بەش ژىل يېتىپ، ئازاپلىق كۈنلەرنى كۆپچىلىك بىلەن تەڭ تارتتۇق. سىبىرنىڭ 50 گرادۇسلۇق سوغلىرىدا قوساق ئاچ، كىيىم-كېچەكسىز يالاڭ، ژىتىق ھالەتتە ئىشقا ئېلىپ ماڭىدۇ. مەھبۇسلارنى ئىنسانلىق ئەركىدىن تولۇق ئايرىغان. يېنىمىزدا مىلتىق-ئاۋتوماتلار بىلەن قوراللانغان سولداتلار ئىشتلىرىنى يېتىلەۋېلىپ بىزنى كۆزىتىپ ماڭىدۇ. ئەگەر كېتىپ بېرىپ بىرەسى پۇتلىشىپ كەتسە ياكى ماغدىرسىزلىقتىن ژىقىلسا، سەن قاچماقچى بولدۇڭ دەپ، شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايدۇ. «كۆرمىگىنىمىز كۆپ، يېمىگىنىمىز چۆپ» بولدى، ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى ئېيتايلى. قانچىمۇ زىيالىلارنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئەتتەي باشقا مەھبۇسلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېتىپ تاشلاتتى. بۇ ۋەھشىلىكنى كۆرۈپ، ژۈرىگىڭ يېرىلىپ كېتەي دەيدۇ. ئاچارچىلىقتىن، سوغنىڭ قاتتىقلىغىدىن توڭلاپ قالغانلارنىڭ سانى يوق. بىزنى بوشاتقىنىغا بىر ئاي بولدى. بىر يەرلەرگىچە پويىزدا كېلىپ، ئاندىن يالاڭغىداق پىيادە ماڭدۇق. قوساق ئاچ، ھېرىپ، يوللاردا قونۇپ، ئەتىسى يەنە بىر-بىرىمىزنى يۆلەپ ژئۆرۈپ مېڭىپ، ژۇتقا كەلدۇق.

باياتىن قاسىمنىڭ ھېكايىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتارغانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئەرىكسىز ياشلار تۆكۈلۈپ، ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆتكەن ژىللار ئىچىدە ژۇتتا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ يەنە خېلە ۋاقىتقىچە پاراڭ سېلىشىپ، كەچ ئۆيلىرىگە قايتتى.

قاسىملارنىڭ ئۆيىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ژۈتداشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

- تووۋا، پۈتۈن ژۈت سىلەرنى ئامان-ئېسەن كەلدى دەپ كېلىشتىيۇ، بىرلا شاۋدۇن كەلمىدىغۇ، - دەپ ھەيران بولدى ئەلاخان.

- ئۇ كېلەلمەيدۇ، بىزنى ناھەق تۇتۇپ بەرگەن شۇ ساتقۇن، - دەپ قاتتىق يۆتىلىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى ئازلا قالدى قاسىم.

- يا، ئاللا، نېمە دەيدىغانسىز؟ ئەگەر گېپىڭىز راست بولۇپ، شاۋدۇن بىزنى ژىغلاتقان بولسا، ئۇنى خۇدا ژىغلاتتى. رامەتلىك زورابۇي سىلەرنى تۇتۇپ كەتكەن ژىلىلا بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىككى ئوغلى بىلەن قېرى ئانىسى قالدى.

شۇ چاغدا خوشنا ھويلىدا ژىغىنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ، ئەلاخان تالاغا چىقتى. قارىسا، ئىككى نەۋرىسىنى ئېلىپ چىققان تاجىگۈلنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئېشەك-ھارۋۇدىن چۈشۈپ، ئەسقەر بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپتۇ. ئامىنەم بىلەن ئۆمەر دادىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ ژىغلاۋاتاتتى. ئەلاخان باغ تەرەپكە قاراپ:

- ئاپا، بۇ ياققا كەلسىلە، پاتەم ئانامىلار چىقىپتۇ، - دېدى.

ھەممىسى ھويلىدا كۆرۈشۈپ ئۆيگە كىرىشتى. مۆمۈن بوۋاي بىلەن پاتەم موماي، بىر تەرەپتىن، قىزىغا ژىغلىغان بولسا، ئىككىنچىدىن، ياڭاقلىرى ئىچىگە كىرىپ، كۆزلىرى ئولتىرىشىپ، چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئەسقەرگە ئىچى ئاغرىپ ژىغلاتتى. بىر چاغدا مۆمۈن بوۋاي:

- مەن قۇرئان ئوقۇپ قوياي، - دەپ تىزلىنىپ ئولتاردى.

باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىم-جىت ئولتارغان ئانىلار ئارىلاپ-ئارىلاپلا كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى ېېشىدىكى داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ېېسىپ قوياتتى. دادىسىنىڭ كۆز ياشىنى كۆرگەن ئامىنەم بىلەن ئۆمەر، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتىرىپ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلىماقتا.

- تاجىگۈلنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، سەۋر قىلايلى، قالغانلار ئامان بولايلى، - دەپ مۆمۈن بوۋاي قوللىرىنى دۇئاغا كۆتەردى.

- ئەسقەرجان بالام، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ. خۇداغا شۈكرى، ئامان-ئېسەن كەپسىز. ئەندى ئىككى بالىڭىزنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ئاللا سىزگە سالامەتلىك بەرسۇن، - دېدى پاتەم موماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- قارغىش تەككۇر زامان، بۇ بىچارىلەر چەت ژۇتلاردا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرسە، شۇ دوزاق ئوتلىرىدىن تىرىك كەلگىنىگە ھەيران بولىدىلا، - دېدى روزىخان موماي.

ئىككى بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتارغان ئەسقەر گەپكە ئارىلاشتى.

- شۇ ئېغىرچىلىقلارنى ژۇتۇمىزغا، ئائىلىمىزگە ئامان كېلىش ئۈمۈتىدە يەڭدۇق. تاجىگۈلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئېكەنمەن. ھەممە ئۈمۈتلىرىم كۆككە توزۇغاندەك توزۇپ كەتتى.

- بۇ دۇنيا ھېچ كىمگە مەڭگۇ باقى ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ بارىدىغان يېرى شۇ، - دەپ ئەسقەرنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتارغان نەۋرىلىرىگە قاراپ قويدى مۆمۈن بوۋاي.

ئامىنەم ئورنىدىن تۇرۇپ، قازانغا سۇ قويۇپ، ئوچاققا ئوت ياقتى. ئەلاخان ئۆيدىن ئاپقۇرغا قايماقلىق سۈت ئېلىپ چىقىپ، بىر كورىغا چاي ئەتتى. پاتەم موماي پىشۇرۇپ چىققان مانتىسىنى تاۋاق بىلەن جوزىغا قويۇپ:

- روزىخان، قاسىمجان، ئەسقەرجان، تاماقتىن ئېلىڭلار، قانداق بولدىكىنتاڭ، قېرىغاندا ئادەم ئۇنتىغاق بولۇپ قالىدېكەن، - دەپ ئولتارغانلارنىڭ ئالدىدىكى تەخسىلەرگە مانتىدىن سېلىپ قويدى.

ئەلاخان ئاپقۇر چىنىلەرگە قۇيۇلغان چاينى ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى يوغان نېپىز ناننى ئۇشتۇدى.

- ئىككى تالدىن نان سېلىپ قوياي.

- رەھمەت، قىزىم، - دېيىشتى ئولتارغانلار.

- ئولتىرىڭ، قىزىم، بەك ئاۋارە بولدىڭىز. ئۆزىڭىز تاماق ئېلىڭ. ئىلىكتەك چاي ئېتىپسىز، رەھمەت. خوشنىچىلىقتا يارىدىڭىز، تاجىگۈل دايىم سىزنى ماختاپ ژۈرىدىغان، - دېدى پاتەم موماي.

قاسىم قاتتىق يۆتىلىپ، پېشانىسىدىكى تەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

- بۈگۈن ئەتىگەندە ماھمۇت كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۇرۇشتىن ناكا بولۇپ، بىر قولىدىن ئايرىلىپ كەپتۇ. ئۇرۇش توختىغىچە، قانچە-قانچە ژىگىتلەردىن ئايرىلىمىزكىن تېخى، - دېدى.

سۆزگە تۆردە ئولتارغان روزىخان موماي قېتىلدى.

- يا، ئاللا، ئۇرۇش باشلىنىپ بىر ژىلدىلا بىزنىڭ يېزىنىڭ ئۆزىدىن ئۈچ-تۆرت ئادەمنى ئۆلدى دېگەن خەۋەر كەلدى.

- بىزنىڭ دۆڭمەللىدىما قارا خەت ئېلىپ قان ژىغلاپ ئولتارغان

قېرى ئاتا-ئانىلار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. خۇدايىم، كىم بولسا، ژۈتىنغا ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلسۇن، - دېدى مۆمۈن بوۋاي.

تاماق ئىچىلىپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن مۆمۈن بوۋاي:

- ناماشەم ۋاقتى بولۇپ قالدى، - دەپ نامازغا تەييارلىنىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

خوشنىلارمۇ بوۋاي بىلەن تەڭلا تۇرۇشتى.

- ئۆيگە كىرىلى، پاتەمخان، بىر ئۇبدان چىقىپ قاپسىلەر، - دېدى كالىچىنى كىيگەچ روزىخان موماي.

- رەخمەت، بىز يەنە ئۈچ-تۆرت كۈن تۇرۇپ قالىمىز. بوۋاي ئىككىمىز ئەسقەرجان كىچىككىنە ماغدىرىغا كەلگىچە نەۋرىلەرگە كۆز-قۇلاق بولۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىمىز دەپ مەسلىھەتلىشىپ چىقتۇق.

موماي خوشنىلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، چىراق ياقتىدە، بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، ئۆي ئىچىگە دەم سالدى.

- موما، - دېدى تىلدىن كىرگەن ئۆمەر ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ ۋە مومىسىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ. - دادام ئەندى ھېچ ياققا كەتمەمدا؟

- ياق، قوزام، ئەندى داداڭغا تەن-سالامەتلىك بەرسۇن، سىلەرنى ئۆزى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشسۇن.

- سەن نەگە كەتمەكچى، موما؟

- بىز قېرىپ قالدۇق، بالا. قانچە ئۆمرۈمىز قالغىنىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن. ئەندى داداڭ بىلەن تۇرۇڭلار، قوزىلىرىم، - دەپ قىزىنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئىككىسىنىڭ گېپىنى خوشال كىرىپ كەلگەن ئامىنەم بۆلدى.

- موما، باغدا ئالما-ئۆرۈكلەر غورا بولۇپ، جۇسەيلەر ئۆسۈپ، ئاپامنىڭ قىزىل گۈللىرى ئېچىلىپ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. باغدا ژۈرۈپ، ئېتىزدىنقايتقان ئاياللارنىڭ ئىچىدە گۈلى چوڭ ئاپامنى كۆردۈم. يوغان بىر باغ ئوتۇننى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ سۆيۈپ: «چوڭلا قىز بولۇپ قاپسان، قىزىم» - دېدى. «ئۆيگە كىر، مومام، بوۋام بار»، - دېسەم، «بۇ تۇرقۇم بىلەن قانداق كىرىمەن، ئەتىلەتىن كېلەرمەن، قىزىم»، - دەپ كەتتى.

- بوپتۇ، قوزام، ئەتە باغدىكى جۇسەينى ئورۇپ كىرىپ، پۆرە سېلىپ ھەجەرخان بىلەن گۈلىنى باللىرىغا قوشۇپ مېھمانغا چاقىرايلى، كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسۇن.

شۇ كۈنى گۈلى ئېتىزدىن ئۆيگە كەلگەندە، باراڭدا ھەجەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چوڭنام بىلەن ئۇنىڭ دوستى زەينەپخان موماي ئولتىرىپ قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى. گۈلى ئۆز-كۆزىنى ژۇيۇپ، بىر چىنە ئۇسسىلىق ئىچىۋېلىپ، باراڭغا كىرىپ زەينەپخان موماي بىلەن سالاملىشىپ، هال-ئەھۋال سورىشىپ ئولتاردى. سىڭلىمەم ئانىسىغا بىر چىنە ئاش قۇيۇپ ئالدىغا قويدى.

— ئاشقا كەلمەمسىلەر!

— بىز يېڭىلا ئىچىپ ئولتاردۇق. سەن خاتىرجەم تامىقىڭنى ئىچ، قىزىم، ھېرىپ-ئېچىپ كەلدىڭ. تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە تىرىكچىلىك دەپ ژۈرىسەن، — دېدى ھەجەر چوڭنام.

— ھازىر يالغۇز مەنلا ئەمەس، ھەممە ئادەم ئېتىزدا. گۈلى زەينەپخان ئانىغا قاراپ: — نەۋرىلىرىڭ چوڭ بولۇپ قالدىمۇ، ئانا؟ ئۆزەڭنىڭ سالامەتلىگى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى، قىزىمدىن ئايرىلغاندىن بېرى كۆڭلۈم مىسكىن بولۇپ، تولا ژىغلاپ، كۆزلىرىمدىنمۇ ئايرىلاي دېدىم.

— ژىغلىغانىغا تىرىلىپ كەلمەيدىكەنغۇ، دوستۇم. ئۆزلىرىلا كاردىن چىقمىدىكەنلا.

— شۇنى دېسىلە، ھەجەرخان. نەۋرىلىرىم ئىشقا ياراپ قالدى. چوڭى سەككىزدە، كىچىگى ئالتىدە. ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قوسىغىغا ئىشلەپ، ئەيتەۋىر، كۈنىمىز كېتىپ بارىدۇ.

زەينەپخان موماي كەلگەن مەخسىتىنى ئېيتالماي خىجالەت بولۇپ، بىر دوستىغا، بىر گۈلىگە قاراپ قويۇپ، گەپنى ژىراقتىن باشلىدى.

— گۈلى، قىزىم، سەن ياخشى ئادەمنىڭ بالا-جاقىسى. تايىردىن ياش ئايرىلىپ قېلىپ، قانچە قىيىنچىلىقلارنى بېشىڭدىن كەچۈرۈپ، كىچىسى ئۇيقا كۆرمەي، كۈندۈزى كۈلكە كۆرمەي، ئۈچ بالاڭنى بېقىۋاتىسەن. ھەجەرخانىمۇ ئۆز ئاناڭدەك كۆرۈپ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىسە، بالام. ھەجەرخان ئىككىمىز كىچىگىمىزدىن بىر مەلىدە ئۆسۈپ دوست بولۇپ ژۈرگەن ئانىلارمىز. بىراق قارغىش تەككۈر نېمىس بېسىپ كىرىپ، يېزىمىزدىكى مەن-مەن دېگەن ژىگىتلەرنى ئۇرۇشقا ئېلىپ كېتىپ، جان بېقىش كۈندىن-كۈنگە تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا.

— راست دەيدىلا، دوستۇم.

گۈلى: «بۇ گەپنىڭ ئاخىرى نەگە ئاپىرىپ سوقىدېكىن» دەپ ئويلاپ، ئىشنى ئىچىپ بولۇپ، دەستىخانغا چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ چىنىگە سالغاچ زەينەپخان مومايىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا.

– زورەبۋۋى قىزىمدىن ئايرىلىپ، كۆيۈك ئوتىدا ژىلدىن ژىلغا ئوساللاپ بارىمەن. ئىككى نەۋرەمنى چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشۇدىغىنىمغا كۆزۈم زادى يەتمەيدۇ. ئەيىپكە بۇيرىما، قىزىم، مېنىڭ كەلگىنىمنىڭ سەۋەۋى، شاۋدۇنمۇ يالغۇز، سەنمۇ يالغۇز، ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى دەيمىز. ئىككى ئۆينىڭ بالىسىغا سەن ئانا بولۇپ، شاۋدۇن ئاتا بولسا، – دەپ ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ دىسلەپ گۈلىگە، ئاندىن دوستىغا قارىدى.

گۈلى بىر ئاز جىم ئولتاردى.

– زەينەپخان ئانا، مەن ھەر ئىككىڭلارنى ئۆزەمنىڭ ئانىسىدەك ياخشى كۆرىمەن، ئىززەتلەيمەن. ئەلۋەتتە، سەن ياخشى نىيەت بىلەن كەلدىڭ، بىلىمەن. ئويلاپ-ئويلاپ ئىككى دوست قۇدا بولاي دەپسىلەر، لېكىن مەن ئەندى تۇرمۇشقا چىقمايمەن. موشۇ ئۈچ بالامنى ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشسام بولدى. بالىلىرىمنىڭ بەختى، مېنىڭ بەختىم دەپ بىلىمەن.

– قىزىم، سەن تېخى ياش، ئۇنداق ئەتىگەنلا ھاياتىڭنى چىگمە. شاۋدۇنمۇ يامان ئادەم ئەمەس. بەش-ئون زامان ئويلان، ئاندىن بىر گېپىڭنى ئېيت، – دېدى گۈلىنىڭ جاۋاۋىدىن كۆڭلى تويمىغان ھەجەر چوڭنام.

– ھازىرغۇ تېنىڭ تازا، تالادا ئەر، ئۆيدە ئايال بولۇپ ژۈرىسەن، بالام. ئادەم بولغاندىن كېيىن ئاغرىق-سىلاق بار دېگەندەك، ئاغرىپ-تارتىپ قالساڭ، بالىلىرىڭنى كىم باقىدۇ، – دېدى زەينەپخان ئانا.

– كونىلار تۇل قالغان جۇگاننى ئۈچ قېتىم تالالىق بول دېگۈلۈكتەك، قىزىم. ئەرنىڭ بۇيرىغىدىن چىققان سوۋاپ، – دەپ قوشۇپ قويدى ھەجەر چوڭنام.

گۈلى جوزىدىكى چىنىلەرنى قاتلاپ ئېلىۋېتىپ:

– بۇ گەپنى بىر قىلدىڭلار، ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىماي، خاپا بولماڭلار، – دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قازان بېشى تەرەپكە كەتتى.

ئىككى موماي بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە ئولتىرىپ قالدى. مەخسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان زەينەپخان موماي ئۆمۈلەپ دېگىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ:

– بوپتۇ، دوستۇم، خوش! مەن قايتاي، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، – دەپ ھاسىسىغا تايىنىپ ھويلىدىنى چىقتى. مومايىنى ئۇزىتىپ چىققان گۈلى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىن سۆيۈپ:

– خوش، ئانا، خاپا بولما. قاراڭغۇدا يالغۇز قانداق ماڭىسەن؟

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com



سىلىمەم سىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويسۇن، ــ دەپ خوشلاشتىدە، كالا سىغىش ئۈچۈن چېلەكنى كۆتىرىپ ئېغىلغا كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئېتىزدا بوغدايغا سۇ تۇتۇۋاتقان گۈلى تۇغاننى يېپىش ئۈچۈن چوگا ـ چاتقانلارنى ژۇلۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئاتلىق شاۋدۇن كەلدى.

ــ ھە، گۈلى، بۇ تەرەپىنىڭ بوغدىيىنى سۇغىرىپ بولدۇڭلارمۇ؟

ــ سۇغىرىپ بولدۇق، مانا تۇغاننى ياپىمەن، ــ دەپ ژىققان چوگا ـ چاتقاننى تۇغانغا قويۇپ، يوغان كەتمىنى بىلەن يەردىن توپىنى ژۇلۇپ ئېلىپ ئۇستىگە تاشلىدى.

شاۋدۇن، نېمىشكىدۇ، كەتمەي قاراپ تۇراتتى. گۈلى ئىشنى تۈگىتىپ، كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ ماڭغاندا، شاۋدۇن ئاتتىن چۈشتى.

ــ گۈلى، تۈنۈگۈن قېيىنئانام ئۆيۈڭلارغا بارغىنى ۋە سىزنىڭ بەرگەن جاۋاۋىڭىزنى ئاڭلىدىم، ــ دېدى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ــ شۇ ئېيتقىنىم ئېيتقان، باشقا ئېيتارىم يوق، يولۇمنى توسماڭ، ــ دېدى گۈلى جىددىي.

ــ سىزنىڭ تايىرغا سادىق ئېكەنلىگىڭىزگە ھەممىمىز گۇۋا. مەن ئەتە ئۈرۈشقا كېتىمەن. كېتىش ئالدىدا سىزگە بار ھەقىقەتنى ئېيتاي.

ــ نېمىنى ئېيتماقچىسىز؟

ــ بىلىمەن، ماڭا كەچۈرۈم يوق، سەۋەۋى مېنىڭ گۇنايىم ناھايىتى ئېغىر.

شاۋدۇننىڭ سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسە چۈشەنمەي ئاڭ ـ تاڭ بولغان گۈلى مۈرىسىدىكى كەتمەننى يەرگە قويدى.

ــ گۈلى، بىلەمسىز، ئەشۇ بىر ژىلى مېنى مەخسۇس ئۈرۈنلارنىڭ بىرىگە چاقىرىپ قورقۇتۇپ: «يېزاڭدا بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىزگە خەۋەر بېرىسەن. ئەگەر ياق دېسەڭ، ئائىلەڭمۇ، ئۆزەڭنىمۇ يوقىتىمىز» دەپ، ژۈرىگىمنى موجۇغاندىن كېيىن ھەممىگە ماقۇل بولدۇم. تايىرنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ مەن. قىلغان گۇنالىرىم ئۈچۈن ئۆزەمنى كەچۈرەلمەيمەن، بۇ دۇنيادا ياشاشنىمۇ خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈشقا سورىنىپ كېتىپ بارىمەن. بەلكىم، ئېلىمىزنى دۈشمەندىن ئازات قىلىش يولىدا قان كېچىپ قۇربان بولسام، ئاللانىڭ ئالدىدا گۇنالىرىم ژۇيۇلار.

گۈلى نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەتتى.

ـ ئەگەر سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز راست بولسا، مېنىڭ باللىرىم بىلەن تارتقان خورلۇقلىرىمنى، جاپالىرىمنى دۈشمىنىمگىمۇ تىلىمەيمەن.

ـ مەن سىزدىن بۇ سۆزلەرنى كۈتمىگەن.

ـ مەن ھېچ كىمنى قارغىمايمەن، كىم چوغنى تۇتۇپتۇ، شۇنىڭلا قولى كۆيىدۇ ئەمەسمۇ.

ـ گۈلى، سىز مېنىڭ ئۇرسىڭىزمۇ، ئۆلتەرسىڭىزمۇ ھەقلىق بولاتتىڭىز.

ـ مېنىڭ باشقا ئېيتارىم يوق، ـ دېدىدە مېڭىپ كەتتى گۈلى.

شاۋدۇن ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقان پېتى گۈلىنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ قالدى...

شاۋدۇن ئۇرۇشقا كېتىپ، ئارىدىن تۆرت ـ بەش ئاي ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆلدى دېگەن قارا خەت كېلىدىغانلىغىنى ئۇ چاغدا ھەر ئىككىسى بىلمەتتى، ئەلۋەتتە...

***

ـ گۇناسىنى ئىخرار قىلغىنىغا قارىغاندا، شاۋدۇننى ۋىژدان ئازاۋى قىيناپتۇدە؟ ـ دېدى جىم ـ جىت ئولتىرىشىپ تىڭشاۋاتقان رۇس.

ـ قىلغۇلىقنى قىلىۋېتىپ، كېيىن پۇشايمان يېگەندىن نېمە پايدا؟ شاۋدۇن ئوخشاش ساتقۇنلارنىڭ كېسىلىدىن قانچىلىگەن تەغدىرلەر ۋەيران بولۇپ، ئالدىنقى قاتارلىق تالاي زىيالىلىرىمى بىۋاقىت قارا يەرگە كۆمۈلدى. قانچىلىگەن ئانىلارنىڭ بەختى يوللاردا چېچىلىپ، بىگۇنا باللارنىڭ كۈلكۈلىرى ئۈزىلدى، دېسىڭىزچۇ؟ شۇڭلاشقا ئۇنداق ساتقۇنلارغا ھېچ قاچان كەچۈرۈم يوق. ئەسلى نىيىتى پاسكىنا ئادەملەر ھەر قانداق ۋەزىيەتتە ئۆز مەنپىيىتىنى ئويلاپ، مەخسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىكەنغۇ. بىزنىڭ جەڭچىلەر ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇشتا قان كېچىپ، ئارقا سەپتىكى ئاياللار دەۋرىنىڭ ئېغىر ژۈكىنى يەلكىسىدە كۆتەرگەن چاغدىمۇ ئۇنداقلار بولغان. مېنىڭ كېيىنكى ھېكايەم يېزىمىزدىكى شۇنداقلارنىڭ بىرى توغرىلىق، ھە، ئۇنداقلار باشقا يېزىلاردىمۇ بولغان، ئەلۋەتتە، ـ دېدى مېھرىبان.

ـ قۇلىغىم سىزدە، ـ رۇس كۆزىنى ژۇمغان ھالدا كرېسلوغا يۆلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چەيلەنگەن نومۇس



شاۋدۇن كېتىپ، ئورنىغا قادىر بىرىگادىر بولدى. ئۇ پاكا بويلۇق، قاپ-قارا، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق، ئېتى تىرىك، سۆزگە چېۋەر 30-35 ياشلاردىكى ژىگىت ئېدى. ئەشۇ سەت قادىر يېزىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق قىز - ئاسىيەمگە ئۆيلەنگەندە، ژۇتداشلار ھەيران بولۇپ: «ۋاي، بۇ پاكىنىڭ يامانلىغىنى قارا، گۆزەللەرنىڭ گۆزىلىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپتۇ»، - دېيىشۋېدى. كېيىن ئاسىيەم ئىككىسى ئۈچ باللىق بولدى. ئەرلەر ئۇرۇشقا ماڭغاندا، نېمىشكىدۇ، ئۇنى ئالمىدى، سەۋەۋىنىمۇ ھېچ كىم بىلمەتتى. بىراق ئۇنىڭ توغرىلىق: «ئەرلەر ئۇرۇشقا كېتىپ، قادىر پاكا قۇتىراپ كەتتى»، - دېگەن سۆزلەر پات-پات ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئېيتىلاتتى.

ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى قايناۋاتقان بىر كۈنى رەئىس ئىمەر ئاكا ژىغىن ئاچتى.

- قورغاستىن كېلىۋاتقان سۇ ئازىيىپ كېتىپتەك. تېرىلغۇغا سۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئاشلىق سۇغا قانمىسا، ئاز ھوسۇل بېرىدىغانلىغى ئېنىق. بىز كىملەر ئۈچۈن ئاشلىق ئۆسۈرۈۋاتقانلىغىمىزنى ئۇنتىمايلى. ئەندى كولخوزلار نۆۋەت بىلەن سۇ تۇتىدىغان بولدى. ئەتىدىن باشلاپ

سۇ بىزگە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆرمەتلىك ئاياللار، ھاردىم-تالدىم دېمەي، ئېتىزدا قونۇپ، كۈندۈز-كېچىگە قارىماي بۇغداينىڭ سۈيىنى تۇتۇڭلار. ماھمۇتنىڭ بىرىگادىسىدىكى سۇچىلار — گۈلى، مېرۋانەم، زەينەپخان، مەريەم،— ئىككى كۈن سۇ سىلەرنىڭ، قادىرنىڭ بىرىگادىسى سىلەردىن كېيىن تۇتىدۇ. كولخوزنىڭ تېرىلغۇسى سۇ ئىچىپ بولغاندا، ئىككى كۈن سۇ شەخسىيلەرگە، يەنى سىلەرگە بېرىلىدۇ.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بۇغداي سۇغىرىش باشلاندى. ئەتىگەندىن تا يېرىم كېچىگىچە يالاڭغداق پاتقاق كېچىپ سۇ تۇتقان ئاياللار، ھېرىپ، قوساقلىرى ئاچقاندا، تۆرت ئاچىنى تىكلەپ، تۆپىسىنى شاخلار بىلەن يېپىپ قويغان، ھەممە تەرىپى ئوچۇق باراڭغا كېلىپ ئولتىرىشتى. مېرۋانەم بىر ئەسكى چاپاننى بېشىغا قويۇۋېتىپ:

— بىز مەلىگە يەتكىچە، تاڭ ئاتىدۇ. ئۇنىڭدىن موشۇ يەردە يېتىپ بىر ئاز ئۇخلايلىدە، يورۇق چۈشكەندە، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدىدە شۇ يەرگىلا قىڭغايدى.

— راست دەيسىز، ئادەملەر كېچىسى يوغان ئىشتلىرىنى قويۇۋېتىدۇ ئەمەسمۇ، يەنە چىشلەۋالمىسۇن، — دەپ گۈلى چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتماقچى بولغاندا، مەريەم:

— جۇرۇڭلارا، ئاستا ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى.

— قويۇڭا، مەريەم، بۇ پۇتلاردا جانمۇ قالمىدى، ماڭغۇچىلىگىممۇ يوق. ئۆيگە بارغاندا كىم بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى مېرۋانەم.

— كەتكىڭىز بولسا، بايا زەينەپخان بىلەن كەتسىڭىز بولغان. بۇ قاراڭغۇچىلىقتا قانداق كېتىمىز، — دەپ گۈلى ئۇيقىغا كەتتى.

مەلىگە يالغۇز كېتىشتىن قورققان مەريەم ئامالسىزدىن ئۇلارنىڭ قېشىغا ياتتى. كەچكىچە سۇ تۇتۇپ ھېرىپ، ئېزىلىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ بىر دەمدىلا كۆزلىرى ئىلىنىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىشتى.

كونىلار «ئۇيقا دېگەن دۈشمەن» دەپ بىكار دېمەيدىغۇ. باياتىن ئۇلارنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ ماراپ ژۈرگەن قادىر پاكا چەتتە ياتقان مەريەمنىڭ ئاغزىغا بىر لاتىنى تىقىپ سۆرەپ ماڭدى. بولۇۋاتقان ۋاقەدىن چۆچۈپ ئوخانغان مەريەم ئۈنى پۈتى بىلەن تېپىپ، قولى بىلەن ئۇرسىمۇ، كۈچ ئېلىشالمايدۇ. ۋاقىراپ ياردەمگە چاقىراي دېسە، ئاغزىدا لاتا. بىر چاغدا ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق بىر نەرسە تېگىپ، ھوشۇنى يوقىتىپ قويۇدۇدە، كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاڭ يورۇپ كېلىۋاتقاندا، مەرىيەم ھوشۇغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەيەردە ياتقىنىنى بىلمەي، يېنىدا ياتقان دوستلىرىنىڭ يوقلۇقىغا ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. بىراق بېشىنىڭ زىڭىلداپ قاتتىق ئاغرىشىدىن قايتىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، بېشىنى تۇتسا، قولى مۇزدەك ھۆل نەرسىگە تېگىدۇ. مەرىيەم قولىدىكى قاننى، كۆينىكىنىڭ ژىتىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كېچىسى بولغان ۋاقەنى ئېسىغا چۈشىرىدۇدە، ئۆزىنىڭ خورلانغىنىنى چۈشىنىپ قاتتىق ژىغلايدۇ. ژىغىنىڭ ئۈنىدىن ئويغانغان دوستلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تۇرىگە قاراپ ھەيران بولىدۇ.

– ۋاي، نېمە بولدى؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتىرىسىز؟ كۆينەكلىرىڭىز نېمىشكە ژىتىلىپ كەتتى؟ – دەپ ئارقا–ئارقىسىدىن سوئال بېرىشسىمۇ، جاۋاپ ئالماي قاراپ ئولتىرىشاتتى.

مەرىيەمنىڭ چاچلىرى چۇگۇلغان، ژىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىدىن ياشلىرى مونچاقتەك تۆكۈلەتتى.

– مەرىيەم ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ. راستىنى ئېيتىڭا، كىم نېمە قىلدى؟ بىز بۇ توغرىلىق ھېچ ئىنسانغا سىر بەرمەيمىز، – دېدى مىرۋانەم دوستىنىڭ چۇگۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى سىيپاپ.

گۈلى مەرىيەمنىڭ نېرىراقتا ياتقان ياغلىقىنى ئېلىپ مىرۋانەمگە بەردى. مىرۋانەم چاچلىرىنى تۈزەپ، ياغلىقىنى تاڭغۇزۇۋاتقاندا، مەرىيەم:

– مەنمۇسلەرنىڭ يېنىڭلاردا يېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەنكەن. بىر چاغدا كىمدۇ بىرى يېنىمغا كېلىپ قولى بىلەن مېنى قاتتىق تۇتتى. مەن ئاغزىمنى ئېچىشىمغا، بىر پارچە لاتىنى ئاغزىمغا تىقىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن قارشىلىق كۆرسىتىپ پۇتلىرىم بىلەن تەپكەندە، بېشىمغا قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇرۇۋەتكىنىنى بىلىمەن، كېيىن ئۇ ۋەھشىنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمەيمەن. تاڭ ئېتىپ، ھوشۇمغا كەلگەندە، ماڭا زورلۇق قىلغىنىنى بىرلا بىلدىم. ئەندى خەقنىڭ ئالدىدا قانداق باش كۆتىرىمەن. مۇنداق ياشىغىچە، ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ، – دەپ ئۈن سېلىپ ژىغلاپ كەتتى.

– ئەگەر شۇ ئەبلەخنىڭ كىم ئېكەنلىگىنى بىلسەم،كەتمەن بىلەن بېشىنى ئالاتتىم، – دېدى گۈلى نەپرەت بىلەن.

– بىز ئاجىز بولغاچقا، ھەر قايسى دەپسەندە قىلغۇسى كېلىدۇ. توختاڭلارا، ئويلايلى، ئۇ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ – دەپ، مىرۋانەم يېزىدا قالغان ئەرلەرنى بىر–بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

مەرييەم بىچارە ئۆزىنى توختىتالماي:

ــ مەن ئەندى قانداق ياشايمەن؟ ئادەملەرگە قانداق كۆرۈمەن، دوستلىرىم؟ ــ دەپ ژىغلاتتى.

ــ توختاڭ، سەۋىر قىلىڭ، كىم بولمىسۇن، بىز ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، ئۆچۈمىزنى ئالىمىز تېخى. مېنىڭچە، ئۇ قادىر پاكا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەر دايىم قېشىمىزغا كەلسە، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ، بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى سېغىنغىنىمىز، يالغۇزلىقىنىڭ ئېغىرلىغى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدىغانغۇ. توختا، سەن پاكا قولۇمىزغا چۈشسەن بىر كۈنى، ــ دېدى مېرۋانەم مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ.

گۈلى ئېرىقتىن بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ، دوستىنىڭ كىيىمىنى يەشتى.

ــ مەرييەم، ژۇيۇنۇۋېلىڭ. تېنىڭىزدە ھېلىقى ئىپلاس پاسكىنىنىڭ پۇرىغىمۇ قالمىسۇن.

گۈلى ھالسىزلىنىپ كەتكەن مەرييەمنىڭ ژۇيۇنىشىغا ياردەملەشتى، مېرۋانەم چۆمۈچ بىلەن سۇ قۇيۇپ بەردى. مەرييەمنىڭ پىنجىگىنىڭ ياقىسىدا ئىتىز-ئېرىقتا بىرەر يېرى ژىتىلىپ كەتسە كېرەك بولىدۇ دەپ، ئۇزۇن ژىپ ئوراپ قويغان ژىڭنە دايىم سانچىقلىق تۇرىدىغان. شۇ ژىڭنە-ژىپ بۇگۈن ئەسقاتتى. مېرۋانەم دوستىنىڭ ژىتىلىپ كەتكەن كۆينىگىنى تىكىپ كىيگۈزگەندىن كېيىن ئۈچ دوست: «بولغان ۋاقەنى ھېچ كىمگە ئېيتمايمىز، لېكىن كىم ئېكەنلىگىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىز ئۆچ ئالىمىز»، ــ دەپ كېلىشىپ قەسەم ئىچىشتى.

بولغان ۋاقەدىن كېيىن مەرييەم ئۈچ-تۆرت كۈن ئېتىزغا چىقمىدى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ، ئۆزى روھىي ئازاپلىناتتى. ئەھۋالىنى سوراپ كىرگەن خوشنىلىرىغا نېمە دېيىشنى بىلمىگەن مەرييەم:

ــ بېشىم قېيىپ ژىقىلغاندا، بېشىم تاشقا تېگىپتۇ. خېلە قاتتىق تەككەن كۆرۈنىدۇ، بېشىمنى كۆتىرەلمەيمەن، ــ دەپ قويدى.

ــ يا، ئاللا، ھېلىما خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، بۇمۇ ئىككى بالاڭنىڭ تەلىيى، ــ دېدى ئۇنى يوقلاپ كىرگەن زىمىنەپخان موماي.

ــ شۇنى دېگىنە، چوڭنا، ــ دەپ مەرييەم ئۆزىنى تۇتالماي ژىغلىدى.

ــ سەۋىر قىل، قىزىم، ھازىرمىغۇ ئېغىر زامان. ئەگەر يېنىڭلاردا ئەرلىرىڭلار بولغاندا، بۇ قىيىنچىلىقلارنى تەڭ كۆرەتتىڭلار.

مەرييەم ئىچىدە: «ئەگەر ئادىل يېنىمدا بولغاندا، مۇنداق خورلانماس ئىدىم»، ــ دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاڭ يورۇپ كېلىۋاتقاندا، مەرىيەم ھوشۇغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەيەردە ياتقىنىنى بىلمەي، يېنىدا ياتقان دوستلىرىنىڭ يوقلۇغىغا ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتىرىدۇ. بىراق بېشىنىڭ زىڭىلداپ قاتتىق ئاغرىشىدىن قايتىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، بېشىنى تۇتسا، قولى مۇزدەك ھۆل نەرسىگە تېگىدۇ. مەرىيەم قولىدىكى قانىي، كۆينىگىنىڭ ژىتىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كېچىسى بولغان ۋاقەنى ئېسىغا چۈشىرىدۇدە، ئۆزىنىڭ خورلانغىنىنى چۈشىنىپ قاتتىق ژىغلايدۇ. ژىغىنىڭ ئۈنىدىن ئويغانغان دوستلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تۇرىگە قاراپ ھەيران بولىدۇ.

— ۋاي، نېمە بولدى؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتىرىسىز؟ كۆينەكلىرىڭىز نېمىشكە ژىتىلىپ كەتتى؟ — دەپ ئارقا-ئارقىسىدىن سوئال بېرىشسىمۇ، جاۋاپ ئالماي قاراپ ئولتىرىشاتتى.

مەرىيەمنىڭ چاچلىرى چۇگۇلگان، ژىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىدىن ياشلىرى مونچاقتەك تۆكۈلەتتى.

— مەرىيەم ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ. راستىنى ئېيتىڭا، كىم نېمە قىلدى؟ بىز بۇ توغرىلىق ھېچ ئىنسانغا سىر بەرمەيمىز، — دېدى مېرۋانەم دوستىنىڭ چۇگۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى سىيپاپ.

گۇلى مەرىيەمنىڭ نېرىراقتا ياتقان ياغلىغىنى ئېلىپ مېرۋانەمگە بەردى. مېرۋانەم چاچلىرىنى تۈزەپ، ياغلىغىنى تاڭغۇزۇۋاتقاندا، مەرىيەم:

— مەنمۇسلەرنىڭ يېنىڭلاردا يېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەنكەن. بىر چاغدا كىمدۇ بىرى يېنىمغا كېلىپ قولى بىلەن مېنى قاتتىق تۇتتى. مەن ئاغزىمنى ئېچىشىمغا، بىر پارچە لاتىنى ئاغزىمغا تىقىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن قارشىلىق كۆرسىتىپ پۇتلىرىم بىلەن تەپكەندە، بېشىمغا قاتتىق نەرسە بىلەن ئۇرۇۋەتكىنىنى بىلىمەن، كېيىن ئۇ ۋەھشىنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمەيمەن. تاڭ ئېتىپ، ھوشۇمغا كەلگەندە، ماڭا زورلۇق قىلغىنىنى بىرلا بىلدىم. ئەندى خەقنىڭ ئالدىدا قانداق باش كۆتىرىمەن. مۇنداق ياشىغىچە، ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ، — دەپ ئۈن سېلىپ ژىغلاپ كەتتى.

— ئەگەر شۇ ئەبلەخنىڭ كىم ئېكەنلىگىنى بىلسەم،كەتمەن بىلەن بېشىنى ئالاتتىم، — دېدى گۇلى نەپرەت بىلەن.

— بىز ئاجىز بولغاچقا، ھەر قايسى دەپسەندە قىلغۇسى كېلىدۇ. توختاڭلار، ئويلايلى، ئۇ كىم بولۇشى مۇمكىم؟ — دەپ، مېرۋانەم يېزىدا قالغان ئەرلەرنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

مەرىيەم بىچارە ئۆزىنى توختىتالماي:

– مەن ئەندى قانداق ياشايمەن؟ ئادەملەرگە قانداق كۆرۈنىمەن، دوستلىرىم؟ – دەپ ژىغلاتتى.

– توختاڭ، سەۋر قىلىڭ، كىم بولمىسۇن، بىز ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، ئۆچۈمىزنى ئالىمىز تېخى. مېنىڭچە، ئۇ قادىر پاكا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەر دايىم قېشىمىزغا كەلسە، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ، بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى سېغىنغىنىمىز، يالغۇزلۇقنىڭ ئېغىرلىغى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدىغانىغۇ. توختا، سەن پاكا قولۇمىزغا چۈشسەن بىر كۈنى، – دېدى مېرۋانەم مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ.

گۆلى ئېرىقتىن بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ، دوستىنىڭ كىيىمىنى يەشتى.

– مەرىيەم، ژۇيۇنۇۋېلىڭ. تېنىڭىزدە ھېلىقى ئىپلاس پاسكىنىنىڭ پۇرىغىمۇ قالمىسۇن.

گۆلى ھالسىزلىنىپ كەتكەن مەرىيەمنىڭ ژۇيۇنىشىغا ياردەملەشتى، مېرۋانەم چۆمۈچ بىلەن سۇ قۇيۇپ بەردى. مەرىيەمنىڭ پىنجىگىنىڭ ياقىسىدا ئېتىز-ئېرىقتا بىرەر يېرى ژىتىلىپ كەتسە كېرەك بولىدۇ دەپ، ئۇزۇن ژىپ ئوراپ قويغان ژىڭنە دايىم سانچىقلىق تۇرىدىغان. شۇ ژىڭنە-ژىپ بۇگۈن ئەسقاتتى. مېرۋانەم دوستىنىڭ ژىتىلىپ كەتكەن كۆينىگىنى تىكىپ كىيگۈزگەندىن كېيىن ئۈچ دوست: «بولغان ۋاقەنى ھېچ كىمگە ئېيتمايمىز، لېكىن كىم ئېكەنلىگىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىز ئۆچ ئالىمىز»، – دەپ كېلىشىپ قەسەم ئىچىشتى.

بولغان ۋاقەدىن كېيىن مەرىيەم ئۈچ-تۆرت كۈن ئېتىزغا چىقمىدى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ، ئۆزى روھىي ئازاپلىناتتى. ئەھۋالىنى سوراپ كىرگەن خوشنىلىرىغا نېمە دېيىشىنى بىلمىگەن مەرىيەم:

– بېشىم قېيىپ ژىقىلغاندا، بېشىم تاشقا تېگىپتۇ. خېلە قاتتىق تەككەن كۆرۈنىدۇ، بېشىمنى كۆتىرەلمەيمەن، – دەپ قويىدى.

– يا، ئاللا، ھېلىما خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، بۇمۇ ئىككى بالاڭنىڭ تەلىيى، – دېدى ئۇنى يوقلاپ كىرگەن زىمىنەپخان موماي.

– شۇنى دېگىنە، چوڭنا، – دەپ مەرىيەم ئۆزىنى تۇتالماي ژىغلىدى.

– سەۋر قىل، قىزىم، ھازىرمىغۇ ئېغىر زامان. ئەگەر يېنىڭلاردا ئەرلىرىڭلار بولغاندا، بۇ قىيىنچىلىقلارنى تەڭ كۆرەتتىڭلار.

مەرىيەم ئىچىدە: «ئەگەر ئادىل يېنىمدا بولغاندا، مۇنداق خورلانماس ئىدىم»، – دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– قىزىم، سەن يات، مەن چىقىپ ساڭا ئاچچىق-چۇچۇك قىلىپ سۇيۇق ئاش ئېتىپ كىرەي.
– ياق، چوڭئانا، سەن ئاۋارە بولما، ئۆزەڭ ئارانلا ژۈرىسەن. مەن ھېچ نېمە يېمەيمەن.
– قىزىم ئۆلگەندىن بېرى، شۇنچە ژىل سەن خوشنىچىلىقتا ياراپ ماڭا ياردەم قىلىپ ژۈرىسەن. مەن بىر كورا ئاش ئېتىشكە يارىمايمەنمۇ،
– دەپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، ھاسىسىنى تۇتۇپ ئۆيگە ماڭدى موماي.

يالغۇز قالغان مەرييەم كېچىكى بولغان كۆڭۈلسىز بولغان ۋاقىەنى ئېسىغا ئېلىپ يەنىلا چوڭقۇر ئويغا كەتتى.

ئارىدىن خېلە كۈنلەر ئۆتۈپ، ئومىغا تەييارلىق باشلاندى. رەئىس ئىمەر ئاكا ئوما باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا ئايالللارنى ئۆيدىكى ئىشلىرىنى بىر ئاز سەرەمجان قىلىۋالسۇن دەپ، بىر-ئىككى كۈن دەم ئېلىش بەردى. ئۇلار بېغىدا پىشقان مېۋە-كۆكتاتلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، بالىلىرىغا ئانچە-مۇنچە كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ چىقىشتى.

ئوما باشلانغان كۈنى قېرى-ياشنىڭ ھەممىسى چالغىلىرىنى، ئوغاقلىرىنى كۆتىرىپ ئېتىزغا ماڭدى. كولخوزچىلار بۇغدايلىققا كېلىپ، كېچە-كۈندۈز پەرۋىش قىلىپ ئۆستەرگەن ئاشلىقنىڭ كۈننىڭ نۇرىدا ساپ-سېرىق ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىگىدىن رازى بولۇشتى. ئەندى ئۇلارنىڭ مەخسىتى شۇنچە جاپا بىلەن ئۆستۈرگەن ئاشلىقنى ئىسراپسىز ژىغىۋېلىش ئېدى. قېرىلار: «بۇ ژىلى ئەمگەك ھەققىمىزگە بىر مىشكاپ بولسىمۇ بۇغداي تەگسە بولاتتىغۇ»، – دەپ ئۈمۈت قىلاتتى. مانا شۇنداق ئۈمۈت-ئويلاردا ئومىنى باشلاۋەتتى.

ئەسلى ئۇيغۇرلار ناخشا-سازغا بەك ئامراق خەلىققۇ. بەلكى، تەغدىرى ھەسرەتلىك بولغاچقا شۇنداقمېكىن، ئەيتەۋىر، قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ناخشىسىز ژۈرەلمەيدۇ. كۈننىڭ قايناپ تۇرغان ئىسسىغىدا ئوما ئورۇپ، تەرلەپ-پىشىۋاتقان ئومىچىلارمۇ ئېتىزنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئوما ناخشىسىنى ياڭراتتى.

ئومىنى تولا ئورۇپ،
بىلەگىنىڭ تالدىمۇ، يارىم.

ئاز كۈن ئۆيناپ ئايرىلدۇق،
ژۆرەگىلك قاندىمۇ، يارىم...

ئاستا چىققان مەيىن شامال دېخانلارنىڭ مۇگلۇق ناخشىسىنى، خۇددى دېڭىز دولقۇنۇدەك، هەر يان چايقىلىپ تۇرغان بۇغداي شاگلىقلىرىنى بويلىتىپ ئېلىپ كەتتى...

چۈش بولغاندا، ئومچىلار ئېرىقتىكى سۇدا قوللىرىنى ژۇيۇپ، چاي ئىچى هادۇق ئېلىشقا ئولتاردى. گۈلىمۇ دوستلىرى بىلەن بىر چەتتە چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، مەرىيەم ئۆزىنىڭ هامىلدار ئېكەنلىگىنى ئېيتىپ ژىغلاۋەتتى.

ـ ئەندى قانداق قىلىمەن؟ ئادىل كەلسە، نېمە دەيمەن. ئۇ قادىرنىڭ زورلۇق قىلغىنىغا ئىشەنسە ياخشى، ئىشەنمىسە نېمە بولدى؟...

ـ سەۋىر قىلىڭ، مېرۋانەم ئىككىمىز گۇۋاچى بولىمىز. ئادىلغا چۈشەندۈرىمىز، ـ دېدى گۈلى.

ـ گۈلى، ئادىلنىڭ مۇجەزىنى سىلەر بىلىسىلەرغۇ، ئۇ قول كۆتىرىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ تايىغىنى يەپ، ئاهانىتىنى ئاڭلىغىچە، ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ.

ـ مەرىيەم، دوستۇم، ئۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭ، ـ دېدى مېرۋانەم دوستىغا ئىچى ئاغرىپ، بىراق ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىشنىمۇ ئۆزى بىلمەتتى.

ـ بىر ئامال ئىزدەيلى. زەينەپخان، سەن بىر كوكاتنى قاينىتىپ ئىچسە، بالا چۈشۈپ كېتىدېكەن دېگەنغۇ. ئۇ قانداق كوكات، ماڭا كۆرسەتكىنە.

ـ ياق، ئۇ گۇنانى بېشىمغا ئالمايمەن. بالىنى چۈشىرىمىز دەپ، سەن بىر بالاغا ئۇچرىساڭ، قانداق قىلىمەن.

ـ بۇ ژۈرىگىنىڭ ئاستىدا ياتقان نارىسىدىدە نېمە گۇنا؟ بوۋاق تۇغۇلغاندا، ماڭا بېرىۋەت، مەن بېقىۋالاي، ـ دېدى گۈلى.

ـ جېنىم دوستلىرىم، قانداق چۈشەنمەيسىلەر مېنى. ئۇ بالا تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا قاراپ قادىرنىڭ ماڭا زورلۇق قىلغىنىنى هەر دەمدە ئەسلەيمەنغۇ. ياق، ياق! ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

مېرۋانەم دوستلىرىدىن بىر-ئىككى ياش چوڭ بولغاچقا يەنە ئەقىل ئېيتتى.

ـ مەرىيەم، سىز گەپنى تىڭشاڭا. قايسىمىز بولساقمۇ، ئويلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆزلەيلى. مومام: «ئاغزىمىزدىن چىققان سۆز ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەيدىغان. ئەگەر سىز بىر خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىسىڭىز، بالىلىرىڭىز كىمگە قالىدۇ؟ شۇ تاپاقچى ئادىلغا قالامدا؟

- مەن موشۇ تاپتا بالىلىرىمنى ئويلاۋاتقىنىم يوق. مونۇ قادىردىن ئۆنگەن بالا-قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتىمەن، سۆز-چۆچەككە قالسام قانداقمۇ قىلارمەن دەپ، كېچىسى ئۇيقا كۆرمەيۋاتىمەن.

دوستلىرى مەرىيەمگە قانداق ياردەم بېرىشنى بىلمەي باشلىرى ساڭگىلاپ ئولتىراتتى، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاتلىق ئىككى برىگادىر يېتىپ كەلدى.

- ھادۇغىڭلارنى ئالغان بولساڭلار تۇرۇڭلار، - دېدى ماھمۇت.

- مەرىيەم، سىز ئۇمىنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ھېرىپ قاپسىزغۇ، مۇجەزىڭىز يوقتەك كۆرۈنىدىغۇ، - دەپ چاقچاق قىلدى قادىر.

مەرىيەم گەپمۇ قىلماي، پۇت-قولى تىترەپ، ئاپپاق تاترىپ كەتتى.

- ماھمۇت، بىز تاڭ ئاتقىچە ئاينىڭ يورۇغىدا ئوما ئورايلى دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتىمىز.

- ئۆزەڭلار بىلىڭلار.

- كېچىسى قورقساڭلار، مەن سىلەرنى كۈزىتەي، - دېدى قادىر.

- قاراڭغۇدا كېلىدىغان زومىگەرلەردىن قورقمىساق، بىزنى بۆرە يەتتىمۇ. - دېدى زىمىنەپخان.

ماھمۇتنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

- تېخى سىلەرگە زومىگەرلەر كېلەمدۇ؟

- ياقا، زىمىنەپخان چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، - دەپ مېرۋانەم قادىرغا قارىدى.

ئۇ ئالدىرىغان بولۇپ:

- ماھمۇت، مەن كەتتىم، - دەپ ئېتىنى قامچا بىلەن بىرنى ئۇردىدە، مېڭىپ كەتتى.

ماھمۇتمۇ ئېتىزغا سەپ-سېلىپ قاراپ:

- تۇرۇڭلار، ئەينە ھەممىسى ئىشقا كىرىشتى، - دەپ ئايالاردىن ژىراقلاشتى.

ماھمۇت كېتىپ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرى`ۋاتقاندا، مېرۋانەم:

- بۈگۈن بىز راستلا ئېتىزدا قونۇمىز. ئەگەر قادىر كەلسە، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، - دېدى.

كەچقۇرۇنلىغى ئىشلەپ ھارغان ئومچىلار ئۆيلىرىگە قايتتى. گۈلبۇلەرمۇ دوستلىرى بىلەن ئۆيلىرىگە بېرىپ، بالا-جاقىسىنىڭ تامىغىنى پىشىرىپ، كالىسىنى سېغىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىنى سەرەمجان قىلىپ بولۇپ، كىچىككىنە ھادۇغىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېتىزغا ماڭىدۇ.

ئۇلار كۈندىزى كېلىشىۋالغىنىدەك ئاينىڭ يورۇغىدا ئوما ئورۇپ، باغ باغلاپ، كەچكىچە ئەگىلىپ قېتىپ كەتكەن بەللىرىنى ئۇگىلىشىپ، بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلاۋالايلى دەپ ئېتىزدىلا ياتىدۇ. ھېرىپ كەتكەچكە ئايااللار بىردىنلا ئۇخلاپ كېتىدۇ، پەقەت مەرييەملا ئوخاق. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ، باياتىن قورقۇپ ئۇيقۇسى كەلمەي ئولتارغان مەرييەملا ئوخاق. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ، باياتىن قورقۇپ ئۇيقىسى كەلمەي ئولتارغان مەرييەم ئۇلارنىڭ يېنىغا بىرىنىڭ كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ:

– مېرۋانەم، بىرى كېلىۋاتىدۇ، – دەپ دوستىنى ئوختىدۇ.

مېرۋانەم يېنىدا ياتقان گۈلى بىلەن زەينەپنى ئوختىپ:

– يېقىن كەلسۇن، تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ مومىسىنى كۆرستەيلى، – دېدى ئاستا پىچىرلاپ.

ئۇلار خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك، جىم-جىت يېتىۋالدى. كەلگەن ئادەم ئاستا بېسىپ ئايااللارنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇنى بىرى ئايىغىدىن، بىرى قولىدىن تۇتۇپ يەرگە ژىقىتىۋېلىشتى. مېرۋانەم سەرەڭگە ياندۇرۋېدى، ھەممىسى ئۇنىڭ قادىر ئېكەنلىگىنى تونۇپ، ۋار-ۋۇر، جار-جۇر قىلىشىپ، قادىرنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قادىرمۇ بوش كەلمەي ئايااللارنى ئۆزىدىن ئىشتىرىپ ئورۇپ، تېپىپ قاچماقچى بولۇۋېدى، گۈلى: «سەن پاكامۇ بىزگە زورلۇق قىلىدىغان»، – دەپ ئۇنى ئوغاق بىلەن ئۇرۇۋەتتى. ئوغاق كەسكەن يەرنىڭ ئاغرىغىغا چىدىمىغان قادىرنىڭ ئۈنى ھەشلەرگە يەتتى.

ھېرىپ ئېتىزدىلا ئۇخلاپ قالغان ئادەملەر ئۇيقىلىق: «ھەي، نېمە بولدۇڭلار؟» – دەپ تەرەپ-تەرەپتىن ۋاقىرىشاتتى. ئايااللارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن بەزىلىرى: «ئىلان چاقتىمۇ؟» – دەتتى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي.

– بىز مونۇ قارا بۇقىنى قولغا چۈشەردۇق، – دېدى مېرۋانەم ئاچچىغىنى باسالماي.

– كىم بۇ ۋاقىراپ ياتقان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– كىم بولاتتى، قادىر پاكا.

– بۇ پاكا تېخى بىزگە زورلۇق قىلماقچى، – دېدى زەينەپ يەردە ۋاقىراپ ياتقان قادىرغا نەپرەت بىلەن قاراپ.

قورققىنىدىن چىشىنى-چىشىغا تەگمەي غاللىداپ تىترەپ ژىغلاۋاتقان مەرىيەمگە گۈلى ئۆزىنىڭ ئەسكى پىنجىگىنى كىيگۈزدى.

– بولدى، مەرىيەم، ئۆزىڭىزنى بېسىڭ.

بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ قالغان ئىدى. ئەشۇ پەيتتە ئايالارنىڭ قىيشىغا ۋاقىراپ ماھمۇت ئاتلىق يېتىپ كەلدى.

– نېمە بولۇشتىڭلار؟

– ماھمۇت، بىز ساڭا بولغان ۋاقەنى ئېيتالمايمىز. مەن مونۇ پاكانى ئوغاق بىلەن ئۇرۇۋەتتىم، – دېدى گۈلە قادىر تەرەپكە ژىركىنچىلىك بىلەن قاراپ.

– توختاڭلار، مەن ھەممىڭنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن، – ئاغرىققا چىدىماي ۋاقىراتتى يەردە ياتقان قادىر.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەنگەن گۈلى ئاچچىقىغا پەس كېلەلمەي:

– ۋاي-ۋۇي، سۆزىنى قارا بۇ پاكانىڭ، سېنىڭ بىزگە كۆرسەتكىنىڭ ئازمىدى، – دەپ يەنە ئوغاقنى ئېلىپ مېڭىۋېدى، ماھمۇت ئۇنى توختاتتى.

– ژىگىتلىك قىلىمەن دەپ كېلىۋېدىڭما؟ ئەگەردە قولۇمدا قۇرال بولسا، سېنىڭدەك ئېپلاسنى موشۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاتتىم. مەن ژىگىت دېگەن ئەرلەر ئۇرۇشتا ۋەتەننى قوغداپ قۇرۋان بولۇۋاتىدۇ. سەن ساتقۇن شۇ ژىگىتلەرنىڭ ئاياللىرىغا زورلۇق قىلىپ ژۈرەمسەن، ھار-نومۇسنى يوقاتقان، ھايۋان، – دەپ قادىرنى بىر تەپتى. – تۇر!

– ماھمۇت، مەن تۇرالمايمەن، ماڭا ياردەم قىل، – دېدى قادىر ژىغلاپ.

ماھمۇت ئېڭىلىپ ئولتىرىپ ئۇنىڭ ئوغاق كەسكەن يېرىگە قارىدى. ئوغاق ئۇنىڭ بېلىنى كېسىپ، كىيىم-كېچىگى قانغا مىلىنىپتۇ. ياتقان يېرىگىمۇ خېلىلا قان ئېقىپتۇ.

– لاتا بېرىڭلار، – دېدى ماھمۇت ئۇپ-چۆرىسىگە ژىغىلىپ تۇرغان ئاياللارغا قاراپ.

گۈلى يەنە چىدىماي ياغلىق بەردى. ماھمۇت ياغلىقنى قان ئېقىۋاتقان يەرگە باستى.

— قادىرنىڭ كۆينىگىنى يېشىپ ژىتىڭلاردە، بىلىنى باغلاڭلار.
مىرۋانەم بىلەن زەينەپ كوتۇلداپ تىللاپ ژۈرۈپ قادىرنىڭ بىلىنى باغلىدى.
— بۇ پاكانى قاتتىق جاراھەتلەپسلەر، ئۆچۈڭلار چىقتىمۇ، يا مەن يەنە ئۆچۈڭلارنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟
— بۇ ھارسىز ئېپلاسنى ئۆلتۈرسەكمۇ ئۆچۈمىز چىقمايدۇ، دېدى گۈلى يەردە تووۇلاپ ياتقان قادىرغا ئالىيىپ قاراپ.
— مىرۋانەم ھەدە، سەن ئەۋۇ سارىمدەمنىڭ ئىشەك-ھارۋۇسىنى ئېلىپ كەلگىن. بۇنى ھارۋۇغا سېلىپ مەلىگە ئېلىپ كەتمىسەك، ئۆزى ماڭالمايدۇ، — دېدى ماھمۇت.
بىر دەمدىلا سارەم ئۆزى ئىشەك-ھارۇۇ بىلەن كەدى. ھەممىسى ھەر ياقتىن كۆتىرىپ قادىرنى كۆرپىگە ياتقۇزۇپ ھارۋۇغا سالدىدە، مەلىگە ئېلىپ كەتتى.
مەرىيەمنىڭ دوستلىرى قادىر پاكادىن ئۆچۈمىزنى ئالدۇق دىگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولغىنى يوق. ئەتىسى «ئايالار قادىرنىڭ بىلىنى ئوغاق بىلەن چېپىۋېتىپتەك» دېگەن سۆز يېزىغا پۇر كەتتى. بىرلىرى: «يامان بوپتۇ»، — دېسە، بەزىلىرى: «سووۋاپ بوپتۇ، ئۇ ئۇياتسىز قانچىمۇ ئاياللارنىڭ ئۇگالىغا قالغان. ئەندى ئورنىدىن تۇرالماي ياتسۇن»، — دېيىشتى.
دوختۇرخانىدا خېلە يېتىپ داۋالانغان قادىر، ئۆيگە سەللىمازا ساقايماي، ئىككى قولتۇق تاياق بىلەن مېڭىپ چىقتى. ئېرىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئايالى ئاسيەم ئۇنى كۆتۈپمۇ كەتمىدى. باللىرىمۇ دادىسىغا سالقىن قاراشتى، ژۇتتىكىلەردىنمۇ ھېچ كىم كېلىپ ھال سورىمىدى. بۇنىڭ ھەممىسى قادىرنى ئازاپلاپ، تىرىك ئۆلتەرگەن ئېدى. ئۇ ئەندى: «مەرىيەمنىڭ ئېرى ئادىل كەلسە قانداق قىلارمەن»، — دەپ ئويلىسا، قورققىنىدىن تىترەپ كېتەتتى...
ئايلار ئۆتۈپ، مەرىيەمنىڭ قوسىغى بىلىنىشكە باشلىدى. ئۆزى نومۇستىن «يەرگە كىرەي دېسە، قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ژىراق» بولۇپ ژۈرگەندە، ئۇنى كوچىدا كۆرگەن ئاياللار يامان كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇشتى.
بىر كۈنى ئۇ ئەپكەچ بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، كوچىدا ئاياللار بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان سارەم ئۇنى كۆرۈپ:
— ۋاي، قاراڭلارا، مونۇ ئۇياتسىزنى، ئېرى ئۇرۇشتا ژۈرسە، بۇ تالادىن ئىككى قات بولۇپ ژۈرىدۇ. — دەپ مەرىيەمگە ئاڭلىتىپلا دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سارەمنىڭ سۆزىنى جەننەت قوللىدى.

– بىز ئەرلىرىمىزنى كېچە–كۈندۈز زېغلاپ كۈتسەك، ئۆلدى دېگەن قارا خەت ئالدۇق. تېخى كۆرىسىلەر، بۇنىڭ ئوخشاش كوچىغا قاراپ كەتكەنلەرنىڭ ئىبرى كېلىدۇ.

– تووۋا، مەن مەريەمنى موشۇنداق قىلىدۇ دەپ زادى ئويلىماپتىمەن. «ژۇگاچىنىڭ مۆڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن راست گەپ ئىكەن، – دېدى ئىززەت مەريەمنىڭ كەينىدىن قاراپ.

شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ قېشىغا مېرۋانەم كېلىپ قالدى.

– ئۈچۈڭلار كوچىدا غېۋەت قىلىپ تۇرغىچە، ئۆيۈڭلارغا بارساڭلار بولمامدۇ.

– بىزنىڭ قەيەردە تۇرۇپ سۆزلەشكىنىمىز بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز بولمىسۇن – دېدى سارەم.

جەننەتنىڭ مېرۋانەم بىلەن ئۇرۇشقىسى كەلگەندەك:

– سىز بىزگە ئەقىل ئۆگەتمەي، مەريەم دوستۇڭىزنى بىلىۋېلىڭا. بىزغۇ كوچىدا غېۋەت قىپتىمىز، مەريەم قەيەردە، كىمدىن قوساق كۆتەردىكىن، – دەپ كۈلدى.

مېرۋانەم دوستىنى ياقلاپ:

– مەريەمنىڭ كۆرگەن كۈنىنى ھېچ قايسىڭلارغا بەرمىسۇن. ئەگەر بىلگىڭلار كەلسە، ئۇ زورلۇقتا ئۇچرىغان ئاجىز، – دېدىدە، مەريەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

مېرۋانەم ئىشىكتىن كىرىۋېدىلا، چىرايى پۇچۇلغان مەريەم:

– كەلگىنىڭىز خويما ياخشى بولدى، مەن ئاغرىۋاتىمەن، – دېدى.

– تېخى ئاي–كۈنۈڭىز توشمىدى ئەمەسمۇ؟

– ئاي–كۈنۈم توشمىغىنى بىلەن، بالا تۆرت كۈن بولدى مىدىرلىمايدۇ.

– ۋاي، ئۆلدىمەي، نېمە دەيدىغانسىز؟ ئەندى قانداق بولدى؟

خۇددى بولۇۋاتقان ۋاقىەدىن خەۋەر تاپقاندەك، ئۆيگە گۈلى كىرىپ كەلدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ چىرايىدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزدى.

– نېمە بولدۇڭلار؟

– گۈلى، دوستۇم، سىز بىرىنىڭ ئېشەك–ھارۋىسىنى تېپىڭ، مەريەمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

– ئاي–كۈنى تېخى توشمىدىغۇ؟

– راست دەيسىز، لېكىن مەرىيەم بالا مىدىرلىمايۋاتىدۇ دەيدۇ.

گۈلى باشقا سوراق بەرمەيلا، ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېشەك ھارۋۇسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھارۋۇغا چۆشۈپ ماڭغىلىۋاتقاندا، زەمىنەپخان كېلىپ قالدى. ئۇمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ھارۋۇغا ئولتاردىدە، تۆرتى ياركەنتكە دوختۇرخانىغا ماڭدى.

دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن دوختۇرلار مەرىيەمنى قاراپ تەكشۈرۈپ: «بالا ئىچىدە ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەندى ئۇكول سېلىپ تولغاق چاقىرىمىز. ئۆلۈك بالىنى تۇغۇش ئاسان ئەمەس»، – دېيىشتى. دوستلىرى مەرىيەمگە ئەتىسى كېلىدىغان بولۇپ، خوشلىشىپ مەلىگە قايتىشتى.

مەرىيەم ئۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە ئاغرىققا چىدىماي مېڭىپ چىقتى. ئەتىگەندە دوختۇر يەنە بىر ئۇكول سالدى. مەرىيەم قارا تەرگە چۆشۈپ كەتتى. پۈتۈن تېنى قىزىپ، ئۆزىنى بىر بىرلىپ، بىر بىلمەي، جۆلۈپ سۆزلەپ كەتتى. دوختۇر ھېلىدىن–ھېلى كىرىپ قاراپ: «قانداق، ئىنجىق كەلدىمۇ؟» – دەپ سوراپ قوياتتى.

مەرىيەم يالۋۇرۇپ:

– سادىغاڭ كېتەي دوختۇرلار، جېنىمنى ئېلىپ قېلىڭلارا، ئىككى بالام ژىتىم قالمىسۇن. ئۆزەم ژىتىم ئۆسكەن ئېدىم، – دەپ ژىغلاۋەتتى.

ئاخىرى ئۇنى تۇغۇت ئۈستىلىگە ئېلىپ، يەنە بىر ئۇكول سالدىدە، دوختۇرلار ئىنجىقلاپ ياتقان مەرىيەمنىڭ قوسىغىنى ئاق كىرلىك بىلەن باستى.

مەرىيەم بالىنىڭ چىققىنى سەزسىمۇ، ئىچىدە بىر يېرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بىلىندى. دوختۇرلار ئىشنى پۈتىرىپ چىقىپ كەتتىدە، ئۇ يالغۇز قالدى. بىر چاغدا ئۇ يېپ–يېنىك بولۇپ، ئۆزىنى خۇددى قۇش كەبى دوختۇرخانىنىڭ ئوچۇق كۆزنىگىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپماق بولۇپ يېنىغا كىرگەن دوختۇر، ئايالنىڭ جانسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ، ژۈرىگىگە ماسساژ ياساپ كۆردى، ئۆزلىرىگە ئۇرۇپ باقتى، لېكىن جان كىرمىدى. بۇ چاغدا مەرىيەم ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشقان ئېدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



***

– نېمە دېگەن ئېغىر تەغدىر! مېھرىبان! تىڭشاپ ئولتارسام، قەھرىمانلىرىڭىزنىڭ تەغدىرلىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىكەن. مەن ئۇيغۇر ئايالللىرىنىڭ ئىرادىسىگە ھەيران بولۇپ ئولتىرىمەن، – رۇسنىڭ كۆزلىرىگە مۇڭ تىنىپ قالغاندەك تۇراتتى...

– دېمەك، مەرييەمنىڭ تەغدىرى، ھەقىقەتەنمۇ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق. ژىتىمچىلىقتا ئاچ-يالىڭاچ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ چوڭ بولغان مەرييەم تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا تېپىپ، بارىغا شۈكرى قىلىپ بەختىلىك ياشاۋاتقاندا، ياۋۇز ئۇرۇش باشلىنىپ، قادىردەك نائىنساپ نومۇسنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆمۈر گۈلىنى مەزگىلسىز توزۇتۇۋەتتى. بىراق تەغدىرگە تەن بەرمەي ئامال قانچە؟... ئۇرۇشنىڭ سالغان يارىسى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇش ھېچ كىمنى ئاياپ قويغىنى يوق. بۇ ژىللاردا كەلگەن قارا خەتلەر قانچىلىگەن ئائىلىلەرنى يېقىنلىرىدىن مەڭگۈگە ئايرىدى. يېزىدا قالغانلار ھەم ئېغىر جىسمانىي ئىشتىن، ھەم روھىي ئازاپتىن كۈچ-قۇۋۋەتلىرىدىن ئايرىلدى، كىچىك باللار باللىغىنى ئېتىز-ئېرىقلاردا ژۈتەردى... ئۇنىڭ ئازاۋى يېزىمىزدىكى يەنىمۇ تالايلارنىڭ ژۈرەكلىرىدە ژۈتمەس ئىزلار قالدۇرۇپ، ماھمۇت ئوخشاشلارنىڭ ھاياتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭمۇ تەغدىرى يېنىك بولغىنى يوق. ئەندى شۇنى سۆزلەپ بېرەي.

# ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر



ماھمۇت ژۇتقا قايتىپ كېلىپ، ئارقا سەپتە ئەمگەك قىلىپ ژۈرسىمۇ، ئۇرۇشتا قازا بولغان دوستلىرى، پۇت-قولىدىن ئايرىلىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان ياكى ئىككى كۆزى ئوچۇق قالغان سالداتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى دايىم كۆز ئالدىدا تۇرۇۋالدۇ. ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇشقا قانچە تىرىشىپ كۆرسىمۇ، ھېچ نەتىجە بەرمىدى. ئەندى ئۇ ئىلگەركى ماھمۇت ئەمەس. مۇجەز-خۇلقى تامامەن ئۆزگەرگەن. ئاچچىغى چاس، ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى، كىچىچىكىنە بىر نەرسىگە تىللاپ، گايىدا قول كۆتەرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. ئۇنىڭدىن مەلىدىكى ياشلار تۇرماق، چوڭلارمۇ قورقاتتى. بىرلىرى «يا، ئاللا، بۇ ماھمۇتقا قايسى شورى قايىنىغان قىز تېگەر» دېسە بەزىلىرى ئۇنىڭ ياش تۇرۇپ ناكا بولۇپ قالغىنىغا ئېچىناتتى. ئابدۇل ئاكا بىلەن ئادالەت ھەدە بولسا، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ئاياقلاشقاندا، يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلەپ، بىر بېشىنى ئىككى قىلىپ قويۇش ئارمىنىدا ئېدى.

سوغ شاملى ھەم يامغۇرىنى ئېلىپ بۇ ژىلقى كۈز كېلىشى بىلەنلا، قۇرۋان ئاكا بىلەن ھەدىسى ئادالەت ئىككىسى كولخوز ئىدارىسىگە كېلىپ، ئۇددۇل رەئىس ئىمەر ئاكانىڭ بۆلمىسىگە كىردى. بۆلمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ژۇقۇرىدا بىر ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، تۆر تامدا ستالىننىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق.

ــ كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، ــ دېدى رەئىس ئۇلارغا ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

رەئىسنىڭ موشۇ ئاخىرقى ژىللىرىلا تولىمۇ چاپسان قېرىپ قالغانلىقى ئاپپاق ئاقارغان چاچلىرىدىن، قورۇقلار كۆپەيگەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار سالاملىشىپ ئولتارغاندىن كېيىن، سۆزنى رەئىس ئۆزى باشلىدى.

ــ خويما ئۇبدان كېلىپ قاپسىلەر، بىرەر خىجالىتىڭلار بارمۇ؟

قۇرۋان ئاكا گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەتتى.

ــ بىزنىڭ كەلگىنىمىز، ماھمۇت ئورۇشتىن ناكا بولۇپ قايتسىمۇ، كولخوزدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئەندى ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ بىر بېشىنى ئىككى قىلىپ قويساق دېگەن نىيەتتە.

ــ خوش، بۇ ياخشى خەۋەرغۇ.

ــ دەسلەپ ژۇت ئاتىسى بولغان سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ، رۇخسەت ئالايلى دېدۇق. ھازىر ئورۇش بولۇۋاتسا، توي قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەسلىگىنى چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن ماھمۇتنى ئۆيلەپ قويمىساق، تولىمۇ تېرىكەك بولۇپ كېتىپ بارىدۇ.

ــ چۈشەندىم. ئۇبدان ئويلاپسىلەر. ئورۇش بولسىمۇ، ياشلار تۇرمۇش قۇرۇشقا ھەقلىق. كېلىن كىمنىڭ قىزى؟

ــ موشۇ ژۇتتىكى سارەمنىڭ قىزى ئايشەمنى ئېلىپ بېرەيلى دەپ كېلىشىۋاتىمىز.

ــ ياخشى، ياخشى. توينى قاچانغا بەلگۈلىدىڭلار؟

ــ موشۇ يېقىن ئارىدا كۈننى بەلگۈلەيمىز، ــ دېدى ئادالەت.

ــ خەلىق ژىغلاپ ھاردى، ژۇتۇمىزدا خۇشاللىقمۇ بولسۇندە. ئىش قىلىپ ئىككى ياش بەختلىك بولسۇن.

قۇرۋان ئاكا بىلەن ئادالەت ئورنىدىن تۇرۇپ رەئىسكە رەخمىتىنى ئېيتتى. رەئىس خوشلىشىۋېتىپ:

ــ ئەگەر بىر نەرسىدىن خىجالەت بولساڭلار ئېيتىڭلار، قولۇمىزدىن كەلسە، ياردەم بېرىمىز، ــ دېدى.

ماھمۇتنىڭ ئاتا-ئانىسى توينى كېچىكتۈرمەي، قېرىنداش، ژۇت بولۇپ ئۆتكەزدى. ئۇ توي ھازىرقى تويلارغا ئوخشىمىسىمۇ، ئۆز زامانىغا لايىق ئۆتتى. بىر قوينى سويۇپ، يوغان قازاندا قورداق قىلىپ ژۇتقا

تارتىدە، ئىككى ياشنىڭ نىكاسىنى قىيدى. قېرىلار ئۇمۇت بىلەن: «ئۇرۇش تۈگەپ، ياشلار ئامان-ئېسەن ژۇتىغا كېلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولسۇن. ژۇتۇمىزدا يەنىمۇ تويلار بولىۋەرسۇن! ئاللا بىزنى شۇ خوشاللىقلارغا يەتكۈزسۇن!» - دەپ دۇئالىرىنى بېرىشتى.

بىراق ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ ماھمۇتنىڭ مۇجەزى تۈزەلمىدى. ئۇرۇش ئەسەبىنى بۇزۇۋەتكەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ قوپال مۇجەزى بىلەن ئايشەمگىمۇ كۆپ بەرمەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، ئايشەمنىڭ تامىقى تېخى تەييار بولمىغان.

- مەن سېنىڭ تامىقىڭنى كۈتمەيمەن، ماڭا چاي بەرگىن.

- قازاندا قىيما قورۇلۇۋاتىدۇ، قەيەردە چاي قاينىتىمەن. بىر ئاز سەۋر قىلىڭ، - دەپ ئاش يېيىشنى داۋاملاشتۇردى ئايشەم.

ماھمۇتنىڭ غەزىۋى قايناپ:

- مەن ئىشتىن كەلگىچە، پىشمىغان قانداق تاماق ئۇ. سەن تاماق پىشەرمەي ئەزمەڭنى ئېزىپ نېمە قىلىپ ژۈردۈڭ، - دەپ پۇتى بىلەن قولغا سۇ ئالىدىغان چۆگۈننى تېپىپ ئۆرۈۋەتتى.

ئايشەم ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

- ۋاي، تووۋا، بۇ نېمە ئىش؟ نېمە بولدىڭىز؟

ماھمۇت ئاش يېيىۋاتقان ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىدىن سۆرەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئايشەمنىڭ قەيېرىگە تېپىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەتتى. ئايشەمنىڭ: «ۋاي جان، ئاپا، قۇتۇلدۇرۇڭلار»، - دەپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىغان ئانا، باغ تەرەپتىن ژۈگرەپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىپ ماھمۇتنى ئاجراتتى.

- نېمە بولدۇڭ؟ ساراڭمۇ سەن، ئاجىزغىمۇ قول كۆتىرەمسەن؟

ئايشەم بېچارە قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ، ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلىماقتا.

- مەن ئىشتىن كەلگەندە، يا تامىقى تەييار ئەمەس، يا بىر چىنە چاي بېرەلمىسە، بۇ بولۇمسىز ئەزمىنى نېمە قىلىمەن؟

- جېنىم بالام، بۇ مۇجەزىڭ بىلەن قانداق ياشايسەن؟ سېنىڭ تايىغىڭغا كىم چىدايدۇ؟

ماھمۇت ئاچچىغىدا: «بولدى، چېيىڭنىڭمۇ كېرىگى يوق»، - دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئادالەت كېلىنىنى قۇچاقلاپ، باش-كۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


سىيپاپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ژىغلاۋاتقاندا، ئۆيگە ئابدۇل ئاكا كىرىپ كەلدى.

ـ نېمە بولدۇڭلار، جاھان تېچلىقمۇ؟

ـ دادا، ئاپا، ئەگەر ماھمۇت موشۇنداقلا قول كۆتىرىپ، ئاھانەت قىلسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇرالمايمەن، ـ دېدى ئايشەم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

ـ قىزىم، ماھمۇت ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇرۇشقا بېرىپلا شۇنداق ئۆزىنى تۇتالمايدىغان تېرىككەك بولۇپ كەلدىغۇ. ئاستا ـ ئاستا جۆندىلىپ قالار، چىداڭ، سەۋرىلىك بولۇڭ، قىزىم، ـ دەپ كۆز ياش قىلدى بېچارە ئانا.

ئايشەممۇ يولدىشىنى تاشلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ ماھمۇتنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، ئۆزى ئوخشاش ژۇتداشلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۇرۇشقا بېرىپ ناكا بولغانلىغىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنشلىرى ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن كەتمەي، تېرىككەك قىلىۋەتكىنى بولمىسا، ماھمۇت ئادىل، كۆڭلى كەڭ، كىمگە بولسۇن ياردەم قولىنى بېرىدىغان، ژۇتداشلىرى ئالدىدا ھۆرمىتى بار ژىگىت ئىدى.

***

ـ ماھمۇتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئادەم قېرىنىنى كېچىپ ژۈرۈش دېگەن ئوڭاي ئەمەستە! يەنە كېلىپ تۆرت مۈچىسى ساق كېتىپ، ياپ ـ ياش تۇرۇپ ناكا بولۇپ قايتىپ كەلگىنىگە ئېچىنىدۇدە، ـ دېدى رۇس مۇڭلۇق قىياپەتتە.

ـ يېزىدىكىلەر موشۇنداق ئېغىرچىلىقلارنى تارتىپ، ژىغلاپ ـ قاخشاپ ئىشلەپ ژۈرۈپ ئارىدىكى ژىللارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. مانا يەنە باھار كېلىپ، يەر ـ جاھان ئويغىنىپ، ئالەم يېشىللىق دۇنياسىغا پۈركەندى. باغدىكى مېۋىلەر چېچەكلەپ، قىزىل گۈللەر پورەك ئېچىپ، گۈل ئىشقىدا ئاشىق بۇلبۇللار توختىماي سايراتتى. بۇلۇتسىز ئاسماندىن كۆلۈپ قارىغان قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى چېچىپ، قىشچە توڭلىغان يەرنىلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭمۇ قەلبىنى ئېرىتىۋەتكەندەك بىلىنەتتى. سەۋەۋى تەبىئەتنى قايتا ياشنىتىپ كەلگەن بۇ باھار، ژۈرەكلىرى ئېزىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ياخشى ئۈمۈتلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈمۈتلىرى بىكارغا كەتمەي،

ماي ئېيىنىڭ گۈزەل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە رادىودىن: «ئۇرۇش بىزنىڭ غالىبىيىتىمىز بىلەن تاماملاندى!»، ـ دېگەن خۇش خەۋەر ئاڭلاندى. تۆرت يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت موشۇ كۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ھەممە جاپا ـ مەشەققەتكە چىدىغان ئادەملەر: «غالىبىيەت! بىز يەڭدۇق!» ـ دەپ، خوشاللىغىدىن بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ۋاقىراشتى. بىرلىرى بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ژىغلاشتى... شۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە ھېچ كىم ئۇخلىماي، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇزاق كۈتكەن غالىبىيەت بىلەن تەبرىكلەشتى. ئۇرۇش بىزنىڭ يېزىدىن ژىراقلاردا بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەردىنىڭ ساداسى يەنە تالاي ژىللار مېنىڭ ژۇتداشلىرىمنىڭ ئاھ ـ زارىدا ئاڭلاندى. ھېكايەمنىڭ داۋامىدا سىز بۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىز كۆز يەتكۈزسىز، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مېھرىبان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋىژدان سوتى



غالىبىيەتتىن كېيىن ئەندى ژۇتتىكى قېرىلار ئۇرۇشقا كەتكەن باتۇر ئوغلانلىرىنى كۈتۈپ، ھەر كەچتە ئىشىك ئالدىدىكى بەلدىڭدە ئولتىرىدىغان بولدى. بىر كۈنى تالادىكى بەلدىڭدە ئولتارغان ئىدرىس بوۋاي يانچۇغىدىن تاماكا خالتىسىنى چىقىرىپ، ماخوركىسىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ، كونا گېزىتنىڭ قەغىزىگە ئوراپ، خالتىنى يېنىدا ئولتارغان مەخپىر بوۋايغا بەردى. ئۇمۇ بىر چىمدىم ئېلىپ بۇرىدىدە، ئىككىسى تاماكا چېكىپ ئولتىرىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

– بۇ ئۇرۇش قانچىلىگەن ياش ئوغلانلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتتى. ژۇتتىن كەتكەنلەرنىڭ قانچىسى كېلىدېكىن؟

– كەلگەنلەر ماھمۇت ئوخشاش كانتۇژ بولۇپ كەلمىسۇن دېگىنە، – دېدى مەخپىر بوۋاي.

– ئەرلەر ئامان-ئېسەن كېلىپ، ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشىنى ئۆز قوللىرىغا ئالسا، ئاجىزلارغا ياخشى بولاتتى.

– بىز ئاياللارنى ئاجىز دەيمىز، لېكىن موشۇ ئۇرۇش ژىللىرى ئۇ ئاجىزلارنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى كۆردۇققۇ.

– ئۆستەڭ چاپقانمۇ، بۇغداي تەرگەنمۇ، ئوما ئورۇپ، باغ باغلىغانمۇ،

بۇغداي سورۇپ، قاپلارغا قاچىلاپ، ئېغىر مىشكاپلارنى ھارۋۇلارغا بېسىپ، كېچىلىرى قورقماي ياركەنتكە ئاشلىق قوبۇل قىلىش پۇنكتىغا ئاپىرىپ ئۆتكەزگەنمۇ ئاياللار.

ــ موشۇ ژىللىرى ئايالالارنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى مەن-مەن دېگەن ئەرلەر ئىشلەلمەيتتىمېكىن؟

ــ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە باتۇر دېگەن نام بەرسە ئەرزىيدۇ. ئارقا سەپتىكى ئايالالار باتۇرلۇق كۆرسەتمىسە، بىز ئۇرۇشنى يېڭەلمەيتتۇق، ــ دېدى ئىدرىس بوۋاي.

ئۇلار يەنە بىردىن تاماكا بۇراپ چېكىشتى. مەخپىر بوۋاي قاتتىق بىر يۆتىلىپ كەتتىدە، يۆتەل توختىغاندا پېشانىسىدىكى تەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتتى.

ــ موشۇ تاماكىنى تاشلىمىسام بولمىدى. كېچىچە يۆتىلىپ، ئۇخلىماي ئولتىرىپ چىقىدىغان بولدۇم.

ــ ھەي، مەخپىرىم! بۇ يۆتەل بىز بىلەن بىللە كېتىدۇ دېگىنە. يەتمىشنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدۇق، نېمە ھەققىمىز بار، ئاداش.

ئىككىسىنىڭ گېپىنى ژۇقۇرىدىن ژۈگرەپ كېلىۋاتقان بالا بۆلۈۋەتتى. ئۇ بوۋايلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ خۇش خەۋەر، ياركەنتكە سولداتلار كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ مەلىمىزدىن كەتكەن سولداتلار بار دېيىشىدۇ، ــ دەپ كوچىمۇ-كوچا ۋاقىراپ مېڭىپ، بۇ ياخشى خەۋەرنى پۈتۈن مەلىگە يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەردىن ژۈتتىكىلەر خوشال. بىراق خوشاللىق خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرلا قادىر تىڭرىقاپ قالدى. ئەگەر كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولسا، قادىر ئۆزىنىڭ گۇناسى ئۈچۈن ئەندى ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋاپ بېرىشى كېرەك. قانداق جاۋاپ بېرىدۇ، ئويلىسا تېنىگە تىترەك ئولىشىدۇ. قادىر ھاياتتا نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئەۋەتكىنىنى ئويلاپ، ئۆزىنى ھېچ كەچۈرەلمەتتى. ھەر ئىككى پۇتىدا جان يوق بولۇپ، ئىككى قولتۇق تاياق بىلەن ئارانلا مېڭىپ قالغىنىنى قىلغان گۇنالىرى ئۈچۈن دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئەندى ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپتىن بىرى ئويلاپ ژۈگەن ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلىدى. كەچتە ئۆيدىكىلەر ئورۇن سېلىپ ياتقاندا، قادىر ھويلىغا چىقتى. ئاينىڭ يورۇغىدا ھويلىدىكى بەلدىڭدە تاماكا چېكىپ ئولتىرىپ، ئويى ژىراققا كەتتى...

ئۇ بالا چېغىدا دادىسى مەلىدىكى ئىۋرايىم باينىڭ ئىتىزىدا بۇغداي

تېرىپ ئۆستۈرەتتى. كۈز كەلگەندە، دادىسىغا ئىش ھەققىگە بۇغداي تەگمەي، يەنىلا بايغا قەرز بولۇپ قالاتتى. قىش كۈنلىرى چاننى ئېشەككە قېتىپ تىنترەپ ژۇرۇپ ئوتۇن توشاتتى. ئانىسى ئەتىگەنلىكى بىر چىنە قۇرۇق چاينى ئىچىپ كېتىپ، باينىڭ نىننىنى يېقىپ، كىرىنى ژۇيۇپ، كەچتە ھېرىپ كېلەتتى. ھەر ئىككىسى كېچىچە يۆتىلىپ ئۇخلىماي چىقاتتىدە، تاڭ سەھەر تۇرۇپ يەنە كېتەتتى. بىر ئۆمۈر باينىڭ ئىشىگىدە ئىشلەپ قەرزىدىن قۇتۇلمىغان بىچارە ئاتا-ئانىسى بىرىدىن كېيىن بىرى سىل كېسىلىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، كىچىك ژىتىم قالغان قادىر كوچىدىكى ئۆزى ئوخشاش ئېگىسىز بالىلارغا قوشۇلدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچىگى ژىرتىق، قوسىغى ئاچ، ئەيتەۋىر، ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىدە قونۇپ، ئوغرىلىق قىلىپ ژۇرۇپ كۈن كۆرەتتى. ئويلاپ كۆرسە، قادىرنىڭ بالىلىق چېغىدىن ئەستە قالغىدەك بىرەر خوشاللىق كۈنى بولماپتۇ.

لېكىن ئۇ چوڭ بولۇپ، كولخوز قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ كىرىپ ھاياتىنى ئوڭشاۋالغان ئېدى. ئۆزى تېتىك ئۇچۈن كولخوزدا ياخشى ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈندۇ. ئەندى ئۇنىڭ قوسىغى توق، كىيىمى پۈتۈن، ئايالى ئاسىيەمۇ ئۆي ئىشىغا سەرەمجان. ئىشتىن كەلسە، ئۈچ بالىسى «دادا!» دەپ، ئالدىغا ژۈگرەپ چىقاتتى.

بۇنىڭ ھەممىسى خىيال بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىنغان قادىر: «قولۇمدىكى بۇ بەختنى ئۆزەم يوققا چىقاردىم. ئەندى مەن ناكانىڭ ھېچ كىمگە كېرىگىمۇ يوق»، – دەپ ئويلاپ كىچىك بالىدەك ژىغلاۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىپ، يەنە تاماكا بۇرىدى. ئۇ تاماكىسىنى پۇقىراتقان پېتى باغدا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ، قەيەرلەردىندۇ ھاۋشۇۋاتقان ئىشتلارنىڭ ئۈنلىرىگە قۇلاق سېلىپ خېلە ئولتاردى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قاراپ: «ئېي، خۇدا!» – دەپ قوياتتىدە، كۆزىگە يەنە ياش ئالاتتى.

بىر پەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىلغا كىردى. ئۇ ئالدىن-ئالا تەييارلاپ قويغان ئاغامچىنى ئېغىلنىڭ لىمىغا سىرتماق قىلىپ باغلاپ يەنە ھويلىغا چىقتى. قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭغا دۇنيا تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنۈپ، شۇ قاراڭغۇچىلىقتا ئۆزىنى تەنھا قالغاندەك ھېس قىلدى. يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، كۆزى ئۆيىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىگىگە چۈشتى. قادىر تىنترەپ كەتتى. ئۇ ئارانلا پىچىرلاپ: «ئاسىيەم، بالىلىرىم، سىلەر مېنى كەچۈرۈڭلار»، – دەپ ئېغىلغا كىرىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قولتۇق تاياقلىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، دىرىلدەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىرتماقنى بېشىغا سالدىدە: «ئېي، خۇدا، مېنى كەچۈر!» ــ دېگىنىچە ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئېغىلدىكى كالا چۆچۈپ مۆرەۋەتتى...

***

ــ ئۆزىنى ئۆزى سوتلاپتۇدە ئاخىرى، ــ دېدى رۇس.

ــ مېنىڭچە قادىرنى ۋىژدانى سوتلىدى، ــ دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى مېھرىبان.

# ئۈزۈلگەن ئۈمۈت



ئۇرۇشتىن ژۇتقا ئامان كەلگەنلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە خوشاللىق بولسا، يېقىنلىرى كەلمىگەنلەر يەنىلا قايغۇغا بۆلەندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسەممۇ بار. ئۇلار ئوغلى تۇرسۇننىڭ تىرىك كېلىدىغانلىقىدىن ئۈمۈتىنى ئۈزمەي، تۆرت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

بۇ چاغدا مايسەمنىڭ ئۇرۇش ژىللىرى تۇغۇلغان قىزى مېھرىبانمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ئاغرىپ ژۈرۈپ قوساق كۆتىرىپ قالغىنىنى بىلمەي، نەۋرە كۆرگەندە قوساق كۆتەرگىنىدىن ئۈيۈلۈپ ژۈرۈپ، يەتتە ئايلىق قىز بوشانغان ئېدى. بوۋاق ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ تۆپىگە سېلىپ باقاتتى، بىراق قىزنى ئادەم بولىدۇ دەپ ھېچ كىم ئويلىمىغان. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەم بولدى. مېھرىبان تۇرسۇننىڭ ئوغلى ئامانجاندىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، ئۇنى ئىككى ھەدىسىلا كۆتىرىپ بېقىپ چوڭ قىلدى.

ھېچ بىر خەۋەرسىز كەتكەن تۇرسۇننىڭ ئامان-ئېسەن كېلىشىنى كېچە-كۈندۈز تىلەۋاتقان سائادەتمۇ بىر كۈنى ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، يولدىشىنىڭ دېرىگىنى قىلىپ ھەربىي كومىسسارىئاتقا باردى. ئۇ يەردىكىلەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۇرۇشقا كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىر ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى ئەسكىگە كەتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەۋاتماقتا. تۇرسۇن شۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئىزلەشتۈرۈپ، خەۋىرىنى بېرىمىز، — دېيىشتى.

تۇرسۇندىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالار دېگەن ئۈمۈتتە ئارىدىن خېلە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى 1946-ژىلى ھەربىي قىسمدىن «مۇردىنوۋ تۇرسۇن بېرلىن ئۈچۈن بولغان شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرىدە خەۋەرسىز يوقاپ كەتتى» دېگەن مەزمۇندىكى خەت كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان مايسىمەم ئانا: «ۋاي، بالام، قەيەرلەردىمۇ قالغانسەن، جېنىم بالام»، — دەپ ۋاقىراپ قاخشاپ-زارلىدى. قۇرۋان ئاكىنى غەم بېسىپ، كام گەپ بولۇپ قالدى. سۆيگەن يارىنى زور ئۈمۈت-ئارزۇلاردا كۈتۈۋاتقان سائادەت بېچارىنىڭمۇ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. بىراق ژىغلاپ-قاخشىغان بىلەن نە ئامال؟ ئۇلار خەتنى يېنىپ-يېنىپ ئوقۇسىمۇ، ھېچ قايسى تۇرسۇننى ئۆلۈپ كەتتى دېگۈسى كەلمەتتى، ئۇ بىر كۈنى ئىشىكتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى...

سائادەت ئوقۇشنى 1944-ژىلى تاماملاپ، ئۆز ژۇتىدىكى 4 ژىللىق باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا بۇ مەكتەپتە خېلىدىن بېرى مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان سىپىيەم كۆپ نەرسىنى ئۆگەتتى. ئاستا-ئاستا سائادەت ئىشنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى دەرىس بېرىپ، ئاتا-ئانىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتكە ئېگە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىشىدا خېلە ئۇتۇقلارغا يەتسىمۇ، كۆڭلى زادى خاتىرجەم بولمىدى. تۇرسۇننى «خەۋەرسىز يوقىدى» دېگەن خەتتىن كېيىنمۇ، سائادەت سۆيگىنىدىن ئۈمۈت ئۈزمەي، يولىغا قاراپ ژۈردى. ئۇرۇشقا كېتىش ئالدىدا ئىككىسى ئۇچراشقان كېچىدە سائادەت ژىگىتىگە: «ئەگەر سىز ئۇرۇشتا بىر نېمە بولسىڭىز، مەن ياشىمايمەن»، — دېۋىدى. ئەندىچۇ؟ ئەندى سائادەت ئوغلى ئامانجان ئۈچۈن ياشىشى كېرەك. تۇرسۇندىن يالداما بولۇپ قالغان يالغۇز ئوغلىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش ئۇنىڭ قەرزى ھەم پەرزى. كېچىلىرى موشۇنداق ئويلار ئىلكىدە تۇرسۇننى ئەسلەپ، تاڭ ئاتقىچە ژىغلاپ چىقاتتىدە، ئەتىسى يەنە مەكتەپكە كېتەتتى. ئىشقا بارغاندىن كېيىن خىيالدىن سەل نېرى بولاتتىدە، بالىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭىدا كۆڭلىمۇ بىلىنمەي چاپسانلا ئۆتەتتى.

بىر كۈنى ئۇ يېزىدىكى قۇملاقچى زىمىنەپخان ھەدىدىن تۇرسۇن توغرىسىدا بىرەرە خەۋەر بىلمەكچى بولدى. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مال-ۋارىنى يوقىغاندا ياكى ئىش ئالدىغا باسمىغاندا ئەشۇ ئايالغا بېرىپ، قۇملاق ئاچتۇرىدىغانلىقىنى سائادەت ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقا «پالغا ئىشەنمە، پالسىز ژۈرمە» دېگەندەك، تاۋاكەلچىلىك قىلىپ قۇملاقچىنىڭ ئۆيىگە باردى. سائادەتنىڭ كەلگەن سەۋەۋىنى ئاڭلىغان زىمىنەپخان ھەدە 41 تال تېشنى تاشلاپ ئويلىنىپ ئولتىرىپ قالدى.

- تۇرسۇندىن ئۈمۈتۈڭنى ئۈز، لايىغىڭ بولسا، تۇرمۇشقا چىق. ساڭا موشۇ يېقىن يەردىنلا نېكا چۈشۈپ تۇرىدۇ، قارا. ياق دېمە، يالغۇزلۇقنى ئىشت-ئېشەككە بەرسۈن دەيدىغۇ.

- مەن تۇرسۇن توغرىسىدا بىلگىلى كەلسەم، بۇ نېمە دېگىنىڭ زىمىنەپخان ھەدە؟

- سەن تىڭشا، سائادەت! ئوغلۇڭ چوڭ بولۇپ، ژىراق بىر يەرگە بارىدۇ، قارا. شۇ يەردىن ساڭا دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. سەن ئىنتايىن خوشال بولىسەن، لېكىن سېنىڭ ئۈچۈن تۇرسۇن يوق.

قۇملاقچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى مەڭىزلىرىنى ژۈيۈپ ئاقماقتا ئېدى. ئۇنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كۈتكەن ئۈمۈتى ئۈزۈلدى. ئۇ ئىچىدە: «خەپ، بېكار كەپتىمەن، ئەگەر كەلمىگەن بولسام، تۇرسۇننى كېلىدۇ دېگەن ئۈمۈت بىلەن ياشاتتىم»، - دەپ ئويلىدى. زىمىنەپخان ئۇنىڭ ئويىنى بىلىپ قالغاندەك:

- سائادەت، سەن ئۇنى كۈتمە، تۇرمۇشقا چىق. سەن تېخى ياش، ئامانجان يالغۇز بولۇپ قالمىسۇن، ئۇنىڭغا ئىنى-سىڭىللارنى تېپىپ بەر، - دېدى.

- خويما تۇرمۇشقا چىق دېدىڭا.

- ئېگىز ساراي ئۆيۈڭ بولغىنى بىلەن، يېنىڭدا ئەتە-ئاخشىمى مۇڭداشقىدەك ھەمرايىڭ بولمىسا بېكار ئەمەسمۇ. مەن ساڭا كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن، ئۆزەڭ بىل. مەن قۇملاقتا چۈشكىنىنى ئېيتىۋاتىمەن. كېيىن بىر كۈنلىرى ئوغلۇڭ دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ كەلگەندە، زىمىنەپخان ھەدەم راست دەپتىكەندە دەيسەن، - دەپ، قۇملىغىنى ژىغىپ، لاتىسىغا ئوراپ دۇئا قىلدى.

شۇ كېچىسى سائادەت ئۇخلىمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىپ باققا چىقتى. تالا ئايدىڭ ئېدى. ئۇنىڭ ئېسىغا يەنىلا تۇرسۇن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوشلاشقان تۈن چۈشتى. سائادەت شۇ چاغدا ژىگىتى بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتارغان ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتاردىدە، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ژىغلاۋەتتى. دەردىنى بۆلۈشكىدەك ئادەم تاپالماي، قاراڭغۇ باغنىڭ ئىچىدە سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ كەتتى.

ـ ھەي، بۇلبۇل، سەنمۇ سۆيگىنىڭدىن ئايرىلىپ، ئۇنى سېغىنىپ سايراۋاتامسەن؟

بۇلبۇل ئۇنى چۈشەنگەندەك بىر پەس جىم بولۇپ قالدىدە، يەنە سايرىدى.

ـ بىلەمسەن، بۇلبۇل، تۇرسۇن مېنى موشۇ باغدا بىرىنچى ۋە ئاخىرقى قېتىم باغرىغا بېسىپ سۆيگەن ئىدى. ئىككىمىز بىر چىشلەمدىن يېگەن توغاچنى موشۇ كۆڭگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. تۇرسۇن خوشلاشقاندا، «قالغان توغاچنى مەن قايتىپ كەلگەندە بىللە يەيمىز» دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئېيتقىنە، بۇلبۇل، تۇرسۇن بارمۇ بۇ يورۇق دۇنيادا؟ موشۇ باققا قايتىپ كېلەمدۇ؟ ـ دەپ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى چىققان دەرەققە تەلمۈرۈپ قارىدى.

باياتىن توختىماي سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى، نېمىشكىدۇ، توختىدىدە، سائادەتنىڭ ژۈرىگى جىغىدە قىلىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن بۇلبۇل شۇنچىلىك چىرايلىق، ئۇزاق سايرىۋېدى، سائادەتنىڭ ژۈرىگىدە يەنە خوشاللىق، ئىشەنچە پەيدا بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ رەخمەت، بۇلبۇل، سېنىڭ جاۋاۋىڭغا، مەنمۇ تۇرسۇننى تىرىك دەپ ئويلايمەن. بىز بىر كۆنى، چوقۇم، ئۇچرىشىمىز، ـ دەپ ئاستا مېڭىپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ژىگىتىنىڭ شۇ ژىراقتا قالغان ئايدىڭ كېچىدە بىر تال قىزىل گۈلنى قىزنىڭ قولىغا ئۆز قولى بىلەن قىستۇرۇپ قويغانلىغىنى ئەسلىگەن سائادەت، بىر تال گۈلنى سۇندۇرۇپ پۇراپ-پۇراپ قولىغا قىستى. ـ خوش، بۇلبۇل، توختىماي سايراپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلغىنىڭغا ساڭا رەخمەت، ـ دەپ بىر دەقىقە تۇرۇپ كىرىپ كەتتى...

ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، سىڭىللىرى تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىپ، سائادەت ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئوغلى بىلەن تۇراتتى. ھېلىما ئامانجاننىڭ بارى. ئۇ قويۇپ قويغان دادىسىنىڭ ئۆزى. كىچىك بولسىمۇ، ئانىسىنى ئاياپ، كۆچى يېتىدىغان ئىشلارغا ياردەملىشىپ خوشال قىلىدۇ.

سائادەت ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ پات-پاتلا قورۇان ئاكا بىلەن مايسىمەم ئانىنى يوقلاپ تۇراتتى. سەۋەۋى كېيىنكى ۋاقىتلاردا مايسىمەم تولا ئاغرىپ، قان بېسىمى كۆتىرىلىپ يېتىپ قالىدىغان بولدى.

بۇ قېتىممۇ روزا ھېيتنىڭ بانىسىدا ئۇلارنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئوغلىغا:

- ئامانجان، تازا كىيىملىرىڭنى كىيىم بالام. بوۋاڭ-موماڭلارنى روزا ھېيتى بىلەن مۇبارەكلەپ كېلەيلى، - دېدى.

ئىككىسى يولدا كېلىۋاتقاندا، ئامانجان:

- ئاپا، ھېيت دېگەن قانداق مەيرەم؟ - دەپ سوراپ قالدى.

سائادەت يول بويى ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ ماڭدى.

- مۇسۇلمانلار 30 كۈن روزا تۇتۇپ، ئاللاغا سىغىنىپ ناماز ئوقۇيدۇ. كەچكىچە ئاللادىن ياخشىلىق تىلەپ تاماق ئىچمەيدۇ. كەچتە بىر-بىرىنى ئىپتارغا چاقىرىپ، مېھمان قىلىدۇ. ئۇششاق بالىلار كېچىسى رامزان ئېيتىپ ئۆيمۇ-ئۆي ماڭىدۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۇلارغا تاتلىق-تۈرۈملارنى بېرىدۇ. روزا ھېيتى يېقىنلاشقاندا، ھەممىسى تەييارلىق كۆرىدۇ. ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ ئىس چىقىرىپ، قۇرئان ئوقۇلىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ھەممىلا ئۆيگە كىرسەڭ، جوزا قويۇلۇپ، دەستىخاننىڭ ئۈستىگە ئىس، ساڭزا، تۈرلۈك-تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر قويۇلىدۇ. ھېيت-ئايەم كۈنلىرى بالا-چاقىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مۇبارەكلەپ بارىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بالىلىرى ئەتىگەندە تۇپراققا بېرىپ، ئۇلارغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ قايتىدۇ. ئۈچ كۈن داۋامىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار، ۋۇتداشلار، خولۇم-خوشنىلار بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلاپ كىرىپ، ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ، تائاملارغا ئېغىز تېگىپ، چاي ئىچىپ قايتىدۇ.

گەپ بىلەن ئانا-بالا ئىككىسى قانداق يېتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيمىدى. بۇ چاغدا گۇگۇممۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. مايسىمەم ئىچكەركى ئۆيدە بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى، دالان ئۆيگە بىرلىرىنىڭ كىرگەن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى.

- ھەي، قايسىڭلار ئۆيگە كىرگەن؟

دالاندىن «بىز» دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. مايسىمەم دالانغا چىقىشىغا: «ئەسسالام، موما!» - دەپ ئامانجان ئالدىغا كەلدى.

- بارمۇ سىلەر، بالام؟ - دەپ نەۋرىسىنى سۆيدى.

- بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— ئەسسالام، ئاپا! — ئېگىلىپ سالام بەردى سائادەت.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! ژۇقۇرى ئۆتۈڭلار، ئۆزەڭلار تېچلىقمۇ؟ ئامان-ئېسەن ژۈرەمسىلەر؟

— ياخشى، ئىشلەپ ژۈرىمەن. ئامانجان ئىككىمىز ئەھۋالىڭلارنى بىلەيلى دەپ ھېيتلاپ كەلدۇق.

— رەخمەت، قىزىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، چىراقنى ياقاي، — دەپ دېرىزىدىكى لامپىنى ياقتى.

— بوۋامچۇ نەدە؟

— بوۋاڭ ئېغىلدا،ماللارغا چۆپ سېلىۋاتىدۇ، ئەتىمالىم. سىلەرنى كۆرمەپتىدە.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا قۇرۋان ئاكا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئامانجان ژۈگرەپ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەسسالام بوۋا!» — دەپ قولىنى سۇندى.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! قانداق، ئاغرىماي-سىلىماي ژۈرەمسىلەر؟ سائادەتمۇ سالام بېرىپ، ئەھۋال سورىدى.

— بۇ يەردە تۇرغۇنىڭلار نېمىسى، ئىچكەركى ئۆيگە كىرەيلى.

قۇرۋان ئاكىلارنىڭ ئۆيى پاكا بولۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە بورا يېيىپ، ئۈستىگە كونا ئىككى تېكىمەت سېلىنغان. ئۇلار ئولتارغاندىن كېيىن:

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلدى.

— قىزلار نەگە كەتتى؟

— گۈلىنىڭ قىزى سېلىمەم دوستلىرىنى چاقىرغان ئىكەن، قىزلار ياردەم بېرىمىز دەپ كىرىپ كەتكەن. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ چىقاي.

قۇرۋان ئاكا ئامانجانغا:

— ژۈر، ئىككىمىز ئوتۇن ئەكىرىپ بېرەيلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان قىزلار چۇقىرىشىپ كىرىپ كېلىشتى. سائادەت بىلەن تېچلىق سورىشىپ، قازان بېشىدا چاي ئېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى.

— ئاپا، نېمە تاماق ئېتىمىز؟

— مەن لەڭمەننىڭ خېمىرىنى ژۇغىرىپ، جىزىلاپ قويدۇم. سىلەر بىرىڭلار گۆش توغراڭلار، بىرىڭلار كۆكتات ئاقلاپ توغراڭلار. ھازىر قول-قولچە بىر دەمدە تەييارلايمىز.

مايسىمەم ئولتارغانلارغا بىر چىنىدىن چاي قۇيدى.

ـ ساڭزىلاردىن ئېغىز تېگىڭلار.

سائادەت چاينى ئالدىراپلا ئىچىپ:

ـ مەن قازان بېشىغا چىقاي، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى.

مايسىمەم كېلىنىنىڭ ھەر دايىم كەلگەندە قول قوشتۇرۇپ ئولتارماي، ئۆز ئۆيىدەك خىزمەت قىلىشىنى كۆرۈپ ئىچىدە خوشال بولاتتى. بىر دەمدىلا مودەنگول ئوچاققا ئوت ياقتى، سائادەت قىيما قورۇدى. ئىشتەي ئېچىپ ئۆينىڭ ئىچىگە قىيمىنىڭ تاتلىق پۇرىقى تارالدى. باياتىن كېلىنىنىڭ ھەرىكىتىگە سەپ سېلىپ قاراپ ئولتارغان مايسىمەم بېچارە: «ئۆيدە كېلىن بولسا، خۇدانىڭ بەرگىنىكەنغۇ. بىر دەمدىلا قىيمىلار قورۇلدى، لەڭمەنلەر سوزۇلدى»، ـ دەپ ئويلىدى.

تاماق، پىشىپ، ھەممىسى ئىچكەركى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن جوزىدا ئولتىرىپ لەڭمەن يېيىشتى.

ـ ئېلىڭلارا، قانداق بولدېكىنتاڭ؟ ـ دەپ ئولتارغانلارغا قارىدى مايسىمەم.

ـ شۇنداق مېيىزلىك بوپتۇ، ـ دەپ ماختاشتى ئولتارغانلار ھەممىسى.

تاماق ئىچىلىپ، قاچا ـ قۇمۇچ ژۇيۇلۇپ بولغاندا، قۇرۋان ئاكا ئىككى تاۋاقتا قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ كىردى. تاماققا دۇئا قىلىپ بولغاندا، قۇرۋان ئاكا:

ـ ئانىسى، ئامانجانغا ئېلىپ قويغان ھېيتلىق سوغىمىزنى ئېلىپ چىقىڭلار، ـ دېدى.

مايسىمەم ئارانلا ئورنىدىن تۇرۇپ، نېرىقى بۆلمىگە كىرىپ، ياغلىققا چىگىكلىك بىر تۇگۈننى ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنى يېشىپ نەۋرىسىگە ئالغان سىم ـ كوستيۇمنى چىقاردى.

ـ بۇنى مەكتەپكە بارغاندا كىيگىن، ھازىر كىيىپ بىزگە كۆرسەت.

ئامانجان بوۋىسى بىلەن مومىسىنى سۆيۈپ، رەخمەت ئېيتىپ نېرىقى بۆلمىگە كىرىپ كىيىپ چىقتى.

ـ دادىسى، قارىسىلا تۇرسۇن بالامغا ئوخشىغىنىنى، ـ دەپ كۆزىگە ياش ئالدى ئانا.

ـ ھېلىما ئامانجان بار، تۇرسۇننىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ـ دەپ قۇرۋان ئاكا يانچۇغىدىن 10 سوملۇقنى چىقىرىپ نەۋرىسىگە بەردى.

ـ تولىمۇ ئاۋارى بوپسىلەر، رەخمەت، دادا، ئاپا، ـ دېدى سائادەت.

قىزلار كېلىپ ئامانجاننى سۆيۈپ قويۇشتى. بوۋىسى بىلەن

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مومىسىنىڭ ئېلىپ قويغان سىم-كوستيۇمىنى كىيىپ، خوشاللىقى ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئامانجان:

- بوۋا، موما! ئاپام ئايلىق ئالغاندا، سىلەرگە ھېيتلىق سوغا ئېلىپ قويغان. بىزمۇ شۇ سوغىلارنى ېلىپ كەلدۇق، - دېدى.

سائادەت سۇمكىسىدىن مومايلارغا لايىق كۆينەكلىك رەختنى، ئاسمان رەڭلىك كۆك ئەر كىشىنىڭ كۆينىكىنى، ئىككى توغاچ، ئىككى بولاق چاينى ئېلىپ جوزىغا قويدى. مايسىمەم ئورنىدىن تۇرۇپ، رەخمەت ئېيتتى.

- قىزىم، سىز ئامانجاننى ياخشى بېقىپ، تەربىيىلىسىڭىز، بىزگە شۇنىڭ ئۆزى چوڭ سوغا، - دېدى قۇرۋان ئاكا.

ئامانجان ئاپىسىنىڭ سۇمكىسىنى ئاختۇرۇپ:

- مېنىڭ مومامغا ئالغان سوغام قېنى؟ - دەپ، سۇمكىدىن چۆرىسىدە گۈللىرى بار ئاق-سېرىق رەڭلىك كەشمىر ياغلىقنى ئېلىپ، مومىسىنىڭ بېشىغا ئۆز قولى بىلەن تاڭدى.

نەۋرىسىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ مايسىمەم يەنە كۆزىگە ياش ئالدى. ئامانجان بوۋىسىغا توقۇغان پەلەينى بېرىپ:

- بوۋا، كىيىپ كۆرگىنە، سەن قىشتا ئوتۇنغا بارغاندا، قولۇڭ مۇزلىمىسۇن دەپ ئالدۇق. ئاپام ماڭىمۇ موشۇنداق پەلەي ئېلىپ بەردى. مەن چوڭ بولدۇم، ئەندى ساڭا ياردەم بېرىمەن. سەن ئوتۇنغا بارغاندا، مەنمۇ بىللە بارىمەن.

نەۋرىسىنىڭ مېھرىۋانلىقىغا رازى بولۇپ، خوشاللىقىدى كۆزى ياش ئالغان قۇرۋان ئاكا پەلەينى كىيىپ:

- رەخمەت، بالام، - دەپ نەۋرىسىنى سۆيۈپ قويدى. - بوپتۇ، بالام، ئىككىمىز ئوتۇنغا بېرىپ، بىر ھارۋۇ ئوتۇننى سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا، بىر ھارۋۇنى بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كېلىمىز، ماقۇلمۇ، - دەپ كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى.

ئامانجان قىزلار بىلەن باشقا بۆلمىگە چىقىپ كېتىپ، سائادەت، مايسىمەم ئۈچى قالغاندا، قۇرۋان ئاكا ئويلىنىپ ئولتىرىپ سۆز باشلىدى.

- قىزىم، ئىنساۋىڭىزغا رەخمەت. شۇنچە ژىل چىرايلىق ئولتاردىڭىز، ئەندى بىر لايىق چىقسا، تۇرمۇشقا چىقىۋېرىڭ. ئاپىڭىز ئىككىمىز سىزدىن رازى!

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۆيدە جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممىسىنىڭ باشلىرى يەرگە ساڭگىلاپ، كۆزلىرىدىن ياش

تۆكۈلمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۆيدىكى جىم-جىتلىقنى مايسەمەم بۇزۇپ:

— دادىڭىز ئېيتقىنى توغرا، «بىر بالا بالا بولماس» دېگەندەك، تۇرمۇشقا چىقىپ نەۋرىمىزگە ئىنى-سىڭىللارنى تېپىپ، چىرايلىق ئۆي تۇتۇڭ. ئەقلىڭىز بار، يالغۇزچىلىق يامان، قىزىم، — دەپ يېنىدا ئولتارغان سائادەتنى قۇچاقلاپ، ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلاۋەتتى.

ئاتا-ئانىنىڭ بۇ سۆزلىرى تۇرسۇننىڭ تىرىك قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمۈتىنى ئۈزگىنى ئىدى. سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى توختار ئەمەس. مايسەمەم ئۆزىنى تۇتۇپ:

— سىز بىزنى توغرا چۈشىنىڭ، قىزىم. ئەينە سىڭلىم گۈلنى ئۆز ۋاقتىدا تۇرمۇشقا چىق دېسەك، سۆزىمىزگە قۇلاق سالمىغان. ئەدى ئىككى قىزى تۇرمۇشقا چىقىپ كەتسە، ئوغلى چوڭ بولۇپ ئارمىياغا ماڭدۇ، ئۆزى يالغۇز قالدۇ. ئۇنىڭغا قارىسا ئىچىم كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇ ھازىر ئاغرىقچان بولۇپ، پات-پاتلا قان بېسىمى كۆتىرىلىپ، بېشىنى كۆتىرەلمەي يېتىپ قالىدۇ، — دېدى.

قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسەمنىڭ باياتىن كېلىننى تۇرمۇشقا چىقىڭ دېگەن سۆزىنىڭ جېنى بار بولۇپ، ئۇلار گەپنى ئالدىن-ئالا پىشىرىۋالغان. سەۋەۋى ئىككى كۈنى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ژۇت چوڭلىرى ھۆرمەتلىك ئىدرىس بوۋاي كېلىپ:

— قۇرۋان ئۇكا، ئەلچىگە ئۈلۈم يوق دەپتېكەن، قارا. مەن قېرىنغاندا سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئەلچى بولۇپ كېلىپ قالدىم.

— ئۇبدان بوپتۇ.

— ئاجىز ئادەمگە يالغۇز ياشاش ياخشى ئەمەس.

— بىزنىڭ ئويۇمىز شۇ، كېلىن تېخى ياش.

— قۇرۋان ئاكا، ئەسقەرجان تۈمىدىن كەلگىنىگە خېلە بولدى. كەلگەن ژىلىلا ئۆيلەن دېسەك، مەن ئاغرىق دەپ يېقىن كەلمىگەن. مۆمۈن بىلەن پاتەم نەۋرىلىرىنى سېغىنىپ پات-پات چىققاچ، ئەسقەرجانغىمۇ بېقىش قىلدى.

— قانداق بېقىش قىلدى؟

— مۆمۈن يېڭى تۇققان ئېشىگىنى باغلاپ بېقىپ، پاتەم 41 كۈن ئەتىگەندە ئۇنى سېغىپ، ئەسقەرجانغا ئىچكەزدى. ئېشەكنىڭ سۈتى پايدا بولۇپ، ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

— تووۋا، ئېشەكنى ھارام دەيمىز، بىراق سۈتى سىل كېسىلگە داۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېكەنلىكىنى بىلمەيتتىمىز. بۇ بولسىمۇ شۇ بالىنىڭ تەلىيى دېگىنە.
— رادىت دەيسەن، ئۇكا، ئەسقەرجاننىڭ يەيدىغان رىسقى باركەن. ھازىر كولخوزدا ئۇچېيتچىك بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
قۇرۋان ئاكا بىر ئاز ئويلىنىپ ئولتىرىپ:
— رەھمەت، ئاكا، كەلگىنىڭگە. بىز نېمە دەيمىز. سائادەت شۇنچە ژىل چىرايلىق ئولتاردى. نەۋرىمىز چوڭ بولۇپ بۇ ژىل مەكتەپكە بارىدۇ. سائادەت تېخى ياش، تۇرمۇشقا چىقىپ ئۆيىنى تۇتسۇن، بىز رازى، — دېدى.
ئىككى ئوتتۇرىدا چاي ئەكىرىپ، تاماق توشۇپ ژۈرگەن مايسىمەم بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئانىسى، ئولتار! ئىدرىس ئاكىنىڭ پارىڭىنى تىڭشا، — دېدى قۇرۋان ئاكا ئايالىغا.
— قېنى ئىككىڭلار رازىلىغىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار، سائادەتمۇ ئەسقەرجان بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئوقەت قىلسۇن.
ئىدرىس بوۋاي قاتتىق يۆتىلىپ، ئالدىدىكى چىنىنى قولغا ئېلىپ، تاۋلىنىپ قالغان چايدىن سومەردى. مايسىمەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتىراتتى. ئانا ئوغلىنى «خەۋەرسىز يوقىدى» دېگەن خەت ئالسىمۇ، بەرى بىر ئۈمۈتىنى ئۈزمەي، بىر كۈنى كېلىپ قالار دەپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۈتۈپ ژۈرگەن ئېدى. ئىدرىس بوۋاينىڭ سائادەتكە ئەلچى بولۇپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئاخىرقى ئۈمۈتلىرى ئۈزۈلگەندەك بولدى. ئانا ئىچىدە: «ئەندى ئوغلۇم كەلسىمۇ، سائادەت ئەسقەرجاننىڭ ئىلكىدە بولىدۇ»، — دەپ ئويلىدى.
— بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەي، روزا ئېيى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئەسقەرجان بىلەن سائادەتنىڭ نېكاسىنى قىلىپ، بېشىنى قوشۇپ قويايلى، — دەپ يەشكەن ئىدرىس بوۋاي.
شۇڭلاشقا بۈگۈن قۇرۋان ئاكا بىلەن مايسىمەم كېلىنىگە: «تۇرمۇشقا چىقىۋېرىڭ»، — دەپ رازىلىغىنى بىلدۈردى.
قارغىش تەككۈر ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن قانچىلىگەن ژىگىت ۋە قىزلارنىڭ تاتلىق ئارزۇ-ئارمانلىرى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ، مۇرات-مەخسەتلىرىگە يېتەلمىدى دېسىڭىزچۇ!؟. ئەشۇلارنىڭ بىر سائادەتنىڭ ژۈرىگىدە تۇرسۇنغا بولغان سۆيگۈ ئوتى لاۋلاپ يېنىپ تۇرغىنىغا قارىماي، ئۇ ئامالسىزدىن ئەسقارجانغا تۇرمۇشقا چىقتى. چۈنكى ئۇرۇش

قانچە ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلسىمۇ، ھايات داۋاملىشىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا سائادەت ئەندى قەلبىدىكى مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن تەڭلا ئەسقەرجاننىڭ بالىلىرىغا بېغىشلاپ، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ بىللە ياشىدى...

***

- تۇرسۇننى ئۆلدى دېگەن خەت كەلمىدىغۇ، بەلكى ئۇ تىرىكتۇ؟ سائادەت ھەجەپ كۈتمەپتا؟ - رۇس مېھرىبانغا قارىدى.

- سائادەتنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىلىق قىزىق ھېكايە تېخى ئالدا. ئۇنىڭ چىگىچ تەغدىرىگە يەنە توختىلىمەن، - دېدى مېھرىبان.

# ھىجران دەردى



ژىللار ژىللارنى قوغلىشىپ، تولىمۇ چاپسان ئۆتمەكتە. شۇ ژىللار ئېقىمى بىلەن ئادەملەرمۇ پانىدىن باقى دۇنياغا كەتسە، ئورنىغا نارىسىدىلەر يورۇق دۇنياغا كېلىدىكەن. ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن تۇرمۇش-تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدا ژۈرۈپ ۋاقىتنىڭ غويۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ تۇيۇلمايدىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ژىللارمۇ يېزىدىكىلەر ئۈچۈن يېنىك ئۆتكىنى يوق. چۈنكى

ئۇرۇش ئادەم تەغدىرلىرىنىلا ۋەيران قىلىپ قويماي، ھەممىنىلا جۈلمەرتىۋەتكەن ئېدى.

يېزىلاردا خەلىقنىڭ تۇرمۇشى بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلىنىپ قالغان 1954-ژىلى خىتاي بىلەن كېڭەش دۆلەتلىرى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، «خىتايغا كەتكەن كېڭەش گراژدانلىرىغا قايتىپ چىقىشقا رۇخسەت بېرىپتەك» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ھەر كىم ئۆزلىرىنىڭ بىر چاغلاردا ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتكەن يېقىنلىرىنى: ئاتا-ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، تۇققانلىرىنى كۆرۈش ئۈمۈتلىرىدە ياشاۋاتاتتى.

كۈز كېلىپ، يوپۇرماقلار غازاڭ بولۇپ يەرگە تۆكۈلۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇرۇۋان ئاكىلارنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىغا بىر ژۈك ماشىنىسى

كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭدىن گۈلى بىلەن ئوتتۇرا بويلۇق، قاش-كۆزى كېلىشكەن، ئاق-ئۇزلۇك، ئورۇق كەلگەن 40 ياشلاردىكى بىر ئايال ۋە ئۈچ بالا چۈشتى. ماشىنىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ قۇرۋان ئاكا بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن مايسىمەم:

– ۋاي، بۇ رۇقىيەمغۇ، – دەپ كەلگەن ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

– قېنى، قېنى، ئۆيگە كىرىلى! – دەپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى قۇرۋان ئاكا.

مايسىمەم قېرىنداشىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئاستىغا چۈشەك سالدى. ئۆي ئىگىسى «ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!..» دەپ دۇئا قىلىپ، ئاندىن رۇقىيەملەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

– بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ياخشى، مانا تەغدىرنىڭ يازمىشى بىلەن چېگارا ئاتلاپ قازاقستان دىيارىغا ئۆتۈپ، سىلەر بىلەن يەنە يۈز كۆرۈشۈشكە بۇيرىدى.

– ئاپام، دادام‌لارنىڭ ئەھۋالى قادىداق؟

– ئۇلاردىن ئايرىلغىنىمىزغا خېلە ژىللار بولدى.

– ئو-ئو، خۇدا! ئاتا-ئانىمىزنىڭ ژىغىسىنى ژىغلاپ، ئۆز قولۇمىز بىلەن ئۇزاتساق بولماتتىمۇ؟.. ۋاي مېھرىۋان ئانام، كۆيۈمچان دادام، باللىقا يارىمىدىڭۇ، – دەپ ژىغلىشىپ كەتتى كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان مايسىمەم بىلەن گۈلى.

– بولدى، سەۋىر قىلىڭلار، ئاللا تائالا رۇقىيەم بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغان ئىكەن، مانا دىدارلىشىپ ئولتىرىمىز، – دەپ سەۋىرلىك بەردى قۇرۋان ئاكا.

يولدىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن رۇقىيەملەرگە مايسىمەمنىڭ قىزلىرى بىر دەمدىلا چاي قىلدى.

كەچتە، تاماق پىشارغا يېقىن، خوشنىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار رۇقىيەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز تۇغقانلىرى توغرىلىق سوراشتى، ئۆتكەن-كەچكەن توغرىلىق ئۇزاق گەپ قىلىپ ئولتىرىپ چىقىشتى. خوشنىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلى ھەدىسىدىن سوراپ رۇقىيەمنى باللىرى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

باللار ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئورۇنغا كىرىپلا ئۇخلاپ كېتىشتى.

– رۇقىيەم، سەنمۇ يات، ئۇخلا! «يول ئازاۋى – گۆر ئازاۋى» دېگەندەك، سىلەرگە ھادۇقمۇ يېتىپ كەتكەندۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– سىلەرنى كۆرۈپ ھارغىنىمنىمۇ ئۇنتۇدۇم.
ئىككى ئاجىز ئورۇنغا كىرىپ ياتسىمۇ، ئۇخلار ئەمەس. چۈنكى ژىگىرمە ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن كېيىن كۆرۈشكەن قېرىنداشلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتارى كۆپ ئېدى.
– ھەدە، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ سىنىڭ ھاياتىڭدىن ئانچە پەرقى يوق ئوخشايدۇ، ئۆتكەن ژىللار مېنىمۇ ھاياتىنىڭ ھەر يان ئاتقان دولقۇنلىرىدا چىنىقتۇرۇپ تاۋلىدى، – دېدى ھەدىسىنىڭ ھايات يولىنى تىڭشىغان رۇقىيەم ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى باشلاپ.
– بىز ئەخمەت ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ئاشىق بولۇپ ئاتا-ئانىمىزنىڭ رازىلىغى بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ، ئۈچ باللىق بولدۇق. بىراق ئۇ ياقتىمۇ ۋەزىيەت مۇرەككەپلىشىپ، 1936-1937 - ژىللىرى شىنجاڭدا يەرلىك خەلىقنى ئېزىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش كۆتىرىلىپ كەتتى. بىزنىڭ مىڭلىغان ئادەملىرىمىزنى ئۆلتىرىپ، مىڭلىغان ئادەملەرنى قاماققا ئالدى. شۇ ژىلى ئەتىياز ئايلىرىدا ئەخمەتنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. ئۆي-جاي، بار مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىشتى. مەن ئۈچ بالامنى باغرىمغا بېسىپ، قاڭغىر قاخشاپ تالادا قالدىم.
بۇ ژىللىرى مەن غۇلجىدىكى ھۈنەر مەكتىۋىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەپ ژۈرەتتىم. ئۈچ بالامنى يېتىلەپ، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى تۈگۈچ-تۈگۈچلەرگە چىگىپ تالاغا چىقتۇق. ئەتىيازنىڭ سوغ شامىلى ئۈزلەرنى چېقىپ، يامغۇر راسا يېغىۋاتقان شۇ كۈنى بىر ھارۋۇنى كىرا قىلىپ چۈشۈپ، ئەخمەتنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ژىغلاپ ئەھۋالىمنى ئېيتىۋىدىم، ھاشىم ئاكا بىلەن سەنەم ھەدەم مېنى چۈشىنىپ، ھويلىسىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بەردىيىۇ، لېكىن ئاكىمىز: «رۇقىيەم، ئەخمەتنى تۇتۇپ كەتكەن بولسا، مېنىمۇ تۇتۇپ كېتىشى مۈمكىن، ياخشىسى سىز غۇلجىدىن
كېتىڭ»، – دەپ قالدى. مەن ئۇنىڭ نېمىدىندۇ قورقۇپ تۇرغانلىغىنى سەزدىم.
– مەن ئۈچ بالام بىلەن نەگە بارىمەن؟ ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتتى. ئاكام ئاغرىقچان، ئۆزىنىڭ باللىرىنى باقالماي ژۈرىدۇ. داشىگۈرگە بارغان بىلەن نېمە قىلىمەن؟ بۇ يەردە ئىشىم بار، ئاز بولسىمۇ ئايلىق ئالىمەن، – دېدىم.
– بوپتۇ، ھازىرچە تۇرۇپ تۇرۇڭ، يەنە ئويلاشتۇرايلى، – دېدى ئۇ.

ئۇ: «ئەخمەت ھۆكۈمەتكە قارشى كۆتۈرۈلۈشكە قاتنىشىپ تۇتۇلدى، مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزسام، مېنىڭ بېشىمغىمۇ چوڭ بىر بالالارنى تېپىپ بېرىدۇ»، ــ دەپ ئۇيلاپ قورققان بولسا كېرەك.

شۇ ژىلدىن ئېغىر ھايات باشلاندى. ساقچىلار مېنى يا تۈرمىگە يېقىن كەلتۈرمەيدۇ، يا تاماق ئاپارسام ئالمايدۇ، قارا. ئەخمەت تىرىكمۇ، يا ئۆلۈپ كەتتىمۇ، بىلمەيمەن. ئىشلەپ ئالغان ئايلىغىم ئاز، ھېچ نىمىگە يەتمىگەچكە، كېچىلىرى ئۇخلىماي چىراق يورۇغىدا تىكىنچىلىك قىلىمەن.

كۈز كەلگەندە، ھاشىم ئاكام ئۆزىنىڭ بېشىدىن قورقۇپ مېنى بالىلىرىم بىلەن ئۆيىدىن قوغلاۋەتتى. ئۆي ئىزدەپ سەرگەردان بولۇپ ژۈرۈپ، ئاخىرى بىر تونۇش مومايىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ئىجارىگە تۇردۇم. بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشقا ئوڭاي، ھەدە، لېكىن ئۇ چاغلاردا كۆرگەن كۈنلىرىمنى ھېچ كىم كۆرمىسۇن.

رۇقىيەمنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتارغان گۈلى، كۆزىدىن ئەرىكسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئەتتى.

ــ ۋاي، خۇدايىمەي، ئىككىمىزنىڭ تەغدىرلىرىمىزنى ئوخشاپ كەتكىنىنى قارا.

ــ توختا، ھەدە، تېخى تارتقان جاپالىرىم ئالدا. ئۆزەم يېمەي بالىلىرىغىما يېگۈزۈپ، ئۆزەم كىيمەي بالىلىرىمغا كىيگۈزۈپ، ئوغلۇم بىلەن قىزىمنى مەكتەپكە بەردىم. كېچىسى ئۇخلىماي كىشلەرنىڭ كىيىمنى تىكىمەن، بەرگەن پۇلى يېمەك-ئىچمەك بىلەن قىشقا ئوتۇن-كۆمۈرگە ئارانلا يېتىدۇ. كۆمۈر ئېلىشقا ئاخچام يەتمىگەن كۈنلىرى ئۆيگە ئوت قالالماي، بالىلىرىمنى كىيگەن قېلىن كىيىملىرى بىلەنلا ياتقۇزىمەن. شۇ چاغلاردا ئۆزەممۇ ئاغرىپ ژۈرەتتىم، بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كوچىدا ژىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ دوختۇرخانىغا بارسام، قېنىڭىز ئاز، تاماقنى قۇۋۋەتلىك يەڭ دەيدۇ. بار بولسا يەتتىمغۇ، ئۈچ بالامنى قانداق باقىمەن. ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي 10 كۈنگە دوختۇرخانىغا ياتقۇزدى. مەن داۋالىنىپ چىققىچە ئۆيىنىڭ ئېگىسى ئاغىچا موماي قاراپ تۇردى.

سالامەتلىگىم پىچاق قىرى ياخشى بولۇپ، خىزمىتىمگە بېرىپ-كېلىپ ژۈرەتتىم، يەنە بىر پاجىئە يۈز بەردى. 6 ياشلىق قىزىم ماقانگۈل خوشنا قىزلار بىلەن ئويناپ ژۈرگەندە، قەيەردىندۇ سەرەڭگە قولىغا چۈشۈپ، ئۇنى ياندۇرۇپتىكەن، كۆينىگىگە ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشلاپتۇ. قىزىم ۋاقىراپ ھەر يان ژۇگرەپتۇ. بىللە ئويناۋاتقان قىزلارنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، خوشنام چىقىپ كۆيۈۋاتقان قىزىمنى كۆرۈپ، بىر چېلەك سۇنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ. بالىغا قارىساڭ، ژۇرىگىڭ يېرىلىپ كەتكىدەك، — دەپ رۇقىيەم كۆز يېشىنى كۆينىگىنىڭ ئېتىگىگە سۈرتۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — ئويلىمىساملا ياخشى. قىزىم ئۈچ كۈن يېتىپلا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزەم بىر ئاي ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. بۇ چاغلاردا خوشاللىقىمۇ، غەم-قايغۇنىمۇ بۆلۈشۈشنى بىلىدىغان ھەقىقي دوستلار يېنىمدا بولدى، ئۇنىڭغىمۇ شۈكرى. كۆپىسى مېنىڭدىن قاچقان شۇ ژىللىرى ئىككى دوستۇم — مۇنىرەم بىلەن پەرىدەم ماڭا چوڭ يار-يۆلەك بولدى.

ژىغلاپ-قاخشاپ ژۈرۈپ ژىللارنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەپتىمىز. ئەخمەتنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىغا يەتتە ژىل بولدى دېگەندە، ئۇنى ئۆلدى دېگەن خەت كەلدى. خەتنى ئوقۇپلا، ھوشۇمدىن كېتىپ ژىقىلىپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، بالىلىرىم ژىغلىشىپ يېنىمدا ئولتىرىپتۇ. بېشىمنى كۆتىرىپ، يېنىمدا ژىغلىشىپ ئولتارغان ئىككى بالامنى قۇچاقلاپ باغرىمغا بېسىپ: «داداڭلاردىن ئايرىلىپتىمىز، ۋاي، ئەخمەت! بىزنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز؟ مەن ئەندى قانداق ياشايمەن»، — دەپ زارلىنىپ ژىغلىدىم. قانچە ۋاقىت ژىغلىغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ئەخمەت قاماقتىن چىقسا، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلىمىز دەپ ئۈمۈت قىلىپ، ئۆزەمگە ئۆزەم مەدەت بېرەتتىم، ئەندىچۇ؟ بىر كەلسە ئۈستى-ئۈستىگە كېلىدۇ دەپ، قىزىمدىن ئايرىلدىم. ئۆزەمنىڭ سالامەتلىگى ياخشى ئەمەس. ئەندى ئەخمەتنى ئۆلدى دېگەن قەغەز كېلىپ، «ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دېگەندەك بولدى. قارغىش تەككۈر زامان، ئەخمەتنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن مەزگىلسىز ئېلىپ كەتتى.

شۇ ژىلقى قىش تولىمۇ قاتتىق بولدى. بىر كۈنى سوغ ئۆيدە بالىلىرىم بىلەن ئولتارسام، مۇنىرەم كىرىپ كەلدى.

— ژۇقۇرى ئۆتۈڭ، دوستۇم، تېچلىقمۇ؟

— بىز ياخشى، — دەپ سوغ ئۆيگە بىر قاراپ چىقتى.

بىز پاراڭ قىلىپ ئۇزاق ئولتارغاچقا، ئوغلۇم بىلال بىلەن قىزىم ئىمھانەم ئۇخلاپ قالدى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، دوستۇم ئۆزىنىڭ كەلگەن مەخسىتىنى ئېيتتى.

— رۇقىيەم، سەن ئاغرىقچان بولۇپ قالدىڭ، دوختۇرلار قۇۋۋەتلىك تاماق يېگىن دېگەن، سەن ئۆزەڭ يېمەي، بالىلىرىم يېسۇن دەپ، كۈندىن-كۈنگە سارغىيىۋاتىسەن.

— نېمە قىلاي، دوستۇم، پېشانەمگە يازغاننى تارتماي ئامالىم يوق.

— مېنىڭ كەلگىنىم، دوستۇم، سەن مېنىڭ غوپۇر ئاكامغا تۇرمۇشقا چىق، سېنى ئۇنىڭغا لايىق كۆردۈم. ئاكامنىڭ تۇرمىدە بەش ژىل يېتىپ چىققىنىنى بىلىسەن. تۇرمىدىكى ئازاپلاردىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن بىر ژىل ئاغرىپ داۋالاندى. خۇداغا شۈكرى، ھازىر ئەل قاتارىدا. ياق دەپ، سۆزۈمنى رەت قىلما، ئاكام ساۋاتلىق، زاۋۇدتا بۇخگالتېر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇ كۈنى مۇنىرەم مېنى ئاكىسىغا سايە قىلىپ سوغ ئۆيۈمدە قونۇپ قالدى. كېيىن كۈندە دېگىدەك كېلىپ، ئاخىرى مېنى قايىل كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئاكىسى غوپۇرغا تۇرمۇشقا چىقتىم، سالامەتلىگىممۇ بىر ئاز جۈندەلدى. ئارىدىن بىر ژىل ئۆتۈپ ئوغۇل بوشاندىم. غوپۇرنىڭ خوشاللىغىنىڭ چېكى بولمىدى.

بىر كۈنى خوشنام كىرىپ: «رۇقىيەم، ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئەخمەت تۇرمىدىن چىقىپتەك»، — دېمەسمۇ، بېشىمدىن بىر قاپاق سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك بولدۇمدە، ئولتىرىپلا قالدىم. پۇت-قولۇم تىترەپ، تاتىرىپ كەتتىم، ئەتىمالىم، خوشنام:

— ۋاي، رۇقىيەم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ، بولار ئىش بولدى، سىز ئەيىپلىك ئەمەس، — دېدى.

— بۇ قانداق بولغىنى، ئەخمەتنى ئۆلدى دېگەن خەتنى ماڭا كىم يازدى؟ — دەپ ئاڭ-تاڭ بولدۇم.

بۇ خەۋەردىن ئۆزەمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەتتىم. ئەخمەت ئىككىلەن بىر-بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، لېكىن تەغدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق تىرىك ئايرىلدۇق.

ئەخمەت غۇلجىغا كېلىپ بىر ئايالنى مەن ئىشلەيدىغان ھۈنەر مەكتىۋىگە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئايال ماڭا: «رۇقىيەم، ئەخمەت ھازىر غۇلجىدا، سىز بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ. سىز بىلەن قايتىدىن بىر بولۇشنى خالايدېكەن، ئەخمەت سىزدىن كېچەلمەيدېكەن، غوپۇردىن ئايرىلىڭ. ئوغلىنىڭ سىڭلىم»، — دېدى. مەن بولسام جاۋاپ ئورنىغا كۆز ياش قىلدىم.

— كەچتە ئۆيۈڭىزگە بىر ئادەم ماشىنا بىلەن بارىدۇ، سىز ئىككى بالىڭىزنى شۇ كىشىگە قوشۇپ ئەۋەتىڭ. دادىسى ئۆز باللىرى بىلەن كۆرۈشسۇن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن ئەندى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بىلىمەن، ئەخمەت ئازاتلىق ئۈچۈن دەپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۈرەش قىلغان ئىنسان، ئۇ سەككىز ژىل تۈرمىدە قانچىمۇ جەۋرى-جاپالارنى تارتىپ، «ئۆيدە ئايالىم، باللىرىم كۈتىۋاتىدۇ»، دەپ چىقىپ بولغان ئىشلارنى ئاڭلىغاندۇ. بىچارە ئەخمەت، قانداقمۇ ياشا بۇ يورۇق دۇنيادا دەپ، ئۆزەمنى باسالماي ژىغلاتتىم. ژۈرىگىم كۆيۈپ كېتىپ باراتتى. ئۆيگە قانداق بارغىنىمنى بىلمەيمەن.

بىلال بىلەن ئىمهانەمنى چۆمۈلدۈرۈپ، ياخشى كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ تەييار قىلىپ تۇرغاندا، ئىشىك ئالدىغا ماشىنا كېلىپ توختىدى. باللار كۆپ ژىل دادىسىنى كۆرمىگەچكە: «بىز يالغۇز بارمايمىز، ئاپا، سەن بىز بىلەن بىللە بارغىن»، — دېيىشتى. مەن ئەخمەتنىڭ ئالدىغا بىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، باللارنى ئەۋەتتىم.

كەچ كىرگەندە، غوپۇر ئىشتىن كەلدى. ئۇنىڭ قاپىغى تۈرۈلۈپ، ئالدىغا قويغان تاماقنىمۇ يېمىدى.

— باللار قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— دادىسى تۈرمىدىن چىقىپتۇ، باللىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. باللارنى ئەۋەتتىم.

ئۇ ئويلىنىپ ئولتىرىپ:

— رۇقىيەم، ئەخمەت قايتىپ كەلدى، ئەندى سەن مېنى تاشلاپ ئۇنىڭغا كېتەمسەن — دېدى.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن سىزنى تاشلىمايمەن، — دېدىم قەتئىي.

— بىلىپ قوي، ئەگەر ئەخمەت سېنى قايتىدىن نىكا قىلىپ ئالىمەن دېسە، ئوغلۇمنى بەرمەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى تاشلاپ هېچ ياققا كەتمەيمەن، — دەپ ئۇنى ئىشەندۈردۈم.

ئەتىسى ئىشتىن قايتقىنىمدا، يولدا توختاپ تۇرغان بىر ماشىنىنى كۆردۈمدە، ژۈرىگىم ژۇپۇلدەپ كەتتى. بۇ چاغدا گۇگۇممۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەن ماشىنىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقاندا، ئەخمەت ماشىنىدىن چىقىپ: «رۇقىيەم، توختا سۆزلىشەيلى»، — دېدى. ئەخمەتكە قارىسام، ئۇ مېنىڭدىنمۇ جۇدەڭ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزەمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم. ئەگەر ئۆز مەيلىم بولغاندا، هازىر ئۆزەمنى ئۇنىڭ قۇچىغىغا تاشلاپ ژىغلىغان بولار ئىدىم. لېكىن مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا هەققىم يوق. مەن غوپۇرنىڭ

ئايالى. كۆزلىرىمدىن تارام-تارام ياشلىرىم تۆكۈلمەكتە. ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ مونچاقتەك ياشلىرى توختىماي تۆكۈلدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ: «ئولتارغىنە، پاراڭلىشايلى»، - دېدى.

مەن ماشىنىغا ئولتاردىم، شوفېر بالا سىرتقا چىقىپ ئىشىكنى ياپتى. ئەخمەت شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك. مېنى قاتتىق قۇچاقلاپ، يۈز-كۆزۈمگە سۆيۈپ: «رۇقىيە، مەن سېنى ئىزلەپ كېتىمەن. تۈرمىدە سەككىز يىل شۇنچە خورلۇق، كامسىتىش، ئازاپلارنى سىلەرنى كۆرۈش ئۈمىدىدە يەڭدىم. رۇقىيە، مەن سېنىڭسىز، باللىرىمسىز ياشالمايمەن»، - دەپ مېنى باغرىغا تېخىمۇ قاتتىق باسماقتا ئىدى. مەن بىرىنچى ھوشۇمغا كەلدىم، ئەتىمالىم، ئۆزەمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشاتتىم.

- ئەخمەت، تىڭشاڭ، مېنىڭمۇ تارتقان ئازاپلىرىم، جەۋرى-جاپالىرىم ئاز بولغىنى يوق. ئۇنى سۆز بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. ماڭا كۈنۈمنىڭ قاتتىقلىغىدىن، باللىرىمنى ئاچارچىلىقتىن ئۆلتۈرۈپ ئالماس ئۈچۈن تۇرمۇشقا چىقىشقا توغرا كەلدى. مەن ھەر كۈنى سىزنى ئەسلىدىم، ژىغلىدىم، ئاغرىقچان بولدۇم. ماجانگۈل قىزىمدىن پاجىەلىك ئايرىلدىم. يەنە قايتىلمايمەن، مەن غوپۇرغا ئاشىق بولۇپ تەككىنىم يوق، كۈنۈمنىڭ قاتتىقلىغىدىن تەگدىم.

شۇ سۆزلەرنى دېدىمۇ، ژىغىدىن پۈتۈن تېنىم تىترەپ، ئۆزەمنى توختىتالمايمەن. ئەخمەتمۇ مېنى باغرىغا بېسىپ ژىغلىماقتا ئىدى. مېنىڭ قەلبىم: «رۇقىيە، سېنىڭ شۇنچە ژىللار ژىغلاپ، ئازاپلارغا چىداپ كۈتكەن ئاشىغىڭ كەلدى. ئەندى نېمىشكە ئويلىنىسەن؟ ئەخمەت بىلەن كەتكىن، ئۇ سېنىڭ بەختىڭ»، - دەتتى. نومۇسۇم بولسا: «رۇقىيە، ئويلان، يامان كۈنۈڭدە ساڭا يار-يۆلەك بولغان غوپۇرنى قانداق تاشلاپ كەتمەكچىمەن؟ ئوغلۇڭنىڭ تەغدىرىنى ئويلا، ئۇنى غوپۇر ساڭا بەرمەيدۇ»، - دەتتى.

ئەخمەت ئۆزىنى توختىتىپ:

- مەن سېنى ئەيىپلىمەيمەن. غوپۇردىن تۇغۇلغان ئوغلۇڭنى ئۆزەمنىڭ باللىسدەك تەربىيىلەپ ئوقۇتىمەن. ھازىر ئىككىلەن غوپۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆزلىشىمىز، باللىنى ئېلىپ كېتىمىز، - دەپ قەتئىي سۆزلىدى.

مەن كۆز ياشلىرىمنى ئېتىپ:

- ئەخمەت، سىز مېنى چۈشىنىڭ، شۇنداق ئېغىر كۈنلىرىمدە يار-يۆلەك بولغان ئادەمنى قانداق تاشلاپ كېتىمەن؟ ئىككىلەنىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھاياتىنى تەغدىر يەشتى، ئەندى بىر بولالمايمىز. سىز دېگەن ئەر، تالالاپ تۇرۇپ ئۆيلىنىڭ، ئائىلە قۇرۇڭ، مېنىڭ بولارىم بولدى، - دېدىم جىددىي قىياپەتتە.

بىراق شۇ پەيتتە ئەشۇ سۆزلەرنى ئېيتىشنىڭ، سۆيگىنىمدىن تىرىك ئايرىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىقىنى، ژۇرىگىمنىڭ تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىر ئۆزەم بىلىمەن.

ئەخمەت مېنىڭ كۆزۈمگە ئۈمۈت بىلەن قاراپ:

- رۇقىيە، سەن مېنى تىرىك ئۆلتەردىڭ، شۇنچە ژىل قاماقتا يېتىپ سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارمىنىدا ياشىغان ئېدىم. ئەندى ئەركىنلىككە چىققاندا، سېنىڭدىن تىرىك ئايرىلغىنىمغا ئېچىنىمەن. سەن يەنە ئويلان، ۋاقىت بار، ئالدىراپ جاۋاپ بەرمە، - دېدى مەيۇس ئاھاڭدا.

ئىككىمىز ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق. ئاشىق قەلبلىرىمىز بىر-بىرىگە ماگنىتتەك تارتتى، لېكىن ئامالىم يوق. مەن ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى ئاچماقچى بولغاندا، ئەخمەت: «رۇقىيە، ئالتۇندەك باللىرىمىزنى ژىتىم قىلمايلى، ئىككىلەن بىر-بىرىمىزنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغىنىمىزنى بىلىمىز، سەن ئويلان»، - دېدى يەنە تەكرارلاپ.

مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، پۈتۈم كۈشۈپ، ئالدىمغا ماڭسام كەينىمگە كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ دەقىقىدە ژۇرىگىم: «رۇقىيە، كەينىڭگە قايت، سەن ئۇنىڭدىن تىرىك ئايرىلىپ ئۆمۈر بويى بەختىسىز ياشايسەنغۇ»، - دەپ سوقاتتى...

ماشىنىنىڭ مېڭىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈت-قولۇمدا جان يوق قاراڭغۇ كوچىدا ئولتىرىپ قالدىم ۋە كىچىك باللىدەك ژىغلىدىم. ئۆزەمگە ئۆزەم:

«ۋاي، خۇدايىم! قەيەردىن ئۇچۇپ چىقىپ قولۇمغا قونغان بەخت قۇشۇمنى ئۆزەم ئۇچىرىۋەتتىمغۇ! ژۇرەك ئەمرىگە بېقىنماي، تەغدىرگە بېقىندىم، ئېچىم كۆيۈپ بارىدۇ. ئەندى قانداق ياشايمەن»، - دەتتىم. مەن بۇ ئايرىلىشنىڭ يەتتە ژىل تارتقان جاپالىرىمدىنمۇ ئېغىر ئېكەنلىكىنى شۇ قاراڭغۇ كوچىدا ژىغلاپ ئولتىرىپ بىلگەن ئېدىم.

ئۆيگە كەلسەم، غوپۇر ئىشتىن كېلىپ ئولتارغان ئېكەن. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىدىن ئەخمەت بىلەن ئۇچراشقانلىغىمنى بىلدىيۇ، لېكىن ھېچ نەرسە سورىمىدى. مەنمۇ ئۈنچىقماي، ئوغلۇمنىڭ

ژىغىسىنى ئاڭلاپ ئىچكەركى بۆلمىگە كىرىپ كەتتىم. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ سۆيدۇم، ئوغلۇمنىڭ بېگۇنا كۆزلىرىگە قاراپ، تارام-تارام ياشلىرىم تۆكۈلدى. مېنىڭ قەلبىمدىكى ئازاپنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟.. ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، مىيىغىدا كۈلۈپ كۆكسۈمنى كىچىك بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ ئەممەكتە ئىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ خوشاللىقىغا قاراپ، ئاستا-ئاستا پەسلىدىم. شۇ كۈنى مېنىڭ تەغدىرىمنى ئوغلۇم نەزەر يەشكىن ئىدى، - دەپ ھەدىسىگە قارىدى ھېكايىسىنى تۈگەتكەن رۇقىيەم.

گۈلى ئۇزىنىڭ ھاياتىنى ئويلىدىمۇ ياكى رۇقىيەمنىڭ ھاياتىغا ئىچى ئاغرىدىمۇ، ژىغلاپ ئولتىرىپ:

- ھەي، تەڭشەلمىگەن ئالەم، بۇ دۇنيادا كىم مۇرات-مەخسىتىگە يېتەلىدىكىنتاڭ؟ - دەپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويدى.

- ھەدە، بىز مۇسۇلمان ئاياللىرى شۇنداق تەربىيىلەنگەنمىز، سىزىقتىن چىقىپ كېتەلمەيمىز.

- راست دېيسەن! بىز ئوخشاش قانچە مىڭ ئايالار، ئەرلەر قاڭغىر قاخشاپ ژۇرىدۇ دېگىنە، بۇ تەغدىرلەرگە كىم ئەيىپلىك؟

- ھەدە، ھەممىگە موشۇ دۆلەتلەرنىڭ سەياستى ئەيىپلىك.

- ئەخمەتنىڭ تەغدىرى كېيىن نېمە بولدى؟

- ئەخمەت بالىلىرىغا ئىنتايىن چوڭ غەمخورلۇق ياساپ، قايتىدىن بىر بولۇش ئۈمۈتىدە ماڭا خېلە كىشىلەرنى ئەۋەتتى. لېكىن مەن غوپۇر بىلەن قالدىم. ئارىدىن ئىككى ژىل ئۆتۈپ، ئۇ قەشقەرلىك چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىپ، ئۈچ باللىق بولدى. خېلە چوڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە ئىشلىدى. تۈرمىدە ياتقان چاغدا تارتقان ئېغىر ئازاپلاردىن بولۇشى كېرەك 46 يېشىدا ژۈرىگى توختاپ، ۋاپات بولدى.

- ۋاي، بېچارە، ياشلا كېتىپتۇ.

- ئەخمەتنىڭ ئۆلۈمىگە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر قاتناشتى. مەنمۇ بېرىپ ئايالى خالىدەم بىلەن تونۇشتۇم.

- غوپۇرنىڭ تەغدىرىچۇ؟

- غوپۇر بىلەن ئون ژىل بىللە ياشىدۇق. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغان. ئۆزىمۇ ئاق كۆڭۈل، بالىلىرىمغىمۇ ئۆگەيلىك قىلماتتى. ئۇنىڭ بېغىرى ئاغرىغاچقا، كېيىن-كېيىن ئىشتىيى يوقاپ، تاماقتىنمۇ قالدى، چىرايى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ كەتتى. دوختۇرخانىدا ئۇزاق ياتتى، لېكىن ئاغرىقىغا داۋا تېپىلماي، ئالتە ئاي يېتىپ ئۆلۈپ قالدى. غوپۇرما ئەللىككە كىرمىگەن ئىدى.



– يا، ئاللا، بۇ تەغدىرلەرنى قارا.
– ھەدە، مەن موشۇ ياشقا كەلگىچە ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ كۆرۈۋېرىپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. قانداق قىلىمەن، ژىغلىدىم، قاخشىدىم. بىراق ھەممىگە چىداشقا توغرا كەلدى. ئەندى موشۇ باللىرىمنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشسام بولدى، بىز كۆرگەن كۈنلەرنى ئۇلار كۆرمىسۇن. بىلال بىلەن ئىمھانەم بىجىندا چوڭ ئوقۇشلاردا ئوقۇۋاتىدۇ. ئەخمەت ھەر ئىككىسىنىڭ ئوقۇپ چوڭ دوختۇر بولۇشىغا بارچە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى. خۇدايىم بۇيرىسا، بىر ژىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تاماملاپ چىقىدۇ. بۇ ئۇچىنى مەشەدە ئوقۇتىمەن. ھەدە، مەن ئۇ ياقتا ئۇستا تىكىنچى دېگەن نام ئالدىم، ھەممە نەرسىنى تىكىش قولۇمدىن كېلىدۇ. تىكىنچى دېگەن ھەممە يەردە كېرەكقۇ دەپ، بۇ ياقتا ئۆزەمنىڭ ئاياق ماشىنامنى ئېلىپ چىقتىم، باللىرىمنى شۇنىڭ بىلەن باقارمەن.

سىڭلىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاخىرىغىچە دىققەت بىلەن تىڭشىغان گۈلى:

– تووۋا، رۇقىيە، ئىككىمىز ئىككى دۆلەتتە ياشىساقمۇ، تارتقان جاپا-مەشەققىتىمىزنىڭ ئوخشاش بولغىنىنى، قارا. ئەندى ياتايلى، غورازلار قىچقارغىلى نەۋاق، تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى. كۆزۈمىزنى كىچىككىنە ئىلىۋالايلى، قالغان گەپنى ئەتە قىلارمىز، – دەپ چىراقنى ئۆچەردى...

***

– قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تەغدىرىگە ھەيران قېلىۋاتىمەن، مېھرىبام. گۈلى بىلەن رۇقىيەمنىڭ تەغدىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بىراق رۇقىيەمنىڭ نومۇسنى شەخسىي بەختىدىن ئۈستۈن قويغانلىغىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئېۋروپا ئەللىرىدىكى ئاياللارنىڭ كۆز قارىشى باشقىچە، – دېدى رۇس.

– دۇرۇس دەيسىز، رۇس. مەن باشتىلا سىزگە كىتاۋىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەغدىرىگە بېغىشلانغان دەپ ئېيتتىمغۇ. ھە، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر قاچان نومۇسنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، سەۋەۋى ئۆيدىكى تەربىيە شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇگۈنكى كۈن ئۈچۈن جاۋاپ بېرىشتىن ژىراقمەن، ئەلۋەتتە، چۈنكى دەۋىر بىلەن تەڭ ئادەملەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىمۇ ئۆزگىرىدىغۇ. بەلكى بۈگۈنكى ئاياللار سۆيگۈ-مۇھەببىتى ئۈچۈن ھەممىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىغاندۇ، ئۇ تەرىپى ماڭا نامەلۇم ھەم شۇنداق نامەلۇم پېتى قالغىنىنى خالايمەن. سەۋەۋى


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازلىرى ئەسەرىمنىڭ قەھرىمانلىرى ئوخشاش ۋىژدانى، نىيىتى، نومۇسى تازا بولۇپ ساقلىنىپ قالغان، ــ مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى مېھرىبان.

ــ بەلكى، شۇنداق بولغىنى توغرىدۇر. بۇ مەسىلىگە بىرتەرەپلىمىلىك جاۋاپ بېرىشكە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ھېكايىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ، ــ كرېسلوغا يۆلەنگەن پېتى تىل قاتتى رۇس.

# قايغۇلۇق كۈنلەر



شۇ ژىللىرى خىتايدىن يېزىمىزغا نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلار چىقىپ، ژۇت ئىچى قويۇقلىشىپ، ئۆيلەر سېلىندى. ئادەملەرنىڭ چىرايىدا خوشاللىق، كەيپىياتلىرى ئۈستۈن ئېكەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئوقۇش باشلانغاندا. رۇقىيەم بالىلىرى نەزەر بىلەن گۆزەلنى پاكىز كىيىندۈرۈپ مەكتەپكە ئاپاردى. ئۇلارنى مەكتەپ ئالدىدا سېپىيەم بىلەن سائادەت مۇئەللىم قارشى ئالدى. سېپىيەم مۇئەللىم رۇقىيەم بىلەن سۆزلىشىپ:

– بىز بۇ بالىلارنى 1–سىنىپقا ئولتارغۇزىمىز. ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن بىزنىڭ هەرىپلىرىمىزنى ئۈگىنىشى كېرەك، – دېدى.

ئانا مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى دۇرۇس كۆرۈپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە قالدۇرۇپ كەتتى. كۆچۈپ چىققانلارنىڭ هېساۋىغا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن ئېدى.

رۇقىيەملەر كۆچۈپ چىققاندىن بېرى، گۈلىمۇ يالغۇزچىلىقتىن قۇتۇلدى. چۈنكى ئېغىر ژىللاردا يار–يۆلەك بولغان هەجەر چوڭئانىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ خېلە ژىللار بولۇپ كەتتى. ئىككى قىزى تۇرمۇشقا چىقىپ، بالىلىق بولدى. ئوغلى يادىكار ئۈچ ژىلغا ئارمىياغا كېتىپ، ئۇ يالغۇز قالغان ئېدى. شۇڭلاشقا سىڭلىسىغا:

www.uyghurkitap.com



— رۇقىيەم، مانا ئۆي، بالىلىرىڭ بىلەن ماڭا ھەمرا بولۇپ تۇرغىن، — دېدى.

— مېھرىۋانلىقىڭغا رەھمەت، ھەدە. ئوغلۇڭ ئارمىيادىن كەلگىچىم بىزمۇ ئۆي سېلىۋالارمىز، ھازىرچە سېنىڭ ئۆيۈڭدە بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ ياشاپ تۇرايلى.

— خۇۋايىم يالغۇزچىلىقنى بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن.

ئەتىگەن تۇرغان گۈلى سىيىرنى سېغىپ، پادىغا ھايداپ كەلدى. رۇقىيەم ئالتە ياشلىق قىزى نۇرانىيە بىلەن ھويلا-ئارامغا سۇ چېچىپ سۈپۈردىدە، ئاندىن باراڭ ئاستىدىكى بوگلوككە جوزا قويۇپ دەستىخان سالدى. ھەدە-سىڭىل ئىككىسى گۇڭگۇر-مۇڭگۇر ئولتۇرۇپ قايماقلىق ئەتكەن چاينى ئىچىپ، سىڭىپ پىشقان نان سېلىپ ئىچىپ ئولتۇراتتى، مايسىمەم كىرىپ كەلدى. گۈلى بىلەن رۇقىيەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەدىسىگە سالام بېرىپ:

— كەل، ھەدە، ژۇقۇرى ئۆت، — دەپ تۆرگە — كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. مايسىمەم ئولتارغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشتى.

— ھەدە نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن، چىرايىڭ ئۆمسىلىغۇ، — سورىدى گۈلى.

مايسىمەم كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— مەنغۇ ياخشى، قۇرۋان ئاكاڭ خېلە بولغان، بېلىم، ئىككى بىقىنىم لازا قۇيغاندەك كۆيۈپ ئاغرىيدۇ دەپ ژۆرەتتى. لېكىن ئاغرىققا بوي بەرمەي، سەھەردە تراكتورغا ئولتىرىپ، كەچتە كېلىپ بېلىنى كۆتىرەلمەي ژۆرەتتى. بۈگۈن تاڭ ئېتىپ كەتتى، ئۇخلىمىدۇق. قۇرۋان ئاكاڭنىڭ تېنى ئوتتەك قىزىپ، ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، بىر نېمىلەرنى دەپ جۆلۈپ قورقۇتۇپ چىقتى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، كىچىككىنە تەرلەپ، قىزىغى بېسىلغاندەك بولدى. لېكىن «بېلىم، بىقىنىم» دەپ، ئورنىدىن تۇرالماي ياتىدۇ.

ئالما گۈللۈك چىنىگە چاي قۇيۇپ ھەدىسىنىڭ ئالدىغا قويدى گۈلى.

— ھېلىما ئاغرىمايدىكەن، قۇرۋان ئاكىنىڭ تراكتوردا ئولتارغىنىغا 20 ژىل بولدى، ئادەمنىڭ جېنى تۆمۈر ئەمەستە.

— ھەي-ي، بۇ ئاغرىقنى شۇ سوغ تراكتوردا ئىشلەپ ژۈرۈپ تاپقان دېگىنە، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى رۇقىيەم.

— راست دەيسەن، ئەتىياز كېلىشى بىلەن تا كەچ كۈزگىچە تراكتور

ھايدايدۇ. قىشچە تراكتورنى رېمونتلاش ئۈچۈن 7 چاقىرىم يولنى پىيادە مېڭىپ ياركەنتكە MTC قا قاتنايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمەس، ھېلىما قۇرۋان ئاكام چىدايدېكەن، ــ دېدى گۈلى ئۇچى ئاغرىپ.

ــ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قالايمىقانلا چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. ئەرۋاھلار ژىتىسراپ قالدىمېكىن، ئىككىڭلار بىزنىڭ ئۆيگە چىقىڭلار، چۈشتە ياغ پۇرىتىشىۋېتەيلى، ــ دەپ ئالدىدىكى تاۋلىنىپ قالغان چاينى ئىچىپ بولدىدە، چىنىنى نېرى ئىتتىرىپ چايغا دۇئا قىلدى.

ــ مەن چىقاي، مودەنگۈل دوختۇر نادەنى چاقىرىدىغانغا كەتكەن.

شۇ ژىللىرى بىزنىڭ يېزىدا نادە ئىسىملىق فېلشېر رۇس ئايالى ئىشلەيدىغان. نادە كېلىپ قۇرۋان ئاكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى كېرەك»، ــ دېدى. ئۇ دوختۇرخانىغا بارىدىغانغا قەغەز يېزىپ بەرسىمۇ قۇرۋان ئاكا دوختۇرخانىغا ئالدىرمىدى.

ھەدىسى ئادالەت ھەدە كېلىپ ئۆزىنىڭ بىلگەن بېقىشلىرىنى قىلىپ كۆردى، لېكىن ھېچ نەرسە داۋا بولمىدى. قۇرۋان ئاكىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەلگەن خولۇم-خوشنا، ئۇرۇق-تۇققان، ژۇتداشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ژۇتىدا ئۆزىگە خاس ئورنى بار دېيىشكەن. قۇرۋان ئاكىنىڭ ژۇتتۇمىزدىكى ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، مەزمۇت چىنارغا ئوخشاتتى. ئۇ ئۆز بالىلىرىغا ياكى يېقىنلىرىغىلا ئەمەس، پۈتۈن ژۇتداشلىرىغا غەمخورچى ئىدى. ژۇتداشلىرى پات-پاتلا كېلىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ياكى ياردەم سورايدىغان. ئۇمۇ دايىم قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ئايىماتتى. كەلگەن ھەر قادىنداق ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىدىن قانائەتلىنىپ چىقاتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، پۈتكۈل ژۇت ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

قۇرۋان ئاكا ھاياتتا دۇچ كەلگەن بارلىق ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. كولخوزدا 20 ژىل ئىشلەپ ئىلغار تراكتورىست ئاتالدى، بىر قېتىم ۋىلايەتكە، ئىككى قېتىم ناھىيەگە دېپۇتات بولۇپ سايلاندى، ئارقا سەپتىكى ئەمگىكى ئۈچۈن بىر نەچچە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئەندىلا 55 ياشقا كەلگەندە، ئاغرىپ يېتىپ قالدى. پۇتلىرىنىڭ شىقىراپ ئاغرىپ، جانسىزلىنىپ كېتىپ بارغىنى ئازدەك، بېلىنىڭ، ئىككى بىقىنىنىڭ كۆيۈپ ئاغرىشى قوشۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ئاغرىقلارغا دۇچار بولۇشىغا ئېغىر ئەمگەك بىلەن بىللە روھىي ئازاپمۇ تەسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلماي قويمىدى. تۇرسۇن ئۇرۇشتا خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قانچىمۇ تۇنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكەزدى. بالىسىغا ئىچ-ئىچىدىن كۆيۈپ، كېچىلىرى ھېچ كىمگە كۆرسەتمەي ژىغلىدى. قوش تېرەكتەك ئۆسۈۋاتقان ئىككى ئوغلىنىڭ بىرىدىن ئايرىلىش ئاتىغا ئوڭاي كەلگىنى يوق.

ئىككىنچى ئوغلى تۇرغاننى ئوقۇتۇپ، ئالىي بىلىملىك قىلىش ئۈچۈنمۇ قولىدىن كەلگىچە ھەرىكەت قىلدى. ياركەنت پېدۇچىلىشىسىنى تاماملاپ، قاش يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى ژىل ئىشلىگەن تۇرغان، خوشنا يېزىدىكى ھاكىم، ئاسىملار بىلەن تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇش ئارمىنى بارلىغىنى ئېيتقاندا، قۇرۋان ئاكا خوشال بولۇپ، بالىسىنى قوللاپ-قۇۋەتلىدى. «ئوقى، بالام، ھازىر ئوقۇيدىغان ئەركىن زامان» دەپ، موزايلىق سىيىرىنى سېتىپ ئوغلىنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بىزنىڭ يېزىدا تاشكەنتتە ئوقۇپ، ئالىي بىلىم ئالغان بىرىنچى تۇرغان بولدى.

ئۇ بەش ژىل ئوقۇپ، دىپلومىنى ئالغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە ئىككى ژىل ئىشلەپ، ئاندىن ژۇتىغا قايتىپ كېلىدىغان ئويى بارلىغى توغرىلىق خەت يازغان ئىدى. ئاتا-ئانا ئوغلىنىڭ ژىراق شەھەردە ئوقۇپ ئالىي بىلىم ئالغىنىغا پەخىرلىنەتتى. مانا ئەندى قۇرۋان ئاكا: «ئوغلۇم كەلگىچە، مەن بارمۇ، يوقمۇ»، - دەپ ئويلاپ ياتىدۇ.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە ياقۇپ بىلەن مەريەم كىرىپ كەلدى.

- ئاكا، سىنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۆز كۆزۈمىز بىلەن كۆرۈپ كېلەيلى دېدۇق، - دەپ قۇرۋان ئاكا بىلەن سالاملىشىپ ئولتاردى ياقۇپ.

- رەخمەت، ئۇكا! ئىشلەش كېرەك دەپ كېچە-كۈندۈز ئۆزىمىزنى ئايىماپتىمىز. مانا ئەندى بولغان ئەھۋالىمىز. ھەر ھالدا بۇنىڭغىمۇ شۈكرى.

- دوختۇرلارغا كۆرسەتتىڭلارمۇ؟

ئۇنىڭ سوئالىغا بېشى تەرەپتە ئولتارغان ئادالەت ھەدە جاۋاپ بەردى.

- كۆرسەتمىدى دېمىسەن، نادە كېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار دەپ قەغەز يېزىپ بېرىپ كەتتى. مەن ئۆزىمىزنىڭ بېقىشلىرىنى قىلىپ كۆردۈم، ھېچ بىر داۋا بولمىدى.

ـ ئۇنداق بولسا دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، مەن كولخوزنىڭ ئات ـ ھارۋىسىنى سوراپ كېلەي.

ـ رەخمەت، ئۇكا! سەن ئاۋارە بولما.

ـ ئاۋارە بولما دېگىنىڭ نېمىسى؟ سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىغىڭنى ھېچ قاچان قايتۇرالمايمەن.

ـ مەن نېمە ياخشىلىق قىلدىمۇي ساڭا؟

ـ «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپ، بىز غۇلجىدىن چىققانلا ژىلى قېرى ئانام ۋاپات بولۇپ قالدى. تاڭ ئاتمايلا، مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېلىپ، ژىغلاپ ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. سەن بولساڭ ئۆز قېرىندىشىمدەك: «ژىغلىما، سەۋىر قىل، ئۇكا! سەن ئۆيۈڭگە بارىۋەرگىن، مەن ھازىر ئادەملەرنى ئۆزەم ژىغىمەن، يەرلىكنى كولاپ تەييارلايمىز»، ـ دېدىڭ. شۇ كۈنى ئىشىڭنى تاشلاپ، ژۇتداشلارنى ژىغىپ، ئانامنى ئاخىرقى سەپەرگە چىرايلىق ئۇزىتىشقا ياردەملىشىپ قىلغان ياخشىلىغىڭ ئۇچۇن تا ئۆلگىچە قېرىندىشىڭ بولىمەن.

ـ رەخمەت، ئۇكا!

ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ مەن ئات ـ ھارۋۇ تېپىپ كېلەي، ـ دەپ چىقىپ كەتتى.

ئادالەت بىلەن مايسىمەم قۇرۋان ئاكىنى كىيىندۇرۇپ تۇرغاندا، ياقۇپ ئات ـ ھارۋۇ بىلەن يېتىپ كەلدى. ھارۋۇغا سامان، ئاندىن ئۇستىگە 4 ـ 3 قات كۆرپە سېلىپ قۇرۋان ئاكىنى ئۇنىڭغا ئولتارغۇزغىچە، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي ۋاقىراپ كەتتى. ئادالەت ھەدە ژىغلاپ:

ـ قۇرۋان ئۇكام، سەن مېنىڭ يالغۇز قېرىندىشىم. مەن ئۆلسەم، ئېگىز كۆتىرىپ ئاستىن قويىدىغان سەن. ئالادىن سېنىڭ سالامەتلىگىڭنى تىلەيمەن. ئاغرىقلاردىن ساقىيىپ، ياخشى بولۇپ چىق، ـ دەپ قېرىندىشىنى قۇچاقلاپ خوشلاشتى.

ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغانمايسىمەمۇ كۆز ياش قىلىپ:

ـ سىلىنى خۇدايىمغا ئامانەت، ـ دەپ يېنىدا ژىغلاپ تۇرغان مېھرىبانىنى قۇچاقلىدى.

ياقۇپ:

ـ كۆز ياش قىلماڭلار، قۇرۋان ئاكا ياخشى بولۇپ چىقىپ، تۆمۈر تۇلپارىنى ھايدايدۇ تېخى. ئۇكا، ھايدا! كەتتۇق، ـ دەپ ھارۋۇكەشكە ئىشارەت قىلدىدە، ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئادالەت بىلەن مەرييەملەرمۇ خوشلىشىپ

www.uyghurkitap.com



ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئۆيگە كىرۋېدى مېھرىبان بىلەن ئاپىسى ئىككىسىگە ئۆي تولىمۇ سوغ كۆرۈندى. قىز ئانىسىنى قۇچاقلاپ ژىغلاپ:

– ئاپا، دادام ياخشى بولۇپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭ ژۈرىگىم ئەنسىرەۋاتىدۇ،
– دېدىدە، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۇزاق ئولتاردى.

كەچتە ياتقاندىمۇ دادىسى ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولماي، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ژۈرگەن چاغلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇيقىسى ئېچىلدى.

مېھرىبان قۇرۋان ئاكىنىڭ ئاپىسىغا بەك ئوخشىغانلىقتىن، ئۇنى «ئانام قىزىم» دەپ ئاتاپ، بالىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالەيتەنلا ياخشى كۆرىدىغان. قىزىمۇ دادىسىنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.

قۇرۋان ئاكا ئەتىيازلىغى يەر هايداپ، ئاشلىق تېرىۋاتقان چاغلاردا، سەھەردە بىر ئاپقۇر ئەتكەن چايغا نان سېلىپ ئىچىپ كېتىپ، چۈشتە ئۆيگە كەلمەتتى. ئانا بىر تۆمۈر چۆگۈنگە چاي قويۇپ، 6–5 تال تۇخۇمنى پىشۇرۇپ، نان بىلەن بىر ياغلىققا چىگەتتىدە، مېھرىباندىن ئەۋەتتى. قىز دادىسىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى كۆتىرىپ خوشال ماڭاتتى. مېھرىبان ئېتىزغا كېلىپ دادىسىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ شەرەت قىلىپ ۋاقىراتتى. دادىسى گايىدا ئۆزىنىڭ بەلگۈلىگەن يېرىگىچە هايداپ بولماي كەلمەتتى. مۇنداق چاغلاردا قىزى ئاپارغان غىزاسىنى كۆلەڭگۈگە قوياتتىدە، ئېرىق ياقىسىدا يېڭىدىن باش كۆتەرگەن خۇش پۇراق يالپۇزلارنى، ماماكاپ گۈللىرىنى تېرەتتى. ئەتراپتا ئېچىلىپ كەتكەن سىيارەڭ كاككۇك گۈللىرىنى ژىغىپ، ئېتىزنىڭ گۈزەللىگىدىن خۇش بولاتتى. دادىسى تراكتورنى توختىتىپ، ئاپپاق توپا بولۇپ كەتكەن ئۇز–كۆزىنى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدا ژۈيۈپ ئولتارغىچە، ياغلىقنى دەستىخان قىلىپ سېلىپ، ناننى ئۇشتۇپ، تۇخۇملارنى ئاخلاپ قوياتتى. ئاندىن دادىسى ئاپقۇردىكى چايغا نان سېلىپ ئىچىپ بولغىچە قاراپ ئولتىراتتى. دادىسى بىر تال تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ: «قىزىم، سەنمۇ يېگىنە»، – دەپ سۇنغاندا، مېھرىباننىڭ يېگۈسى بولسىما: – مەن هازىر ئۆيدە يەپ كەلدىم، سېنىڭ ئىشىڭ ئېغىر، ئۆزەڭ يېگىن، – دەپ دادىسىنىڭ ھېرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغراتتى.

قۇرۋان ئاكا چاي ئىچىپ ئولتىرىپ قىزىدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ ھېساۋات ئالاتتى. مېھرىبان چۈشكىچە قىلىنغان ئىشلارنى بىر–بىرلەپ سۆزلەپ بېرەتتى. چاي ئىچىلىپ، دادىسى دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مېھرىبان ئالدىرىماي دەستىخىنىنى ژىغاتتى.

دادىسى: «قىزىم، سەن كىچىككىنە ئويىنا، مەن بىر ئاز يېتىپ دەم ئالاي، بېلىم بەك ئاغرىپ كەتتى، ـ دەپ مايلىشىپ كەتكەن فۇفايكىسىنى بېشىغا قويۇپ، داق يەردىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. دادىسىغا قاراپ جېنى ئېچىغان قىز ئويىنىماستىن، ئۇ ئوخانغىچە، تراكتورنىڭ يوغان تەخسىگە ئوخشايدىغان سوغ تۆمۈر ئورۇندۇغىنى دەسماللاپ قويىاتتىدە، قېشىدا ئولتىرىپ ئويغا چۆمەتتى.

«مەن ئۆزەمنى بىلگەندىن باشلاپ، دادام بىچارە موشۇنداق ئىشلەيدۇ. دايىم ئۈستى ـ بېشى توپا ـ چاڭ، ھېرىپ ئۆيگە كېلىدۇ. ئۆيدىمۇ تىنچ ئولتارماي، كېچىلىرى باغدىكى كۆكتاتلارنى سۇغىرىپ، ئاپامغا ياردەم بېرىدۇ. گايىدا بېلىنىڭ ئاغرىغىنىغا چىدىماي دۇم يېتىۋېلىپ: «مېھرىبان، بېلىمنى دەسەپ قويغىنە، قىزىم، ـ دەپ بېلىنى دەسسىتىپ، ئەتىسى سەھەردە يەنە تراكتورغا ئولتىرىپ ئېتىزغا كېتىدۇ»».

دادىسى يەر ھايدىغاندا، مېھرىبان پات ـ پاتلا ئۇنىڭ چىتز تراكتورىغا چۈشۈۋېلىپ، ھايدالغان يەردىن ھو چىقىۋاتقىنىنى كۆرەتتى. بۇغداي تېرىلىپ بولۇپ، تىرنا سالغاندىن كېيىن كەڭ دالا شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتەتتىكى، دادىسى بىلەن بىللە ژۇرگەن قىز، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كەڭ ئېتىزنىڭ گۆزەللىگىگە قاراپ تويماتتى، ئاشلىق يېڭى ئۈنۈپ چىققاندىچۇ تېخى، ئېتىز بۆلەكچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

قىش كېلىپ. سوغ باشلانغاندا، ئىككى ـ ئۈچ خوشنا بىرىكىپ، ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېشەك ـ ھارۋىسى بىلەن يېزىنىڭ تۆۋىنىگە ئوتۇنغا كېتىدىغان. كەچتە ھارۋىغا دوگىلاپ ئوتۇن بېسىپ كېلەتتى. شۇنداق چاغلاردا دادىسىنىڭ قارا قاشلىرىنى، بۇرۇتلىرىنى قىش بوۋايغا ئوخشاش ئاپپاق قىرۇ باغلاپ، مۇز توڭلاپ، ئۆزى تىترەپ ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى. مەشتە ئوت كۆيۈۋاتقان ئىسسىق ئۆيدە دادىسىنىڭ بۇرۇتلىرىدىكى مۇز ئېرىپ، ئۇلارنى مېھرىبان كىچىك قوللىرى بىلەن ئاستا ئاۋايلاپ ئالاتتى. ئاپىسى مەشنىڭ قېشىغا كۆرپە سېلىپ، جوزىغا ئىسسىق تاماق قوياتتى. جوزىنى چۆرەدىشىپ ئولتارغان بالىلىرى دادىسىغا قاراپ ئولتىراتتى. مېھرىبان دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتىرىپ، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان مەشەققىتىنىڭ چاپسانىراق تۈگىشىنى ئارمان قىلاتتى.

دېخانلار مانا شۇنداق ئەتىيازدىن تا قار چۈشكىچە ئېتىزدا ئىشلىگەچكە، بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان ۋاقتى بولماي، پەقەت قاراڭغۇ قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيگە بېرىپ، يازچە قىلغان ئىشلار، ئالغان دارامەتلىرى، ئۆتكەن ـ كەچكەن ۋاقىئەلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرىلىق يېرىم كېچىلەرگىچە سۆزلىشىپ، ئۆيلىرىگە تارقىشىدىغان. شۇنداق چاغلاردا مېھرىبان دايىم دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، كۆپلىگەن تارىخلارنى، ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ئېغىر تەغدىرلىرىنى تىڭشاتتىدە، ئۇنتىماي ئېسىدا ساقلاپ قالاتتى. ئۇ ئويىدا: «چوڭ بولغاندا يازغۇچى بولۇپ، موشۇ ئاڭلىغانلىرىمنى، بۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشلەمچان ئىنسانلارنىڭ تارتقان جاپا-مەشەقەتلىرىنى كىتاپ قىلىپ يېزىپ چىقسام»، - دەپ ئارمان قىلاتتى...

مېھرىبان بىرەر قېتىم دادىسىنىڭ ئاغرىدىم دەپ ئىش تاشلاپ ياتقىنىنى كۆرمىگەچكە، بۇ قېتىم مەكتەپتىن چىقىپ، دادىسىنىڭ قانداق ياتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە ئېسىغا مونۇ بىر ۋاقىە يەنە كەلدى.

ئەتىيازلىقى راسا تېرىلغۇ ۋاقتىدا قۇرۋان ئاكىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە يارا چىقىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئاپىسى ئۆزى بىلگەن داۋالارنى قىلىپ كۆردى، بىراق يارا زادى ساقايمىدى. بىر كۈنى دادىسى ساقال ئالىدىغان ئۇستىرا بىلەن مۈرىسىدىكى يارىنى ئۆزى تىلىۋەتتى. قان-ژىرىڭ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنى تازىلاۋېتىپ، ئاپىسى كۆيدۈرۈپ بەرگەن بىر پارچە كىگىزنىڭ كۈلىنى شۇ يەرگە قويۇپ تاڭدىدە، قوللىرىنى ژۇيۇپ، تراكتورىغا ئولتىرىپ ئېتىزغا كەتتى. مېھرىبان شۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ناھايىتى جاۋاپكەرلىك بىلەن قارايدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كېچىچە ئۇخلالمىغان ئىدى...

قىزنىڭ زۇمران ژۇرىگى شۇ چاغدىلا بىر نېمىنى سەزدىمۇ، سۇمكىسىنى يەرگە قويۇپ، دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «دادا، نېمە بولدى، بىر يېرىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتامدا؟ - دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋېدى، ئۇ: «قورقما، قىزىم، ئەتە-ئۆگۈن تۇرۇپ كېتىمەن»، - دېگەن ئېدى. بايا ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان ئېكەن...

نەدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بۆگۈن مانا دىوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مېھرىبان موشۇ خىياللار بىلەن كۆزىنىڭ قاچان ئىلىنىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىدى...

مايسىمەم ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن ئارانلا تۇردى. سەۋەۋى كېچىچە ئاياق-قولى قاخشاپ ئاغرىپ، سەھەرلىكىلا ئۇخلاپ قالغاندى.

- يا بىسمىللاھىر رەخمانىر رەخىم! ئون ئىككى ۋاقلىق ژىگىرمە تۆرت سائات! - دەپ ئىككى تىزىنى ئۇگىلاپ ئولتىرىپ، ئاندىن پۇتىغا مەسسىنى كىيدى. بېشىدىكى ياغلىقىنى قايتىدىن تېڭىپ،

تەھىيىنىڭ ئاستىغا قويغان پىنجىكىنى ئېلىپ كىيدى. يېنىدا ياتقان قىزلىرىنى: «تۇرۇڭلار، ۋاق بولۇپ كەتتى»، — دەپ ئويغاتتى.

مايسىمەم ئۇز-كۆزلىرىنى ژۇيۇپ، ھويلىغا چىققاندا، ئېغىلدىن سىيىرنىڭ مۆرىگىنى ئاڭلاندى. ئۇ قازان بېشىدا دۇم تۇرغان چېلەكنى ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. سىيىرنى سېغىپ، پادىغا ھايدىدى، توخۇلارغا دان چاچتى. كۇز پەسلى ئۇچۇن ئەتە-ئاخشىمى خېلىلا سوغ، كېچە چىققان شامال غازاڭلارنى ئۇچارتىپ ئەكېلىپ ھويلا-ئارامغا تىقىپ تاشلاپ، خۇددى بۇ يەردە ئادەم تۇرمايدىغاندەك، بېسەرەمجان قىلىۋېتىپتۇ. مېھرىبان ھويلىغا سۇ چېچىپ سۇپىرىپ، ئەخلەتلەرنى ژىغىپ، ھويلىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ ژۇرگەن ئاپىسىغا: «ئاپا، بولدى ئۆيگە كىرگىنە، سوغ چۈشۈپلا قاپتۇ، ئاغرىپ قالما»، — دېدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ماھىنۇر مەكتەپكە مېڭىش ئۇچۇن تەييارلىنىۋېتىپتۇ. ئانا قىزىنىڭ قوڭۇر كۆينەك بىلەن قارا پەرتۇغى، ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چېچى ئۆزىگە بەك ياراشقانلىغىنى كۆرۈپ: «قىزىم چوڭلا بولۇپ قاپتۇ»، دەپ كۆڭلىگە پۈكتى. شۇ چاغدا تالادىن: «ماھىنۇر!» — دەپ ۋاقىرىغان قىزلارنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى.

— بوپتۇ، ئاپا، مەن كەتتىم، دەرىستىن كېيىن دادامنى كۆرۈپ كېلىمەن.

— قىزىم، سەن دوختۇرخانىغا بارما، بالىلاردىن ئايرىلىپ قالساڭ، ياركەنتتىن قانداق يالغۇز كېلىسەن. بۈگۈن مېھرىبان ئىككىلەن تاماق پىشىرىپ داداڭنى يوقلاپ بارىمىز. قىزىم، سەن پوچتىغا بېرىپ، تۇرغان ئاكاڭغا يازغان خېتىڭنى سېلىشنى ئۇنتۇما.

— ياق، ئۇنتۇمايمەن، بىرىنچى خەتنى پوچتىغا سېلىپ، ئاندىن مەكتەپكە بارىمەن.

مېھرىبان بىلەن ئاپىسى ئىككىسى ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ ئولتارغاندا، مايسىمەم:

— قىزىم، سەن چېيىڭنى ئىچىپ بولۇپ باغدىن سەۋزە ئەكىرىپ ئاخلا. مەن خېمىر ژۇغىرىۋېتەي، داداڭغا ژۇتا ئېتىپ ئاپىرايلى، — دېدى.

ئۇلار چاينى ئالدىراپلا ئىچىشىپ، ئىشقا كىرىشتى. مايسىمەم ئاقلانغان سەۋزىلەرنى ژۇيۇپ، قىلدەك ئىنچىك توغراپ بىر جاۋۇرغا سالدى. ماينى قىزدۇرۇپ توغرالغان سەۋزە ئۇستىگە قۇيدى ۋە تۇرلۇك دورا-دەرمەكلەرنى سېپىپ ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. باياتىن تىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرغان خېمىرنى كىچىك-كىچىك ئالتىگە بۆلۈپ، زوگۇل تۇتۇپ، سېكىلىلەك بىلەن قەغەزدەك نېپىز يايدى. تەييارلاپ قويغان سەۋزىنى يېيىلغان خېمىرنىڭ ئۈستىگە تەكشى سېلىپ چىقتى. خېمىرنى بىر چېتىدىن دومۇلىتىپ ئوراپ، قاسقانغا تىزدى.

ئاشخانىچە مېھرىبان ۋاقىرىدى.

– ئاپا، قازاندىكى سۇ قايناپ كەتتى.

– مەنمۇ تەييارلاپ ئۈلگەردىم، قىزىم. ئوتۇڭنى ئۈلۈق قالىغىن، – دەپ قاسقاننى كۆتىرىپ قازانغا سالدى.

تاماق پىشقىچە، مايسىمەم ئەتكەن چاينى ئىچىپ، رۇقىيەم خىتايدىن ئېلىپ چىققان قىزىل تېرموسقا قۇيدى. تاماق پىشقاندا، گۈللۈك تاۋاققا سېلىپ، مۇزلاپ قالماس ئۈچۈن ئاق دەستىخانغا ئوراپ، قىزى ئىككىسى هويلىدا تەييار تۇرغان ئېشەك-هارۋىغا ئولتىرىپ ياركەنتكە ماڭدى.

ئۇلار ياركەنتكە يېتىپ كەلگەندە، چۈشمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. دوختۇرخانا شەھەرنىڭ ژۇقۇرىسىغا جايلاشقان ئۈچۈن، سوۋېتسكايا كوچىسىغا بۇرۇلۇپ يەنە بىر چاقىرىم مېڭىشى كېرەك.

– مېھرىبان، سەن ئوقۇشۇڭغا كەچ قالما؟

– ياق، كەچ قالمايمەن، ئاپا، دەرىس سائات ئىككىدە باشلىنىدۇ. مەن دادامنى كۆرۈپ، ئاندىن مەكتەپكە بارىمەن، ئەنسىرىمە.

ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ كۆك دەرۋازىسىغا كېلىپ، يوغان قارىياغاچقا ئېشەكنى باغلاپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆتىرىپ هويلىغا كىردى. هويلىدا ئۈستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن كۆكۈچ كىيىم كىيگەن ئاغرىقلار ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ ژۈرەتتى. يېقىنلىرى يوقلاپ كەلگەن بەزى ئاغرىقلار بەلدىڭلەردە پاراڭلىشىپ ئولتىراتتى. مېھرىبانغا ئاغرىقخانىنىڭ هويلىسى تولىمۇ سۆرۈن كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارنىڭ بىرىدىن قۇرۋان ئاكىنى سورىدى.

– قۇرۋان ئاكىنى بىلىمەن، ئۇ بىز بىلەن بىر بۆلمىدە ياتىدۇ. لېكىن ئۇ ماڭالمايدۇ، سىلەر خالات سوراپ كىيىپ كىرىڭلار، – دېدىدە، ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. خالات بەرگەن ئايال، كۆپ ئولتارماي، چاپسان قايتىپ چىقىشنى ئاگاھلاندۇردى. مايسىمەم بىلەن قىزى بۆلمىگە كىرگەندە، ئالتە كارىۋەتتە ياتقان ئاغرىقلار بىر-بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ياتقان ئىكەن. مايسىمەم ھەممىسى بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سورىشىپ، يولدىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

– قانداق تۇردىلا، دادىسى، دوختۇرلارنىڭ دورىلىرى شىپا بولغاندەكمۇ؟

― بىر كۈندە ياخشى بولىدىغان ئاغرىق ئەمەس ئۇخشايدۇ، ئۇلتىرىڭلار، ― دەپ كارۋىتىنىڭ ئاياق تەرىپىنى ئىشارە قىلدى.

مېھرىبان ئولتارمىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە دادىسىنىڭ كۆزلىرى ئولتىرىشىپ، ئۈزى ئۈزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، پەقەت قارا بۇرۇتىلا ئورۇق ئۈزىگە جان كىرگۈزۈپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

― دادا، قاچانمۇ ياخشى بولۇپ تۇرۇپ كېتەرسەن؟

مېھرىباننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى. دادىسىمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ:

― دوختۇرلار دورا بېرىپ، ئۇكول سېلىۋاتىدۇ. خۇدا بۇيرىسا، سىلەرنىڭ بەختىڭلارغا ياخشى بولۇپ قالارمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرى تەھىيىگە چۈشۈۋاتاتتى. مايسىمەم ئۆزىنى ئاران توختىتىپ:

― تاماقنى ئىسسىغىدا كىچىككىنە ئېغىز تەگسىلە، ― دەپ دەستىخاننى ئېچىپ، تاۋاقتىكى ژۇتانى كارىۋتىنىڭ بېشى تەرىپىدىكى كىچىككىنە ئۈستەلگە قويدى.

قۇرۋان ئاكا تاماققا قاراپ:

― مۇنچە تاماقنى كىم يەيدۇ؟ مونۇ ياتقان ئاغرىقلارغا بۆلۈپ بەرگىن، ئۇلارمۇ ئېغىز تەگسۇن، ― دېدى.

مايسىمەم ژۇتانى قالغان بىمارلارنىڭ ھەممىسىگە بۆلۈپ، تېرموستىكى ئىسسىق چايدىن قۇيۇپ بەردى. قۇرۋان ئاكا ئايالىنى رەنجىتمەس ئۈچۈنلا تاماققا ئېغىز تېگىپ:

― ئىشتىيىم يوق، كېيىنرەك يەيمەن، ― دەپ تەخسىنى قايتۇرۇپ قولىغا بەردى.

ئۇ تەھىيىنىڭ ئاستىدىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى.

― دوختۇرلار تاماكىنى تاشلاڭ، سىزگە زىيان دېدۇ. مەن تاماكىنى تاشلىدىم، بۇ خالتىنى، قىزىم، سەن كەشتە بېسىپ تىكىپ بېرىۋېدىڭ. ئەندى مەن ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي.

مېھرىبان كىچىك كۆك خالتىنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ سۇمكىسىغا سالدى.

― قىزىم، سەن ئوقۇشۇڭغا كەچ قالما. سەنمۇ ئۆيگە ماڭ، كۈندە ئاۋارە بولۇپ كېلىۋەرمەڭلار. بۇ يەردە تويغىدەك بېرىپ تۇرىدۇ.

― رەخمەت، ھەدە، ژۇتا تولىمۇ ئۇخشاپتۇ، ― دېيىشتى يېنىدا ياتقان بىمارلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مايسىمەم بىلەن قىزى خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، ھاۋا بۇزۇلۇپ، شامال چىقماقتا ئىدى.

– يامغۇرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. كېچىچە مېنىڭ ئاياق – قولۇمنى قاخشاپ ئاغرىشى بېكار ئەمەس ئىكەن. قىزىم، مەن سېنى مەكتەپكە يەتكۈزۈپ، ئاندىن مەلىگە ماڭاي.

– ياق، ئاپا، ئاۋارە بولما، سەن چاپسانىراق ماڭمىساڭ، يامغۇردا قالىسەن. مەن مەكتەپكە ئۆزەم يېتىمەن، – دەپ ئاپىسىنى يۆلەپ ھارۋۇغا ئولتارغۇزدىدە، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا بەردى. – بوپتۇ، ئاپا، يولغا قاراپ ھايدا.

مايسىمەم: «چۇ، چۇ!» – دېيىشىگىلا، ھارۋۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ مېڭىپ كەتتى.

ئاپىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان مېھرىبانىغا تاش يولدا تاراقلاپ ماڭغان ھارۋۇنىڭ ئۈنى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئېشەك – ھارۋۇدا يالغۇز مەلىگە چىققىچە، مايسىمەم كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى. يولدىشى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى، تارتقان جاپالىرى ئېسىغا چۈشتى.

«تووۋا، ئەندىلا بالىلار چوڭ بولۇپ، تۇرمۇشىمىز پېچاق قىرى ياخشىلانغاندا، ئۇرۇش باشلىنىپ، قارىغايدەك ئۆسۈۋاتقان تۇرسۇن بالىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ ئۆتى بېسىلمايلا دادىسىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىچۇ. ئەگەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنىدا ئۇ بىر نېمە بولۇپ قالسا، كۈنۈمىز نېمە بولماق. مودەنگۇل ھاياتتىن ئورنىنى تېپىپ، ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىسىغا تۇرمۇشقا چىقتى. ئۇ قىزىمدىن غېمىم يوق. ئەندى تۇرغان بالام كەلسە، ئۇنى ئۆلەۋالساق بولاتتىغۇ. بىزنى باقىدىغان شۇ بالام، ئۆلسەكمۇ ئۇزىتىدىغان شۇ، ئوغۇل دېگەن ئوغۇلدە. ئىككى قىزىمىزنىڭ خېلە ۋاقتى بار. ماھنۇر سەككىزدە، مېھرىبان ئالتىدە ئوقۇيدۇ. ئىش قىلىپ، دادىسى ئىككىمىز دەقەمدە تۇرۇپ قىزلارنى ئۆز جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرساق ئارمىنىم يوق. بالىلىرىمىزنىڭ قىزىغىنى بىر ئاز بولسىمۇ كۆرسەك، نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى. لېكىن كۆزۈم يەتمەيدىغۇتاك. دادىسى بەكلا ئېغىر يېتىپتۇ»، – دەپ ئۇي ئويلاپ مەلىگىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا يامغۇر سىمىلداپ يېغىشقا باشلىدى. ئۇ ئېشەكنى ھارۋۇدىن چىقىرىپ، ئېغىلغا ئەكىرىپ ئوقۇرغا باغلىدى ۋە بىر قوچاق قورۇق بېدىنى سېلىپ: «يە جانىۋار، ھازىر ساڭا سۇ بېرىمەن، بۈگۈن سېنى خېلىلا ھارغۇزۇپ قويدۇم»، – دەپ ئېغىلدىن چىقتى.

ئۆيگە كىرىپ ئەسكى چاپىنىنى كىيىپ، ئىشىك تۈۋىدىكى كالىچىنى ئالدىراپ پۇتىغا سالپ، هويلىغا چىقتى. ئاپتاپتا قۇرۇپ قالسۇن دەپ يېيىپ قويغان كۆكۆملارنى ژىغىپ ئېغىلغا ئەكىردى. ئالدىراپ ئىشلىگەچكىمۇ، ژۆرىگى سېلىپ كەتتى. ئۇ بىر ئاز دەم ئېلىپ ئولتىرىپ، ئاندىن بىر داسقا كۆكۆملارنى، ئۈستىگە قاتتىق ئوتۇنلارنى سېلىپ كۆتىرىپ ئۆيگە كىردى. مايسىمەم قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوت قالاۋاتقاندا، ماھىنۇر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن كىيىمى چۆپ-چۆپ سۇ بولۇپ كەتكەن، ئۆزى مۇزلاپ، تىترەپ تۇراتتى.

- ۋاي، جېنىم بالام، چاپسان كىيىملىرىڭنى يۆتكە. هازىر مانا چاي قايىنايدۇ.

ماھىنۇر نېرىقى بۆلمىگە كىرىپ كىيىنىپ چىقتىدە، كاڭغا چىقىپ پۇتىنى چۇشەك بىلەن يېپىپ ئولتاردى.

- ئاپا، دادام قانداق بولۇپ قاپتۇ، مېڭىپتىمۇ؟

- ياق، بالام، داداڭ شۇنداقلا ئېغىر ياتىدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇپ كېتىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئاكاڭغا يازغان خەتنى پوچتىغا سالدىڭمۇ؟

- سالدىم.

- تۇرغان ئاكاڭ چاپسانىراق كەلسە بولاتتىغۇ.

ئەنسىرەشتىن ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، چاينى ئارانلا قۇيدى. شۇ چاغدا ئۆيگە قىزى نۇرانىيەنى ئەگەشتۇرۇپ رۇقىيەم كىرىپ كەلدى.

- ئەسسالام، هەدە، ئەتىگەن كىرسەم ئىشكتە قۇلۇپ تۇرۇپتۇ، سىلەرنى دوختۇرخانىغا كەتكەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدىم.

- هە، مانا هازىر چىقتىم. ژۇقۇرى ئۆتۈڭلار، - دېدى مايسىمەم سىڭلىسىغا تۆرنى كۆرسىتىپ.

- يامغۇردا قالدىڭما، هەدە؟

- مەنغۇ يامغۇر قاتتىق ياققىچە ئۆيدە بولدۇم. ماھىنۇر يامغۇردا قېلىپ، كىيىملىرى سۇ بولۇپ كەلدى.

- هازىر يامغۇر توختىدى، لېكىن تالادا قالغان هەممە نەرسە هۆل بولۇپ كەتتى.

ماھىنۇر چاي قۇيۇپ كىچىك ئانىسى بىلەن نۇرانىيەنىڭ ئالدىغا قويدى.

- هەدە، قۇرۋان ئاكام قانداق؟

مايسىمەم كۆزىگە ياش ئالدى.

- ئاكاڭنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ،

www.uyghurkitap.com



ئۇزىدىكى ئۇستىخانلىرى دومبىيىپ چىقىپ قاپتۇ. ژۇتا پىشىرىپ ئاپارسام، بىر چىشلەملا يېدى. ئىشتىيىم يوق دېدۇ، قارا، قانداق قىلىمىزكىنتاك.

– سەۋر قىل، ھەدە، ئۆزەڭنى ئايا. سەنمۇ ئارانلا ژۇرىسەن، يەنە قان بېسىمىڭ كۆتىرىلىپ كەتمىسۇن.

– بېشىم قېتىپلا قالدى، رۇقىيەم. ياتسام-تۇرسام غەم نېرى كەتمەيدۇ. تۇرغانغا خەت يېزىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ خەتنى ئالسىلا، چوقۇم كېلىدۇ.

– ئەلۋەتتە، كېلىدۇ، – دېدى رۇقىيەم ھەدىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

– ئاپا، مەن ھازىر كلىنىۋېتىپ سائادەت ھەدەمنى كۆردۇم. سائادەت ھەدەم: «ئەتە سىلەر دوختۇرخانىغا بارماڭلار، ئامانجان ئىككىمىز دادامنى يوقلاپ چىقىمىز»، – دېدى.

– بوپتۇ، قىزىم، سائادەتنىڭ ئىنساۋىغا رەخمەت. ئامانجانمۇ چوڭ بولۇپ، بويى ئۆسۈپ، دادىسىغا تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ.

– ھەدە، نەۋرەڭ قانچە ياشلارغا كەلدى.

– ئامانجان ئون تۆرت ياشتا، –7سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ماھىنۇر بىلەن كۈندە ياركەنتكە پىيادە بېرىپ كېلىپ ئوقۇۋاتىدۇ. بوش ۋاقتى بولسىلا كېلىپ: «موما، نىمە ئىشلىرىڭ بار؟» – دەپ، باغدىكى كۆكتاتلارنى سۇغىرىپ، ئوتۇنلارنى كەسلەپ، قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ. ھويلا-ئارامنى سەرەمجان قىلىپ كېتىدۇ. ھېلىما تۇرسۇن بالامنىڭ ئىزباسارى بولۇپ ئامانجاننىڭ بارى.

– راست دېيسەن، نەۋرەڭنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن.

– سائادەت ئەسقەرجانغا تۇرمۇشقا چىقىپ خويما ئۇبدان قىلدى. مانا ئىككى قىز توغۇۋالدى. ئەسقەرجاننىڭ قىزى ئامىنەم تۇرمۇشقا چىقىپ كەتتى. ئوغلى ئۆمەر ئۈچ ژىلغا ئارمىياغا كەتتى. تاجىگۈل رەمتى بۇ ياخشىلىقلارنى كۆرەمدى. ئۇ جۇگان تولىمۇ ژۇگاچ، ئادەمگەرچىلىگى زور بولىدىغان.

– گۈلى ھەدەم بىلەن چېلەكتە بىللە تۇرۇپ كەلگەن جۇگانما؟

– ھە، شۇ. ئەسقەرجان تۇرمىدىن كەلگىچە، ئۆلۈپ قالدى ئەمەسمۇ. ھائادەتقۇ ئۇنىڭ باللىرىنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى.

ئۇلار چاينى ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلىشتى. ماھىنۇر چىنە-قاچىلارنى ژىغىپ ژۇيۇپ ئورنى-ئورنىغا قويدى.

ــ ھەدە، بۈگۈن كېچىچە نۇرانىيەنىڭ تاۋى يوق بولۇپ، تېنى قىزىپ چىقتى، مەيدەم ئاغرىيدۇ دېدۇ. قاراپ كۆرگىنە.

ــ كەل، قىزىم، يېنىمغا، ــ دەپ نۇرانىيەنى يېنىغا ئولتارغۇزۇپ، قىزنىڭ باش ــ كۆزىنى سىيپاپ، مەيدىسىگە ئالقىنىنى قويدى. ــ بالىنى ئاش تۇتۇپ كېتىپتۇ. ماھىنۇر بىر ئۇچۇم تۇز بەرگىنە.

قىز ئاپىسىنىڭ ئالقىنىغا بىر ئۇچۇم تۇز قويۇپ بەردى.

مايسىمەم بىر ئۇچۇم تۇزنى ئۈچكە بۆلۈپ، ھەر بىرىنى ئالايتەن ئېلىپ قىزنى ئاشلىدى. «ئاش كودى، چىق كودى، چىرايلىق قىزلارغا بار، چىرايلىق ژىگىتلەرگە بار، سۇمبۇل چاچلىقلارغا بار، ئۇزۇن يوللارغا بار، ئەسكى تاملىقلارغا بار. ئاش كودى، چىق كودى، مىنىڭ قولۇم ئەمەس، ئۇلۇق ئانىلىرىمنىڭ قولى، تېۋىپ ئانىلىرىمنىڭ قولى، سۇف، سۇف، سۇف» ــ دەپ، ئۈچ قېتىم ئاشلاپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ قىزىم، سەنمۇ ئورنىڭدىن تۇرۇپ كەت.

ئۇ قولىدىكى تۇزلارنى ئوچاققا تاشلىدى. ئوچاقتا ئوت بار ئۈچۈن تۇز «تارس ــ تارس» قىلىپ ئېتىلدى. مايسىمەم قولىنى ژۇيۇپ كېلىپ نۇرانىيەنىڭ دۈمبىسىنى، مەيدىسىنى سىيپاپ: «بولدى، قىزىم، ياخشى بولدۇڭ»، ــ دەپ كۈلۈپ قويدى.

قىز چوڭ ئاپىسىغا رەخمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتاردى.

ــ رەخمەت، ھەدە، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن، بىز ئاز ئولتىرىپ پاراڭلىشايلى. ئۆيدە ئوي ئويلاپلا ئولتىرامسەن. گۈلى ھەدەم تاماق قىلىۋاتىدۇ.

ــ ئاپا، ئۆيدە ژىغلاپلا ئولتارغىچە، بېرىپ ئولتىرىپ كەلگىن، ــ دېدى ماھىنۇر.

ــ ماقۇل، بارسام باراي.

ــ بوپتۇ، ھەدە، بىز چىقايلى.

مايسىمەم تۇرۇپ سىڭلىسىنى ئۇزىتىپ چىقماقچى بولۇۋېدى:

ــ ھەدە، ئۇزاتماي ئولتىرىپ قالغىن، بۇ پاتقاقچىلىقتا چىقما، ئۆزەم چىقىپ كېتىمەن، ــ دەپ ئىشىكنى ياپتى.

مايسىمەم تەھىيىگە بېشىنى قويۇپ ئىسسىق كاڭدا يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. ماھىنۇر ئولتىرىپ دەرس قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ چۆچۈپ ئوخۇنۇپ كەتتىدە، ئولتىرىپ: «يا، ئاللا، خۇدايىم ئۆزەڭگە ئامانەت»، ــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئاپا، نېمانچىلا چۆچۈپ كەتتىڭ؟
— قالايمىقانلا چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن، بالام. ئەۋالار زادىلا تېچ ياتمايدىغۇتاك. بىر بالا بارغۇ بىزگە، قانداقمۇ قىلارمىز، قىزىم.
— ئاپا، ئۇنداق دېمىگىنە، قانداقلا چۈش كۆرسەڭ، ياخشىلىققا جورۇش كېرەك دەتتىڭغۇ ئۆزەڭ.
— راست دەيسەن، قىزىم، ياخشىلىقلار بولسۇن، — دېدىيۇ، بىراق ژۇرىگى بىر نېمىدىن چۆچۈپ تۇراتتى.
— ماھىنۇر، بىر چىنە مۇزدەك سۇ بەرگىنە، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتىغۇ.
قىزى بەرگەن چىنىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ، «ئۇھ!» دەپ ئېغىر نەپەس ئالدىدە، يەنە ياتتى. بۈگۈن مايسىمەمنىڭ زادىلا مۇجەزى يوق. ھاۋا رايىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى كېچىچە ئۇخلىمىغان ئۇچۇنمۇ، ئەيتەۋىر، يېنى يەرگە تارتىپلا تۇرىدۇ.
كەچتە مېھرىبان مەكتەپتىن كەلگەندە، ئۇ ئارانلا ئورنىدىن تۇردى.
— ۋاي، خۇدايمەي، گۇگۇم چۈشۈپ قاپتىغۇ، پادا كالا كەلدىمۇ؟
— ئەنسىرىمە، ئاپا، مەن سىيىرنى سېغىپ كىردىم، — دېدى ماھىنۇر.
— ئوختىتۋەتسەڭ بولغان، زوگال بولۇپ قاپتىغۇ.
— قارىسام، خويما تاتلىق ئۇخلاۋاتىسە، ئوخاتقۇم كەلمىدى. ئۆزەڭنىڭمۇ تاۋى يوق، ئەتىمالىم، ئاپا.
— ياركەنتكە بېرىپ كەلگىچە ھېرىپلا قاپتىمەن، بالام.
— ئاپا، سېنى رۇقىيەم كىچىك ئاپام چاقىرغانىغۇ.
— ھە، راستلا، بوپتۇ، بارسام بېرىپ كېلەي.
— ئاپا، ئالدىراپلا قايتماي، قېرىنداشلىرىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتار، — دېدى مېھرىبان.
— جۇر، مېنىڭ بىلەن بارامسەن.
— ياق، ئاپا، دەرىسلىرىمنى قىلىشىم كېرەك.
— بوپتۇ، مەن بېرىپ كېلەي، — دەپ كالىچىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى
ئاپىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:
— ھەدە، — دېدى مېھرىبان. — ئاپام ئىككىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ دادام ياتقان بۆلمىگە كىردۇق. بىزنى باشلاپ كىرگەن ئادەم بىر كارىۋەتنى كۆرسەتتى. قارىسام، ئۇنىڭدا ئادەم يوقتەك تۈپ-تۈز،

دادامنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دادام بىچارە شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەنكى، مېنىڭ ئىچىم كۆيۈپ، مەكتەپكە بارغىچە ژىغلاپ باردىم.

ــ ژىغلىما، دادام ياخشى بولۇپ قالار.

ــ ئويلىسام، دادام بىچارە بىر راھەت كۆرگىنى يوق. بالىلىق چېغى ژىتىمچىلىق، ئاچارچىلىق، يوقسىزچىلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ. چوڭ بولغاندا ئۆيلىنىپ، بالىلىق بولۇپ بىزنى ئاچ-يالاڭاچ قالمىسۇن، ئوقۇتاي، ياخشى تەربىيە بېرىپ قاتارغا قوشاي دەپ سەھەردىن تا قاراڭغۇ چۈشكىچە ئېتىزدا ئوچۇق سوغ تراكتوردا سوغدىمۇ، ئىسسىقتىمۇ، يامغۇردىمۇ، شامالدىمۇ ئىشلىدى. ئۆزىنى ھېچ ئايىمىدى. مانا ئەندى ماڭغىنىدەك ماغدىرى يوق يېتىپ قالدى. دادامنىڭ بۇ ئاغرىقتىن تۇرۇپ كېتىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ، ــ دەپ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلىدى.

ــ مېھرىبان، بولدى، پەيلىڭنى يامان قىلما. دادامنى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلىشىمىز كېرەك، ــ دەپ سىڭلىسىنىڭ ياشلىرىنى ئېتىپ قۇچاقلىدى. ــ مېھرىبان، ئەتىدىن باشلاپ ئۆي ئىچىنى، ھويلا-ئارامنى تازىلاپ سەرەمجان قىلايلى. ئامانجان بىر-ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كېلىپ، باغدىكى كۆكتاتلارنى ژىغىپ ئامبارغا چۈشەرسۇن.

ــ ھەدە، سەن نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىسەن؟

ــ تۇرغان ئاكام خەتنى ئالسىلا يېتىپ كېلىدۇ. ئاكام كەلگەندە، بىلىسەنغۇ، ھەممە تۇققانلار كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەرەمجان بولۇپ تۇرايلى.

ــ مەن ئەتە مودەنگۈل ھەدەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلەي. ھەدەم بىلەن سادىق ئاكاممۇ بىزگە ياردەم قىلسۇن، ــ دېدى مېھرىبان.

ئارىدىن خېلە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار كۈندە دوختۇرخانىغا بېرىپ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. قورۇۋان ئاكىنىڭ ئەھۋالى تېخى شۇنداقلا.

قىزلار ھەممىسى بىر بولۇپ ئۆيلىرىنى ئاقارتىپ، ھويلا-ئارامنى سەرەمجان قىلدى. ئامانجان بىلەن سادىق باغدىكى كۆكتاتلارنى ژىغىپ ئامبارغا سالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مايسىمەم سىيىرنى سېغىپ ئېغىلدىن چىققاندا، ھويلىغا چېمودان كۆتىرىپ ئېگىز بويلۇق، غوللۇق، چىرايلىق كەلگەن تۇرغان كىرىپ كەلدى. مايسىمەم چېلەكنى يەرگە قويدىدە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



– راست كەلدىڭمۇ، بالام، يالغانمۇ؟ يولۇڭغا قاراپ كۆزلىرىم تۆرت بولدىغۇ، – دەپ ژىغلىدى.

تۇرغان ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

– ژىغلىما، ئاپا، ژۇر ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇنى كۆرۈپ سىڭىللىرى: «ۋاي، ئاكام كەپتۇ!» دېيىشىپ چۇقرىشىپ، ئاكىسىنى قۇچاقلاۋالدى. ئۇلار ئەھۋال سورىشىپ، بىر چىنىدىن چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، مايسىمەم بالىسىغا دادىسىنىڭ جاغدىيىنى چۈشەندۈردى. تۇرغان ئاپىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ:

– ئاپا، سەن ئۆيدە قالغىن، دادامغا سۇيۇق تاماق تەييارلاپ قوي. مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، دوختۇرلار بىلەن سۆزلىشىپ دادامنى ئېلىپ چىقاي، – دېدى.

تۇرغان ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرگەندە، قۇرۋان ئاكا كۆزىنى يوغان ئېچىپ:

– بالام، جېنىم بالام، سېنى خۇدايىم يەتكۈزۈپ كەپتۇ، – دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

دادىسىنىڭ بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ بالىسمۇ چىدىماي ژىغلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى. قۇرۋان ئاكا بالىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي مەككەم تۇتۇۋالدى.

– بالام، سەن دوختۇرلار بىلەن سۆزلەش، مېنى ئۆيگە ئېلىپ چىق.

– ماقۇل، دادا، مەن ھازىر سۆزلىشەي، – دەپ ئورنىدىن تۇرغاندا، دادىسىنىڭ يېنىدا ياتقان كىشى:

– قۇرۋان ئاكا سېنىڭ توغرىلىق كۆپ سۆزلەپ بەردى. داداڭ سېنى تولىمۇ كۈتكەن، خۇداغا شۈكرى، يېتىپ كەپسەن، – دېدى.

كەيپىياتى چۈشكەن تۇرغان ئاستا چىقىپ دوختۇرلار ئولتىرىدىغان بۆلمىگە كىردى.

– مەن مۆردىنوۋ قۇرۋاننىڭ بالىسى، دادامنىڭ ئاغرىغىنى بىلەي دېمەن.

ئاق خالات كىيىپ، كۆز ئەينەك تاقىغان، يېشى ئەللىكلەر چامىسىدا، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن كىشى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ بىر قەغەزلەرنى ئالدى.

– داداڭنىڭ ئىككىلا بۆرىكى قۇرۇپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ دورىلىرىمىز ھېچ ياردەم قىلمىدى. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئامالىمىز يوق. داداڭنىڭ

ئۆيى تۈگەپ، كۈنى قالدى. ئۆيۈڭلارغا ئېلىپ كېتىڭلار، بالا ـ جاقىسى، تۇققانلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن.

شۇ كۈنلا تۇرغان بىر ماشىنا تېپىپ كېلىپ، دادىسىنى ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. كەچتە مېھرىبان مەكتەپتىن چىققاندا، ھەدىسى:

ـ تۇرغان ئاكام دادامنى ئېلىپ چىقتى، ـ دېدى.

قىز سومكىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرسە، قۇرۇق سۆيىگى قالغان دادىسى ياتاتتى. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئادالەت چوڭ ئاپىسى، ئاياق تەرىپىدە ئاپىسى ئولتىراتتى. مېھرىبان دادىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ـ «ئانام قىزىم»، بېرى كەل، ـ دېدى دادىسى ئۇنىنى ئارانلا چىقىرىپ.

مېھرىبان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتاردىدە، نازۇك قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ مەڭزىلىرىنى سىيپاپ، ھېچ نېمە دېلەلمەستىن ئۆزىنى تۇتالماي ژىغلاپ كەتتى. زوگال بولۇپ قالغاچقا، ئادالەت چوڭ ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىيپاپ بەزلىدىدە، ئۆزىمۇ ئۈنىنى چىقارماي ژىغلاۋەتتى. ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تارام ـ تارام ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتاتتى...

قۇرۋان ئاكا كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كەتتى. دوختۇرخانىدىن چىققىنىغا 9 كۈن بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈگە كېتىپ بارغىنىنى سېزىپ، تۇرغاننى يېنىغا چاقىردى. تۇرغان دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆيەك بولۇپ قالغان باشلىرىنى سىيپاپ ئولتاردى.

ـ مېنى يەرگە ئېلىڭلار.

قۇرۋان ئاكىنى كىگىز ئۈستىگە تۆرت قەۋەت كۆرپە سېلىپ، بېشىغا ئىككى تەھىيىنى قويۇپ ياتقۇزدى. ئۇ ھەممىسىگە تەكشى بىر قاراپ چىقىپ:

ـ مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار، مەن ئەندى ئۇگىشالمايمەن. قۇرۋان ئاكا بىر ئاز كۆزىنى ژۇمۇپ ياتتىدە، ئاندىن يەنە كۆزىنى ئاچتى. ـ تۇرغان بالام، ھەممە ئىغىرچىلىق ساڭا قالدى. مېنى چىرايلىق ئۇزىتىڭلار. ئاپاڭغا ياخشى قاراڭلار، ئۇ ئاغرىقچان. سىڭىللىرىڭ ساڭا ئامانەت، بالام، ـ دەپ ئوغلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىدى.

باش تەرەپتە ئولتارغان ھەدىسى ئادالەت ئىنىسىنىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بېشىنى تۇتۇپ:

ـ قۇرۋان، قېرىندىشىم، بىز ھەممىمىز سېنىڭدىن رازى، سەن بىزدىن رازى بول، ـ دەپ ژىغلاپ پېشانىسىنى سۆيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇۋان ئاكىنىڭ كۆزىدىن ئاققان بىر تامچا ياش ئۇنىڭ ئورۇق ئۆزىنى ژۇيۇپ تەھىيىگە چۈشتى. ئۇ تىنىپ قالدى. چۆرىسىدە ئولتارغان باللىرى، تۇققانلىرى ھەممىسى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن كەتكىنىنى بىلدى. لېكىن ھېچ كىم ئۈن چىقىرىپ ژىغلىمىدى. ھەممىسى كۆزلىرىدىن ئاققان ئارام ياشلىرىنى ئېتىپ جىم ئولتىراتتى. ئادالەت ئىنچىكە ئۈزۈن ئاقنى ئېلىپ قۇرۇۋان ئاكىنىڭ ئېڭىگىنى باغلىدى، ئايىغىنى چاتتى. ئۆلۈكنىڭ ئۆزىنى ئاق رەخت بىلەن يېپىپ، ھەممىسىنى باشلاپ باشقا بۆلمىگە چىقتى...

مايسەمەنى ئوتتۇرىغا ئولتارغۇزدى، ئۇنىڭ يېنىدا قىزلىرى، تۇققانلىرى ئولتاردى. قۇرۇۋان ئاكىنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىدىن خەۋەر تاپقان خوشنىسى رېھانبۇۋى ھەممىسى بىلەن كۆز ياش قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئىككى ئاننىڭ ئارقىسىغا تەھىيە قويدى.

– مەن بىر كورا چاي ئېلىپ كىردىم. بىر چىنىدىن قويايى، ئىچىۋېلىڭلار، ھازىر ژۇت كىرىدۇ، ژىغلاپ ئاغىزلىرىڭلار قۇرۇپ كېتىدۇ.

ئۇ سىركايىلارغا چاينى قويۇپ، ئولتارغانلارنىڭ قول–قولىغا بەردى. گۈلى بىر توپ ئاق رەختنى ئېلىپ كىرىپ ئولتارغانلارنىڭ بېشىغا ياغلىق قىلىپ چىگدى، ئەرلەرگە ئاق پوتا ژىتىپ بېلىگە باغلىدى.

ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى ئېچىپ قويدى. بېلىگە ئاق پوتىنى باغلاۋالغان تۇرغان: «ئاتام، ئاتام، كۆيۈمچان ئاتام، جاپاكەش ئاتام»، – دەپ ژىغلىماقتا. نەۋرىسى ئامانجان، كۆيوغلى سادىق، ماھمۇت ھەممىسى «ئاتام!» دەپ ژىغلاپ، ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى ژىغلىتىۋەتتى. ئۆينىڭ ئىچىمۇ قىيامەت–قايىم ژىغا–زېرە.

ئۇنىڭ نامىزىغا پۈتۈن ژۇت، خوشنا يېزىلاردىن تونۇش–بىلىشلەر ژىغىلدى. ئۆلۈكنى ژۇغۇچقا ئېلىپ، ئوراپ تاۋۇتقا سالدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نامىزىنى چۈشىرىپ، ئاخىرقى سەپەرگە ئېلىپ ماڭدى. تۇرغان، ئامانجان، ماھمۇت ئۈچى تاۋۇتنىڭ ئالدىدا «ئاتام!» دەپ تۇپراققىچە ژىغلاپ ماڭدى. ئۇرۇق–ئادىتىمىز بويىچە ئايالار، كىچىك باللار تۇپراققا بارمىغاچقا، ئۇلار ھويلىدا ژىغلاپ قالدى...

بىراق شۇ كۈنكى قالايمىقاندا مېھرىبانىنىڭ ئەرلەر بىلەن تۇپراققا كەتكىنىنى ھېچ كىم بايقىماپتۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇپراقنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئېدى. ئۇ تۆرت بۆجەك، كەڭ قىلىپ ئادەم بويى كولانغان،

بىر تەرىپىنى ئۇيۇپ ئادەم ئولتارغىنىدەك ئېگىزلىكتە، ئادەمنىڭ بويىدەك ئۇزۇنلۇقتا كولاپ تەييارلاپ قويغان يەرنى كۆردى. تاۋۇتنى شۇ يەرگە يېقىن ئېلىپ كېلىپ، ئۆلۈكنى ئىككى ئادەم كۆتىرىپ كولانغان يەرنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرگە بەردى. ئۇ ئىككى ئادەم ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ بېشىغا بىر تال كېسەك قويۇپ، داق يەرگە ياتقۇزدى. ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىگىنى كېسەك بىلەن قوپىرىپ چىقتى. ئاندىن ھەممىسى يەتتە كەتمەندىن توپا تاشلاپ، كەتمەننى يەرگە تاشلىدى. قاراپ تۇرغان ئادەملەر يەردىن كەتمەننى ئېلىپ، ئۇلارمۇ يەتتە كەتمەن توپىنى تاشلاپ، كەتمەننى يەنە يەرگە تاشلاتتى. ئادەم تۇرغۇن بولغاچقا، كۆزنى ژۇمۇپ ئاچقىچە قەبىر ئۈستىگە توپا دوگىلاندى. موللا قۇرئان ئوقۇپ، ھەممىسى قول كۆتىرىپ دۇئا قىلىپ قايتىشتى.

مانا شۇ چاغدا تۇرغان مېھرىباننى كۆرۈپ قالدىدە:

ـ سىز نېمىشكە كەلدىڭىز، تۇپراققا باللار كەلسە، يامان بولىدۇ، جۇرۇڭ، ـ دەپ سىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ پىيادە كۆپچىلىك بىلەن قايتتى...

شۇ كۈندىن باشلاپ مېھرىبان ئۇيقا كۆرمەيدىغان بولدى. ئۇ كۆزىنى ژۇمسىلا گۆردە سۇنايلىنىپ ئاق كېپىنىگە ئورالغان، داق يەردە ياتقان دادىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، كېچىلىرى ۋاقىراپ ژىغلاپ تۇرۇپ كېتەتتى. مايسىمەم بېچارە يولدىشىغا كۆيۈپ ژىغلاپ، قان بېسىمى كۆتىرىلىپ ياتاتتى. گۈلى بىلەن رۇقىيەم ئۆيدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇپ ژۇرەتتى.

قۇرۋان ئاكىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ، ژىراق-يېقىندىن كەلگەن، يەتتىسىگە ئولتارغان تۇققانلار ئۆيلىرىگە تارقىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ھويلىنىڭ ئىچىدە بوران ئۇچۇپ، سوغاقلىشىپ قالدى. مېھرىبان كۈندىن-كۈنگە تاتىرىپ، كېچىچە ئۇخلىماي، غىزادىنمۇ باش تارتىپ، ئۆيدىكىلەرنى قورقۇتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممىسىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مايسىمەم ژىغلاپ ژۇرۇپ ئۆزى بىلگەن بېقىشلارنى قىلىپ كۆردى، لېكىن ھېچ ئۆزگىرىش بولمىدى.

بىر كۈنى گۈلى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە دوستى زىنەپخاننى باشلاپ كەلدى. ئۇلار تېچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

ـ ھەدە، زىنەپخان قۇملاق ئېچىپ مېھرىبانغا قانداق بېقىش قىلىشىمىز كېرەكلىگىنى ئېيتىپ بەرسۇن، ـ دېدى.

زىنەپخان ژۇقۇرى چىقىپ كۆرپىگە ئولتاردى.

ـ قارىماسەن، سىڭلىم، ئۆزەمنىڭ دەرت تارتىۋاتقىنىم ئاز بولغاندەك مېھرىباننىڭ ئاغرىۋاتقىنىنى، ـ دېدى مايسىمەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىمىنەپخان جوزىغا ئاق لۆڭگىنى سېلىپ، ئۈستىگە 14 تال تاشنى تاشلاپ، ئىككى قولىنى كۆتىرىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر!»، ــ دېدى. ئۇ تاشلارنى ئۈچكە بۆلۈپ، ھەر بىر بۆلگەن تاشنى تۆرتتىن قىلىپ جۈپلەپ، قالغىنىنى لۆڭگىنىڭ
ژۇقۇرىسىغا قويدى. بىرىنچى رەتتە ئۈچ-ئۈچتىن توققۇز قۇملاق چۈشتى.

ــ سەن كۆپ ئويلاپ ئۆزەڭنى يوقاتما، قىزىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇ يەنە ئىككى قېتىم تاشلارنى بۆلۈپ قويۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن قالغانلارنى ئىككى-ئىككىدىن بۆلۈۋېدى بىر تال ئېشىپ قالدى. زىمىنەپخان تاشلارغا قاراپ بىر دەقىقە جىم ئولتىرىپ ئويلىنىپ قالدى.

ــ مېھرىبان تۇپراققا بېكار بېرىپتۇ، ژۇرىگى چۆچۈپ قاپتۇ. ئەندى دادىسىنىڭ تۇپرىغىدىن توپا ئېلىپ كېلىڭلار. شۇ توپىنى يەتتە كۈن ئەتىگەندە بىر بىر سىركاي سۇغا بىر چىمدىمدىن سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈڭلار. بۈگۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن، يەتتە يەرگە چىراق يېقىڭلار.

ــ ماقۇل، زىمىنەپخان، ئېيتقانلىرىڭىزنى قىلايلى، ــ دېدى مايسىمەم يېنىدا ئولتارغان مېھرىباننىڭ بېشىنى سىيپاپ.

زىمىنەپخان يەنە تاشلىرىغا قاراپ:

ــ ئەگەر ھازىر مەن ئېيتقانلارنى قىلغاندىن كېيىنمۇ ياخشى بولمىسا، يەتتە كۈن سەھەرلىكى بىر قۇچقاچنىڭ ژۇرىگىنى خام ژۇتۇپ، ئارقىسىدىن بىر سىركاي سوغ سۇ ئىچسە، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ــ دېدى.

ــ يا، ئاللا، خۇدايىم، ئىش قىلىپ قىزىم ياخشى بولۇپ كەتسۇن.

زىمىنەپخان تاشلىرىنى ژىغىپ قايتىدىن قۇملاق سالدى. يەنە ئۈچ-ئۈچتىن توققۇز تاش چۈشتى.

ــ ۋاي، تووۋا، مايسىمەم ھەدە، ئەندى بىر سۆيىنچە بەرمىسىڭىز بولمايدۇ.

مايسىمەم سۆيۈنچىگە پىنجىگىنىڭ يانچۇغىدىن بەش سومنى ئېلىپ زىمىنەپخاننىڭ ئالدىغا قويدى. زىمىنەپخان ئاخچىنى يانچۇغىغا سېلىپ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.

ــ قىزىڭىزنى دادىسىنىڭ روھى قوللايدۇ. ھەدە، بۇ قىزغا ئاللا تائالادىن بىر نەرسە قونۇپتۇ، سىلەر ھازىر بىلمەيسىلەر، كېيىنرەك مېھرىبان

ئۆزى ئېيتىپ، ھەممىڭلارنى خوشال قىلىدۇ. ھەدە سەن رازى بول.
— رەخمەت، زىنەپخان، — دەپ گۈلىگە شەرەت قىلدى. — بىر چىنە چاي قىلىڭلار.
— ياق، مەن قايتاي، ماللارنى بېسىقتۇرۇش كېرەك.
— يادا كالا كېلىدىغىنىغا تېخى خېلە ۋاقىت بار، تاماقمۇ تەييار بولۇپ قالدى، ئەتىمالىم.
زىنەپخان ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، رۇقىيەم ئاپقۇرلاردا ئۈستىگە ئاشكۆكى سېلىنغان سۇيۇق ئاشنى ئېلىپ كىردى.
— سۇيۇق ئاش دېگەننى ۋاقتىدا ئىچمىسە، ئاش بولمايدۇ. مەن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار تۈگىسۇن دەپ كۈتۈپ تۇردۇم ئەمەسمۇ، — دېدى رۇقىيەم.
— ئاشقا بېقىڭلار، مۇزلاپ قالمىسۇن، — دېدى مايسىمەم.
گۈلى جوزىدىكى يوغان نانىنى ئۇشتۇپ قويدى. ئۇلار ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى سۆزلەپ خېلە ئولتاردى. تاماق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر چىنىدىن سىڭچاي ئېلىپ كىردى. تاماققا دۇئا قىلىپ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، زىنەپخاننى ئۇزىتىپ چىقىشتى.
شۇ كۈندىن باشلاپ زىنەپخاننىڭ ئېيتقان ئىرىملىرىنى قىلىشقا باشلىدى. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە، مېھرىبان تېچ ئۇخلايدىغان بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنى خوشال قىلدى.
قۇرۋان ئاكىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ژىگىرمە كۈن توشقاندا، مايسىمەم تۇرغاننى ئولتارغۇزۇپ:
— تۇرغان، سەن ئوغۇل باللىققا يارىدىڭ، بالام. تاشكەنتتىن ئۆلگىرىپ كېلىپ، داداڭنى چىرايلىق ئۇزاتتىڭ، نەزىرلەرنى ئۆتكەزدىڭ. مەن سېنىڭدىن رازى، بالام. ئەندى سەن قايتىپ بېرىپ ئىشىڭنى ئىشلە. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلمەيدىكەنمىز، سەۋرىلىك بولايلى، باللىرىم. مېنىڭدىن قايغۇرما، بالام. يېنىمدا ئىككى ئاجىز قېرىندىشىم، ئۈچ قىزىم، ئادالەت چوڭ ئاپاڭ، سادىقجان كۈيوغلۇم، سائادەت، ئامانجان نەۋرەم، ئاندىن قالسا ژۇت بار، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.
— ئاپا، سەن ژىغلاپ ئولتارساڭ، مەن قانداق كېتىمەن.
— ياق، بالام، مەن ئەندى ژىغلىمايمەن. مەن سەۋرىلىك بولىمەن. داداڭ مېنى قاۋۇل كۆرۈپ ژىغلاپ كەتتىغۇ.
— ئاپا، مەن بىر ژىل ئىشلەپلا قايتىمەن. سېنى، سىڭلىرىمنى ئۆزەم باقىمەن، — دەپ كوستيۇمىنىڭ ئىچ يانچىغىدىن بىر كونۋېرتنى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مونۇ ئاخچىنى دادامنىڭ قىرقى نەزىرىگە ئىشلىتىڭلار. ژىلىنى ئۆزەم كېلىپ ئۆتكۈزىمەن.

ئانا ئاخچىنى ئېلىپ: «باشلىغىراق بىر يەرگە قويغىن»، — دەپ ماھىنۇرغا بەردى.

— ئاپا، مەن ھەر ئايلىق ئالغاندا، سىلەرگە ئاخچا ئەۋەتىپ تۇرىمەن. قىشقا ئوتۇن-كۆمۈر، يېمەك-ئىچمەك ئېلىڭلار.

— رەخمەت، كىچە-كۈندۈز ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلىمەن، بالام. مىنىمۇ داداڭنى ئۇزاتقاندەك چىرايلىق ئۇزات، بالام.

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— ئاپا، ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلما، سەن ئۇزاق ياشايسەن، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىڭ كۆپ، — دىدى تۇرغان كۈلۈپ. — مېنى ئۆيلەيسەن، نەۋرىلىرىڭنى باقىسەن، سىڭىللىرىمنى تاللىق قىلىشىمىز كېرەك. ئاپا، سەن بىزگە تايانچى، مەسلىھەتچى، بەرىكەت بولۇپ ژۈرىشىڭ كېرەك، — ئۇ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

ماھىنۇر بىلەن مېھرىبان ئۇلارغا قاراپ ئاستا پىچىرلاپ سۆزلەشتى.

— پىچىرلاپ نېمە دەۋاتىسىلەر؟ — سورىدى ئانا.

— ئاپا، ئاكامغا قاراپ ئولتارساق، ئۇنىڭ قاش-كۆزى، زىلۋا بويى، سۆز قىلىشلىرى دادامغا بەك ئوخشايدىكەن، دىدى ماھىنۇر.

— ئەگەر ئاكام بۇرۇت قويسا، تېخىمۇ دادامغا ئوخشاتتى، دىدى مېھرىبان ئاكىسىغا قاراپ.

ئانا بالىسىغا مەغرۇرلىنىپ قاراپ: «ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن، بالام»، — دەپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئادالەت چوڭ ئاپىسى، ماھمۇت، گۈلى، رۇقىيەم، سائادەت، ئامانجان، مودەنگۈل، سادىقلار كېلىپ تۇرغانغا ئاق يول تىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاز بولسىمۇ ئەكەلگەن سوغىلىرىنى بېرىشتى. تۆردە ئولتارغان ئاق ئۇزلۇك، سالاپەتلىك ئادالەت چوڭ ئاپىسى:

— تۇرغان بالام، سەن بالىلىقتا ياردىڭ، بىز سېنىڭدىن رازى، ئەندى تېچ-ئامان بېرىپ ئىشىڭنى ئىشلە، لايىقىڭنى تاپساڭ ئۆلەن، يالغۇزچىلىق يامان، بالام. بىر ژىلىم قالدى دەيسەن، ئىشلەپ ئابروي بىلەن قايتقىن. سېنىڭ ئوخشاش ئوقۇغان ئادەم ژۇتۇمىزغىمۇ كېرەك. موشۇ ئولتارغانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئاق يول تىلەپ كېلىپ ئولتىرىدۇ. ساڭا بىر دۇئا بېرەيلى، بالام، — ئۇ قولىنى كۆتىرۋېدى، قالغانلارمۇ تەك

كۆتىرىپ دۇئا قىلىشتى. تالادىن ماشىنىنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تۇرغاننى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىقتى...

– تىڭشاپ ئولتارسام، دەپىن قىلىش مەراسىملىرى ۋە باشقىمۇ ئۇرپى-ئادەتلىرىمىز تامامەن ئوخشىمايدىكەن. ئۇ مەيلىغۇ، مېنى پالچىنىڭ ئېيتقانلىرى ھەيران قالدۇرۋاتىدۇ، – دېدى رۇس مېھرىبانغان ئىشەنمىگەندەك قاراپ.

– زمىنەپخان ئانام ئوخشاش باشارەتچى-تىبابەتچىلەر بۇگۈنمۇ بارغۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. زمىنەپخان ئانامنىڭ شۇ چاغدا ھەقنى ئېيتقانلىغىغا مەن ئىشەندىم، – دېدى مېھرىبان.

– ھە، مەيلى، داۋاملاشتۇرۇڭچۇ.

# روھلار يۆلەيدۇ



ھايات دېگەن قىزىققۇ. ژىغلاپ-ژىغلاپ يەنە ئىشلەيسەن، چۈنكى ياشاش كېرەكتە. قۇرۇان ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭلار يەنە ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ، كىچىكلەر ئوقۇشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. كۈن ئىسسىق ۋاقىتلاردا كۈندە ئۇ ياق-بۇ ياق بولۇپ 14 چاقىرىم يول مېڭىپ ياركەنتكە پىيادە مەكتەپكە بېرىپ كېلىش ئانچە بىلىنمىسىمۇ، قىشنىڭ كۈنلىرى بالىلار ناھايىتى قىينىلاتتى.

دېكابىر ئايلىرىنىڭ توختىماي قار يېغىپ، سوغ راسا كۈچەيگەن بىر كۈنى يەتتە-سەككىز بالا ژىغىلىپ مەكتەپكە ماڭدى. بالىلار يېزىنىڭ چېتىگە چىققاندا، چوڭ يول ئۈستىدىن ژۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار قىشنىڭ سوغىدا سۇنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىغىغا ھەيران بولۇپ، يولغان يوغان تاشلارنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تۆپىسىدىن دەسسەپ بىر-بىرلەپ ئاۋايلاپ ئۆتۈشتى. ئاخىرىدا قالغان مېھرىبان تېيىلىپ كېتىپ، ئىككىلا پۇتى سۇغا چۈشتى.

– ۋاي، قىزلار، ئەندى قانداق قىلدىم؟ ئايىغىم سۇ بولۇپ كەتتى.

ھەممىسىنىڭ ئۇ قىزغا ئىچى ئاغرىپ، چۇقىرىشىپ: «ئۆيۈڭگىزگە قايتىڭ، بۇ سوغدا ئايىغىڭىز ئۇششۇپ قالىدۇ، ئاغرىيسىز»، – دەپ

مېھرىبانىنىڭ بوتىنكىسىدىن شۇقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ تۇراتتى.

— ياق، قايتمايمەن، بۇگۈن رۇس ئەدەبىياتى دەرىسىدە مېنىڭدىن سورايدۇ. مەن تۈنۈگۈندىن بېرى يازغۇچى ماكسىم گوركىينىڭ تەرجىمە ھالىنى ئوقۇدۇم. ئەگەر بۇگۈن بارمىسام، چارەككە ئىككى چىقىشىم مۇمكىن.

بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭى سېپىتجان:

— ھەي، ئاخماق قىز، ئاغرىپ قالىسىزغۇ، — دەپ ئالدىدا كېتىپ بارغان مېھرىبانغا ئىچى ئاغرىپ قارىدى.

قىزنىڭ ئىككى پۇتى بارغانسېرى مۇزلاپ، ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. قىز شۇ چاغدىلا ئۆيگە قايتىپ كەتمىگىنىگە ئۆكۈندى. مېھرىبان سىنىپقا كىرىپلا ئاغرىققا چىدىماي ژىغلىدى. شەھەردىكى بالىلار تېخى مەكتەپكە كەلمىگەچكە، قىزلار ئوت كۆيۈۋاتقان پەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئالدىغا ئۇستەلنى قويۇپ مېھرىبانىنى ئولتارغۇزدى. قىز بوتىنكىسىنى يېشىپ، قىزىرىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئىسسىتقاندا، پۇتى تېخىمۇ ئېچىشىپ، ژىڭنە سانچىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. مېھرىبان ژىغلاپ ئولتارغاندا، قىزلار پايپاقلىرىنى قۇرۇتتى. قىز يەرنى دەسسەلمەي، ھۆلۈدەپ كۆيۈپ ئاغرىۋاتقان ئاغرىققا چىداپ قانداق ئالتە دەرىس ئولتارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ ئويىدا: «دەرىس تۈگەپ، قانداق قىلىپ يەتتە چاقىرىم يولنى مېڭىپ ئۆيگە يېتىمەن»، — دەپ ئەنسىرەتتى.

دەرىس تۈگىگەندە، بەختىگە يارىشا، يېزىدىن بازارغا سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مېرۋانەم يولۇقۇپ قالدى. مېھرىبان ئىككى دوستى بىلەن مېرۋانەمنىڭ ئېشەك-ھارۋىسىغا چۈشۈپ ئۆيگە يەتتى.

قىز شۇ كۈندىن باشلاپ ئاغرىپ، مەكتەپكىمۇ بارالماي خېلە كۈن يېتىپ قالدى. ئاپىسى ئۆزى بىلگەن دورىلارنى قىلىپ كۆردى: قوينۇڭ قۇيرۇق مېيىنى چىقىرىپ مايلىدى، كۈندە قايناق سۈتكە بىر قوشۇق قوي مېيىنى سېلىپ ئىچكۈزدى. مېھرىبان بىر ئاز ياخشى بولۇپ مەكتەپكە بارسىمۇ، لېكىن يۆتىلى زادىلا توختىمىدى.

قىش چىقىپ، ئەتىياز كەلگەندە، مېھرىبانىنىڭ ھېچ ماغدىرى قالمىدى، چىرايى تاتىرىپ، ھاسىراپ دەم ئالىدىغان بولدى. مەكتەپكە بېرىپ كەلگىچەم ئىككى بىقىنى قىسىپ ئاغرىپ، ئۇ چىدىماي ئولتىرىپ قالاتتىدە، كۆزىدىن ئەرىكسىز ياشلار تۆكۈلەتتى.

كەچتە چىراق يورۇغىدا، ھەدىسى ئىككىسى دەرىس تەييارلاپ ئولتارغاندا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ ھەدە، مېنىڭ ئىككى بىقىنىم سانچىپ ئاغرىيدۇ، يولدا نەچچە يەردە توختاپ دەم ئالالماي قالىدىغان بولدۇم، ــ دەپ ھالىنى ئېيتتى.

ــ نېمىشكە دوختۇرغا بارمايسەن؟ ئەتە بىر كۈن دەرسىمنى تاشلاپ، سېنى دوختۇرغا ئاپىراي، ــ دېدى ماھىنۇر.

ــ ئاستا، ئاپام ئاڭلاپ قالمىغاي.

ــ ئاڭلىسا نېمە بولاتتى؟

ــ ئاپام قاتتىق ئەنسىرەيدۇ ئەمەسمۇ. ھەدە، ھازىر دوختۇرغا بارمايمەن.

ــ نېمىشكە تەرسالىق قىلىسەن؟

ــ مەن ئالتىنچى سىنىپنىڭ ئىمتىھانلىرىنى تاپشۇرۇپ بولاي، ئاندىن بارىمەن.

ــ ئوقۇش تۈگەيدىغانغا يەنە بىر ئاي بار. ئېرەڭسىزلىك قىلىپ ئاغرىقىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن؟ ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك ئەمەسمۇ.

ــ بىلىمەن، ھەدە، ئەگەر دوختۇرغا ئەتە بارسام، چوقۇم، مېنى دوختۇرخانىغا ياتقۇزىدۇ. مەن ئىمتىھانلارنى تاپشۇرمىسام، ئالتىنچى سىنىپتا ئىككىنچى ژىلغا قالىمەنغۇ. ياق، چىداپ ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، ئاندىن دوختۇرغا بارىمەن.

ھەدىسىمۇ ئويلىنىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. لېكىن سىڭلىسىنىڭ جۇدەپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كۆڭلىدە ئەنسىرىدى.

ئوقۇش تۈگەپ، سىنىپ يېتەكچىسى ئايۋانەم مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ئالتىنچى سىنىپنى تاماملاپ، يەتتىنچى سىنىپقا كۆچكەن تابېللارنى تارقاتتى. باللار ئىنتايىن خوشال ئېدى.

ــ ھەممىڭلارنى يەنە بىر پەللىگە ژۇقۇرىلاپ، ئوقۇش ژىلىنى ياخشى تاماملىغىنىڭلار بىلەن تەبرىكلەيمەن! يازلىق تەتىلدە ياخشى دەم ئېلىپ، كۈچ-قۇۋەت ژىغىپ، سېنتەبىر ئېيىدا ساق-سالامەت ئۇچرىشايلى. مۇئەللىم بىرىنچى پارتىدا ئولتارغان مېھرىبانىغا قارىدى.

ــ سىز بۈگۈندىن قالماي دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماڭ.

قىز خىجالەت بولۇپ: «ئەتە ئاپام بىلەن دوختۇرغا بارىمەن»، ــ دېدىدە يەرگە قارىدى. تەتىلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ، «ئۇرا!» دەپ ۋاقىرىشىپ، خوشال ئۆيلىرىگە تاراشتى.

ئەتىسى مايسىمەم قىزىنى دوختۇرغا ئاپاردى. دوختۇر مېھرىبانىنى تىڭشاپ كۆرۈپ:

— ھەدە، نېمىشكە ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ قىزىڭىزنىڭ ئۆپكىسىگە قاتتىق سوغ تېگىپتۇ. مەن دوختۇرخانىغا قەغەز يېزىپ بېرىمەن، ھازىرلا ئاپىرىپ ياتقۇزۇڭ، — دېدى.

مايسىمەم كۆزىگە ياش ئېلىپ، دوختۇر يېزىپ بەرگەن قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ قىزىنى دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇپ، ئۆزى يالغۇز ئېشەك ـ ھارۋۇدا مەلىگە چىقىپ كەتتى.

دوختۇرخانىدا مېھرىبانغا كۈنىگە نەچچە ئۇكول سېلىپ، تۈرلۈك دورىلارنى بېرىپ داۋالىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى دوختۇرلار تىڭشاپ كۆرۈپ، بېشىنى ئېغىتىپ قوياتتى. ئۇنى ئاپىسى بىلەن ھەدىلىرى پات ـ پاتلا كېلىپ يوقلاپ تۇردى.

بىر كۈنى مايسىمەم قىزىنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ:

— قىزىم نېمىشكە ژىغلىدىڭ، قاتتىق ئاغرىۋاتامسەن؟ — دەپ ئەنسىرەپ قىزىنى قۇچاقلىدى.

— ئاپا، سەن قورقما، مەن خېلە ياخشى، يۆتىلىم توختاپ، كېچىسى ياخشى ئۇخلايدىغان بولدۇم. بۈگۈن دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

— قانداق كىرىپتۇ؟

— مېنىڭ بېشىم تەرەپتە ئولتىرىپ، قولى بىلەن بېشىمنى سىيپاپ: «قورقما، قىزىم، سەن ياخشى بولۇپ كېتىسەن، بىر ئاز چىدا. ئالدىڭدا سېنى ياخشىلىقلار كۈتۈۋاتىدۇ»، — دەپ پېشانەمنى سۆيۈپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قارىسام، ئۇستىدە قارا چاپان، بېشىدا ئۆزىنىڭ كونا قارا شلەپىسى. مەن چۈشۈمدە دادامنىڭ ساق ۋاقتىلىرىنى كۆردۈم، — دەپ كۆزىگە يەنە لىققىدە ياش ئالدى.

ئانا خوشال بولۇپ:

— قىزىم، داداڭ سېنى يوقلەپ ژۈرۈپتۇ، قارا. سەن بۇ ئاغرىقتىن ياخشى بولۇپ ئامان ـ ئېسەن ئۆيگە چىقىسەن، — دەپ قىزىنىڭ ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈلگەن چېچىنى سىيپاپ قويدى.

ئانا ئۆزىمۇ يولدىشىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇي ئۇيلاپ، كېچىلىرى ئۇخلالماي ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. چاچلىرى ئاقىرىپ، ئۈزىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ، چوڭقۇرلىشىپ، كۆز يېشى قۇرىمايدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


لېكىن ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ، باللىرىغا تايانچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

مېھرىبان دوختۇرخانىدا 36 كۈن يېتىپ داۋالىنىپ چىقتى. ئانا ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ چىققىنىغا خوشال. مېھرىبان كوچىدىن كىرىپ، ھويلىدىكى گۈزەللىككە قاراپ:

— ئاپا، ھويلا نېمە دېگەن چىرايلىق، پاكىز. مونۇ گۈللەرنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى، — دەپ، قىزىل، سېرىق، ھال رەڭدە ئېچىلغان ئېگىز ئۆسكەن مەخمەل گۈللەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەل نېرىدا ئېچىلىپ كەتكەن تۇگمە گۈل، سېرىق سەبدە، خىنا گۈلەر، ناماشەم گۈللەرگە قاراپ خوشال بولدى. باراڭنىڭ چۆرىسىدە يامىشىپ ئۆسۈۋاتقان قاپاق چۈمۈچلەرچۇ تېخى. مېھرىبان باراڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن چۈشكەن قاپاق چۈمۈچلەرنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇ باققا چىققاندا، ماھىنۇر بىلەن ئامانجان باغدىكى كۆكتاتلارنى سۇغىرىۋاتاتتى. ئۇلار كەتمەنلىرىنى تاشلاپ، كېلىپ مېھرىبان بىلەن كۆرۈشتى.

— مېھرىبان، سېنى ساقايدى دېگەن قەغەز بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئامانجان.

— بەردى، لېكىن ئۇ قەغەزنى سەن نېمە قىلىسەن؟

— شۇ قەغەزگە قاراپ سېنى ئىشقا ئالىمىز ئەمەسمۇ. بىزگە ھازىر ئىشلەيدىغان ئۇچىنچى ئادەم كېرەك بولۇپ تۇرغىنى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى. ماھىنۇر سىڭلىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ:

— قارىماسەن، مېھرىبان كەتمەن كۆتەرگىدەكلا بولۇپ قاپتۇ. بۇ قىز باغنىڭ ئىشىنى قىلمايلا، ئاپامغا ئۆي ئىشىغا ياردەم بەرسۇن، — دېدى ئىچى ئاغرىپ.

بىر كۈنى مېھرىبان ئانىسىدىن سورىنىپ سائادەتلەرنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر ئاز ئولتىرىپلا، ئامانجان بىلەن قەبرىستانلىققا بارماقچى بولدى. يول بويى ئېتىزدا ساپ-سېرىق پىشىپ شامالدا دولقۇندەك چايقىلىپ تۇرغان ئاشلىقنى كۆرۈپ دادىسىنى ئەسلەپ ئامانجانغا:

— بۇ ئېتىزلاردا دادامنىڭ ۋە دادام ئوخشاش تالاي دېخانلارنىڭ ماڭلاي تەرلىرى تۆكۈلگەن، — دېدى.

— راست دەيسەن، بۇ يەرلەرنى گۈللەتكىچە قانچە-قانچە ئەجداتلىرىمىز تەر تۆككەن.

— بىلەمسەن، ئامانجان، دادام ماڭا يەرگە ئىشلەشنى، ئۇنى ئەتىۋالاشنى ۋە موشۇ كەڭ دالانىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ سۆيۈشنى ئۆگەتتى. شۇڭلاشقا موشۇ يەدە ئۆنۈپ چىققان ھەر بىر گىيا ماڭا قىممەت.

ئۇلار قەبرىستانلىقتا كېلىپ قۇرۋان ئاكىنىڭ تۇپرىغى ئالدىدا باشلىرىنى سېلىپ جىم تۇرۇشتى. ئاندىن ئولتىرىپ دۇئا قىلىشىپ قايتتى. ئىككىسى يولدا كېلىۋاتقاندا:

— ئامانجان، مەن ساڭا بىر سىرىمنى ئېيتاي، ھازىرچە ھېچ كىمگە ئېيتما، ماقۇلمۇ، — دېدى مېھرىبان.

— ماقۇل.

قىز ئامانجاننىڭ كۆزىگە قاراپ:

— تىڭشا، دادام ۋاپات بولغىنىغا سەككىز ئاي بولسىمۇ، ئۇ ماڭا تىرىكتەكلا. مەن دوختۇرخانىدا ياتقاندا، ئۇ كەلدى.

— نېمە دەيسەنۇي؟

— راست، كېچىسى كېلىپ بېشىمنى سىيپاپ ئولتاردى. مەن ئاپامغا چۈشۈمدە دادامنى كۆردۈم دەپ قويدۇم.

— سەن بوۋامنى كۆرگەندە قورقمىدىڭما؟

— ياق، قورقمىدىم. ئۇ مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا، گايىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن. سەن شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ مەن دادامغا ئارناپ شېئىر يازدىم. ساڭا يادقا ئېيتىپ بېرەي، لېكىن زاڭلىق قىلىپ كۈلمە.

— ياق، كۈلمەيمەن.

مېھرىبان بېشىنى ئېگىز كۆتىرىپ ژىراققا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا خۇددى شۇ ياقتا دادىسى قىزىغا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ تۆرت بەند شېئىرنى ئالدىرىماي شۇنداق بابىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇدىكى، ئامانجان ھەيران قېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تىڭشىدى. قىز توختىغاندا، ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشېدى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پاقىراپ تۇراتتى.

— قانداق يېزىپتىمەن؟

ئامانجان مەغرۇرلىنىپ:

— مېھرىبان، نېمە دېسەم بولار، ئىنتايىن ياخشى يېزىپسەن. ئەندى تىنماي ياز، بەلكى شائىرە ياكى يازغۇچى بولۇپ چىقامسەن، كىم بىلىدۇ؟

— بىلەمسەن، يازغۇچى ياكى شائىرە بولۇش ئۈچۈن، قانچىلىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوقۇش كېرەك. ئەگەر دادام تىرىك بولغاندا، چوقۇم، مېنىڭ ئوقۇپ ئالىي بىلىم ئېلىشىمغا ياردەم بېرەتتى. ئەندى ئامال يوق.

ــ ئۇنداق دەپ روھىڭنى چۈشەرمە، ئەگەر تالانتىڭ بولسا يازىسەن، ئەگەر تالانتىڭ بولمىسا، قانچە ئالىي ئوقۇشلارنى ئوقۇساڭمۇ، يازغۇچى-شائىر بولالمايسەن.

ــ رەخمەت، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىغىنىڭغا. جۇر، چاپسان ئۆيگە بارايلى، ئاپام ئەندىشە قىلىۋاتامدېكىن.

ئۇلار توپا يولدا ئىلدام ئۆيگە قاراپ ماڭدى. مېھرىبانىنىڭ يولغا قاراپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئانىنى كۆرگەن قىز:

ــ جېنىم ئاپا، مېنىڭدىن قايغۇرۇپ ئەنسىردىڭما؟ ــ دەپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى...

مانا چىرايلىق ياز كېتىپ، يەنە جاھاننى سېرىق رەڭگە بوياپ ئالتۇن كۈز كەلدى. قېرىلار بۇ ژىلقى كۈز يامغۇر-يېشىن يوق، ياخشى كەلدى دېيىشتى. يېزىدىكىلەر باغلىرىدىكى كۆكتاتلىرىنى ژىغىپ، قۇرۇتۇپ ئامبارلىرىغا سالماقتا. ئېتىزلاردا ئوما تۈگەپ، كۆمۈقوناق ئۈزۈش ئىشلىرى باشلاندى.

ئادەم كۈچى يېتىشمىگەچكە، سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تا نويابىر ئېيىغىچە بۇ ئىشقا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ جەلىپ قىلىندى. ياركەنتتىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرى بىلەن 10-سىنىپلىرىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى نادەك يېزىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار خامانىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئۆيدە ياتىدۇ.

7-سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مېھرىبانىمۇ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. باللار ئەتىگەندىن كەچكىچە قوناق ئۈزۈپ، كەچكى غىزانى يەپ، بىر ئاز دەم ئېلىپلا، خامانغا بېرىپ قوناق ئاقلاپ، سورتلايدۇ. كۈز ئايلىرى ئۆچۈن، يامغۇر ياغمىسىمۇ، ئەتە-ئاخشىمى سوغ. ئەتىگەنلىكى قوناق ئارىسى شەلدەم بولغاچقا، باللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ئايىغى ھۆل بولۇپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا نۇرغۇن باللار سوغ تېگىپ ئاغرىپ قالاتتى. ئوقۇغۇچىلار قىرىق كۈن ئىشلەپ ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن ئوقۇش باشلاندى.

مېھرىبانىمۇ يەنە پىيادە قاتناپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ماغدىرسىزلىنىپ، ھېچ نەرسە خۇش ياقماي، كېچىلىرى قىزىپ ئاغرىۋاتقىنىنى سەزسىمۇ، بىلىندۇرمەي چىداپ ئوقۇشنى تاشلىمايدۇ.

ئەتىگەندە ھەدىسى ئىككىسى باللار بىلەن بىللە ياركەنتكە كېلىدۇ ۋە سائات ئىككىلەردە ئوقۇشى تۈگەپ، مەلىگە قايتىدۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مېھرىبان:

— ھەدە، ماڭغىدەك ھالىم يوق، — دەپ ئولتىرىپ قالدى.

ماھىنۇر سىڭلىسىنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېدى، بېشى ئوتتەك قىزىق.

— ئەندى قانداق قىلدىم، قىزلار؟

ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىۋېدى، ئېشەك-ھارۋۇلارمۇ كۆرۈنمىدى. ساھىنۇر: «ئەكېلىڭ، بىز ئىككىڭلارنىڭ سۇمكىلىرىنى كۆتىرىپ ماڭايلى، سىز مېھرىباننى ئارقىڭىزغا ھاپاش قىلىپ مېڭىڭ»، — دېدى. ماھىنۇر بىر ئاز مېڭىپ ھېرىپ قالغاندا، سېپىتجان: «ئەندى مەن ھاپاش قىلىپ كۆتىرىپ ماڭاي»، — دەپ خېلە يەرگىچە ئاپاردى. ئۇنىڭدىن ئامانجان ئېلىپ كۆتەردى. يېزىدىن قاتناپ ئوقۇۋاتقان 14 بالىنىڭ ئالتىسى 9-8-سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان چوڭاراق باللار ئېدى. ئەينە شۇلار مېھرىباننى سەۋلىشىپ ھاپاش قىلىپ كۆتىرىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ماھىنۇر باللارغا رەخمەت ئېيتىپ، سىڭلىسىنى كۆتىرىپ كىرگەندە، ھويلىدا بىر نېمىلەرنى قىلىپ ژۈرگەن ئانا ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي، خۇدايمەي، يەنە نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئاچتى. ئۆينىڭ بىر چېتىگە كۆرپە سېلىپ، بېشىغا تەھىيە قويۇپ مېھرىباننى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. ئانا قىزىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپىدى.

— يا، ئاللا، ئوت چىقىپ تۇرىدىغۇ.

— ئاپا، ئاۋايلاپ مەكتەپ كىيىمنى يېشىپ، ئۆيدە كىيىدىغان كۆينىگىنى كىيگۈزەيلى.

— ئاچىق، بالام، كۆينىگىنى، — دەپ مېھرىباننىڭ ئۇچىسىدىكى كۆينىگىنى يېشىپ، ماھىنۇر بەرگەن ھال رەڭلىك چىت كۆينەكنى كىيگۈزدىدە، ساندۇق ئۈستىدە تىزىقلىق ئورۇن-كۆرپىلەردىن بىرىنى ئېلىپ ياپتى.

— يا، ئاللا، بۇ بالىنى قانداقمۇ قىلارمەن؟ قوناققا چىقما، سوغ تېگىپ يەنە ئاغرىپ قالسەن دېسەم، سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدى. مانا ئەندى نېمە بولدى؟ — دەپ ژىغا ئارىلاش يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى.

— ئاپا، مەن بىر چىنە چاي ئىچىپ، دوختۇرنى چاقىرىپ كېلەي. قورقما، ياخشى بولۇپ قالىدۇ.

ماھىنۇر جوزا قويۇپ دەستىخان سالدى. ئۇ قازان بېشىدا تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


كورىدىكى تاۋلىنىپ قالغان چايدىن ئىككى پىيالىغا قۇيۇپ، بىر پىيالىنى ئاپىسىغا سۇندى. ئانا چاينى قولىغا ئېلىپ:
— مېھرىبان، بېشىڭنى كۆتىرىپ ئولتارغىنە، قىزىم، — دېدى.
قىز ئۇسساپ قالغانلىقتىن چاينى ئىچتى، لېكىن مەيدىسى بىر تۈرلۈك بولدى.
— ئاپا، داس ئەكەلگىنە، قۇسقۇم كېلىۋاتىدۇ.
چاي ئىچىپ ئولتارغان ماھىنۇر ژۇگرەپ چىقىپ تالادىن داس ئېلىپ كىردى. مېھرىبان ئىچكەن چاينى قايتۇرۋەتتى.
— جېنىم بالام، مەيدەڭ سوۋۇپ قالدىمىكىنتاڭ؟
مېھرىبان ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتتى.
— ئاپا، بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ.
ئانا قىزىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئولتارغاندا. رۇقىيەم كىرىپ كەلدى.
— مېھرىبان ئاغرىپ قالدىما؟
— قارىمامسەن، بېشىم دەپ ياتىدۇ. تېنى ئوت-كاۋاپ بولۇپ كېتىپتۇ، ئىچكەن چايىنمۇ قايتۇرۇۋەتتى.
رۇقىيەم قىزنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ كۆرۈپ:
— مېھرىبانغا قاتتىق سوغ تېگىپتۇ. ھەدە، مېنىڭدە غۇلجىدىن ئېلىپ چىققان دورا بار، شۇنى ئىچكۈزۈپ كۆرمىلى، — دەپ ئىلدام چىقىپ كەتتى.
ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا قەغەزگە ئورالغان دورىنى ئېلىپ كىرىپ:
— مېھرىبان، بېشىڭنى كۆرتەرگىنە، مونۇ دورىنى ئىچ، ياخشى بولۇپ قالىسەن، — دەپ ئۇششاق دۈگىلەك قاپ-قارا دورىنى ئىچكۈزدى.
مېھرىبان ئۇخلاپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا ماھىنۇر يېزىدىكى دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ قىزنى تىڭشاپ كۆرۈپ: «قاتتىق سوغ تېگىپتۇ، مونۇ دورىلارنى بېرىڭلار»، — دەپ كەتتى. مېھرىبان كېچىچە ئۇخلىماي، بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي بىئارام بولۇپ چىقتى. ئۇ كېچە ئانىسىمۇ كىرپىك قاقمىدى.
ئەتىگەندە گۈلى بىلەن رۇقىيەم ئەنسىرەپ كىرىپ كەلدى. مايسىمەمنىڭ بېشى قېتىپ:
— مەن بۇ قىزنى شەھەردىكى دوختۇرغا ئاپىراي، مېھرىباننى شۇ دوختۇر ياخشى قىلغان، — دېدى.
— مەن سېنىڭ بىلەن بىللە باراي، — دېدى رۇقىيەم.
مايسىمەم بىلەن رۇقىيەم قىزنى ئېلىپ ئېشەك-ھارۋىدا ياركەنتكە

باردى. مېھرىباننى ئالدىنقى قېتىم دوختۇرخانىغا ياتقۇزغان قىز ئۇنى تىڭشاپ كۆرۈپ، چىقىپ كەتتىدە، ئىككى دوختۇرنى باشلاپ كىردى.

— ھەدە، سىز كورىدورغا چىقىپ ئولتىرىپ تۇرۇڭ، بىز قىزىڭىزنى تەكشۈرەيلى. قورققىنىدىن ئانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ چىقىپ كەتتى.

قىزغا كېزىك دېگەن دىاگنوز قويۇپ، شۇ كۈنىلا دوختۇرخانىغا ياتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچىنى كېسىپ، ئوت كۆيۈۋاتقان پەشكە تاشلىدى. مېھرىبان ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەتتى. ئەتىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئۈچ دوختۇر كىرىپ يەنە تەكشۈرەپ، بىر-بىرى بىلەن رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ، بىر قارارغا كەلدى.

— قىزىم، سېنى ئالمۇتىغا ئەۋەتىمىز. سەن كېزىك ئاغرىقىدا ئاغرىقىنىڭ يوق، قورقما، ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

ئىككى ئادەم قىزنى زەمبىلگە سېلىپ تېز ياردەم ماشىنىسىغا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. يولدا توختاپ مېھرىبانغا سۇ بەردى، ئۇكول سالدى. ياركەنت بىلەن ئالمۇتىنىڭ ئارىلىغى ئۇزاق بولغاچقا، قىز يول بويى ئاغرىققا چىدىماي راسا قىينالدى.

ئارىدىن قانچە سائات ئۆتتىكىن، ئەيتەۋىر بىر چاغدا: «مېھرىبان، بىز يېتىپ كەلدۇق»، — دەپ قىزنى زەمبىل بىلەن كۆتىرىپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى ۋە بىر بۆلمىگە ئېلىپ كىرىپ، كارىۋەتكە ياتقۇزدى. قىز ئۆزىگە كېلىپ ئۆپ-چۆرىسىگە قارىۋېدى، يەنە ئۈچ كارىۋەتتە بەش-ئالتە ياشلىق باللار قىمىر قىلماي ياتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاپىلىرى ئولتىراتتى.

ئىشىكنى ئېچىپ بۆلمىگە ئۈچ دوختۇر كىرىپ كەلدىدە، يەنە تەكشۈرەش باشلاندى. كىچىككىنە بولقا بىلەن قوللىرىغا، تىزلىرىغا ئۇرۇپ، تاپىنىغا ۋە مەڭزىگە ژىڭنە سانچىپ كۆردى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى. دوختۇرلار خېلە ۋاقىت ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ تۇردىدە، بىر خۇلاسىگە كەلگەن بولۇشى كېرەك، قىزنى كۆتىرىپ باشقا بۆلمىگە ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە ياتقۇزدى. بىر چاغدا بىرى قىزنىڭ بېشى بىلەن ئىككى تىزىنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچىسى ئومۇرتقىغا ژىڭنە سانچىغىنىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئاغرىغىنىنى، مېھرىباننىڭ جان ئاچچىغىدا قاتتىق ۋاقىرىغىنىنى ئېيتىپ يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. ئومۇرتقىغا ئۇكول سېلىپ بولۇپ، ئۇنى يەنە كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ كارىۋېتىگە ياتقۇزدى. ھەمشىرە قىز كىرىپ ئۇكول سېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېھرىبان دوختۇرخانىغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنى ھوشىنى بىلگەن بولسا، كېيىن توپ-توغرىرا ئىككى ئاي كۆز ئاچماي ياتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە دوختۇرلار ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كۈرەشتى.

بىر كۈنى قىز ئۆزىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، يېنىدا تۇرغان ئاكىسى چىرايلىق بىر قىز بىلەن ئولتىرىپتۇ. ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ كۆزىنى ئاچقىنىغا خوشال بولۇپ:

- مېھرىبان، سىز مېنى تونۇدۇڭىزمۇ؟ دەپ سورىدى.

- تونۇدۇم، سەن تۇرغان ئاكامغۇ.

- بۇ رەنا ھەدىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقىنىڭىز ھەققىدە ماھىنۇر خەتكە يازغان ئىكەن، مانا بىز يېتىپ كەلدۇق.

تۇرغانىنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ كەتتى.

- ئاكا، مېنىڭ نېمە ئاغرىق ئىكەن؟

تۇرغان جاۋاپ ئورنىغا كۆز يېشىنى ئېتىپ، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇراتتى.

- دوختۇرلار مىنىڭگىت دەيدۇ، - تۇرغانىنىڭ ئورنىغا جاۋاپ قاتتى رەنا.

- سىز، قىزچاق، قورقماڭ، ياخشى بولۇپ كېتىسىز، مەن دوختۇرلار بىلەن سۆزلەشتىم، - دېدى ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان.

- ھازىر بېشىڭىزنىڭ ئاغرىغى قانداق؟

قىز ئۆزىنى تىڭشاپ، ئاندىن:

- ياق، ھازىرچە بېشىم ئاغرىمايدۇ. مەن ياخشى، مېنى ئېلىپ كېتەمسىلەر؟ - دەپ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈردى.

- دوختۇرلار سىزنى بىر ئاز ياتىدۇ، داۋالايمىز دەيدۇ. سىز دوختۇلارنى تىڭشاڭ، ماقۇلمۇ. سىزگە ھازىرچە ئولتىرىشقا بولمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يېتىڭ. تۇرغان بىلەن رەنا خېلە ئولتىرىپ، ئەتە يەنە كېلىمىز دەپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تاماق تارتىدىغان ئايال ھەممىسىگە تاماق ئەكىرىپ بەردىدە، مېھرىباننىڭ قېشىدا ئولتىرىپ، ئۇنى ئۆزى قوشۇق بىلەن تاماقلاندۇردى.

كۈندە ئەتىگەنلىكى يېشى يېتىپ قالغان پولىنا ئىۋانوۋنا ئىسىملىك پېشانىسى ئىللىق رۇس دوختۇر كىرىپ مېيىغىدا كۈلۈپ: «قانداق، ياخشى يېتىپ تۇردۇڭلارمۇ؟» - دەپ، ھەر بىر بېمارنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتىرىپ تەكشۈرەتتى. ئۇ دوختۇرنىڭ قوللىرى شۇنچىلىك يۇمشاق،

كۆزلىرىدىن تۇگىمەس-پۈتمەس مېھىر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كېيىن-كېيىن ئۇ بۆلمىگە كىرگەندە، مېھرىبان خۇددى ئاپىسىنى كۆرگەندەك خوشال بولىدىغان بولدى. پولىنا ئىۋانوۋنا كۈندە كىرىپ تەكشۈرەپ: «بۈگۈن سەن ياخشى، سېنىڭ ياخشى بولۇۋاتقىنىڭغا، مەن خوشال»، - دەپ قىزنىڭ بېشىنى سىيپاپ قوياتتى. دوختۇرلار مېھرىبانغا كۈندە تۆرت قېتىم ئۇكول سېلىپ، تۈرلۈك دورىلارنى ئىچكۈزەتتى، ئايدا بىر قېتىم ئومۇرتقىغا ئۇكول سالاتتى.

بىر كۈنى مېھرىبان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇزاق ۋاقىت چۈشىنى ئويلاپ ياتتى. چۈشىدە ئۆزىنىڭ مەلىسىنىڭ تۆۋىنىدە يالغۇز قاپتۇ. ھەممە يەر پاتقاق بولغاچقا، ئىككى پۇتى پاتقاققا پېتىپ، چىقالماي ئۆپ-چۆرىسىگە قارىسا، ئەتراپى قاپ-قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇ قورققىنىدىن ژىغلايدۇ. شۇ چاغدا قاياقتىندۇ دادىسى بىر قارا ئاتقا مىنىپ كېلىدۇ. ئۇ قىزنى يەردىن كۆتىرىۋېلىپ ئاتقا مىنگۈزۈپ ئېلىپ ماڭدى. بىر چاغدا قارىسا ئۆزلىرىنىڭ كوچىسىغا كېلىپ قاپتەك، دادىسى:

- مانا، مونۇ يول بىلەن ئۇددۇل ماڭساڭ ئۆينى تاپىسەن، قىزىم، - دەپ قىزنى ئاتتىن يەرگە چۈشىرىپ قويۇپ، ئۆزى يوقاپ كېتىدۇ.

مېھرىبان دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئەسلەپ، ئۈننى چىقارماي ژىغلايدۇ.

بۆلمىگە كىرىپ كەلگەن پولىنا ئىۋانوۋنا قىزنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ:

- قانداق ئەھۋال، قىزچاق؟ نېمىشكە ژىغلىدىڭ؟

مېھرىبان ئۇ چاغدا رۇس تىلىنى ياخشى بىلمەتتى. شۇنداق بولسىما بىلگىنىچە چۈشىنى دوختۇرغا ئېيتىپ چۈشەندۈردى. دوختۇر قىزنىڭ بېشىنى سىيپاپ:

- بۇ چۈشۈڭ ئىنتايىن ياخشى. سەن بۇ ئاغرىقتىن ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ئەندى مەن سېنى تەكشۈرەي، قىزچاق، - كۈندىكىدەك بولقىسى بىلەن قوللىرىغا، تىزلىرىغا، مەگزىلىرىگە ئۇرۇپ كۆردىدە، قىزنىڭ كۆزىگە كۈلۈپ قاراپ: - بۈگۈن دوختۇرخانىدا ياتقىنىڭغا بەش ئاي بولدى، سەن ياخشى بولۇۋاتىسەن. ھازىر سېنى ئولتارغۇزىمەن، - دەپ قىزنىڭ بېشىنى كۆتىرىپ ئولتارغۇزدى. - ئەندى ئۆزەڭ ئولتىرىپ تامىغىڭنى يەيسەن، لېكىن ئۇرغۇن ئولتىرىشقا بولمايدۇ، ماقۇلمۇ، - دەپ يەنە ياتقۇزۇپ قويدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كۆنلەر بىلىنمەي ئۆتتۈپ، ياتقىنىغا يەتتە ئايمۇ بولدى. ئەتىگەنلىك تەكشۈرەشكە كىرگەن دوختۇر مېھرىبانغا تولىمۇ ئۈزاق قارىدىدە:

ـ قىزچاق، بۈگۈن يەر دەسسەپ ماڭىسەن، مانا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭ، قورقما، ـ دەپ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بۆلمە ئىچىدە ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ماڭغۇزۇپ كۆردى.

ـ بېشىڭ قېيىۋاتامايدىغاندۇ؟ پۇت ـ قولىڭدا ماغدىر بارمۇ؟

ـ بېشىم ياخشى، ماغدىرىم بار، ـ دېدى قىز ئۆزىنىڭ يەنە يەر دەسسەپ ماڭغىنىغا خوشال بولۇپ.

ـ مېھرىبان، بۈگۈنچە موشۇ ماڭغىنىڭ يېتەر. ئەندى كۈندە ئاستا ـ ئاستا مېڭىڭ ھويلىغىمۇ چىقىدىغان بولىسەن، ـ دەپ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ كارىۋەتكە ئەكىلىپ ئولتارغۇزدى. ـ سېنىڭ ئېسىڭدە بارمۇ، چۈشۈمدە دادامنى كۆردۇم دەپ ژىغلىغاندا، مەن ساڭا بۇ ياخشى چۈش، سەن بۇ ئاغرىقتىن ياخشى بولىسەن دېگەنغۇ.

مېھرىبان ئۇ كۈنى شۇنچىلىك بەختلىك ئىدىكى، پولىنا ئىۋانوۋانى قۇچاقلاپ:

ـ مەن سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. سىزگە چوڭ رەخمەت، ـ دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ـ مەنمۇ سېنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن، ـ دېدى دوختۇر يۇمشاق قوللىرى بىلەن قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

بۆلمىدە باللارغا قاراپ ئولتارغان ئانىلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

ـ بىزنىڭمۇ باللىرىمىز موشۇ قىزدەك ياخشى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتسۇن، ـ دېيىشتى...

مېھرىبان دوختۇرخانىدا توققۇز ئاي يېتىپ ياخشى بولغاندا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ياتقان ئۈچ قىزغا قوشۇپ، ئالتە ئايغا باللار ساناتورىياسىگە دەم ئېلىشقا ئەۋەتتى.

ئۇ يەردە باللار دەم ئېلىش بىلەن بىللە دەرىسنى ئوقاتتى. بۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان ھەممە باللارنى مۇئەللىملەر كېلىپ ئوقۇتاتتى. مېھرىبان دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسىمۇ، ئۆزىنى ھاياتقا قايتا ئېلىپ كەلگەن مېھرى دەريا دوختۇر پولىنا ئىۋانوۋانى، بارلىق ھەمشىرىلەرنى

ئۇنتماي ئەسلەپ، ئۇلارغا چەكسىز مىننەتدار ئىكەنلىكىنى دايىم سۆزلەپ ژۈرەتتى...

***

– مېھرىبان، كىچىككىنە تۇرۇپلا ئۆمۈر بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدا قېلىپ كۈرەش قىلغان، دادىسىنىڭ روھى يۆلەۋالغان قىز سىز ئۆزىڭىز ئەمەسسىز؟ – دېدى رۇس.

مېھرىبان جىم-جىت ئويلىنىپ ئولتىرىپ قالدىدە:

– بەلكىم، – دەپ قويۇپ ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانا كۆڭلى بالىدا



مايسىمەم بىچارە مېھرىبان دوختۇرخانىدىن چىققىچە كېچە-كۈندۈز خىيال قىلىپ يىغلاپ، كۆزلىرىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بولدى. قالغان قارا چاچلىرى ئاقىرىپ، ئۈزىدىكى قورۇقلىرى چوڭقۇرلىشىپ، مۈكچىيىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى.

ئوغلى تۇرغان ئايالى رەنانى ئېلىپ ژۇتقا قايتىپ كېلىپ، ئانىسى بىلەن سىڭىللىرىغا يۆلەك بولدى. رەنا ئوتتۇرا بويلۇق، قەلەم قاش، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، دۈگىلەك ئۈزلۈك، ئاددىي ۋە ئېغىر-بېسىقلىق چىرايلىققىنە ئىدى. مايسىمەم ئۇنى كېلىنىم دېمەي قىزىم دەيتتى.

تۇرغان يېزىدىكى ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە مۇدىر، ئايالى رەنا مۇئەللىم بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ماھىنۇر مەكتەپنى تاماملاپ، ياركەنتتىكى پېدوگوگىكىلىق ئىنىستىتۇتتا ئوقۇماقتا. مېھرىبان ئامان-ئېسەن ئۆيگە كېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. مايسىمەمنىڭ كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ، خۇداغا شۈكرى قىلىپ، ئۆيدىكى نەۋرىلىرىگە قاراپ ۋاقتى ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ تۇرغان بىلەن رەنانىڭ ئىككى ئوغلىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى تۇرسۇن بىلەن تۇرغاننىڭ كىچىك چاغلىرىنى ئەسلەيتتى.

ھەش-پەش دېگىچە ئامانجانمۇ مەكتەپنى تاماملىدى. ئاق پەرتۇق كىيىپ، چاچلىرىغا ئاپپاق بانتىك تاقىغان قىزلار بىلەن ئاق كۆينەك، قارا كاستيۇم كىيىپ چوڭلاردەك گالستۇك تاقىغان ژىگىتلەر قوللىرىغا دەستە گۈللەرنى تۇتۇپ مايسەمەملەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ باراڭ ئاستىغا ياسالغان پاكا بوگلۈكتە ئولتىراتتى. ئالدىغا كېلىۋاتقان نەۋرىسى ئامانجاننى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى.

- جېنىم بالامەي، چوڭلا ژىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ.

ئامانجان مومىسىنى سۆيۈپ: «موما، بىز بۈگۈن مەكتەپنى تاماملىدۇق»، - دەپ قولىدىكى بىر قۇچاق گۈلنى مومىسىغا تۇتتى. ئانا گۈلنى قولىغا ئېلىپ نەۋرىسىنى سۆيۈپ:

- ھەي، جېنىم خۇدايىم، بۇ خوشاللىقنى داداڭ بىلەن بوۋاڭ كۆرسەبولماتتىمۇ؟ تۇرسۇن بالام كىرىپ كەلگەندەك بولدى. داداڭغا شۇنداق ئوخشاپ كېتىپسەن، ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن، بالام، - دەپ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

مايسەمەم گۈلنى قىزى مېھرىبانىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، قۇلىغىغا بىر نېمە دېدى.

مېھرىبان ئۆيگە ژۈگرەپ كىرىپ، بىر پەتمۇس تاتلىق ئېلىپ چىقىپ ئانىغا بەردى. مايسەمەم ئامانجان بىلەن بىللە كەلگەن ژىگىت-قىزلارغا:

- بۈگۈن سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا ئىنتايىن خوشاللىق كۈن. بۇ مەكتەپ تاماملىغىنىڭلارغا چاشقا، - دەپ پەتمۇسنى تۇتتى.

باللار ئانىغا رەخمەت ئېيتىپ، تاتلىقلاردىن ئېلىشتى.

- خويما ئۇبدان كىرىپسلەر، غىزە تەييار بولۇپ قالدى، ئولتىرىڭلار.

- ياق، بىز ئالدىرايمىز، موما.

- بوپتۇ، يولۇڭلاردىن قالماڭلار، باللىرىم، مەن سىلەرگە بىر دۇئا بېرەي.

ئانا قوللىرىنى كۆتەردى.

- ئېي، خۇدا! موشۇ باللارنىڭ بەختىگە زامانىمىز تېچ بولسۇن! بىز كۆرگەن ئېغىرچىلىقلارنى، جۇدالىقلارنى بۇلار كۆرمىسۇن! ئۆمرۈڭلار ئۇزاق بولسۇن، ئالدىڭلارغا قويغان مۇرات-مەخسىتىڭلارغا يېتىڭلار! يولۇڭلار ئاق بولسۇن! باللىرىم، ئاللا سىلەرگە يار بولسۇن، ئامىن! - دەپ ئۈزىنى سىيپىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


باللارمۇ دۇئا قىلىشىپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. مايسىمەم باراڭدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى...

ژىللار غۇيۇلداپ نىمە دېگەن چاپسان ئۆتمەكتە. تۇرسۇن ئۇرۇشقا كەتكەندە، قوساقتا قالغان ئامانجان بۈگۈن مەكتەپنى تاماملاپ، چوڭ ھايات يولىغا يوللانما ئاپتۇ. ھەممىسى تۈنۈگۈنلا بولغاندەك. مايسىمەم نەۋرىسى توغرىلىق ئويلاپ ئولتارغاندا، ئىشتىن كەلگەن تۇرغان بىلەن رەنا باراڭغا كىرىپ كەلدى.

– ئاپا، ئويغا چۆكۈپ كېتىپسەنغۇ؟

– قارىمامسەن، ئامانجان ئوقۇشنى تاماملاپ دوستلىرى بىلەن كىرىپتۇ. ئۇ چوڭلا ژىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئەندى ئۇمۇ سىنىڭ ئوخشاش ئوقۇيمەن دەپ كېتىدۇ دېگىنە.

– نەۋرەڭ چوڭ بولۇپ، ئوقۇشقا بارىمەن، بىلىم ئالىمەن دېسە، ئۇ بىر بەخىت ئەمەسمۇ، ئاپا.

– ئۇغۇ شۇنداققۇ، بالام، لېكىن ئامانجان ژىراققا كېتىدۇ ئەمەسمۇ. مەيەدە ژۈرسە، ئەتىسى كۆرمىسەم ئاخشىمى كۆرۈپ، كۆڭلۈم توق ژۈرەتتىم. داداڭ رەمتى ئامانجانغا ئاتاپ قويغان كالىنى موزىيى بىلەن سېتىپ، ئاخچىسىنى نەۋرەمگە بەرگىن. ئاز بولسىما، بىر يېرىگە ياراپ قالار.

– ماقۇل، ئاپا، دادام ئاتىغان بولسا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماي بېرىمىز.

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن ئولتارغاندا، سائادەت كىرىپ كېلىپ ئولتىرىڭ، – دەپ كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى.

رەنا قازاندىن دەم يەپ تەييار بولغان پولۇنى يوغان تاۋاققا ئېلىپ، ئۈستىگە گۆشلەرنى رەتلەپ سېلىپ، جوزىغا قويدى. مېھرىبان تەرخەمەك، پومىدور، لازا، پىياز، قىلياشلارنى توغراپ خام سەي قىلىپ، ئىككى تەخسىگە سېلىپ جوزىغا قويدى.

– تاماققا باقىلى، باللىرىم، قانداق بولدىڭلار؟

ئولتارغانلار سەي بىلەن ئاشنى ئىشتەي بىلەن يېيىشتى. ئاش يېيىلىپ، رەنا بىر كورىغا قايماقلىق قىلىپ ئەتكەن چاي ئەتىندە، ئولتارغانلارغا بىر چىنىدىن قۇيۇپ سۇندى. ئۇلار ئالدىرىماي چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، تۇرغان:

– ھەدە، ئامانجان ئالمۇتىغا ئوقۇشقا بارىمەن دەمدا؟ – دەپ سورىدى.

– ھە، شۇ تۇغرىسىدا سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ كەلدىم.

ئامانجان 81 ياشقا كىردى، مەكتەپنى تۈگىتىپ قولىغا شاھادەتنامە ئالدى. ئەندى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئالمۇتىغا ئوقۇشقا بارماقچى. ئۆيدىن ژىراققا ئەۋەتىشتىن قورقۇۋاتىمەن. شۇڭلاشقا سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باللىرىمنى ئېلىپ ئالمۇتىغا كۆچەيمىكىن دەيمەن.

بۇ سۆزدىن كېيىن ئولتارغانلار ھەممىسى بىر دەقىقە جىم بولۇپ قالدى.

– ۋاي، بالام، ئەگەر كۆچۈپ كەتسىڭىز، بىز سىلەرنى كۆرمەيمىزما؟

– ئاپا، سەن ئالدىرىما، – دېدى تۇرغان.

– نېمشكە كۆرۈشمەيمىز، بۇتۇغلۇپ ئۆسكەن ژۇتۇمدا قېرىنداشلىرىم بار، سىلەر بار، كېلىپ-كېتىپ تۇرىمىز، سىلەرمۇ بېرىپ تۇرىسىلەر. ئەسقەرجان ۋاپات بولغىنىغا بىر يېرىم ژىل بولدى. قالغان ئۆمرۈمنى ئامانجانغا ۋە گېزەك قىزلىرىم پاتىمە بىلەن زورەمگە بېغىشلايمەن. شەھەردە باللىرىمغا كۆز-قۇلاق بولۇپ ژۈرسەم دېگەن ئويۇمغۇ، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

– دۇرۇس ئويلاپسىز، ھەدە، بۇ كۈزى ئېچىلمىغان باللار يامان يوللارغا كىرىپ كەتمىسۇن. ئەندى ئالمۇتىدا ئۆي ئالغىدەك ئاخچا بارمۇ؟

– بىر ئاز ژىققىنىم بار، قورادىكى ماللارنىڭ بىر قانچىسىنى ساتىمەن. ئۆمەر ئۇنىڭغا قارشى بولماس دەپ ئويلايمەن.

– دادام رەھمەتلىك ئامانجانغا بىر موزايلىق سىيىر ئاتاپ قويغان ئېكەن، ئۇ مالنىمۇ سېتىپ، ئاخچىسىنى سىزگە تاپشۇرىمىز، – دېدى تۇرغان.

– رەخمەت، ھېلىما ئامانجان تۇغۇلغاندىن بېرى ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇپ تۇردۇڭلار.

چوڭلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتارغان مېھرىبان:

– سائادەت ھەدە، ئەگەر سىز ئالمۇتىدا تۇرسىڭىز، مەنمۇ بىر ژىلدىن كېيىن، چوقۇم، ئوقۇشقا بارىمەن.

– توغرا، بېرىڭ! ئوقۇشقا بارغانلارغا ئىشىكىم دايىم ئوچۇق، – دېدى كۈلۈپ سائادەت.

تۇرغان ئويلىنىپ ئولتىرىپ:

– ھەدە، سىز ئامانجان بىلەن بېرىپ ئۆي ئېلىڭ، ئاندىن كېلىپ ژۈكلىرىڭىزنى ژىغىڭ. ئۆمەرنىڭ ژۈك ماشىنىسىغا بېسىپ ئاپىرىپ، ئۆيۈڭىزگە كىرگۈزۈپ بېرەيلى. ئاندىن ئۆزىڭىزگە لايىق ئىش ئىزدەپ تاپارسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



ــ مېنىڭمۇ ئويۇم شۇ. ئەلۋەتتە، ئىش تېپىشىم كېرەك، ئىشلىمىسەم بىزنى كىم باقىدۇ.

مايسىمەم:

جېنىم بالام، قىينالسىڭىز كېلىپ قىشقا كۆكتات بولسىمۇ ئېلىپ كېتەرسىز. تۇرغانىمۇ قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئاپا، مەن سىلەردىن مىننەتدارمەن، 18 ژىلدىن بېرى ئاتا ــ ئانامنىڭ ئورنىدا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدىڭلار، رەخمەت. ئاپا، رىسقىمىز كۆتىرىلىپ ئالمۇتىغا بېرىپ جايلاشقاندىن كېيىن، سىلىنى ئېلىپ كېتىمەن. بىز بىلەن بىرەر ژىل تۇرسىلا. باللارمۇ بېرىپ تۇرسۇن.

باياتىن سۆزگە ئارىلاشماي تىڭشاپ ئولتارغان رەنا:

ــ سائادەت هەدە، ئاڭلىدىڭىزمۇ، بىزنىڭ مەكتىۋىمىز بۇ ژىلدىن باشلاپ يەتتە ژىللىق بولىدىغان بولدى. ئەندى بالىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، مۇئەللىملەر كېرەك بولىدۇ. سىز شۇنچە ژىل ئىشلىگەن مەكتەپنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز.

ــ قاداق قىلىمەن، سىڭلىم، ئامالىم يوق. لېكىن هەر كەلگەندە ئۇستازلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاپ تۇرىمەن. 18 ژىل ئەمگەك قىلغان بۇ مەكتەپ مېنىڭ ئىككىنچى ئۆيۈمگە ئايلانغان ئېدى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندا مايسىمەم: «قەيەردە بولساقمۇ، ئامان بولايلى، ياشلار مۇرادىغا يەتسۇن»، ــ دەپ چايغا دۇئا قىلدى. سائادەتمۇ خوشلىشىپ ماڭدى.

سائادەت كەتكەندىن كېيىن مايسىمەم ئۇنىڭ تەغدىرىگە ئېچىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتىرىپ قالدى. راستلا، «باشتا بەرمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ هەققى بارمۇ» دېگەندەك، سائادەت تۇرسۇننى ئۇرۇشتا خەۋەرسىز يوقاپ كەتتى دېگەن خەۋەردىن كېيىن، قانچە ــ قانچە تونلەرنى كىرپىك قاقماي ژىغلاپ ئاتقۇزدى. ئامالىنىڭ يوقىدىنلا ئەسقەرجانغا تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۇنى ياخشى كۆتۈپ باقتى. سائادەتنىڭ كۆتۈمى بىلەنلا ئەسقەرجان خېلە ياشىدى.

ئۇلار ئەسكى ئۆينى بۇزۇپ تاشلاپ، ئورنىغا يوغان، ئېگىز ئۆي سالدى. سائادەت ئەسقەرجاندىن پاتەم بىلەن زورەم ئىسىملىق قوش گېزەك قىز تاپتى. تاجىگۈلدىن قالغان ئىككى بالىنىمۇ ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ياخشى تەربىيىلىدى. قىزى ئامىنەم چوڭ بولۇپ، بىر ژىگىت بىلەن سۆزلىشىپ، ئەلچى كىرگۈزدى. ئاتا ــ ئانىسىمۇ ماقۇل كۆرۈپ، چىرايلىق توي ياساپ تاللىق قىلدى.

ئوغلى ئۆمەر ئارمىيادىن كېلىپ شوفېرلۇق كۇرسىنى تۈگىتىپ،

كولخوزغا ئىشقا كىردى. بىرەر ژىل ئىشلەپ، يېزىدىكى خالىدەم ئىسىملىق قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. ئۇنىڭمۇ تويىنى ياساپ، نېكا قىلىپ يېڭى كېلىننى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئەندى سالغان يورۇق، چىرايلىق ئۆيدە ھەممىسى ئىناق ياشاۋاتاتتى. ئەسقەرجان شۇ ژىلى كېچىچە ئاغرىپ، ئەتىيازلىغى ۋاپات بولدى. مانا ئۇنىڭ قايتىش بولغىنىغىمۇ بىر يېرىم ژىل تولدى.

سائادەت مايسىمەنىڭ ئۆيدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆمەر بىلەن خالىدەمگە ئۆز ئويىنى ئېيتتى.

– باللىرىم، ئىككىڭلار موشۇ ئۆيدە ئاتا–ئانىڭلارنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، باللىرىڭلارنى چوڭ قىلىپ بەختىلىك ياشاڭلار.

ئۆمەر بىلەن خالىدەم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھەيران بولۇپ قارىدى.

– ھەدە، سىز بىر ياققا كەتمەكچىما؟

– مەن ئامانجان، پاتەم، زورەملەرنى ئېلىپ ئالمۇتىغا كۆچۈپ كېتەي دەيمەن.

– نېمىشكە، بىز سىزنى رەنجىتىپ قويدۇقمۇ؟

– ياق، ياق، خاتىرجەم بولۇڭلار. ئامانجان ئىنستىتۇتتا ئوقۇيمەن دەيدۇ. مېنىڭ ئۇنى يالغۇز ئەۋەتكۈم كەلمەيدۇ، ئوغلۇمنىڭ يېنىدا بولاي. قىزلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، مەكتەپنى تاماملاپ ئۇلارمۇ چوڭ ئوقۇشلاردا ئوقىسۇن. ئەندى قالغان ھاياتىمنى باللىرىمغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلىشقا بېغىشلايمەن. سىلەرنىڭ باللىرىڭلارنىڭمۇ ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىمەن.

ھەممىسى جىم بولۇپ قالدى.

– ھەدە، سىز ئەقىللىق ئانا، بىز سىزدىن مىننەتدارمىز. ئەگەر بەڭۋاشلىق قىلىپ كۆڭلۈڭىزنى رەنجىتىپ قويغان بولساق، كەچۈرۈڭ. بۇ ئۆي سىزنىڭ ئۆيۈڭىز، قانچە تۇرىمەن دېسىڭىز ئۆز مەيلىڭىز. سىز ئانا، بىز بالا بولۇپ قالايلى. ئامانجان ئۆزەمنىڭ ئىنىم، ئىككى سىڭلىم بىلەن ھەممىمىز بىر ئائىلە. بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ، سىز بىزگە كېرەك.

– شۇنداق دېگىنىڭگە رەخمەت، ئۆمەر.

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپكە ئارىلاشماي تىڭشاپ ئولتارغان خالىدەم ژىغلامسىراپ:

– ھەدە، بىز بىر–بىرىمىزگە شۇنچىلىك ئىچەكىشىپ كېتىۋېدۇق، قانداقمۇ ئايرىلارمىز، – دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پاتەم بىلەن زورەم كېلىپ ھەدىسىنى قۇچاقلاۋالدى.
– ژىغلىماڭلار، ھەدە، بىز كېلىپ تۇرىمىز.
سائادەتمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.
– شۇنداق قەدىرداناىلىغىڭلارغا رەخمەت. ماڭىمۇ سىلەردىن ئايرىلىش يېنىك بولۇۋاتقىنى يوق.
– ھەدە، سىز ئامانجان بىلەن بېرىپ ئاۋال ئۆي ئېلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىۋېلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق-تۇققانلارنى ژۇتنى چاقىرىپ بىر چىنە چاي قىلىپ، سىزنى چىرايلىق ئۇزىتايلى. ژۇكىڭىزنى ئۆزەم بېسىپ ئاپىرىپ بېرىمەن، – دېدى ئۆمەر ئۆزىنى تۇتۇپ.
– مەنمۇ شۇنداق ئويلىۋېدىم، – دېدى ئىچىدە ئۆمەردىن بەك رازى بولۇپ تۇرغان سائادەت.
– ھەدە، قورادىكى دادام ئىككىڭلارنىڭ، بىزگە ئاتىغىنىڭىزنى بېرىڭ، قالغان مالنى سېتىپ ئاخچىسىنى سىزگە تاپشۇراي، ياقا ژۇتتا سىلەرگە پۇل كېرەك بولىدۇ.
ئەلۋەتتە، ئۆزەك تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ژۇتنى تاشلاپ كېتىش ئىنتايىن ئېغىرغۇ. بارغان يەردە نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى بىر ئاللا بىلىدۇ. لېكىن سائادەت كېتىشكە قەتئىي بەل باغلاپ، ھەممىسىنىڭ رازىلىغى بىلەن ئالمۇتىغا كۆچۈپ كەتتى...

***

– ھەممىگە قەتئىي بەل باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈر يولىنى ئۆزى بەلگۈلەپ ياشاش بىزنىڭ ئامېرىكىلىق ئاياللارنىڭ ھايات تەرىزى. سائادەتنىڭ باللىرىنىڭ كېلەچىگىنى ئويلاپ، بىر ئۆزىگىلا ئىشەش قىلىپ چوڭ شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىگى ماڭا يېقىۋاتىدۇ، – دېدى رۇس.
– سائادەتنىڭ باللىرى ئۇچۇن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىدىغانلىغى ئېنىققۇ. بىراق ئانا ژۇت مېھرى، يەنى باللىغىڭىنىڭ ئىزلىرى قالغان يەرنىڭ مېھرى بەرى بىر ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداقلىغىغا كېيىنىرەك كۆز يەتكۈزىمىز. تىڭشاۋېرىپ ھېرىپ قالمىغانسىز؟ – مېھرىبان رۇسقا قارىدى.
– ياق، ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن بۇ ھەر خىل تەغدىرلەرنىڭ ئاخىرى قانداق ئاياقلىشىدىغانلىغىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتىمەن.

# دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر



ئۇ ئالمۇتىنىڭ «تاستاق» مەھەللىسىدىن كىچىككىنە ئۈچ ئېغىز ئۆز سېتىۋالدى. مۇئەللىملىك ئىش تاپالمىغاچقا، سېتىقچىلارنىڭ 3 ئايلىق كۇرسىنى ئوقۇپ، ئۆيىنىڭ يېنىدىكى گېزىت ساتىدىغان كىئوسكىغا ئىشقا كىرىپ، ئەتىگەنلىك 7دىن كەچكى سائات 7 گىچە ئىشلەتتى.

ئامانجان ئۆزى ئارمان قىلغان يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئاگرونوملارنى تەييارلايدىغان فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشتى. يەتتىنچى سىنىپقا كۆچكەن پاتەم بىلەن زورەم ئوقۇشنى شەھەردە داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئالمۇتىدا ھايات كەچۈرۈش قىيىن بولغاچقا، سائادەتكە ئىككى ئىشتا ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئۇ كۈندىزى كىئوسكىدا ئىشلەپ، كەچتە قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ بىر ئىدارىنى ژۇيۇپ، تازىلاپ كېلەتتى. قېشىدا تونۇش-بىلىش، ئۇرۇق-تۇققانلار يوق ئۈچۈن، ئالمۇتىغا ئۈگەنگىچە بىر ئاز قىينالدى، سەۋەۋى شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىلا بولۇپ، خوشنا-خولۇملارمۇ ئانچە ئارىلاشمايدىكەن.

بىر يەكشەنبىدە سائادەت خوشنىلىرى نادە، رازىيە، مۇبارەك، جەمىلەلەرنى چايغا چاقىردى. تۆرت خوشنىسى كىرىپ سايىپخانىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەتكەن تاتلىق مانتىسىنى يەپ، بىر چىنىدىن ئۈيغۇرنىڭ ئەتكەن چېيىنى ئىچىپ يېقىندىن تونۇشتى.

— مەنمۇ سىز ئوخشاش يالغۇز، قىزىم توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ. قىزىمنىڭ ئىسمى غۇنچەم، قىزلىرىڭىز كىرىپ ئارىلىشىپ ژۇرسۇن، — دېدى مۇبارەك.

— سىز نەدە ئىشلەيسىز؟

— مەن زاۋۇدتا ئىنژىنېر بولۇپ ئىشلەيمەن. يولدىشىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن.

ھەممىسى جىم بولۇپ قېلىشتى. تولۇق كەلگەن نادە ئاپا چاينى سۇمۇرۇپ:

— مەن يولدىشىم كولە بىلەن تۇرىمەن. بىز — پېنسونېرلار. باللىرىمىز ئۆيلىنىپ، بىزدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. بىر شەھەردە ياشىغان بىلەن، كۆندە كۆرۈشمەيمىز، پەقەت مەيرەملەردىلا باللار نەۋرىلەرنى ئېلىپ كېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئىشلىگەچكە، كەلمىدىڭمۇ دېمەيمىز، — دەپ ئائىلىسى توغرىلىق قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتارغان رازىيە مۇڭلىنىپ قالدى.

— سېنىڭ كولەرىڭ بار، ياخشى. مەن بوۋىيمدىن ئايرىلغىنىمغا بىر ژىل بولدى. يالغۇز قالدىم. كىچىككىنە بېغىم بار، كۆكتات تېرىپ ساتىمەن. قىشقا ئاز-تولا بىر نېمىلەرنى چىلاپ قويىمەن. بىر پېنسىياگە قاراپ ئولتارساڭ، ھېچ نېمىگە يەتمەيدۇ.

— مەنمۇ بېغىمدا ئۆستەرگەن كۆكتاتتىن ئەللىك بانكا سالات ياسىدىم. تەرخەمەك، پومىدورلارنى چىلاۋاتىمەن. ئۇنىڭسىز شەھەردە ياشاش قىيىن. شەھەردە ھەممە نەرسە ئاخچا تۇرغاچقا، قولۇمىزدىن كەلگەن نەرسىنى ياساپ قويساق، قىشتا راھەتلىنىپ يەيمىز ئەمەسمۇ، — نادە ئاپا ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى.

— مەن ئۇنداق نەرسلەرنى بىلمەيمەن. بىز يېزىلاردا پومىدور، لازىلارنى قۇرۇتۇپ ئالىمىز، — دېدى سائادەت.

— بىز ساڭا ئۆگىتەيلى، قىزىم، ئۇنىڭ ھېچ تەسلىگى يوق، — دېدى نادە ئاپا.

— رەخمەت، يەكشەنبە كۈنلىرى قولۇم بوش، شۇ كۈنلىرى سىلەردىن ئۆگىنەي.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ياش قازاق قىزى جەملە بولۇپ، ئۇ ئېرىك،

سېرىك دېگەن قوش گېزەك ئوغۇللىرى بىلەن كىرگەن. تاماقتىن كېيىنلا بالىلىرىنىڭ شوخلۇقىغا خىجالەت بولۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. خوشنىلارنىڭ ئېيتىشىچە، جەمىلە بىلەن يولدىشى سەكېنىنىڭ ئائىلە قۇرغىنىغا كۆپ بولماپتۇ. سەكېن قۇرۇلۇشتا پروراب بولۇپ ئىشلەپ، ئىنستىتۇتتا سىرتتىن ئوقۇۋېدىكەن.

سائادەت خوشنىلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەر جايدا بارلىقىغا خوشال بولدى.

– قىزىم، سېنىڭ كۆڭلۈڭ پاك، مېھماندوست ئىكەنسەن. بىز سېنى كۆچۈپ كەپسەن دەپ چاقىرىشىڭ ئورنىغا، بىزنى ئىزا تارتقۇزۇپ مېھمانغان چاقىرىپ ئولتۇرىسەن. رەخمەت، قىزىم، چاي ئىچىلىپ بولغان بولسا، مەن سېنىڭ ئەجداتلىرىڭغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ قوياي، – دەپ رازىيە بېشىدىكى ياغلىقىنى جۆندەپ تېڭىپ، ئوقۇشقا باشلىدى...

شۇ چايدىن كېيىن خوشنىلار بىر-بىرىدىن ھال سورىشىپ، خوشناچىلىق قىلىدىغان بولدى. مۇبارەك پات-پاتلا سائادەتلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇزاق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرىدۇ.

ھەر يەكشەنبىدە سائادەتلەرنىڭ ئۆيى ئامانجاننىڭ ئاغىنىلىرىگە تولاتتى. ئالمۇتىدا تۇققانلىرى بولمىغاچقا، يېزىدىن بىللە كېلىپ يېزا ئېگىلىگى تېخنىكۇمىدا ئوقۇۋاتقان ئاغىنىلىرى ئاۋۇت بىلەن تايىر ھەم جامبۇلدىن كېلىپ ئامانجان بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان داۋلېت كىرىپ كېلىشەتتى.

باللار ستىپېندىيا ئېلىش ئۈچۈن ياخشى ئوقۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئالىدىغان ستىپېندىياسى يەتمىگەچكە، ھەر يەكشەنبىدە قوشۇمچە ئىشلەتتى. ئۇلار سائادەتنىڭ تاتلىق تاماقلىرىنى يەپ، ئاندىن ۋوكزالغا بېرىپ ژۈك چۈشىرىپ پۇل تاپاتتى.

سائادەت باللارنىڭ تاماقنى ئىشتەي بىلەن يېگىنىگە قاراپ: «بۇ بېچارىلەر ئۆينىڭ تاماقلىرىنى سېغىنىپ كەتتىدە»، – دەپ ئىچى ئاغراتتى. پات-پاتلا باللارغا نەسىھەتمۇ قىلاتتى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دەۋلېتنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى ئالمۇتىغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەھەردە چۈشىدىغان ئۆيى بولمىغاچقا، ئامانجان ئۆيگە باشلاپ كېلىدۇ. سائادەت ئۇلارنى ئوچۇق-چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، ياخشى كۈتۈپ مېھمان قىلىدۇ. ئەتىگەنلىگى:

– سىلەر خاپا بولماڭلار، مەن ئىشقا ماڭدىم، ئۆزەڭلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۆيۈڭلاردەك ئازادە تۇرۇڭلار. خالىغان تاماقنى ئېتىپ يەڭلار، ــ دەپ ھەممىنى كۆرسىتىپ چىقىپ كېتىدۇ.

باللار ھەممىسى ئوقۇشلىرىغا كېتىپ، ئۆيدە دەۋلېتنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بولات بىلەن زىلەيخا يالغۇز قالدى. زىلەيخا ئالدىرىماي پەچكە ئوت قالاپ، ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن بىر خالتا سوقۇم گۆشنى قازانغا سېلىپ، خېمىر ژۇغىرىپ ئىككى يېيىم ئاش يايدى. تالادا قار يېغىپ، جۇدۇن بولۇۋاتسىمۇ، مەشتە ئوت كۆيۈپ، قازاندا گۆش پىشىۋاتقاچقا، ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىق، گۆشنىڭ پۇرىغى ئادەمنىڭ ئىشتىيىنى ئاچاتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، سائادەت قىزلىرى بىلەن مۇزلاپ كىرىپ كەلدى. قازاندا قايناۋاتقان سوقۇم گۆشنىڭ پۇرىغى ئۇلارنىڭمۇ ئىشتىيىنى ئاچاتتى.

ــ كېلىڭلار، مۇزلاپ كېتىپسىلەر، مەشكە يېقىن كېلىپ ئىسسىنىۋېلىڭلار، ــ دېدى زىلەيخا.

ــ يا، ئاللا، مونۇ سوغنىڭ بولۇۋاتقىنى، ــ دەپ مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇزلىغان قوللىنى ئوتقان سۇندى سائادەت.

ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئامانجان بىلەن دەۋلېت كىرىپ كەلدى. زىلەيخا:

ــ كېلىدىغانلار ھەممىسى كەلدى. ئەندى گۆشنى ئالاي، ــ دەپ قازاندىكى گۆشنى يوغان جاۋۇرغا ئالدى.

سائادەت قولىنى ژۇيۇپ، نېپىز، دۈپ ــ دۈگىلەك يېيىلغان خېمىرنى كېسىپ، قازاندا قايناۋاتقان شورپىغا سالدى. چۆپ پىشقاندا يوغان تاۋاققا ئالدى. ئالدىن ــ ئالا ئىنچىكە توغرالغان پىيازنى كىچىك كورىغا سېلىپ، ئۈستىگە شورپا قۇيۇپ، تۇز، قارىمۇچ قوشۇپ قايىنتىپ تەييارلاپ قويغان تۇزلۇقنى چۆپنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ، ئاندىن پىشقان گۆشلەرنى سېلىپ جوزىغا قويدى. بولات يانچۇغىدىن بەككىسىنى ئېلىپ گۆشنى ئۇششاق توغراپ ھەممىسىگە بىر كېسىمدىن بېرىپ: «بەشبارماقنى ئىسسىق يېيىش كېرەك، ئېلىڭلار، باللار»، ــ دېدى. ھەممىسىنىڭ قوسىغى ئېچىپ كەتكەچكە، بىر تاۋاق بەشبارماق بىر دەمدىلا يېيىلدى. زىلەيخا قازاندىكى شورپىدىن كىچىك كورىغا ئېلىپ، سىركاي چىنىلەرگە يېرىم ــ يېرىم قۇيدىدە، ئولتارغانلارغا سۇندى. ئىسسىق شورپا ئىچىپ ماڭلىيىدىن چىققان تەرنى سۈرتكەن بولات:

ــ سائادەت، ساڭا رەخمەت، ئۈچ كۈن بولدى ئۆيۈڭدە مېھمان بولغىلى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئامانجان بىلەن دەۋلېتنىڭ دوستلۇغىنىڭ

ئارقىسى. ئۇيغۇر بىلەن قازاق ئەزەلدىنلا دىنىمىز بىر، دىلىمىز بىر قېرىنداش خەلىق. بالىلىرىمىزنىڭ دوستلۇغى مەڭگۈ بولسۇن. بىز سىلەرنىڭ بىلەن قېرىنداش بولۇپ ئارىلىشىپ ژۈرمىز، – دەپ ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى.

سائادەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خىجالەت بولدى.

– مەن سىلەرنى ياخشى مېھمان قىلالمىدىم، كۆندە ئەتىگەنلىكى كېتىپ، كەچتە كېلىپ كۆتەلمىدىم. زىلەيخا ھەدىمىزگە قازاننى تۇتقۇزۇپلا قويدۇم.

زىلەيخا يېنىدا ئولتارغان سائادەتكە قاراپ:

– سەن خىجالەت بولما، سېنىڭ قولۇڭدىنمۇ ئۇيغۇرنىڭ مېيىزلىك تاماقلىرىنى يېدۇق. گەپ يەپ-ئىچىشتە ئەمەس، سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭدە. ئوغلۇمىزنىڭ موشۇ ئۆيگە كېلىپ يېتىپ-قونۇپ ژۈرگىنىگە بىز خوشال. ئەندى سېنىڭ بىلەن تۇققان بولىمىز. كۆن ئىسسىغاندا، بىزنىڭ ژۇتقا كېلىپ مەھمان بولۇڭلار.

ئۇلار دۇئا قىلغاندىن كېيىن، پاتەم بىلەن زورەم چىنە-قاچىلارنى ژىغدى. باياتىن ئامانجاندىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ ئولتارغان بولات:

– بالام، مەن سېنى بىرىگە ئوخشىتىمەن، – دەپ قالدى.

– كىمگە ئوخشىتىسىز؟

– مەن سىلەرگە قىزىق بىر ۋاقىە سۆزلەپ بېرەي.

ھەممىسىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا قارىتىلدى.

– ئۇرۇش باشلانغاندا، مەن ژىگىرمە بەش ياشتا ئېدىم. ئۆيلىنىپ، ئىككى ئوغلۇم تۇغۇلغان. ئۇرۇشقا بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئاتلاندىم. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا قانچىمۇ ئېغىر چىلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق. نەچچە قېتىم ئوق تېگىپ، يارىدار بولۇپ گوسپىتالدا ياتتىم. كۆرىدىغان كۆنۈم بار ئېكەن، يەنە ياخشى بولۇپ ئۇرۇشقا ئاتلاندىم. 1945-ژىلى، ئۇرۇش تۈگەشىنىڭ ئالدىدا، بىر پۇتۇمدىن قاتتىق يارىدار بولۇپ، يەنە گوسپىتالغا چۈشتۇم. ئوڭ پۇتۇمنى تىزىمدىن ژۇقۇرى كېسىپ تاشلىدى. ھازىر مەن ياغاچ پۇت ياسىتىپ كىيىپ ژۈرىمەن.

مېنىڭ ئېيتاي دېگىنىم، شۇ گوسپىتالدا ياش ئۇيغۇر بالىسى بىلەن بىر بۆلمىدە ياتتىم. ئۇنىڭ بېشى قاتتىق يارىدار بولۇپ، ئۆزى كۆيۈپ، ئادەم تونىغۇسىز بولۇپ قالغان، قارىساڭ ژۈرىگىڭ چىدىمايدۇ. ئۇ ئېغىر يارىدار بولۇپ ياتقاندا، يېنىدا سىنارەد يېرىلىپ، كىيىم-كېچىگى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يانچىغۇدىكى ھۆججەتلىرىمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇ نەچچە كۈن ئېغىر ياتتى. دوختۇرلار ئۆلۈپ كېتىدۇ دېيىشتى، لېكىن بىر كۈنى كۆزىنى ئېچىپ، ئاۋاق-قوللىرىنى مىدىرلاتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، دوختۇرلار ئىسىم-نەسەبىنى، قايسى بۆلۈمچىدىن ئېكەنلىكىنى سورىسا، قاراپلا ياتاتتى. بىز ئۇنىڭ قولىغى پاك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدۇق. ئۇنىڭ ئۆزلىرى، تېنى بارا-بارا ياخشى بولدى، لېكىن ئەس-خاتىرىسى يوق، ئىسمىنىمۇ، قەيەردىن كەلگىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇرۇش تۈگەپ، بىز گوسپىتالدىن چىقتۇق. جەڭچىلەر ئۆيلىرىگە قايتقاندا، ئۇ نەگە مېڭىشىنى بىلمەي قالدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بىلەن بىزنىڭ ژۇتقا كەت، ئەگەر خاتىرەڭ ئەكسىگە كېلىپ، كىملىگىڭنى، قايسى ئېكەنلىكىڭنى ئېسىڭگە ئالساڭ، ئۆزەم سېنى ژۇتۇڭغا ئاپىرىپ قويۇمەن»، - دېدىمدە، ئۇنى جامبۇلغا ئېلىپ كەلدىم. مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ ئالتە ئوغلى بولغان، ئىككى ئاكام ئۇرۇشتا قازا تاپتى. شۇڭلاشقا ئۇ بالىنىڭ كەلگىنىگە ئاتا-ئانام خوشال بولۇپ، شۇ دوزاق ئوتىدىن تىرىك قالغىنى خۇدايىمنىڭ ئۇنى قايتىدىن بەرگىنى دېيىشىپ، ئېتىنى خۇدايبېرگېن دەپ ئاتاۋالدى. خۇدايبېرگېن بېشىدىن قاتتىق جاراھەت ئالغاچقا، تۇتقاقلىق كېسىلىگە ئۇچرىدى. دادام ئۇنىڭغا خىلە لايىقلارنى تېپىپ ئۆيلەپ قوياي دېسە، زادى ئۇنىمىدى. ئۇ ژىگىت تۇغرىسىدا نېمىشكە سۆزلەۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ژۈرىگىم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىدۇ. ئامانجان بىزنىڭ خۇدايبېرگېنگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن.

بولاتنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ئامانجاننىڭ كۆزلىرى يوغىرىپ كەتتى.

- مەن سىز بىلەن بىللە بېرىپ ئۇ كىشىنى كۆرەي.

- دادا، ئەگەر ئۇ ئامانجاننىڭ دادىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ژۈرىگىنى ئاغرىتىپ قويىسەنغى، - دادىسىغا قارىدى دەۋلېت.

سۆزگە زىلەيخان ئارىلاشتى.

- توختاڭلار، بىز سىلەرنى مېھمانغا چاقىرىمىز. كېلىپ بىزنىڭ ژۇتتا مېھمان بولۇڭلار، سىلەرنى خۇدايبېرگېن بىلەن كۆرۈشتۈرەيلى، قالغىنىنى بارا كۆرەرمىز، - دەپ سائادەتكە قارىدى.

سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىرى تۆكۈلۈپ، ژۈرىگى قاتتىق سوقۇپ، سۆز قىلىشقا ئاجىز ئېدى. ئۆيدە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئولتارغانلار ھەممىسى ئويغا كېتىشتى. جىم-جىتلىقنى ئامانجان بۇزدى.

– سىزنىڭ ھېكايىڭىزدىن كېيىن مېنىڭ مەخسىتىم بىرلا، بېرىپ شۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىش.

– مەنمۇ ئىشتىن سورىنىپ سېنىڭ بىلەن بىللە بارىمەن.

گەپ قىلماي ئولتارغان پاتەم بىلەن زورەم ئاپىسىغا قارىدى.

– بىزنى تاشلاپ كېتەمسىلەر؟

– ھە، قىزلىرىم، سىلەر مەكتەپنى تاشلىماڭلار. كەچتە ئىدارىنى ژۇيۇپ تۇرۇڭلار. مۇبارەك كىرىپ قونۇپ تۇرىدۇ.

ئەگەر قانىتى بولسا، سائادەت شۇ دەقىقىدە ئۇچۇپ كېتەتتى، بىراق ئامال يوق...

***

– ئەگەر ئۇ ئادەم تۇرسۇن بولماي قالسا، سائادەتكە تېخىمۇ ئۇگال بولىدىغۇ، مېھرىبان، مەن خۇددى سائادەتنى تونۇيدىغاندەك ئۇنىڭ بەختىسىز تەغدىرىگە ئىچىم ئاغىرۋاتىدۇ، – دېدى رۇس.

– رۇس خانىم، ھايات بىر خىلدا ئۆتمەيدىغۇ. ھىجران دەردىدە ژىغلاپ ژۈرۈپ ياشلىغىنى ژۈتەرگەن سائادەتكە تەغدىر بىر قېتىم بولسىمۇ كۈلۈپ بېقىشى كېرەكقۇ ئاخىر. شۇڭلاشقا ئاخىرىنى تىڭشاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كېچىككەن ۋىسال دەملىرى



ئەتىسى مېھمانلار، سائادەت بىلەن ئوغلى ئامانجان ھەممىسى سائەت 10دا پويىزغا ئولتاردى. ئالمۇتا بىلەن جامبۇلنىڭ ئارىلىغىدىكى توققۇز سائەتلىق يول سائادەت بىلەن ئامانجانغا ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى. يول بويى دېرىزىگە قاراپ ئولتارغان سائادەتنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت سۆيگىنى بىلەن بولغان ئاخىرقى ئۇچرىشىش، تۇرسۇن قىزنى باغرىغا قاتتىق بېسىپ، ئىككىسىنىڭ زىغلاپ خوشلاشقانلىغى تۇرۇۋېلىپ، باشقا ھېچ نېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپلا تۇرسۇننىڭ ئۆز خاتىرىسىدە قالغان گۈزەل چىرايىنى، بوي تۇرقىنى، ھەتتا قول بارماقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئايدىڭ كېچىدە ئىككىسى بىر چىشلەمدىن يېگەن توغاچنى ئەسلىدى. ئۇ توغاچ موشۇ كۈنگىچە ساقلاقلىق ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يادىغا نەچچە ژىللار بۇرۇن زەينەپخان قۇملاقچىنىڭ «ئوغلۇڭ دادىسى توغرىسىدا بىر خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى كەلدىدە: «توغرا، ئەگەر ئامانجان دەۋلېت بىلەن دوست بولمىسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن نەدىن ئۇچرىشاتتىم؟» - دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭغا خۇدايىبېرگېن دېگەن كىشى تۇرسۇن بولماي قېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ دېگەن ئوي زادىلا كەلمەتتى. سەۋەۋى سائادەتنىڭ ئاشىق ژۈرىگى

ئالدىمىغان ئىدى...

مانا شۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە سائادەت جامبۇل شەھىرىگىمۇ يېتىپ كەلدى. شەھەردە قار قېلىن، سوغ قاتتىق، ئاچچىق شامال ئۇزلەرنى چېقىپ تۇراتتى. بولات بىلەن زىلەيخا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاز دەم ئېلىپ، ئىسسىق چاي ئىچىپ، ئاندىن چوڭ ئۆيگە بېرىشنى توغرا كۆردى.

ئۇلار چوڭ ئۆيگە كەچكى غىزا ئۈستىگە كىرىپ باردى. قېرى ئاتا-ئانا مېھمانلارنى خۇش چىراي قارشى ئالدى. خۇدايبېرگېن ئۆيۈلۈپ، مېھمانلارغا قارىمايلا، بولات بىلەن كۆرۈشۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. بولات ئۇنى توختىتىپ: «خۇدايبېرگېن، مېھمانلارغا قارىغىنە، بۇ ئايالنى تونامسەن؟» - دېگەندە، ئۇ سائادەت قاراپلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىدە، تۇتقاقلىقى تۇتۇپ، ئاغزىدىن كۆۋۈك چىقىپ، پۈتۈن تېنى تىترەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاۋەتتى. سائادەت ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتىدە، يەردە تېپىرلاپ ياتقان تۇرسۇننىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ:

- تۇرسۇن، مەن سىزنى تاپتىم، كۆزۈڭىزنى ئېچىڭا! بىزنى قورقۇتماڭ، - دەپ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاۋالدى.

سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتاتتى. بولاتنىڭ ئانىسى:

«ئۇنىڭ ژۈرىگى سىلەرنى تونۇدى»، - دەپ ژىغلىماقتا. بىر چاغدا تۇرسۇن هوشىغا كېلىپ سائادەتكە قاراپ، ئۇنىڭ ئالقىنىغا ئۆزىنى قويدى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئەلەم ياشلىرى سائادەتنىڭ ئالقىنىنى ژۇيۇۋاتاتتى.

نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراپ تۇرغان ئامانجان ئىزلىنىپ ئولتىرىپ:

- دادا، مەن سېنىڭ بالاڭ، - دېگەندە، ئۇ ئوغلىنى قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپ كىچىك باللاردەك ۋاقىراپ ژىغلىدى.

شۇنچە ژىللار هىجراندا كۆيگەن ژۈرەكلەرنىڭ ۋىسال دەملىرىنى كۆرگەندە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىداپ تۇرالماي ژىغلاۋەتتى.

بۇ تەسادىپى ئۇچرىشىش تۇرسۇن، سائادەت، ئامانجان ئۈچىگە بەخىت سوغا قىلدى.

خۇدايبېرگېن قايتىدىن ئۆز ئېتى بىلەن، يەنى تۇرسۇن دەپ ئاتالدى. ئائىلىسىنى تاپقىنىغا ئۇ شۇنچىلىك خوشال ئىدىكى، ژۈرىگى تېرىلىپ كېتەي دېدى.

ئەتىسى سائادەت بىلەن ئوغلى تۇرسۇننى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىز يېڭى تور ئادرېسى



تۇرسۇننى شۇنچە زىل ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئاغرىغاندا بېقىپ قارىغان قېرى ئاتا-ئانا، خۇددى ئۆز پەرزەنتىدىن تىرىك ئايرىلىۋاتقاندەك، زىغلىشىپ ئۇزىتىپ قالدى...

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە، قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. تالاغا ئوتۇنغا چىققان پاتەم ئاپىسىنى كۆرۈپ:

- ئاپا، كەلدىڭلارما؟ ئۆيگە مەلىدىن تۇرغان ئاكام، مومام، مېھرىبان ھەدەم كەلدى، - دەپ خەۋەرلىدى.

سائادەتنىڭ زۇرىكى ئەنسىرەپ: «بۇ ئۇچرىشىشنى قېرى ئانا بىلەن تۇرسۇن كۆتىرەلەرمۇ؟» - دەپ قورقتى. ئۇ تۇرسۇننى بىرىنچى كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرى ئارقىسىدىن كىرىشتى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن تۇرغان تۇرسۇنغا قاراپلا:

- ئاكا، سەنمۇي، راست كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ - دەپ، شۇنچە زىللار كۆرۈشمىگەن ئاكا-ئۇكا قۇچاقلىشىپ زىغلىشىپ كەتتى.

نېرىقى بۆلمىدىن مايسىمەمنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى.

- نېمە بولۇشتىڭلار، ماياققا كىرىڭلار، ئادەمنى قورقۇتماي.

ھەممىسى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىشتى. تۇرسۇن ئانىسىنىڭ ئالدىغا تىز پۈكۈپ ئولتىرىپ:

- جېنىم ئاپا، تۇرسۇن بالاڭ كەلدى، - دېگەندە، ئانا بالىسىنى قۇچاقلاپ:

- زۇرىگىم بالام، تېنەپ قېلىۋېدىڭمۇ، بالام، سېنىڭ زىغاڭنى زىغلاپ كۆزلىرىم تۇتۇلۇپ كەتتىغۇ، بالام، - دەپ ئۈن سېلىپ زىغلاپ كەتتى.

ئانا-بالا ئىككىسى توختىماي ئۇزاق زىغلىدى. سائادەت:

- ئاپا، زىغلىمىسىلا، تۇرسۇن ئاغرىپ قالمىسۇن، - دېگەندىلا، ئانا توختىدى. باياتىن بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ، بولۇۋاتقان ۋاقەگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئۆرە تۇرغانلار ئولتىرىشتى. تۇرغان كۆز ياشلىرىنى ئېتىپ:

- بىز ئاپامنى كۆز دوختۇرىغا كۆرسىتەيلى دەپ ئېلىپ كەلگەن. ئاپام كۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئاق بۇلۇتتەك بىر نېمە قاپلاپلا تۇرىدۇ، غۇۋا كۆرۈمەن دېگەچكە، مېھرىبان ئىككىمىز ئېلىپ كەلدۇق. بىزمۇ تېخى ھازىرلا ئۆيگە كىرگەن. مونۇ تەغدىرنى قاراڭ، ئاكام بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن كەپتىمىز.

- سائادەت قىزىم، ئېيتىڭا قەيەرلەردە تېنەپ زۇرۇپتۇ مېنىڭ بالام؟ - دېدى ئانا تېخىچە ھاياجاننى باسالماي.

- ئاپا، سىلى ژىغلىمىسلا، قان بىسىملىرى كۆتىرىلىپ كەتمىسۇن. ژىغلىماي تىڭشىسلا، مەن سۆزلەپ بېرەي، - دەپ تۇرسۇننى قانداق تېپىۋالغانلىقىنى باشتىن ئاياق سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ ئولتارغانلارنىڭ كۆزى قۇرىمىدى. مايسىمەمنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمىسىمۇ، تۇرسۇننىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ، جاراھەت ئالغان يېرىگە كەلگەندە قولى توختاپ قالدى.

- جېنىم بالام، دۈشمەننىڭ ئوقى موشۇ يەرگە تېگىپتە، - دەپ بالىسىنىڭ گەژگىسىنى سۆيدى. - ساڭا تەككەن ئوق، ماڭا تەگسە بولماتتىمۇ، بالام.

ئانا يەنە ژىغلىدى. تۇرغان ئانىسىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ:

- ئاپا، سەۋىر قىلغىنا! ئاكامنىڭ ژىغىسىنى ژىغلاپ موشۇنداق بولۇپ قالدىڭ. ئاكامنىڭ پارىڭىنى تىڭشايلى، - دەپ ئۇنى ئاران توختاتتى.

- مېنىڭ ژۈرىگىم تۇيغۇر. تۇرسۇن بالام تىرىك، بىر كۈنى كۆرۈشمەن دەپ ئويلاتتىم. مانا، خۇدا نېسىپ قىلغان ئىكەن، كۆرۈشتۇق. داداڭ رەھمەتى سېنىڭ ژىغاڭنى ژىغلاپلا ئۇ دۇنياغا كەتتى.

تۇرسۇن ئاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

- دادام ئۆلۈپ قالدىما؟

- ھە، بالام، داداڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

شۇنچە ژىللار ژۇتىدىن، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىدىن، سۆيگەن يارىدىن ژىراقلاردا تېنەپ ژۈرگەن تۇرسۇن، ئۇلار بىلەن تېپىشىپ، باياتىن خوشاللىقتىن ژىغلاۋاتقان بولسا، ئەندى ژۈرىگىنى يەنە جۇدالىق مورلىدى. تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلۈپ كەتتى. ئانا بالىسىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئەتتى.

- سەۋىر قىل، بالام، خۇدايىم سېنى بىزگە قايتىدىن بەردى، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى.

باياتىن چاي تەييارلاپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا ژۈگرىشىپ ژۈرگەن قىزلار جوزا قويدى. مېھرىبان ئاپىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ياغلىقىنى قايتىدىن تېڭىپ:

- جۇر، ئاپا، قولىرىڭنى ژۇيۇپ كېلىپ چاي ئىچەيلى، - دەپ ئانىسىنى يېتىلەپ ماڭدى.

- سائادەت ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان يوغان سومكىلىرنى كۆرۈپ:

- بۇ سومكىلاردا نېمە بار؟ - دەپ سورىدى.

مېھرىبان سومكىلارنى ئاچتى.

- بىرىدە كۆكتات، ئىككىنچىسىدە رەنا ھەدەم يېقىپ سىلەرگە ئەۋەتكەن بىر تونۇر توغاچ.

- رەخمەت! - سائادەت سىيادان سىلىپ ياققان چىرايلىق توغاچلارنى جوزىغا قويىدى.

ئامانجان توغاچلارنى كۆرۈپ:

- ئاپا، ئەتكەن چاي ئەتكىنە، توغاچنى سىلىپ ئىچەيلى، - دەپ يوغاچنى قولىغا ئىلىپ پۇراپ قويىدى.

مېھرىبان سۇمكىدىن ئەينەك بانكىدىكى قايماقنى چىقاردى.

- ھەدە، بۇ قايماقنى گۈلى كىچىك ئاپام ئەۋەتتى.

سائادەت يوغان كورىغا قايماقلىق قىلىپ ئەتكەن چاي ئەتتى. ھەممىسىنىڭ قوسىغى ئاچقاچقا، سىيادان قوشۇپ ياققان توغاچلارنى ئۇشۇتۇپ چىنىلىرىگە سېلىپ چاي ئىچىشتى. ئانا چاي ئىچىپ ئولتىرىپ:

- بالىلىرىم، مېنى دوختۇرغا ئاپارمايلا، ئەتە تۇرسۇن بالامنى ئېلىپ مەلىگە كېتەيلىلا، - دېدى.

- ئاپا، ئۇنىمە دېگىنىڭ، شۇنچە يول بېسىپ كېلىپ سېنى دوختۇرغا قاراتماي ئېلىپ كېتمىزما. ياق، ئاپا، سېنى، چوقۇم، قارىتىمەن، - دېدى تۇرغان قەتئىي تۇرۇپ، سۆزگە سائادەت ئارىلاشتى.

- ئاپا، ئالدىرىماي سىلىنى دوختۇرغا قارىتىمىز. تۇرسۇننىمۇ قارىتىمىز.

- تۇرسۇن بالام ئاغرىقمىكىن؟ قەيىرلىك ئاغرىۋاتىدۇ، بالام؟

ئانا يېنىدا ئولتارغان ئوغلىنىڭ باش-كۆزىنى، دۈمبىسىنى سىيپىدى. تۇرغان ئۆزىنىڭ يېشىدىن خېلە چوڭ كۆرۈنىدىغان تۇرسۇن ئاكىسىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى.

- مەن مەلىگە بېرىپ، ئارخىۋتىن ئاكامنىڭ ھۆججەتلىرىنى تاپاي، ئاندىن پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن ماڭايلى. قولىدا ھۆججەت بولمىسا بولمايدۇ.

- راست دەيسىز، سىز ھۆججەتلەرنى تېپىپ قولىغا ئالغىچە، كۆشۈمباپۇ خۇدايىبېرگېن بولۇپ يۈرسۇن، - دېدى سائادەت.

چاي ئىچىلىپ، دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، ئاكا-ئۇكا تاماكا چېكىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

- سائادەت قىزىم، تۇرسۇننىڭ تىلى قازاقچىغىلا كېتىدىكەن، بايقىدىڭىزما؟ - دېدى مايسىمەم ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

— بايقىدىم، ئاپا، ئەندى ئاستا-ئاستا ئۇيغۇرچىنى تازا سۆزلەيدىغان بولىدۇ.

— قىزىم، ئۇنى باققان بوۋاي-مومايلارغا رەخمەت ئېيتىپ. سوغىلارنى ئاپىرىپ بەرسەك بولاتتى.

— تۇرسۇن ئاغرىقتىن ياخشى بولسۇن، كۈنلەر ئىسسىغاندا، بېرىپ كېلەرمىز.

— مەن بىللە بېرىپ شۇ مېھرىۋان موماي-بوۋايغا رەخمىتىمنى ئېيتسام ياخشى بولاتتى، لېكىن كۆزۈم كۆرمەيدۇ، ئۇ ياقلارغا نەدىن بارىمەن.

— ئاپا، بىز ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرايلى. تۇرسۇننىڭ تۇغۇلغان ژۇتىنى كۆرسۇن، سىلى بىلەن، تۇققانلار بىلەن تونۇشسۇن. شۇ چاغدا ھەممىمىز رەخمەت ئېيتمايمىزمۇ؟

— بۇ ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس ئېكەن، قىزىم.

ئىشىك ئېچىلىپ، تۇرسۇن بىلەن تۇرغان كىرىپ كەلدى. تۇرسۇن ئۆزى ئاز سۆزلەپ، كۆپىرەك ئۆيدىكىلەرنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتاردى.

سائادەت قىزلار بىلەن قول-قولچە لەگمەن ئەتتى. مايسىمەمنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمىگەچكە، ئالدىغا قويغان تەخسىنى كۆتىرىپ كۆردى.

— سائادەت، ماڭا ئىككى تاللا سېلىڭا، قىزىم، مەن مۇنچە لەگمەننى يەپ كېتەلمەيمەن.

— مېھرىبان سىلىگە ئازلا سالدى، يېسىلە، ئاپا، ئالدىرىماي ئولتىرىمىز.

زورەم جوزىغا سىركە، لازىجانلارنى قويدى.

سائادەت نېرىقى بۆلمىگە كىرىپ كېتىپ ئۇزاقتا چىقتى. پاتەم ئاپىسىنىڭ قولىدىكى تۇگۇچكە قاراپ:

— ئاپا، نېمە ئىزدىدىڭىز؟ ماڭا ئېيتساڭ، تېپىپ بېرەتتىمغۇ.

— سەن مېنىڭ نېمە ئىزدىگىنىمنى نەدىن بىلسەن قىزىم، — دەپ لاتىغا ئورالغان بىر نەرسىنى تۇتقان پېتى جوزىغا يېقىن كېلىپ ئولتاردى. — بۇ نېمە بىلەمسىلەر؟

سائادەت تۇگۇچنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن قېتىپ كەتكەن توغاچنى ئېلىپ:

— تۇرسۇننىڭ ئېسىدا بارمۇ، بىلمەيمەن، ئىككىمىز خوشلاشقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



موشۇ توغاچنى بىر چىشلەمدىن يېگەن ئىدۇق. مانا بۇ توغاچنى مەن 18 ژىل ساقلىدىم. تۇرسۇن شۇ چاغدا: «سائادەت، بۇ توغاچنىڭ ساقلاپ قويۇڭ، مەن ئۇرۇشتىن غالىبىيەت بىلەن كەلگەندە، ئىككىمىز تەڭ بۆلۈپ يەيمىز دېگەن»، ـ دەپ ئۇزاق ژىللار ساقلىنىپ ياغاچتەك بولۇپ كەتكەن توغاچنى تۇرسۇنغا بەردى.

تۇرسۇن ئويغا چۆكۈپ ئولتىرىپ قالدى. ئەشۇ پەيتتە ئۇ ياشلىغىنىڭ ئەڭ گۆزەل چېغىدىن خاتىرە بولۇپ قالغان شۇ ئۇچرىشىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشقان بولۇشى كېرەك.

ئانا ھەيران بولۇپ:

ـ قىزىم، سىز بۇ ئىشنى ياخشى قىلغان ئىكەنسىز، رەخمەت، بالام. تۇرسۇن بالامنى مەشەدە قالغان رىسقىسى ئامان قايتۇرۇپ كەپتۇ، ـ دەپ توغاچنى قولىغا ئېلىپ ئىككىگە بۆلدىدە، تۇرسۇن بىلەن سائادەتكە بەردى.

قىزلار تاماقتىن كېيىن سىڭ چاي قىلىشتى. تۇرسۇن بىلەن سائادەت قېتىپ كەتكەن يېرىم توغاچنى چايغا سېلىپ يېيىشتى.

ـ بۇ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئىرىم. مەن ئۇ چاغلاردا ژىغلاپ ژۈرۈپ، توغاچ چىشلىتىش ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن، ـ دېدى ئانا ئۆزى خىجالەت بولۇپ.

تۇرسۇن ناننى يەپ ئولتىرىپ ئويلىنىپ كەتتىدە، بىر چاغدا:

ـ ئەندى ئېسىمغا چۈشتى. ئايدىڭ كېچىدە بىز سىلەرنىڭ بېغىڭلاردا، ژىغلاپ خوشلاشقان. تاڭ ئاتقاندا ئۆيگە كىرسەم، دادام ئالدىمغا چىقىپ قالغان...

ھەممىسى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئۆز ئەكسگە كېلىپ، بۇرۇنقى ھاياتى ئاستا ـ ئاستا ئېسىغا چۈشۈۋاتقىنىغا خوشال بولۇپ، خۇداغا شۈكرى دېيىشتى. بۇ كۈنى ئۇلار تاڭ ئاتقىچە بىردە ژىغلاپ، بىردە توختاپ مۇڭداشتى.

ئەتىسى تۇرغان بىلەن مېھرىبان ئانىسىنى كۆز ئىنىستىتۇتىغا ئاپاردى. كۆز دوختۇرى مايسىمەمنى ئۇزاق تەكشۈردى. ئۇ تۇرغاننى باشقا بۆلمىگە ئەكىرىپ:

ـ مەن ساڭا ئوچىغىنى ئېيتاي، ئاپاڭنىڭ كۆز تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىپتۇ، بۇ ئاغرىق گلاۋكوما دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرچە ئۇنىڭغا داۋا تېپىلمايۋاتىدۇ، بىز ھېچ ياردەم قىلالمايمىز. مونۇ دورىنى كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىككى تامچىدىن كۆزىگە تېمىتىڭلار، ـ دەپ شكافتىن بىر كىچىك بودۇلكىنى ئېلىپ تۇتقۇزۇپ، سىلىق ـ سىپايە يولغا سالدى.

دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان تۇرغاننىڭ روھى چۈشۈپ، ئانىسىغا نېمە دەرىنى بىلمەتتى. سائادەت چۈشلۈك چايغا كىرگەندە، تۇرغان ئۇنىڭغا جاغدىيىنى ئېيتىپ چۈشەندۈردى.

— بىز ئەندى قايتايلى، مەن ئىشتىن ئۈچ كۈنگىلا سورىنىپ كەلگەن، ئەندى قىشلىق تەتىل باشلىنىدۇ، مەكتەپتە يېڭى ژىل ئارچىسىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

— تۇرسۇن بالامنى مەلىگە ئېلىپ كېتەيلى، تۇققانلارنى، ژۇتنى كۆرسۇن، — دېدى تۆردە ئولتارغان ئانا بالىسىنى ژۇتىغا ئاپىراشقا ئالدىراپ.

سائادەتنىڭ تۇرسۇندىن ھېچ ئايرىلغۇسى يوق.

— ئاپا، سىلى بەش-ئون كۈن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسىلا. تۇرسۇننى دوختۇرلارغا قارىتايلى، ئاندىن مەنمۇ ئىشتىن سورىنىپ، مەلىگە ھەممىمىز بىللە بارايلى. تۇرغان، مېھرىبان ئىككىڭلار يەنە بىر كۈن ئاكاڭلار بىلەن بولۇپ، ئەتە ئەتىگەنلىك ئاۋتوبۇس بىلەن قايتىڭلار.

تۇرغان بۇ سۆزگە ماقۇل بولدىدە:

— ئاپا، سەن بىر ئاز تۇرىمەن دېسەڭ قال، كېيىن ئاكامنى ئېلىپ سائادەت ھەدەم بىلەن كېلىسىلەر. راست، ئاكامنىڭ ساقلىغى يوق ئېكەن، دوختۇرلارغا قارالسۇن. بىز ئەتە مەلىگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەيلى، — دېدى.

ئەتىسى تۇرغان بىلەن مېھرىبان مەلىگە كېتىپ، ئانا سائادەتنىڭ ئۆيدە ئوغلى بىلەن قالدى. ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، تۇرسۇننىڭ ئۆتكەن ھاياتتى ئېسىغا چۈشسۇن دەپ، ئانا مەلىدە بولغان ۋاقىئەلەرنى سۆزلەپ ئولتاردى. بىر چاغدا:

— گۈلى كىچىك ئاپام قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى تۇرسۇن.

— خۇداغا شۈكرى، كىچىك ئاپاڭ ئېسىڭغا چۈشتىغۇ ياخشى، گۈلى قېرىپ قالدى، قىزلىرى تاللىق بولدى. ئوغلى ئارمىيادىن كېلىپ م ت سىغا تراكتورلۇقنى ئوقۇدى، لېكىن ئىشلىمىدى. ھازىر كولخوزدا ياغاشچىلىق قىلىدۇ، قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق، ئۇستا بولۇپ كەتتى. گۈلى ئوغلىنى ئۆيلەپ، نەۋرىلىك بولدى، لېكىن ئۆزىنىڭ قان بېسىمى كۆتىرىلىپ پات-پاتلا ئاغرىيدۇ. شۇنچە ژىل ئېتىز ئىرىقتا ئىشلەپ، تىزىغىچە پاتقاق كېچىپ سۇ تۇتقان ئادەملەردە سالامەتلىك بولامدۇ. خۇداغا مىڭ قەتلىك شۈكرى، كېلىنى ياخشى، گۈلىنى رەنجىتمەيدۇ. غۇلجىدىن رۇقىيەم كىچىك ئاپاڭ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- ئۇ كىچىك ئاپامنى ئىسمىگە ئالالمايمەنغۇ.
- سەن كىچىك چېغىڭدا، دادام، ئاپام، ئاكام، رۇقىيەملەر غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتكەن.
- ئادالەت چوڭ ئاپام بارمۇ؟
- ھە، ئۇ چوڭ ئاپاڭمۇ قېرىپ قالدى، ژۇرىگى ئاغرىپ بىر يەرلەرگە تولا بېرىپ كەتمەيدۇ. ماھمۇت ئۇرۇشتىن ناكا بولۇپ، بىر قولىدىن ئايرىلىپ كەلدى، ھازىر ئۆيلىنىپ بالىلىرى بار. لېكىن ئۇ ناھايىتى تېرىككەك، ئاچچىغى يامان، شۇڭلاشقا ئادەملەر ئۇنىڭغا كانتوۋژ دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. ئادالەت ھەدەمنىڭ قىزلىرى تۇرمۇشقا چىقىپ ئائىلىلىك بولۇپ كەتتى. مەلىدىكى سەن بىلىدىغان قېرىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۆلۈپ تۈگىدى. ئادالەت چوڭ ئاپاڭنىڭ يولدىشىمۇ ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ، كېيىن قۇرۇۋان ئاكىنىڭ قانداق ئاغرىپ قايتىش بولغىنىنى، ئۇنى قانداق ئۇزاتقىنىنى سۆزلەپ ژىغلىدى. — داداڭدىن ئايرىلىپلا، مېھرىبان ئاغرىپ كېتىپ، ئاران ساقايدى. مودەنگۈل سىڭلىڭ تۇرمۇشتا، ياخشى يەرگە باردى. ماھىنۇر ئوقۇشنى تۈگەتسە، ئۇنىمۇ ئېگىسىگە تاپشۇرسام بولاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئانا تۇرسۇن بىلەن سائادەتنى ئولتارغۇزۇپ:
- بالىلىرىم، مېنىڭ سىلەرگە ئېيتاي دېگىنىم، ئاغزىدا ئىلمى بار ئادەمنى چاقىرىپ، ئىككىڭلارنىڭ نېكاسىنى قىلايلى. بىز مۇسۇلمان ئادەملەر، نېكا قىلماي بىللە تۇرۇشقا بورمايدۇ، — دېدى.

سائادەت خوشنىسى رازىيە ئانىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ تەغدىرىنى، كېيىنكى كۈنلەردە بولغان ۋاقىەلەرنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، رازىيە ئانا:
- يا، ئاللا، خۇدايىمنىڭ شەپقىتى تولا دەيدېكەن، قىزىم. بۇ ئاللانىڭ ساڭا ھەدىيە قىلغان بەختى. قىزىم، سەن ئۆيۈڭگە چىقىپ تەييارلىغىڭنى قىلىۋەر، مەن نېرىقى كوچىدا تۇرىدىغان رەخمىتۇللا موللىنى باشلاپ كېلىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

سائادەت ئۆيىگە چىقىپلا قىزلىرى بىلەن تاماق تەييارلاپ، جوزا راسلىدى.

كەچتە ئۆيگە رازىيە ئانا بىلەن رەخمىتۇللا موللا كىرىپ كەلدى. مايسىمەم سائادەتنىڭ خوشنىلىرىنىڭ ياخشىلىغىغا خوشال بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئېچىلىق-ئامانلىق سورىشىپ تۆرگە تەكلىپ قىلدى. رەخمىتۇللا موللا:
- قىزىم، بىر چىنىگە سۇت قويۇپ، ئىككى تال قەنت، بىر چىمدىم تۇز، ئىككى چىشلەم نان سېلىپ ئېلىپ كىرىڭ، — دېدى.

رازىيە ئانا:

ــ نېكا سۈيىنى مەن ئۆزەم تەييارلاي، قىزىم، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردىدە، موللىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ چىنىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

رەخمىتۇللا موللا تۇرسۇن بىلەن سائادەتنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئىنتايىن ئۇزاق سۈرىلەرنى ئوقۇپ، ئاندىن:

ــ قۇرۋان ئاكىنىڭ بالىسى تۇرسۇن، سەن ئارۇپنىڭ قىزى سائادەتنى ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن ئىلكىڭگە ئالدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھە، ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئىلكىمگە ئالدىم.

ــ ئارۇپنىڭ قىزى سائادەت، سىز قۇرۋان ئاكىنىڭ ئوغلى تۇرسۇننىڭ ئىلكىگە ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئۆتتۇڭىزمۇ؟

ــ ھە، ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئۆتتۇم.

موللا يەنە بىر قانچە سۈرىلەرنى ئوقۇپ، سىركايىنى تۇرسۇنغا بەردى. تۇرسۇن بىر ژۇتۇم سۇتنى ئىچىپ، بىر چىشلەم ناننى ئېلىپ يېدىدە، سىركايىنى سائادەتكە سۇندى. سائادەت «بىسمىللا!» دەپ، تاتلىق سۇتنى ئىچىپ، بىر چىشلەم ناننى يەپ سىركايىنى جوزىغا قويدى.

ــ مانا، نېكا غايىپتىن دەيدىكەن، بالىلىرىم، ئەندى ئەر ــ ئايال بولۇپ ئۇزاق، بەختلىك ياشاڭلار. نېكا مۇبارەك بولسۇن! ــ دەپ تەبرىكلىدى موللا.

رازىيە يېنىدا ئولتارغان مايسىمەمنى تەبرىكلىدى.

ــ بالىلىرىڭىزنىڭ نېكاسى مۇبارەك بولسۇن!

مايسىمەم كۆز ياش قىلدى.

ــ تووۋا، دادىسى رەمتى تۇرسۇن بالام ئامان ــ ئېسەن كەلسە، پۈتۈن ژۇتقا توي ياسايمەن دەپ، ئارمىنىغا يەتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئەندى بۇ تەغدىرلەرنى قارىسىلا، شۇنچە ژىلدىن كېيىن ئوغلۇم تېپىلغىنىغا تېخىلا ئىشەنمەيمەن.

رەخمىتۇللا موللا ساقىلىنى سىيپاپ:

ــ بۇ بولسىمۇ ئالىلانىڭ شەپقىتى. «كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن كەلمەس» دېگەندەك، تويۇقسىزلا ئوغلۇڭىزنىڭ تېپىلىپ قالغىنى توگىمەس ــ پۈتمەس خوشاللىق، ــ دېدى.

سائادەت تاۋاقتىكىنى پولۇنى جوزىغا قويدى. قىزلار تەخسىلەرگە خام سەي سېلىپ كىردى.

ــ موللام، تاماق ئالسىلا، رازىيە خانىم تاماققا باقايلى، ــ دېدى مايسىمەم مېھمانلارغا ھۆزۈرخانلىق بىلدۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار تاماق يەپ، چاي ئىچىپ ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مايسىمەم يېنىپ-يېنىپلا رازىيە ئانىغا رەخمەت ئېيتىپ، خوشاللىقىدا نىمە بىرىپ رازى قىلىشىنى بىلمەتتى. ئۆرپى-ئادىتىمىز بويىچە سائادەت نېكا قىلغان موللىغا ئەر كىشىنىڭ كۆينىكىنى، رازىيە ئانىغا بىر كىيىملىك رەخت قويۇپ، تاتلىق-تۈرۈملارنى قوشۇپ ئوراپ بەردى.

موشۇ كۈننى ئۇزاق ژىللار ئارمان قىلىپ ياشىغان تۇرسۇن بىلەن سائادەتنىڭ خوشاللىقىنىڭ چېكى يوق ئىدى...

ئامانجان نۇرغۇن ۋاقتىنى دادىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى، دادىسىنى دۇكانلارغا ئاپىرىپ كىيىم ئېلىپ بىرەتتى. دەۋلىتمۇ پات-پاتلا بۇلارنى يوقلاپ كېلىپ قونۇپ كېتەتتى. تۇرسۇن ئوغلىنىڭ چوڭ بولۇپ ئالىي ئوقۇشلاردا ئوقۇۋاتقىنىغا پەخىرلىنەتتى.

ئىشلىمەي ئۆيدە ئولتارغىنىدىن خىجالەت بولغان تۇرسۇن بىر كۈنى:

- ئامانجان، سەن ماڭا ئىش تاپساڭ، ئىشلىسەم. بۇمۇ كۈنمۇ، ئاپاڭ بىچارە ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىشلەيدۇ، مەن بولسام بىكار ياتىمەن.

- دادا، سەن سالامەتلىكىڭنى بىر ئاز ياخشىلا. ئەتىياز كەلسۇن، مەلىگە بىرىپ تۇققانلارنى، ئەل-ئاغىنىلەرنى كۆرۈپ كەل، ئاندىن ئىشقا كىرىپ ئىشلەيسەن، - دەپ كۆڭلىنى ياسىدى.

ئارىلىقتا خېلە ۋاقىتلار ئۆتۈپ، سائادەت تۇرسۇننى دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ، ئىككىنچى توپتىكى ناكالار قاتارىدا پېنسىيا ئالىدىغان بولدى. پۈتۈن ئۆمرى مەلىدە ئۆتكەن مايسىمەمنىڭ ئۆيگە كەتكىسى كېلىپ كۈندىلا:

- سائادەت قىزىم، سىز ئىشتىن سوراندىڭىزمۇ، قاچان مەلىگە ماڭىمىز؟- دەپ سوراپ قوياتتى.

مانا، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈت بار» دېگەندەك، ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ يەنە باھار كەلدى. سائادەت ئۇن كۈنلۈك دەم ئېلىشقا چىقىپ، ياركەنتكە بارىدىغانغا تەييارلىق كۆرمەكتە. بىر كۆزى سەل كۆرىدىغان بولۇپ قالغان مايسىمەم ژۇتقا قايتىدىغىنىنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ كەتتى. كەلگەندىن بىرى تۇرسۇننىڭمۇ كۆڭلى كۆتىرىلىپ، چىرايى بۇرۇنقىدىن خېلە ياخشى بولۇپ قالدى.

سائادەتلەر ئانىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىش ئالدىدا باللارنى خوشنىسى مۇبارەككە جېكىپ قالدۇردى.

***

– چۈشەنمىدىم، سىلەردە بالىلارنىمۇ خوشنىلارغا تاشلاپ قويۇشقا بولامدا؟ – ھەيران قالدى رۇس.

– ھە، بىزدە خوشنىدارچىلىق دېگەن چۈشەنچىگە ناھايىتى كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئەۋلاتلىرىمىزدا خوشنىلار بىلەن ئىناق ياشاش، بىر-بىرىگە يۆلەك بولۇش ئوخشاش خىسلەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ تەربىيە بېرىش يولغا قويۇلغان. ھەتتا بىزدە «ژىراقتىكى تۇققاندىن، ياندا خوشناڭ ياخشىراق»، «ئۆي ئالغىچە، خوشنا ئال» دېگەن ماقالالارمۇ بار، – دېدى مېھرىبان ئۇيغۇرلارنىڭ خوشنىدارچىلىققا بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ. شۇڭلاشقا سائادەت كۆچۈپ كېلىپلا خوشنىلىرىنى چايغا چاقىرغاندە...

# خوشنىدارچىلىق



مۇبارەك بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن كۈندە خەۋەردار بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ قىزى غۇنچەممۇ دوستلىرىنىڭ قېشىغا كۈندە دېگىدەك كىرەتتى.

بىر كۈنى پاتەم بىلەن زورەم ئىدارىنى تازىلاپ كېلىپ، كەچكى غىزادىن كېيىن دەرس تەييارلاپ ئولتىراتتى. ئامانجان دەرستىن تېخى كەلمىگەن. ئۆيگە ژۈگرەپ دېگىدەك غۇنچەم كىرىپ كەلدى. قىزلار ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— ۋاي، خۇدايىمەي، نېمە بولدىڭىز؟ سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ؟

— ھە، — دەپلا ئىشىكنىڭ ئىلغىرىنى سالدى غۇنچەم.

— قېرىشقاندەك ئاكامنىڭ كېچىكىۋاتقىنىنى قاراڭلارغا، — دېدى پاتەم.

شۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى ئۇردى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى پاتەم قورقۇپ. ئۇنىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى.

— بىز، بىز ئېچىڭلار، — دېدى ئامانجان.

ئاكىسىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ قىزلارغا جان كىردى. دەۋلەت بىلەن بىللە كەلگەن ئامانجان قىزلارنىڭ چىرايىغا قاراپ:
— نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭلا؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ قىزلارنى قورقۇتۇۋەتكەن مەن.
— سىز نېمە بولدىڭىز؟
— ئاپامنىڭ ھەدىسىنىڭ بىر بالىسى يامان بالىلارغا قوشۇلۇپ نەشە چېكىدۇ. ئۇ مەس بولغاندا، دائىم ئاپامدىن ئاخچا سوراپ كېلىدىغان. ئەندى ئۇ ئۆزىگە ئۇكول سالىدىغان بولۇۋاپتۇ.
— ئۇنىڭ بىر يېرى ئاغرامدا، نېمىشكە ئۆزىگە ئۇكول سالىدۇ؟
— ياق، ئۇ — نەشىخور. نەشىخورلار ئۇكول سالمىسا، پۈتۈن تېنى ئاغرىيدېكەن. ئۇكولنى سېلىۋالسا، ساراڭ ئوخشاش نېمە قىلغىنىنى بىلمەيدۇ. ئۇكول قىممەت دېيىشىدۇ، شۇڭلاشقا دائىم ئاپامدىن ئاخچا سوراپ كېلىدۇ.
— تووۋا، ئاكىڭىز ھەجەپ ئۆگىنىپ قاپتا بۇ ئەسكى ئىشقا، دېدى — پاتەم.
— بۈگۈنمۇ ئاخچا سوراپ كەپتۇ، ئۆزى يالغۇز ئەمەس، قېشىدا ئۆزى ئوخشاش ئىككى بالا بار. شۇڭلاشقا قېچىپ سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىۋالدىم.
— ئاتا-ئانىسى بالىسىنىڭ بۇ ئەسكى يولغا كىرىپ كەتكىنىنى بىلمەمدا؟ — دەپ سورىدى ئامانجان.
— بىلىدۇ، دادىسى ئۇرۇپمۇ، قورقىتىپمۇ كۆردى، لېكىن تۈزەلمىدى. ئاتا-ئانىسى بالىسىنىڭ دەردىدىن ئاغرىقچان بولۇپ قېلىشتى.
— قالغان بالىلىرىچۇ، ئۇلارمۇ نەشىخورلارما؟ — سورىدى دەۋلەت.
— ياق، قالغان تۆرت بالىسى ئىشلەمچان، ياخشى، بىرلا موشۇ مەخسەت يامان بالىلارغا قوشۇلۇپ ئاتا-ئانىسىغا ئەلەم قىلىۋاتىدۇ.
ئاكىسى كېلىپ، ژۇرىگى ئورنىغا چۈشكەن پاتەم تاماقنى ئىسسىتىپ تەخسىلەرگە سالدى. زورەم چاي دەملەپ كەلدى. ئوقۇشتىن كەلگەن ژىگىتلەرنىڭ قوسىغى ئېچىپ كەتكەچكە، قوللىرىنى ژۇيۇپ جوزىغا كەلدى.
— غۇنچەم، سىزمۇ ئولتىرىڭ، تاماق يەڭ.
— ياق، ئاپام كېلىپ قالدىمېكىن، مەن چىقاي.
— توختاڭ، ئەگەر مۇبارەك ھەدەم كەلسە، سىزنى ئىزدەپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىدۇ، ھازىرچە ئولتىرىپ تۇرۇڭ. ئەگەر ئەۋۇ بالا تېخىچىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بولسا قانداق قىلىسىز، — دەپ پاتەم قىزنى چىقارمىدى.

غۇنچەم ئاق-سېرىق كەلگەن، چولپان كۆزلۈك چىرايلىق قىز ئىدى. قىز ھەر كىرگىنىدە يەر ئاستىدىن ئامانجانغا قاراپ-قاراپ قوياتتى. ژىگىت ئۇنى سەزسىمۇ، غۇنچەمنى ئۆزىنىڭ سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ئىبرەڭ قىلماتتى. بۈگۈنمۇ غۇنچەم ئامانجانغا نەچچە قېتىم قارىدى. ئامانجان بولسا ھېچ نېمە بايقىمىغاندەك تامغىنى يەپ ئولتىرىۋەردى. كۆپ ئۆتمەي ئۆيگە مۇبارەك كىرىپ كەلدى.

— باللار، قانداق ئەھۋالىڭلار؟

— ياخشى، ژۇقۇرى ئۆتتۈڭ مۇبارەك ھەدە.

— ياق، ژۇقۇرى ئۆتمەيمەن، بۈگۈن شۇنچىلىك ھېرىپ قاپتىمەن. ئەتە يەكشەنبە، قىزلار ھەممىمىز بىر بولۇپ لەگمەن ئېتەيلى. سائادەت ھەدەملەرمۇ ئەتە ئۆگۈن كېلىپ قالار.

— ھە، ئۇن كۈنمۇ توشۇپ قالدى، ئاپام دۈشەنبە كۈنى ئىشقا چىقىشى كېرەك، — دېدى ئۆرە تۇرغان زورەم.

— بوپتۇ، باللار، ئەتە ئەتىگەنىرەك تاماقنى تۈتاش قىلايلى. غۇنچەم جۈر ئۆيگە چىقايلى.

ئۇلار خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بارغاندا، قىز ئاپىسىغا مەخسەتنىڭ كېلىپ ئاخچا سورىغىنىنى ئېيتتۇپدى، قورققىنىدىن مۇبارەكنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىرىپ كەتتى.

— ۋاي، ئاللا، بۇ بالىدىن قۇتىلىدىغان كۈن بولامدۇ؟ ھەپتىسىگە بىر قېتىم كېلىدىغان بولۇۋالدىغۇ. مەن بېرىپ ئاتا-ئانىسىغا ئېيتاي.

— ئاپا، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئەمەس، ئىككى بالا بىلەن كەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇبارەك بېشىنى تۇتۇپ:

— قىزىم، سەن يالغۇز قالغاندا ئىشىكنى ئاچما.

ئۇ نەشىخورلارنىڭ بېشىدا نېمە ئوي بارلىغىنى كىم بىلىدۇ. ئەتە مەن ھەدەمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، بولدى چىدامىم قالمىدى. سىنىڭدىن ئەنسىرەپ ئىشنىمۇ تېچ ئولتىرىپ ئىشلەلمەيمەن، — دەپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئاچچىغىدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ كەتتى.

ئەتىسى مۇبارەك قىزى بىلەن ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپلا، توگلاتقۇچتىن گۆش ئېلىپ سادەتلەرنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا

ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەن پاتەم بىلەن زورەم چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، ھويلىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، لەگمەننىڭ خېمىرىنى جىزلاپ قويغان ئىدى.

– سەرا قىزلىرى ئىشقا پىششىق دېگىنى راستە، – دېدى ئۆيگە كىرگەن مۇبارەك.

– كېلىڭ، ھەدە، ژۇقۇرى ئۆتمەيمەن، مەن گۆش توغرايمەن، زورەم سىز كۆكتاتلارنى ئاخلاڭ، – دەپ يېڭىنى تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

– ئامانجان ئۇخلاۋاتامدا؟

– ياق ئاكام دەۋلەت بىلەن ۋوكزالغا ئىشقا كەتتى.

– نېمە دېگەن ئىشلەمچان بالىلار. ئۇلار كەلگىچە تاماقنى تەييارقىلايلى. ئۇلار قول-قولچە لەگمەننى بىر دەمدىلا پىشەردى. تاماق تەييار بولغاندا، ھېرىپ-ئېچىپ ئامانجان بىلەن دەۋلەت كىرىپ كەلدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندا، مۇبارەك ھەدىسىنىڭ ئۆيگە بارىمەن دەپ، قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە سادەت بىلەن تۇرسۇن مەلىدىن قايتىپ كېلىشتى. قىزلارنىڭ مەلىدىكى دوستلىرى، تۇققانلىرى توغرىلىق بىلگۈسى كېلىپ، ئاپىسىغا كەينى-كەينىدىن سوئال ياغدۇردى. سادەت چاي ئىچىپ ئولتىرىپ، ژۇتتا كىملەرنى كۆرگەنلىگىنى، كىملەرنىڭ ئۆيىدە بولغانلىغىنى سۆزلەپ بەردى.

– ئامىنەم، خالىدەم ھەدەملەرنىڭ، ئۆمەر ئاكامنىڭ ئەھۋاللىرى قانداق ئېكەن؟ – سورىدى زورەم.

– ئامىنەم چايغا چاقىردى. ئۇلار يېڭى ئۆيىنى پۈتىرىپ كىرىپتۇ. ئۆيىمۇ كەڭ-كەڭرى ئېكەن. ئامىنەممۇ، يولدىشى ئەخمەتمۇ ئىشلەمچان بولغاچقا، تىرىكچىلىگىنىڭ ياخشىلىغى بايقىلىپ تۇرىدۇ. ئۆمەر بىلەن خالىدەملەرمۇ ياخشى، سىلەرنى سېغىنىپ كەتتۇق، يازلىق تەتىلدە كېلىپ دەم ئېلىپ كەتسۇن دەيدۇ.

رەنا، مودەنگۈل، ماھىنۇر ھەدەملەرچۇ؟ – دېدى ئامانجان.

– ھەممىسى ياخشى، سىلەرگە سالام ئېيتىشتى. ھەممىسىنىڭ سۆزى بىرلا: «ئامانجان ئوقۇشنى تۈگەتكەندە، ژۇتقا قايتىپ كېلىڭ. ژۇت دېگەن ژۇت. ئامانجاننىڭ توينى ژۇتىمىزدا ياسايلى»، – دېيىشىدۇ.

تۇرسۇن ئويلىنىپ ئولتىرىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



– تۇققانلارنىڭ ئېيتقانلىرى راست. ژۇتقا قايتايلى، قېرىنداشلارنىڭ يېنىدا ژۇرگەنگە نېمە يەتسۇن.

سېغىنغان ژۇتىغا بېرىپ، تونۇش–بىلىش، ئۇرۇق–تۇققانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇڭداشقان تۇرسۇننىڭ زادى ئالمۇتىغا قايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇ شۇنچە ژىللار ژىراقلاردا ژۇرۇپ ژۇتنىڭ قەدرىگە يەتكەچكە، ئەندى ئايرىلغۇسى كەلمەتتى.

– ئامانجان، دىپلومىڭنى ئالغاندىن كېيىن سېنى بەرى بىر يېزىغا ئىشقا ئەۋەتىدۇ. باشقا ژۇتقا بارغىچە، ئۆز ژۇتۇڭغا بارمامسەن، بالام. ئۇ ژۇتتا پۇتۇن ئەۋلادىمىز ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆككەن. سەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ژۇتۇڭنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇلۇشۇڭنى قوش، – دەپ بالىسىغا نەسىھەت قىلدى.

ئامانجان دادىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپ:

– دادا، خاتىرجەم بول، ئوقۇشنى تۈگەتسەم، ئەلۋەتتە، ئۆز ژۇتۇمىزغا قايتىمىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دادىسى خوشال بولۇپ كەتتى.

– بىلەمسەن، بالام، ژۇتقا بېرىپ ئېتىز–ئېرىقلارنى، باغلارنى ئارىلىدىم. ژۇتتىكى ئەسكى تام بولسۇن، يەردە ياتقان تاش بولسۇن – ھەممىسى مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەتتى. مەن قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولۇپ قالدىم. سىلەر ھازىر ياش، چۈشەنمەيسىلەر، مېنىڭ ئوخشاش تېنەپ ژۇرگەن ئادەم ژۇتنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

– دادا، ئاپا! راستىلا ژۇتقا كەتكىڭلار بولسا، كۆچۈپ كېتىڭلار. مەن دەۋلېت ئوخشاش ياتاقخانىدا تۇرۇپ ئوقۇيمەن.

– سەن ئوقۇشنى تاماملىغىچە، موشۇ يەردە تۇرىمىز. ئاندىن بارا كۆرەرمىز، – دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى سادەت.

كۈن ئىسسىپ، باغلاردا مېۋىلەر چېچەكلەپ، ئەتراپ گۈزەللىككە تولدى. كۈن ئىسسىۋېدى، خوشنىلارمۇ بىر–بىرى بىلەن پات–پات كۆرۈشىدىغان بولدى. تۇرسۇن بىكار ئۇلتارماي، باغدىكى بىر تۈپ يوغان ئالمىنىڭ ئاستىغا بۇگلۇك ياسماق بولدى. ئۇنىڭ قېشىغا كولە كېلىپ پاراڭلىشىپ تۇردى.

– بۇ كۆكتات تېرىيدىغان يەرگە بۇگلۇك ياسىغىنىڭ نېمىسى، خوشنا؟

– كۆكتات تەرگىدەك يەر قالدى. ئۇيغۇرلار ياز كۈنلىرى تالادا بۇگلۇكتە ئولتارمىساق، ئىسسىق ئويدە ئۇلتىرالمايمىز.

ـ بوگلوكنىڭ ئۈستىنى ياپامسەن؟

ـ ھە، ئۈستىنى يېپىپ ياسايمەن. چۆرىسىگە ئۆزۈم ئولتارغۇزىمەن، ـ دەپ قىزىقىپ ئىشلەۋاتاتتى تۇرسۇن.

خوشنا ھويلىدىن نادە ئاپايىنىڭ: «كولە!» ـ دەپ ۋاقىرىغان ئۈنى ئاڭلاندى.

ـ مانا كۆردۈڭمۇ، خوشنا، نادە بىر مىنۇت مېنىڭسىز تۇرالمايدۇ.

ـ كولە، باغدا شۇنچە ئىش تۇرسا، سەن تۇرسۇنغا قاراپ بېكار تۇرامسەن، ـ دېدى يەنە ۋاقىراپ نادە ئاپاي.

ـ بوپتۇ، خوشنا، ـ دەپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى كولە.

تۇرسۇن كەچكىچە يالغۇز ئۆزى ئىشلەپ ھاراتتى. كەچقۇرۇنلۇقلىرى ئامانجان بىلەن دەۋلەت كېلىپ ياردەملىشىپ، ئاز كۈندىلا بوگلوكنى ياساپ پۈتەردى.

كۈنلەر غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، ھەش-پەش دېگىچە يازلىق تەتىلمۇ باشلاندى. پاتەم بىلەن زولەم مەلىگە كەتتى. ئامانجان بىرىنچى كۇرسنى تۈگىتىپ، تەتىلدە بېكار ژۈرمەي، ئاتا-ئانىسىغا كىچىككىنە بولسىمۇ ياردەم بولسۇن دەپ، ئۆيىگە يېقىن يەردىكى ئۆي قۇرۇلۇش كومبىناتىغا ئىشقا كىرىۋالدى.

ئۆيدە يالغۇز قالغان تۇرسۇن باغدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ بېكار بولغاندا، سادەتنىڭ كىئوسكىسىغا كىرىپ ئولتىراتتى. ئايالى ئىشتىن كەلگەندە، ئىككىسى بىر-بىرىگە ئارىدىن ئۆتكەن ژىللاردا باشتىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالاتتى. موشۇنداق مۇڭدىشىپ ژۈرۈپ تۇرسۇنمۇ ئۇيغۇرچىنى تازا سۆزلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆتكەن كۈنلەر توغرىلىق قانچە پاراڭ سالسىمۇ، تۇرسۇن بىرەر قېتىم پاتەم بىلەن زورەمنى ئۆزىنىڭ قىزلىرىدەك ياخشى كۆرەتتى. تۇرسۇن سۆيگىنى سادەت بىلەن قايتىدىن ئۇچراشقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى يورۇق دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان دەپ ھېس قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئاغرىغىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. بىراق ھاۋا رايى بۇزۇلغاندا، جاراھەت ئالغان يەرلىرى قاخشاپ ئاغرىپ، ئۇرۇشنى ئېسىغا سېلىپ تۇراتتى.

تۇرسۇن تېپىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئەسەب ئاغرىغى قايتىلانغاچقا، سادەت ئۇنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇشتىن قورقاتتى. ئىشى يېقىن بولغاچقا، كىچىككىنە بوش بولۇپ قالسىلا، ئۆيگە كىرىپ تۇرسۇننى كۆرۈپ چىقىپ كېتىدىغان. ئەيتەۋىر، تۇرسۇننى بۇ ئاغرىقتىن ساقايتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن سادەتنىڭ قىلمىغان دورىسى قالمىدى: دوختۇرنىڭ دورىسىنىمۇ بەردى، ئۆزىمىزنىڭ ئىرىملىرىنىمۇ قىلدى، لېكىن داۋا تاپالمىدى...

بۇ ژىلى مەكتەپنى تۈگەتكەن مېھرىبان تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈش ئۈچۈن ئالمۇتىغا ماڭغاندا، پاتەم بىلەن زورەمنى بىلە ئېلىپ كەلدى.

مېھرىبان ئارمىنىغا يېتىش ئۈچۈنكېچە-كۈندۈز تەييارلىنىپ، ئېمتىھانلارنى ياخشى تاپشۇردى. ئۇ ئىنستىتۇتقا چۈشكەنلەر تىزىمىدىن ئۆزىنىڭ فامىلىياسىنى كۆرگەندە، خوشاللىغىدىن بېشى كۆككە يېتىپ: «ئىي خۇدا، ئەگەر دادام هايات بولۇپ، ئاپام يېنىمدا بولغاندا قانچىلىك خوشال بولاتتېكىن. مەن ئاددىي بىر دېخاننىڭ قىزى چوڭ شەهەرگە كېلىپ ئالىي بىلىم دەرگاهىغا ئوقۇشقا چۈشتۈم. بۇ مېنىڭ ئۈچۈن بەختىت ئەمەسمۇ»، ـ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئاكىسىغا:

ـ ئاكا مېنى تەبرىكلىسەڭ بولىدۇ، ئوقۇشقا چۈشتۈم، ـ دەپ ۋاقىرىغاندا، تۇرسۇن ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتىرىۋالدى.

ـ مېھرىبان بىرىنچىدىن، سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن. سىز شۇنچە ئېغىر ئاغرىقلارنى يېڭىپ ياخشى بوپسىز، سىڭلىم، ئەندى ئۇقۇش ئۈچۈن سالامەتلىك كېرەك. «بىلىم ئېلىش ژىڭنە بىلەن قۇلاق قېزىش بىلەن تەڭ» دەيدېكەن. ئوقۇڭ، بىلىم ئېلىڭ، سىز قانچە خوشال بولسىڭىز، بىزمۇ شۇنچە خوشال، سىڭلىم.

سادەت بىلەن ئامانجان ئىشتىن كەلگىچە، قىزلار چۆشۈرە ئەتمەكچى بولدى.

زورەم گۆشنى چېپىپ، ئۇششاق توغرالغان پىيازنى ئارىلاشتۇردى، ئاندىن تېتىغىدەك تۇز، قارىمۇچ سېلىپ مىجىپ قىيما تەييارلىدى. مېھرىبان تۇخۇم قوشۇپ ژۇغارغان خېمىرنى ئىككى-ئۈچ يېنىپ چەيلەپ تىندۇرۇپ قويدى. خېمىر ياخشى تىنغاندىن كېيىن زوگۇلا تۇتۇپ، يوغاتىپ نوغەچت يايدى. تەكشى يېيىلغان خېمىرنى كىچىك-كىچىك تۆرت بۆجەك قىلىپ كېسىپ، ئىچىگە قىيما سېلىپ ئۇششاق تۈگۈشتى. زورەم چۆشۈرە تۈگۈپ ئولتىرىپ:

ـ نېمىشكە بىزنىڭ تائاملىرىمىزنى تەييارلاشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ؟

ـ دەپ سوراپ قالدى.

ـ ئۇزاق ۋاقىت كەتسىمۇ، بىزنىڭ هەممە تائاملىرىمىز بەك مېيىزلىك،

ـ دېدى پاتەم.

ـ قېنى، ئېيتىڭلارچۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تائاملىرىنى بىلىسلەر؟

ـ دەپ سورىدى مەھرىبان.

مەسىلەن، سۆيۈق ئاشنىڭ ئۆزىلا ئۈگرە، قالىغاچ تىلى، شىنتۇگۇر، خالىۋاش، ئۈزۈپ تاشلاپ، ئوماچ بولۇپ بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ـ دېدى زورەم.

ـ ئەندى پاتەم سىز ئېيتىڭ.

ـ گۆش چۆشۈرە، بېدە كۆكى چۆشۈرىسى.

ـ لەڭمەنلەرنىڭ تۈرلىرى: سوزۇپ لەڭمەن، كېسىپ لەڭمەن، گۆيرۇ لەڭمەن.

ـ پولۇلارنىڭ تۈرلىرىنى ئېيتىڭلارا؟

ـ توي پولۇسى، قورۇما پولۇ، گۆشسىز پولۇ، بېھى پولۇسى.

ـ مانتىلار: پېتىر مانتا، بولدۇرۇپ مانتا، كاۋا مانتا، جۇسەي مانتا.

ـ يەنە قانداق تائاملارنى بىلىسلەر؟

ـ كاۋاپ، سامسا، ھېسىپ، قۇيغان ئۆپكە، گۆش نان، قورداق، شوۋا.

ـ ۋاي-ۋۇي، تۈگىمەيدىغۇ تائاملارنىڭ ئاتلىرى، ـ دېدى زورەم.

ـ مانا قانداق ياخشى ئۆزىمىزنىڭ تائاملىرىنى بىلگەن، بىزنىڭ بىلمەيدىغىنىمىز قانچە دېسەڭلارچۇ؟ ـ دېدى مېھرىبان قىزلارنىڭ جاۋاۋىغا قانائەتلىنىپ.

پاتەم ئويلىنىپ قېلىپ:

ـ تۇخۇم پوشكال، پىياز نان، شۈلۈگۈرۈچ، شوۋاگۈرۈچ، ماشخوردىنى ئۇنتۇپ قاپتىمىزغۇ، ـ دېدى تائاملارنىڭ باشقا تۈرلىرىنى تېپىۋالغىنىغا خوشال بولۇپ.

قىزلار كۈلۈشۈپ ئولتىرىپ چۆشۈرىنىمۇ تۈگۈپ بولۇشتى. زورەم ئوچاققا ئوت ياقتى. مېھرىبان قازانغا ئازىراق ماي قۇيۇپ، ئالدىن-ئالا توغراپ قويغان گۆشنى قورۇدى. گۆش ياخشى قورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پىياز، توغرىغان لازا، پومىدورلارنى قورۇپ، مۆلچەرلەپ دورا-دەرمەكلەردىن سېلىپ سۇ قۇيدى. قازاندىكى سۇ قايناۋاتقىنىچە سادەتمۇ ئىشتىن يېتىپ كەلدى.

ـ خويما ئۇبدان پۇرايدىغۇ، قىزلار، نېمە ئەتتىڭلار؟

زورەم ئوچاققا يەنە ئوت سېلىۋېتىپ:

ـ ئاپا، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە خوشاللىق. مېھرىبان ھەدەم ئوقۇشقا چۈشۈپتۇ، ـ دەپ خۇش خەۋەرنى ئانىسىغا يەتكۈزدى.

سادەت مېھرىباننى قۇچاقلاپ تەبرىكلىدى. پاتەم تاختايغا تۈگۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۆشۈرىنى كوتىرىپ ئەكېلىپ قازاندا قايناۋاتقان سۇغا سالدى. تاماق پىشقاندا ھېرىپ-ئېچىپ ئامانجان كىرىپ كىلدى.
- «ياخشى ئادەم تاماق ئۈستىگە كېلىدۇ» دەپ، مانا بىزنىڭ ئىشلەمچان بالىمىز تاماق تەييار بولغاندا كەلدى.
تۇرسۇن ئوغلىنىڭ ئىشلەمچانلىقىغا پەخىرلىنەتتى. ھەممىسى بۇگۈلۈكتىن ئۈزۈن جوزىنى چۆرەدەپ ئولتىرىشتى. مېھرىبان بىلەن پاتەمئاپقۇرلارغا چۆشۈرىنى قويۇپ، ئۈستىگە ئاش كۆكى، پىدىن كۆكىنى سېلىپ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. زورەم بىر چىنىدە لازىجان، سىركە ئەكېلىپ جوزىغا قويدى. تاماق ئىچىش ئالدىدا تۇرسۇن:
- بۇگۈن بىزنىڭ ئۆيدە خوشاللىق، مېھرىبان ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئوقۇشىغا چۈشۈپتۇ. مانا بۇ خوشاللىقنى ئاچچىق-چۈچۈك چۆشۈرە بىلەن زۇيىمىز، - دەپ كۈلدى. ئامانجانمۇ خوشال بولۇپ تەبرىكلىدى.
- مېھرىباننىڭ ئوقۇشقا چۈشىشىگە مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل ئىدى.
- ھەممىڭلارغا رەخمەت. ئىشەنچەڭلارنى بار كۈچۈمنى چىقىرىپ ئاقلىشىم كېرەك.
- تاماق ئېلىڭلار، قىزلارغا رەخمەت، شۇنداق مېيىزلىك تاماق ئېتىپ ئالدىمىزغا قويغىنىغا، - دېدى سادەت ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە تاماقنى تەييار بولغىنىغا خوشاللىغىنى يوشۇرالماي. ھەش-پەش دېگىچە يازلىق تەتىلمۇ توگەپ، بالىلارنىڭ ئوقۇشى باشلاندى. ئامانجاندىن باشلاپ ھەممىسلا ئوقۇشلىرىغا كېتىپ، ئۆيدە يالغۇز قالغان تۇرسۇن باغدىكى كۆكتاتلارنى ژىغىۋاتاتتى. رازىيە ئاپا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:
- تۇرسۇن، سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغۇ، بالام، سوغ چۈشۈپلا قالدى، ۋاقتىڭ بولسا، قوش دېرىزىلىرىمنى جۆندەپ قويۇپ بەرسەڭ. ئىشىكلىرىممۇ ياخشى يېپىلمايدو، ئۇلارنى جۆندەپ بەرسەڭ، ئاخچاڭنى تۆلەي.
- ماقۇل، ياساپ بېرەي، لېكىن سىلىدىن ئاخچا ئالمايمەن. بالىلىرىمنىڭ بەختىگە دۇئا قىلىپ قويسىلا، - دەپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى بەلگۈلەنگەن يەرگە قويۇپ رازىيە ئاپا بىلەن چىقىپ كەتتى.
تۇرسۇن بېغىدىكى بۇگۈلۈكنى چىرايلىق ياسىغاندىن كېيىن خولۇم-خوشنىلار، نېرىقى كوچىدا تۇرىدىغانلار پات-پاتلا كېلىپ،

بۇزۇلغان، سۇنغان يەرلىرىنى ياستىدىغان بولدى. تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ئادەملەرگە كېرەك بولغىنىغا خوشال ئىدى...

— مىللىي تائاملىرىڭلارنىڭ تۇرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغىنى قاراڭا. مېھرىبان، سىزنىڭ ھېكايىڭىزدىن تائاملار توغرىلىقمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم، — دېدى رۇس.

— بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس، ئۇنتۇلۇپ قالغانلىرىمۇ بار. مىللىي تائاملىرىمىز توغرىلىق باشقىلار بىلسۇن دېگەن مەخسەتتە كىتاۋىمدا بەزى تاماقلىرىمىزنى تەييارلاش ئۇسۇلىغىچە يازدىم، — ماختىنىپ سۆزلىدى مېھرىبان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قانلىق پاجە



بۇ كۈز يامغۇر-يېشىننى ئېلىپلا كەلدى. ئەتىسى-ئاخشىمىمۇ خېلىلا سوغ.

شۇنداق سوغ كۈنلەرنىڭ بىرى كەچتە ئۆيدىكىلەر ھەممىسى ژىغىلىپ ئولتارغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ مۇبارەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىراپ تۇرغانلىغى بىلىنىدۇ. مۇبارەك تېپچىلىق سوراشقاندىن لېيىن:

- بۈگۈن كەچقۇرۇن مېنى تويغا چاقىرغان، قىزلارنىڭ بىرەسى بىزنىڭ ئۆيدە ئولتىرىپ تۇرسا، غۇنچەمنى يالغۇز قالدۇرۇشقا قورقىمەن. ئەگەر كەچ قالسام، قونۇپ قالار، - دەپ ئىلتىماس قىلدى.

پاتەم-زۇرەمنىڭ چىققىسىنىڭ يوقلۇغىنى سەزگەن مېھرىبان:

- بوپتي، مەن چىقىپ ھەمرا بولاي، - دەپ تۇرۇپ خوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

مېھرىبان بىلەن غۇنچەم دەرىسلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ئولتاردى. غۇنچەم بۇ ژىلى 01-سىنىپتا ئوقۇپ، مەكتەپنى ئالتۇن مېدال بىلەن تاماملاش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كازگۇنىڭ خىمىيا-بىئولوگىيا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا بارىدىغانلىغىنى، دادىسىنىڭ چوڭ ئالىم ئېكەنلىگىنى، ئۆزىمۇ دادىسى ئوخشاش كېلەچەكتە ئالىم بولۇشنى

ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويغانلىقىنى سۆزلىدى. رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقانلىقتىن ئۇيغۇرچە ياخشى سۆزلىمەتتى.

– مېھرىبان بىلەمسىز، ئامانجان ماڭا بەك ياقىدۇ، لېكىن ئۇ ماڭا قارىمايدۇ. ئۇ مېنى كىچىك دېسە كېرەك، – دېدى ئەركىلەپ سۆزلەپ.

– ئامانجان سىزنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدۇ. ئۇ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئوقۇشتا، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ قىزلارغا قارىغىدەك ۋاقتىمۇ يوق.

غۇنچەم كۈلۈپ كەتتى.

– غۇنچەم سىز شۇنچە چىرايلىق، سىزگە تېخى خېلە–خېلە ژىگىتلەر ئاشىق بولار.

– مەكتەپتە بىللە ئوقۇۋاتقان باللار بار، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئۈچۈن پەقەت دوست.

– ئەلۋەتتە مەكتەپتىكى دوستلار – مەڭگۈلۈكقۇ. ئۇلار بىر–بىرىگە ياردەم كېرەك بولسا دەررۇ قول ئۇچىنى بېرىدۇ، مەسلىھەت سورىساڭ، ئايىمايدۇ.

– مېھرىبان، سىزنىڭ ژىگىتىڭىز بارمۇ؟

– يوق، ھازىرچە ژىگىت بىلەن ئۇچرىششنى مەخسەت قىلمىدىم. مەن ئوقۇيمەن دەپ كەلدىم، قولۇمغا دېپلوم ئالغاندا ژىگىت توغرىسىدا ئويلايمەن.

ئىككىسى ئۇزاق سۆزلىشىپ ئولتاردى. مۇبارەك تېخى يوق. غۇنچەم ئورۇن سالدىدە، ئىككىسى ئۇخلاپ قالدى. مېھرىبان قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپ، چۈشىدىن قورقۇپ ۋاقىراپ ئويغاندى. ئۇ يېنىغا قارىسا، غۇنچەم ئۇخلاۋېتىپتۇ.

– يا، ئاللا، خۇدايىم، ئۆزەڭ ساقلىغايسەن، – دەپ كۆزىنى ژۇمۇپ ياتتى، لېكىن ئۇخلالمىدى. ئۇ نەدىكى بىر ئويلارنى ئويلاپ ئۇزاق ياتتىدە، تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزى ئىلىنىپ كەتتى.

– قىزلار، تۇرۇڭلار، ئوقۇشقا كەچ قالماڭلار!

مېھرىبان كۆزىنى ئاچتى.

– مۇبارەك ھەدە، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى تۇيماپتىمىز.

– مەن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، پۈتۈمنىڭ ئۇچى بىلەن كىرىپ يېتىپ قالدىم. سىلەرگە قارىسام، شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپسىلەر.

مېھرىبان ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىپ، كىتاپ–دەپتىرىنى ئالدىدە،

مۇبارەكنىڭ چاي ئىچىپ چىقىڭ دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆيگە ماڭدى.

كەچقۇرۇنلۇقى غىزا تەييارلاۋاتقاندا مېھرىباننىڭ ئېسىغا يەنە كېچىكى چۈشى كەلدى.

— مەن كېچە بىر چۈش كۆردۈم، قورقۇپ ئۇخىنىپ كېتىپ خېلىغىچە ئۇخلالمىدىم. بۈگۈن كەچ كىرگىچە، شۇ چۈشۈم ئويۇمدىن كەتمىدى.

— نېمە چۈش؟ چۈشنى دايىم ياخشىغا جورۇش كېرەك، — دېدى سادەت.

— ئېيتىڭا، سىڭلىم، بىز ياخشىغا جورۇپ بېرەيلى، — كۈلدى تۇرسۇن.

— تىڭشاڭلار، تالا قاراڭغۇ ئىكەن، مەن قاراڭغۇدا مۇبارەك ھەدەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپتىمەن، نېمىگە كىرگىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ئىشىكنى ئاچسام، بوسۇغىدا كۆزلىرى ئالىيىپ، چاچلىرى چۇگۇلغان ھالەتتە ياتقىدەك. مەن ۋاقىراپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپتىمەن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈستەل ئۈستىدە غۇنچەم ياتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزىنى ئاچمايدۇ. مەن قورقۇپ، پۈتۈن تېنىم تىترەپ ۋاقىراپ ژىغلاۋاتىمەن. دەل شۇ چاغدا دادام پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقتى. تالاغا چىققاندا دادام قولۇمنى قويۇۋېتىپ، ئاچچىقى بىلەن: «قىزىم، دەررۇ ئۆيگە ماڭ! كۆرگىنىڭنى ھېچ كىمگە ئېيتما، بۇ ئۆيگە ھېچ قاچان كىرمە» — دەپ يوقاپ كەتتى. قېنى، بۇ چۈشۈمنى ياخشىلىققا جورۇپ بېرىڭلارا ماڭا، — دېدى مېھرىبان.

ئولتارغانلارنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ ئويغا كەتتى. سادەت نېمە دەرىنى بىلمەي: «سىزنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدو»، — دەپ قويدى. شۇ چاغدا ئۆيگە ئامانجاننىڭ دوستلىرى ئاۋۇت بىلەن تايىر كىرىپ كەلدىدە، چۈش توغرىسىدىكى گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى.

لېكىن مېھرىبان كۆرگەن چۈشنى زادىلا ئۇنتالمىدى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ياشلار ئۇقۇشنىڭ غېمىدا، چوڭلار تىرىكچىلىك دەپ ژۈرۈپ، خوشنىلارمۇ بىر-بىرىنى كۆرمەتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك كۈندىلا يامغۇر يېشىن.

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىگى سادەت تۇرسۇنغا دورىسىنى ئىچكۈزۈپ ئىشقا ماڭاتتى. شۇ كۈنى تۇرسۇننىڭ دورىسى تۈگەپ قاپتۇ. دورىسىنى تاپمىسا تۇرسۇننىڭ ئاغرىغىنىڭ قايتىلىنىپ كېتىشىدىن قورققان سادەت: «بۇ دۇرىنى مۇبارەك تېپىپ بەرگەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ھەپتىيەكلەردە

تونۇشلىرى بار، بۇگۈنمۇ مۇبارەكنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دورىغا ئاخچا بېرىپ، ئاندىن ئىشقا كېتەي»، دەپ ئويلەپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئۇرۇۋېدى، ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، دىمىغىغا قاڭسىق پۇراق ئۇرۇلدى. سادەتنى قانداقتۇ بىر قورقۇنۇچ ئۇراپ بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، قانغا مىلىنىپ، كۆزى ئالايغان. چاچلىرى چۇگۇلغان ھالەتتە ياتقان مۇبارەكنى كۆردى.

— ۋاي، جان، بۇ نېمە ئىش، — دەپ ۋاقىراپ ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

يولدىشى كولە بىلەن ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ زوڭگەن ئۇددۇل خوشنىسى نادە ئاپا سادەتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ:

— نېمە بولدۇڭ، نېمانچىلا ۋاقىرايسەن؟ — دەپ ھەيران بولۇپ يېقىن كېلىشتى.

سادەت گەپ قىلالماي، ژىغلىغان بويى قولى بىلەن مۇبارەكلەرنىڭ ئۆيىنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەتتىدە، ۋاقىرىشىپ يېنىپ چىقىشتى. كوچىدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئادەملەر توختاپ، بولغان ۋاقەنى بىلىشكەندىن كېيىن مىلتىسيا بىلەن تېز ياردەمگە خەۋەر قىلىشتى.

بۇ ئېغىر پاجىەنى كۆرۈپ تۇرسۇننىڭ زوڭگى ئاينىپ، بار ئەزايى دىرىلدەپ تىترەپ، ئاغرىغى قوزغىلىپ كەتتى. سادەت خوشنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى كوتىرىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. تېز ياردەم ماشىنىسى كېلىپ تۇرسۇنغا ئۇكول سېلىپ كېتىشتى.

ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا، سادەت يەنە مۇبارەكنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. مىلىتسىيا ئۆينىڭ چۆرىسىنى توراپ، ھېچ كىمنى كىرگۈزمىدى. تەرگەۋچىلەر ئۆينىڭ ئىچىنى ۋە ئۆلۈكلەرنى سۈرەتكە چۈشەرمەكتە ئىدى. سادەت مىلىتسىيا خادىملىرىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئېيتىڭلارا، قىزى غۇنچەم ئۆيدىمۇ، تىرىكمۇ؟

— سىز كىمى بولىسىز؟

— مەن يېقىن خوشنىسى بولىمەن.

— سىز خوشنىڭىزنى ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆردىڭىز؟

— ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن ئىشتىن قايتقاندا، مۇبارەكمۇ ئىشتىن كېلىۋاتقان ئېكەن. تالادايامغۇر باشلانغاچقا، قىزى غۇنچەم ئاپىسىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ، كۈنلۈكنى ئېلىپ چىقىپ، ئاپىسىنى قولتۇقلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن.

— ئېيتىڭا، قىزى تىرىكمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— قىزىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ.

سادەت ئۇن سېلىپ ژىغلاۋەتتى. شۇ چاغدا ئاق خالات كىيگەن كىشىلەر ئىككى زەمبىلدە ئۇزلىرىگە ئاق يېپىلغان مۇبارەك بىلەن غۇنچەمنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتىرىپ چىقىپ ماشىنىغا سالدىدە، ئېلىپ كېتىشتى. ئۆپ-چۆرىدىكى رۇس، قازاق، تاتار، ئۇيغۇر خوشنىلارنىڭ ھەممىسى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئانا-بالىغا ژۇرەكلىرى ئاغرىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مىلىتسىيا خادىملىرى سادەتنى چاقىرىپ:

— سىز خوشنىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ژۈرگەن بولسىڭىز بىلىشىڭىز كېرەك، ئۆيدە ئېمىلىرى يوق، قاراپ كۆرۈڭ، — دېدى.

سادەت ئۆيگە كىرىۋېدى، پاچە يۈز بەرگەن ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك سۈرلۈك كۆرۈندى. ئۇنى ئاز دېگەندەك يېقىمسىز پۇراق كۆڭۈلنى ئايىنتاتتى. سادەت ئامالىنىڭ يوقلۇغىدىن بۆلمىلەرگە سەپ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. ھەممە بۆلمىلەرنىڭ ئىچى قالايمىقان. ئۇ ئالدىرىماي قاراپ چىقىپ:

— مۇبارەك ئالتۇنلىرىنى ساقلايدىغان ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى ئاق قۇتا يوق. سادەت يەردە ياتقان مۇبارەكنىڭ ئاق سۇمكىسىنى كۆرۈپ:
— ئاخچىلىرىنىمۇ ئالغان بولۇشى كېرەك، قالغان نەرسىلىرى ئورنىدا، — دېدى.

— سىز بۇ خوشنىڭىزنىڭ تۇققانلىرىنى بىلەمسىز؟

— مۇبارەك ئۆزى ئۇيغۇر ناھىيەسىدىن بولىدۇ. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، قېرى ئانىسى ئوغلىنىڭ قولىدا تورىدۇ. ئالمۇتىدىكى ساي بويى مەھەللىسىدە ھەدىسى بەر.

— ماكان-جايىنى بىلەمسىز؟

— ياق، بىلمەيمەن، ھەدىسى كەلگەندە، مېنى چاقىرىپ تونۇشتۇرغان.

— خوشنىڭىزنىڭ دۈشمەنلىرىنى بارمىدى؟

— بىلمەيمەن، مۇبارەك دۈشمەنلىرىم توغرىسىدا ماڭا ئېيتمىغان. ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق ياخشى ئايال ئېدى.

— بىزنىڭ پەرەزىمىزچە، ئۆي ئېگىسى جىنايەتچىلەرنى تونۇيدۇ. سەۋەۋى ئىشىك بۇزۇلمىغان، ئۆي ئېگىسى ئۇلارغا ئۆزى ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن كۆرۈنىدۇ.

سادەتنىڭ ئويىغا مۇبارەكنىڭ ھەدىسىنىڭ بالىسى كەلدىيۇ، لېكىن

ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ژۈرىگى قىسىلىپ، بۇ ئۆيدە ئارتۇق تۇرغۇچىلىقى يوق ئىدى.

— مېنىڭ ئۇششقا بېرىشىم كېرەك، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن چىقاي.

— هازىرچە سورىغىم يوق، لېكىن بىرەر سوراق پەيدا بولۇپ قالسا، سىزگە يەنە مۇراجىئەت قىلىشىمىز مۇمكىن.

سادەت تالاغا چىققاندا، خوشنىلار تېخى تارقىماي پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان تۇرسۇننىڭ قېشىدا بىر ئاز ئولتاردى. بولغان پاجىە كۆز ئالدىدىن كەتمەي، كۆڭلى ئاينىپ،بېشى قاتتىق ئاغرىپ ئىشقىمۇ بارالمىدى. ئۇ هەممىنى كۆزى بىلەن كۆرسىمۇ، تېخىچە ئىشەنگۈسى كەلمەتتى. مۇبارەك ئىككىسى بىر-بىرىگە هەدە-سىڭىلدەك ئىچەكىششىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى سادەتكە بەكمۇ ئېغىر كەلدى كۆزىنى ژۇمۇپ يېتىۋېدى كۆز ئالدىدا يەنە مۇبارەك بىلەن غۇنچەمنىڭ قىياپىتى پەيدا بولدى.

مۇبارەك چىرايلىق، بوي-تۇرقى ئېگىز كەلگەن بولۇپ، هەر قانداق كىيگەن كىيىمى ئۇنىڭغا بەك يارىشاتتى. قىسقا چېچىنى بۆدرە-بۆدرە قىلىۋالاتتى. بەك ئاق كۆڭۈل، تېخى ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان جۇگان ئىدى.

غۇنچەمچۇ، بارى-يوقى 16 ياشتا، ئېتىغا لايىق غۇنچە ئىدى. چىرايلىق، ئەقىللىق، هاياتقا ئاشىق ئۆزىنىڭ ئاررۇ-ئارمانلىرى ئۆزى ئوخشاش پورەك پېتىچە سولۇپ كەتتى. ئامانجانغا ئاشىقلىقىنى بىلىندۈرمەسكە تىرىشىسىمۇ، قارىقاتتەك كۆزلىرى هەممىنى سەزدۈرۈپ قوياتتى.

سادەت باللىلىرى كەچتە كېلىپ، بۇ دەھشەتلىك ۋاقەنى ئاڭلىسا، ژۇمران ژۈرەكلىرى قانداقمۇ چىدار دەپ ئويلاپ، ئۆيگە پاتمايۋاتقاندەك، يەنە كوچىغا چىقتى. خوشنىلار ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. مۇبارەكلەر تەرەپكە قارىۋېدى، مىلىتسىيا ئۇلارنىڭ ئۆيىنى قۇلۇپلاپ، ئىشىككە مۆرە بېسىلغان قەغەزنى چاپلاپ قويۇپتۇ.

نېمە قىلارنى بىلمىگەن سادەت ئاغرىنغىنغا چىدالماي يەنە ئۆيگە كىردى. «قان بېسىمىم كۆتىرىلىپ كەتتى، ئەتىمالىم»، — دەپ دورا ئىچىپ ياتتىدە، مېھرىبانىنىڭ ئەۋۋ كۆڭكى چۈشى ئېسىغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتى.«يا، ئاللا، ئۇ قىزنىڭ چۈشى ئەمەلىياتتا بولدىغۇ»، — دەپ قورققىنىدىن ئاغىزلىرى قۇرۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چىنە مۇزدەك سۇ ئىچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەچتە بولغان ۋاقىەنى ئاڭلىشىپ سادەتنىڭ بالىلىرى ژىغلىشىپ كەتتى.

ـ بۇ ۋەھشىلىكنى مۇبارەك ھەدەمنىڭ قىرىندىشىنىڭ بالىسى قىلغان بولۇشى كېرەك، باشقا كىم؟ ـ دېدى ئامانجان.

ـ ئەگەر ئۇ شۇنداق يامان بالا بولسا، مۇبارەك نېمىشكە مىلىتسىياغا ئەرىزە قىلمىغان؟ ـ دېدى تۇرسۇن.

ـ مۇبارەك مىلىتسىياغا ئەرىزە يېزىپ ئاپىرىپ بەردىم دېگەن، لېكىن ئۇ بالىنى قاماقتا ئالمىدىغۇ، ـ دېدى سادەت.

ـ بۇ نېمىس ـ فاشىستلىرىنىڭ ۋەھشىلىكىغۇ. نېمىسلار شەھەر ـ يېزىلارنى تاشلاپ چېكىنگەندە، ھېچ كىمنى ئايىماي، قېرى ـ ياشىمۇ، نارىسىدىمۇ چېتىدىن ئۆلتىرىپ، قىرىپ ماڭغان. بۈگۈن مەبارەك بىلەن قىزىنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقىنىنى كۆرگەندە، شۇ ۋەھشىلىكلەرئېسىمغا چۈشۈپ كەتتى.

ـ دادا، سەن ھېچ قاچان ئۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىمەتتىڭغۇ؟

ـ ئۇ ۋەھشى ئۇرۇش توغرىسىدا بىلمىگىنىڭ ياخشى، بالام. غۇنچەمنىڭ ئۆلۈمنى ئاڭلىغان پاتەم بىلەن زورەم تېخىلا ژىغلاپ ئولتىراتتى.

ـ ئەندى قاراڭغۇدا تالا ـ تۈزگە چىقىشتىنمۇ قورقىمىز.


بۇ قانلىق پاجىەنى ئالدىن ـ ئالا چۈشىدە كۆرۈپ بولغان مېھرىبان گەپ قىلماي بىر نۇقتىغا قاراپ ئولتىرىپ: «بۇ ۋەھشىلىكقۇ، ئىككى ئاجىزنى قانغا مىلەپ تاشلاپ، قانداقمۇ يەر دەسسەپ ژۈرمەكچى ئۇ ھايۋانلار»، ـ دەپ ئويلاتتى...

***

ـ مېھرىبان، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلەردە نەشىخورلۇق ئوخشاش سوتسىئالىستىك جەمىيەتكە نالايىق ئىشلارنى يوق دەيدىغانغۇ. ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىمۇ ئۇن قاتماتتى.

ـ ھەممىسى سەياسەتكە باغلىقتە، رۇس.

# سىغىنىش ئوتى



شۇ كۈندىن باشلاپ تۇرسۇننىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ، كېچىلىرى ۋاقىراپ ئوخىنىپ كېتىدىغان بولدى. دوختۇرلارنىڭ بەرگەن دورىلىرىمۇ پايدا قىلماي، دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ، بىر ئاز ياخشى بولۇپ چىقتى. ئەندى ئۇ ژۇتىغا كۆچۈپ كېتىش ئارمىنىدا ياشىدى.

ژىللار غۇيۇلداپ ئۆتىۋەردى. سادەت شەھەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاز كۈچ چىقارغىنى يوق. قىشنىڭ كۈنلىرى سوغ كىئوسكىدا ئولتىرىپ سالامەتلىكىدىنمۇ ئايرىلدى. بۇ ئاز دولغاندەك، تۇرسۇننىڭ ئاغرىغىنىنىڭ كۈچيىپ كەتكىنىچۇ تېخى. تارتقان جاپا-مەشەقەتلەرسادەتنى ئۆزىنىڭ يېشىدىن چوڭ كۆرسىتىپ، چاچلىرىدىكى ئاقلارنى كۆپەيتىپ، ئۈزىدە قورۇقلار پەيدا قىلدى.

مانا ئەندى ئەمگىگىنىڭ نەتىجىسى چىقىپ، بالىلىرى قولىغا دىپلوم ئېلىۋېدى، تارتقان قىيىنچىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاللادىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمرى بىلەن بەختىنى تىلەپ تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن ژۇتىغا قايتتى.

ئامانجان ئالدىن-ئالا ژۇتىغا كېلىپ كولخوزغا ئاگرونوم بولۇپ ئىشقا كىرىپ، ئاتا-ئانىسىغا ئۆي تېپىپ تەييارلاپ تۇردى. مايسىمەمنىڭ ئۇ چاغدا كۆزى كۆرمەي، پۇت-قولى ئىششىپ يېتىپ قالغان ئېدى. تۇرسۇن بىلەن سادەت ئوغلىنى ئېلىپ ئانىنىڭ قېشىغا كىرىپ، كۆچۈپ كەلگىنىنى خەۋەرلەپ، ئۇنى خوشال قىلدى. ئانا خىيالىدا: «ئەندى كەنجەم مېھرىبانىم يېتىپ كەلسە»، — دەپ ئۈمۈت قىلىپياتاتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يامغۇر قۇيۇۋاتقاندا، مېھرىبان ئاۋتوۋوكزالدا ئاۋتوبۇس كۈتۈپ تۇراتتى. ياركەنتكە ماڭىدىغان ئاۋتوبۇس كېلىشى بىلەنلا، سومكىلىرىنى كۆتىرىشكەن يولۇۋچىلار ئۇنى قاپلاۋالدى. مېھرىباننى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان بىرى قولىنى تۇتۇپ: «مېھرىبان!» — دەپ قالدى. قىز بۇرۇلۇپ قارىدىدە، سېيىتجاننى كۆرۈپ ئۇزىدە يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ياخشىمۇسىز، مېھرىبان؟

— ھە، ياخشى. مانا دىپلومنى ئېلىپ ژۇتقا ماڭدىم.

— مەنمۇ شۇ، ئەندى يېڭى ھاياتنى باشلايمىز.

— شۇنداق.

مەھرىباننىڭ يۈتى ئۇششۇپ قالغان بىر چاغلاردا ئۇنى مەلىگىچە ھاپاش قىلىپ چىققان بالىلارنىڭ بىرى سېيىتجان بۈگۈن ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېغىر-بېسىق ژىگىت بولۇپ ئۆسۈپ، بۇ ژىلى مېدىسىنا ئىنستىتۇتىنى تامامىلىغان ئىدى.

ئىككىسى «ئالمۇتا- ياركەنت» مارشرۇتى بويىچە ماڭغان ئاۋتوبۇسقا كىرىپ، بىللە ئولتىرىشىپ يولغا راۋان بولدى. مېھرىبان ژىگىتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرگەچ ئۇنىڭغا غىل- پال كۆز تاشلاپ قوياتتى.

— قولىڭىزغا دىپلوم ئالدىڭىز، ئەندى ياش ئەۋلاتلارغا ئۇستاز بولىسىزدە. سىز ئۆزىمىزنىڭ مەكتۇدە ئىشلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، ئۇنى ناھىيەلىك بىلىم بۆلۈمى يېشىدۇ ئەمەسمۇ. ياش كادر بولغاچقا، قايسى مەكتەپكە ئەۋەتسە، شۇ مەكتەپكە بارىمىزدە.

— سىزچۇ، شەھەر دوختۇرخانىسىدا ئىشلەمسىز؟

— ھە، ماڭا شەھەر دوختۇرخانىسىغا يوللانما بەردى.

— دوختۇرلار ئادەمنىڭ جېنى ئۈچۈن كۆرەشكىچە، بۇ ئىنتايىن ئېغىر ھەم جاۋاپكەرلىك كەسىپتە.

بالىلار بىلەن ئىشلەشمۇ ئاسان ئەمەس. مۇئەللىملەرمۇ ياش ئەۋلاتلارغا ئېرىنمەي بىلىم بېرىدۇ. ئۇلار ئوقۇتقان بالىلار چوڭ بولغاندىمۇ ئۇستازلىرىنى ئۇنتماي ئەسلەيدۇ، دايىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

— دادام رەمتى: «مۇئەللىم گۆھەردەك تازا، قىلغان ئىشلىرى، ھاياتى بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك»، — دەيدىغان.

— قۇرۋان ئاكا ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان ئادىل، ئىشلەمچان ئادەم ئىدى.

- بىزنىڭ مەكتىۋىمىزنىڭ ئون ژىللىققا ئايلانغىنى يېزا باللىرىغا ياخشى بولدى.

- بىز كۆندە ياركەنتكە پىيادە بېرىپ ئوقۇپژۈرگەندە، قانچىمۇ باللار ئاغرىقچان بولۇپ ئۇقۇشنى تاشلاۋەتتى.

- شۇ ژىللىرى بىز بىلەن قاتناپ ئوقۇغان ئون تۆرت بالىنىڭ ئىچىدە تۆرتىمىز ئالىي، بەشى ئوتتۇرا مەخسۇس بىلىم ئاپتۇ، بەشى ئوقۇشنى تاشلاپتۇ.

- ئۇقۇشنى تاشلىسىمۇ كارلىن بىلەن قادىر هازىر كولخوزدا تراكتورىست، ئازات بىلەن ماناپ زۋېنو باشقۇرۇپ كۆمۈقوناق ئۆستۈرىۋاتىدۇ، گۈلپەم تۇرمۇشقا چىقىپ باللىرىنى تەربىيلەۋاتىدۇ.

- قانچە قىيىنچىلىق تارتساقمۇ، هەر بىرىمىز هاياتتىن ئۆز ئورنىمىزنى تاپتۇق.

- شۇنداق، «جاپا چەكمەي، هالاۋەت يوق» دېمىدىكەن ئەمەسمۇ. ئوقۇپ ژۈرگەندە ئۆزىڭىزمۇ قانچە ئاغرىدىڭىز.

- راست دېيسىز، باللىق چېغىمدا تولىمۇ ئاغرىدىم. ئاپام بېچارە مەن ئۈچۈن قان چە قايغۇرۇپ ژىغلىدى.

ئىككىسى ئۆتكەن-كەچكەننى ئەسلەپ، كېلەچەك ئارمانلارنى سۆزلەپ مېڭىپ ئۇزاق يولنىڭ قانداق تۈگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

ئۈستىگە ئۇششاق گۈلكۆك چىت كۆينەك كىيگەن، چېچى ئۇزۇن، بۇ چىرايلىق قىزنى بۈگۈن كۆرۈشى ،بىلەنلا، ژۈرىگىدە قانداقتۇ بىر ئىسسىق سېزىم پەيدا بولغان سېيىتجان ئۇنى ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، خوشلىشىۋاتقاندا:

- مېھرىبان، ئەندى پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرارمىز، - دېدى.

قىز كۈلۈپ قويۇپ، بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە خوشال كىرگەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كىچىك بالىدەك ژىغلاۋەتتى. قىزىنىڭ سېيىتجان بىلەن كېلىۋاتقاندا ئويلىغان ئارمانلىرى شۇ دەمدە كۆككە ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆيگە ژىغىلغان تۇققانلار مايسىمەمنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ ئۇنى ئارانلا چىقاتتى.

- گۈلى، رۇقىيەم، ئەندى باللىرىمغا سىلەر ئانا. مەن هەممىڭلاردىن رازى. سىلەرمۇ مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار! باللىرىم، بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۆم ياشاڭلار.

گۈلى بىلەن رۇقىيەم قېرىندىشىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ھەدە بىز ھەممىمىز سىزنىڭدىن رازى، — دەپ قىرىندىشىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئۇلتاردى.

خۇددى مېھرىبانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، مېھرى دەريا، ئاق كۆڭۈل ھاياتىدا نۇرغۇن جاپا تارتىسمۇ، باللىرىنى جەمىيەتكە لايىق ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلىگەن ئانا شۇ كۈنى ھاياتتىن مەڭگۈگە كۆز يۇمدى. قېرىلار: «مايىسمەم ئالمۇتىدىن كېلىدىغان باللىرىغا تارتىشقان ئىكەن»، — دېيىشتى.

ئانىنىڭ ئۆلۈمى باللىرى بىلەن قېرىنداشلىرىغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئاللادىن كەلگەن ئەجەلگە بويۇن سۇنماي چارە يوق. ئەتىسى پۈتۈن زۇت، بالا–چاقا، ئۇرۇق–تۇققان، قېرىنداش بولۇپ ئۇرپى–ئادەتلىرىمىز بويىچە ئانىنى ئاخىرقى سەپەرگە چىرايلىق ئۇزاتتى.

«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدە قۇرۋان ئاكىنىڭ قىلغان ياخشىلىغىنى ئۇنتىمىغان ياقۇپ ئاكا مايىسمەمنىڭ ئۆلۈمىدە يەڭنى تۈرۈپ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ ئايالى مەرىيەم يەتتە كۈن قازان بېشىدا تۇردى. مىرۋانوم بىلەن زىنەپخانلارمۇ يېشىنىڭ يېتىپ قالغىنىغا قارىماي، گۈلى دوستىنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ، يار–يۆلەك بولۇپ زۇردى...

***

— ھە، جاپاكەش ئانىمۇ ئۆلۈپ كەتتى دەڭ، مېھرىبان.

— ئۆلۈپ كەتتى، — ئۆلۈق–كىچىك تىندى مېھرىبان كۆزلىرىدىكى ياشنى رۇستىن يوشۇرۇپ.

# ئارمان قىلغان توي



ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ بولمىغاچقا، گۈزەل باھار ئايلىرىنىڭ بىرىدە تۇرسۇن بىلەن سادەت ئوغلىنىڭ تۇيىغا قىزغىن تەييارلىق كۆردى. تويغا كېرەك نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۆيگە يەتكۈزۈلۈپ ئالسىمۇ، بەرى-بىر ئەنسىزلىك قىلاتتى. تويغا جامبۇلدىن تۇرسۇننى باققان سەكېن ئاتا، خالىما ئاپاي، بولات، زىلەيخا ۋە ئوغلى دەۋلېت كېلىشتى.

جۈمە كۈنى قىز تەرەپكە مال-گۆرۈچنى يەتكۈزۈش كېرەك. تۇققانلار بىلەن ژۇت چوڭلىرى ژىغىلىپ، سادەتنىڭ ئويىدە پولۇغا ئېغىز تېگىپ، ماشىنىلارغا ئولتىرىپ توي تاراپ پەنجىمگە قاراپ ماڭدى. ژۈك ماشىنىسىغا بىر توپاقنى بېسىپ، مۇڭگۈزىگە ئالا-يېشىل ياغلىقلارنى چىگىپ قويدى.

ماشىنىلار قۇدىلارنىڭ ئىشىكئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنى كۈتۈپ ھويلىدا تۇرغانلار چىقىپ:

- ھەي بولۇڭلار! قۇدىلار كەپتۇ، يول تورايمىز، - دېيىشىپ چۇقۇرىشىپ، ئۇرپى-ئادىتىمىز بويىچە ئاغامچا تارتىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىنى توردى. گۈلنىڭ قىزى سېلىمەم سۇمكىسىنى ئېچىپ يول تورىغان ئەرلەرگە ئىككى بودۇلكا ھاراق، جوگانلارغا بىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرىدىنىياغلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن يول ئېچىلىپ، ھويلىغا چوڭلار، ژۇت ئاقساقاللىرى كىرىشتى.

ئاياللار چايخانىدا راسلانغان جوزىلارنى چۆرەدەپ ئولتىرىشتى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئۈزۈم بارىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئۇستەللەر ئەتراپىدا ئەرلەر ئولتاردى. ژۇت ئاقساقاللىرى دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ژىگىت تەرەپتىن كەلگەن ياقۇپ ئاكام ئورنىدىن تۇردى.

– دەستىخان ئېچىشتىن ئىلگىرى ئەكەلگەن مال-گۈرۈچنى تاپشۇرساق، قانداق دېيسلەر، قۇدىلار؟

– ياخشى-ياخشى! تۇققانلار، ژۇت كۆرسۇن، – دېيىشتى.

– ئۇنداق بولسا، ژىگىتلەر، كوروبكىلارنى ئەكىرىڭلار.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر مىشكاپ گۈرۈچ، سەۋزە، بىر مىشكاپ ئۇن، ماي، تاتلىق-تۈرۈم، چاي، تۇز، ئىككى ياشىك ھاراق-شاراپ، مېۋە سۇلىرىنى ئەكىردى. رەنابىلەن مودەنگۈل ئۈزۈن ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە ئاق دەستىخان سېلىپ، بىر جاۋۇر پولۇ بىلەن يېرىم قوينىڭ پىشىرىلگەن گۆشىنى، بىر جاۋۇر سامسا، جۈپ-جۈپى بىلەن 10 تاۋاقتا تاتلىق-تۈرۈم، گۈلقاق، توغاچ، كىشمىش، ياڭاق، پېچىنىلەرنى قاتار رەتلەپ تىزىۋېلىپ، ئاندىن بىر كىيىملىك چىرايلىق ئېسىل بىلەن ئەر كىشىنىڭ كۆينىگىنى چىقىرىپ قويۇپ:

– ھۆرمەتلىك ژۇت! مانا بىزنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگىنىمىز، – دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

قىز تەرەپتىنقاراپ تۇرغان ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى:

– رەخمەت، قۇدىلار، ئۇبدان ئېلىپ كەپسىلەر،ئەندى ئاقىۋىتى ياخشى بولسۇن! – دېيىشتى.

ياقۇپ ئاكامنىڭ ئىلتىماسى بىلەن تۆردە ئولتارغان ئىۋرايىم موللام دۇئا قىلغاندا، چوڭ-كىچىك ھەممىسى قول كۆتىرىشتى. شۇنىڭدىن كېينلا دەستىخانلار ئېچىلىپ، قۇدىلارغا چاي قۇيۇلۇپ، ئارقىسىدىن تاۋاقلاردا ئاش كەلتۈرۈلدى. مېھمانلارنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن، چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ خوشال-خورام ئولتاردى. پولۇدىن كېيىن ياقۇپ ئاكا:

– دۇئا قىلايلى، مالنى سويۇپ، گۆشنى پىشىرىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ھەممىنى سەرەمجان قىلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ، – دېدى.

مېھمانلار تارقاپ كېتىشكەندىن كېيىن، قاسساپ ھاسان ئاكا ئۆمەر،

يادىكار، سادىقجانلار بىلەن باغ تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار بىر دەمدىلا مالنى سويۇپ، گۆشنى يوغان قازانغا سېلىپ پىشۇرۇشقا باشلىدى.

ئاياللارمۇ خوشلىشىپ ماڭغاندا، قىزنىڭ ئاپىسى رىھان قۇدىلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ:

ـ سادەت، ئەتە خىزمەتكە ئۈچ ـ تۆرت ئايال ئەۋەتىڭ، ئەتىگەنىرەك كەلسۇن، ماقۇلمۇ، ـ دەپ جېكىدى.

ـ ماقۇل، قۇدا، ئەۋەتىمەن.

ـ ئاياللارغا ئەتكەن چاي ئېتىمىز، سۈت ـ قايماقنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ.

ـ ئەنسىرىمەڭ، سۈت ـ قايماقنى مودەنگۈلگە تاپشۇردۇم، ئېلىپ كېلىدۇ.

ـ ماقۇل ئەمسە، خوش، ئەتە كۆرۈشكىچە ئامان بولايلى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ياش باللار هويلىغا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ تازىلىدى. خىزمەت قىلىدىغان قىز ـ جۇگانلار، ژىگىتلەر ئىككى قۇر قويۇلغان ئۇزۇن ئۇستەلەرگە دەستىخان سېلىپ، ئۇستىگە پەتمۇسلاردا راسلانغان تاتلىق ـ تۇرۇملارنى، تەخسىلەردە پىشۇرۇلگەن توخۇ گۆشى، كالا گۆشى، ئۆپكە ـ هېسىپ، سامسا، قورۇلغان ئاچچىق سەيلەرنى، كۈلۈپ پىشقان توغاچلارنى رەتلەپ قويۇپ چىقتى.ئۇسيەلەرنىڭ ئۇ ـ بۇ يېرىگە هاراق ـ شاراپ، مېۋە سۈيلىرى تىزىلدى. هەممىنى قويۇپ بولغاندا، رىھان ئۇستەلەرگە يەنە بىر قېتىم سەپ سېلىپ قاراپ:

ـ ياخشى، دەستىخىنىمىز چىرايلىق بولدى. ئەندى چايخانىدىكى جوزىلارغا ئاق دەستىخان سېلىپ راسلاڭلار، ـ دېدى خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا.

ـ چايخانىدا موللام، ژۇت چوڭلىرى ئولتىرىدۇ، ئۇ يەرگە هاراق ـ شاراپ قويماڭلار ـ دېدى پولات.

هويلىنىڭ بىر تەرىپىدە قويۇلغان ئۇستەلدە ئولتارغان سازەندە ژىگىتلەر ناخشا ـ سازنى ياڭرىتىپ، هەممىسىدە كۆڭۈللۈك كەيپىيات هاسىل قىلدى. ئادەملەر توپ ـ توپى بىلەن كېلىشكە باشلىدى. موللام، ژۇت قېرىلىرى چايخانىدا ئولتاردى. قالغان جامائەت ئۇزۇم باراڭ ئاستىدىكى ئورۇنلاردا لىققىدە ئولتارغاندىن كېيىن پەنجىمدىن ئاتاقلىق تامادىسى قۇرۋانجان سۆز باشلىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ژۇتداشلار، قېرىنداشلار ۋە موشۇ تويغا ژىراق ـ يېقىندىن كەلگەن هۆرمەتلىك مېهمانلار! بۈگۈن پولات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاكامنىڭ قىزى گۆزەل سىڭلىمىز بىلەن تۇرسۇن ئاكىمىزنىڭ ئوغلى ئامانجان ئىنىمىزنىڭ توي مەرىكىسىگە ژىغىلىپ ئولتىرىمىز. مانا ژىگىت-قىزلارمۇ كېلىپ قاپتۇ، شۇڭلاشقا چاي تارتىش ئالدىدا نېكا قىلىش ئۈچۈن ئىۋرايىم موللامغا سۆز بەرسەك.

- بولىدۇ، بولىدۇ.

سازەندىلەرنىڭ شوخ سازىغا بىر توپ ياشلار ئۇسسۇل ئوينىشىپ هويلىغا كىرىپ كېلىشتى. ژىگىت بىلەن قىز دوستلىرى بىلەن چايخانىغا يېقىن كېلىپ تۇرۇشتى. هويلىدا ئولتارغان چوڭ-كىچىكنىڭ هەممىسى ئىۋرايىم موللامنىڭ ئوقۇغان سۇرىلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ جىم تۇرۇشتى.

- ئاسماندىن چۈشكەن نېكارىڭلار مۇبارەك بولسۇن، باللىرىم! بەختلىك بولۇڭلار، - دېدى موللام نېكا ئوقۇلۇپ، ئىككى ياش نېكا سۈيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن.

تۇرسۇن بىلەن پولات دەسلەپ ياشلارنى، ئاندىن ئىككىسى بىر-بىرىنى تەبرىكلەپ: «بىز ئەندى مىڭ ژىللىق قۇدا بولدۇق»، - دەپ قۇچاقلاشتى.

سازەندىلەرنىڭ شوخ سازىغا ئۇسسۇل ئويناپ هويلىدىن چىققان ياشلار ماشىنىلارغا ئولتىرىپ كېتىشتى.

ئوخشاش چىرايلىق پەرتۇقلارنى تارتىپ قازان بېشىدا خىزمەت قىلىپ ژۈرگەن ئاياللار تىتانىڭا قايناۋاتقان سۈنى ئېلىپ، ئون نەچچە چەينەككە چاي دەملەپ، تەييارلاپ بىرىۋاتىدۇ، ياش ژىگىتلەر بىر-بىردىن چەينەكنى ئېلىپ، ژۈگرەپ ژۈرۈپ مېهمانلارغا چاي قۇيماقتا. پەنجىمدىكى ئاتاقلىق ئاشپەز كېۋىر ئاكا يوغان قازاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، دەم يېگەن پۇلۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، تاۋاقلارغا سالماقتا. ئىككى ژىگىت يوغان تەڭنىگە دوگىلاپ سېلىنغان گۆشنى كۆتىرىپ كېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

ئەهرى ئاكا ئاش سېلىنغان تاۋاقلارنىڭ ئۈستىگە ئۈچ كېسىمدىن گۆش سالماقتا.

- ئەهرى ئاداش قۇدىلارنىڭ تاۋاقلىرىغا ياخشىراق سېلىڭ، - دېدى ئاشپەز.

- مانۇ مونۇ تاۋاقلار قۇدىلار تەرەپكە قويۇلسۇن، - دېدى ئەهرى ئاكا.

- بولدى، يۈز تاۋاققا ئاش، ئىككىدىن قوشۇق سېلىندى، بىر

چەتتىن ئاپىرىڭلار، ژىگىتلەر، ـ دەپ تەكشى تىزىلغان تاۋاقلارغا قاراپ قويىدى ئاشپەز.
ياش ژىگىتلەر ئىككى-ئىككىدىن تاۋاقلارنى كۆتىرىپ ماڭدى. ئاش
تارتىلغاندا تامادا جامبۇلدىن كەلگەن سەكپن بوۋايغا سۆز بەردى.
ـ ئەسسالام، ئەل ژۇت، قۇدا! تۇرسۇن بالامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ژۇتىنى، ژۇتداشلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ ژۈرىگىم تولۇپ تۇرىدۇ. تۇرسۇن ئائىلىسىنى، ژۇتىنى كەچ تاپسىمۇ، بۇگۇن ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ خوشال بولۇپ ئولتىرىدۇ. يول ژىراق بولسىمۇ، ئائىلىمىز بىلەن تۇرسۇن بالامنىڭ بۇ خوشاللىغىنى تەڭ بۆلۈشەيلى دەپ كەلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش بولماي، ئەل-ژۇت ئامان بولسۇن! ئاتا-ئانىلار ژىغلىمىسۇن، باللار ژىتىم قالمىسۇن، ھەممىمىز ئامان بولايلى! موشۇنداق چوڭ تويلاردا ئۇچرىشىپ، دىدار كۆرۈشەيلى. ئارمانجان بىلەن كېلىن بەختلىك بولسۇن!
تۇرسۇن بوۋاينىڭ قولىنى ئېلىپ رەخمەت ئېيتتى. ئولتارغانلار بوۋاينىڭ سۆزىگە قەدەھلىرىنى كۆتىرىشتى. ساز چېلىنىپ ياشلار ئۇسسۇلغا چۈشتى.
ساز توختىغاندا، تامادا ئىككى قۇداغا سۆز بەردى. ئەر قۇدا پولات كولخوزدا بۇخگالتىر، ئايالى مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەچكە، تۇرمۇشى تۇرسۇن بىلەن سادەتلەرگە قارىغاندا خېلە ياخشى ئېدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ سۆز باشلىدى.
ـ باللار چوڭ بولغاندا، بىز تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن تۇققان قىلىپ قويىدېكەن. مانا تۇرسۇن ئاكا بىلەن قۇدا بولۇپ قالدۇق. بىز قىزىمىزغا ياخشى تەربىيە بېرىپ، ئوقۇتتۇق. ھازىر شەھەردە ھەمشىرە بولۇپ ئىشلەيدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى باللىرىمىز بەختلىك بولىدۇ. ئەندى ئاتا-ئانىسىنى ئىززەتلەپ، بارىغا قانائەت قىلىپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىپ ياشىسۇن. يەتمىگەن يېرىگە يەنە بىز بار. كەلگىنىڭلارغا رەخمەت، خوشال-خورام تاماشە قىلىڭلار.
تۇرسۇننىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. «ئاكا، ھودۇقماي سۆزلە»، ـ دەپ يېنىغا كېلىپ تۇردى تۇرغان.
ـ ياركەنت تەۋسىدىكى ئەڭ چوڭ، بەختلىك گۆزەل پەنجىم يېزىسىدا بۇگۇن توي. بۇ ژۇتتىن نە-نە داڭلىق ئادەملەر چىققان. مەن پولات بىلەن قۇدا بولغىنىمغا تولىمۇ خوشال. باللىرىمىز بەختلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەۋۋى زامانىمىز تېچ، دەستىخىنىمىز باي. مەن ئىككى ياشقا بەخىت، سالامەتلىك تىلەيمەن. سىلەرگىمۇ ياخشىلىقلار، خاتىرجەملىك تىلەيمەن...

— يارايسەن ئاكا، — دېدى تۇرغان ئاكىسىنىڭ قولىنى قىسىپ.

ئولتارغانلار ئىككى قۇدىنىڭ سۆزىگە قەدەھلىرىنى كۆتەردى. يەنە ساز چېلىنىپ قۇدىلارنى ئۇسسۇلغا چاقىردى تۇرسۇن بىلەن پولات ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى، دوستلىرى ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ئاخچا ئۆرۈپ، سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا قويدى. سازتوختىغاندا، تامادا تۇرغانغا ئىلتىماس قىلىپ:

— سىز ئىلاخۇننىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، كۆپچىلىك سوراۋاتىدۇ، — دېدى. — ئاكامنىڭ بالىسىنىڭ توتىدا ئېيتىمىغان ناخشامنى قەيەردە ئېيتىمەن، — دەپ ئىلاخۇننىڭ ناخشىسىنى ئاستا باشلىدى تۇرغان.

ئىلاخۇننى ئاتمايدۇ،
تورۇق ئاتنى ساتمايدۇ.
خەتىرىڭنى جەمى قىل،
ئۇرۇمچىدە ياتمايدۇ.
كۇرە يولىدا مېڭىپ،
مەپەك سۇندىمە، شەنگەن.
ئىلاخۇننى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈك تىندىمۇ، شەنگەن.

ناخشا تۈگىشى بىلەنلا، ئولتارغانلار چاۋاك چېلىشىپ: «جۇپ بولسۇن!» — دەپ ۋاقىراشتى. تۇرغان ئاكىسىنىڭ ھۆرمىتىگە يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بەردى. توي چاقچاق، ناخشا-ساز، ئۇسسۇللار بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

ئەندى سائات ئىككىگە ئاياللارغا دەستىخان ياساش كېرەك. خىزمەت قىلىپ ژۈرگەن قىز-ژۇگانلار ژۈگرىشىپ جوزىنى قايتا راسلىدى. ئاياللارمۇ توپ-توپ بولۇپ تويغا كېلىشكە باشلىدى. كەڭ پىرلەڭگە كۆينەك كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق تاڭغان ئانىلار، قۇدا تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار بىر-بىرى بىلەن تېچلىق سورىشىپ چايخانىنىڭ تۆرىگە سېلىنغان چرايلىق كۆرپىلەرگە ئولتىرىشتى. ئۇ زامانلاردا بىز تەرەپتىكى ئاياللار ئۇپا-ئۇڭلىك دېگەننى بىلمىگەچكە، ياش قىز-

جۇگانلار قېشىغا ھوسما قويۇپ، قولىغىغا گۈل قىسىپ، چىرايلىق كىيىنىپ كېلىشتى.

ئاياللارغا سائات ئۈچتە چاي تارتىلدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندا، ئۆي ئىگىسى رېھان:

— مېھمانلار ئالدىڭلاردىكى تاتلىق-تۈرۈملارغا بېقىپ قويۇڭلار. بۇ تويغۇ، باللار، نەۋرىلەر ئىبغىز تەگسۇن دېدى، — دېدى.

مېھمانلار ھەممىسى پەتمۇستىكى تاتلىق-تۈرۈملاردىن ئوراپ ئېلىشتى. خىزمەت قىلىپ ژۈرگەن قىزلار بوش پەتمۇسلارنى ژىغىشۋەتكەندىن كېيىن، تويىنى باشقۇرۇپ ژۈرگەن تۇراخان:

— ئاش كەلگىچە، بىز قىزىنىڭ بوپىسىنى ئاچايلى. قېنى قىزىنىڭ ساندۇغىنى ئوتتۇرىغا ئەكېلىپ قويۇڭلار، — دېدى.

ئىككى جۇگان يۇغان ساندۇقنى كۆتىرىپ چىقتىدە، ئۇنى ئىچىپ ئەڭ ئۇستىدىكى ياغلىقتا تۈگۈپ قويغان چاچقىنى ژىگىت تەرەپتىن كەلگەن ئادالەت ئانىغا بەردى. قىزىنىڭ ھەدىسى گۈلسۇم ساندۇقتىن ئەينەكنى ئېلىپ:

— مونۇ ئەيىنگىكەن، بۇ كۆيوغۇلغا قىلغان سىم-كوستيۇم، دوپىسى بىلەن، — دەپ كۆرستىپ بىر تەرەپكە قويدى.

— مونۇ — دەستىخانلىرى، بۇ — دېرىزە پەردىلىرى. مانا جۈپ-جۈپى بىلەن يوتقان كىرلىكلىرى. مونۇلار قىزىمىزنىڭ باش كىيىملىرى، ياغلىقلىرى. بۇ قىزىمىزنىڭ كۆينەك-كوستيۇملىرى، — دەپ بەش-ئالتە چىرايلىق تىكىلگەن كۆينەكلەرنى، كوستيۇملارنى كۆرسەتتى. ئەندى ئاياق-كىيىملىرىنى كۆرسەتمەي قوياي، — دەپ ساندۇقنىڭ تېگىگە قاراپ، — ئۆتۈكلىرى، تۇفلىلىرى، تاپوچكىلىرى ھەممىسى بار، — دەپ خىزمىتىنى تۈگەتتى.

ژىگىتنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، رەخمەت ئېيتىپ ئولتاردى.

ئاڭغىچە رېھان قىزلىرىغا: «ئاچىقىڭلار!» — دەپ ئىشارە قىلدى. خىزمەتتىكى ئاياللار ژۈگرەپ ژۈرۈپ بىر يوغان كرووۋات، قاچا-قومۇچلار، ئىككى گىلەم، تۆرت يوتقان، تۆرت چۈشەك تەھيىنى ئېلىپ چىقىپ ساندۇقنىڭ ئۇستىگە تىزىپ قويدى. تۇراخان چايخانىدا ئولتارغان قۇدىلارغا قاراپ:

— بۇ رېھان ھەدىمىزنىڭ قىزىغا قىلغىنى، — دېدى.

چايخانىدا ئولتارغان قۇدىلار: «رەخمەت، قۇدا، باللار بەختلىك بولسۇن!» — دېيىشتى. ئاندىن قىزىنىڭ چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپىلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىرىنداشلىرى قىزغا ئاتىغان سوغىلىرىنى قويۇشتى. قىز تەرەپ قويۇپ بولغاندا، ژىگىت تەرەپ ساندۇغىنى ئاچتى.

رەنا ساندۇقنى ئېچىپ، ئۈستىدىكى چاچقىنى قىز تەرەپتىن كەلگەن چوڭ ئاپىسىغا بەردى.

— مانا ئۈچ كىلو ھىندى چېيى، دادىسىغا سىم-كوستيۇم، ئاپىسىغا شىفون كۆينەك، 10 ئەرلەرنىڭ كۆينىكى، 10 ئانىلىق كىرىپدېشىن رەخت، 100 ياغلىق، — دېدى ئېغىز كۆرتىپ كۆرستىپ. — بۇ سېلىقتا سېلىنغان نەرسىلەر، ئۆتكۈزۈپ ئېلىڭلار. ئەندى قىزغا ئەكەلگەن كىيىملىرىمىزنى كۆرستەي: — بۇ — ياغلىقلىرى، بۇ — كۆينەك كوستيۇملىرى، مونۇ — پالتوسى، بىر قۇر ئاياق كىيىمى، قالغىنىنى قىزىمىزغا ئوغلىمىز ئۆزى ئېلىپ بېرىدۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى يەڭگە بولغۇچى.

رىھان بىلەن سىڭىللىرى سادەتكە رەخمەت ئېيتىپ، مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى. ئاندىن قىز تەرەپتىن قېرىنداشلىرىغا، ژۇتقا ئادىمەتچىلىكلىرىنى قويۇشتى.

بۇرۇن-بۇرۇندىن كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنە تۈگىگەندىن كېيىن، ساز چېلىنىپ، قىز-جوگانلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. تاۋاقلاردا پولۇ، كەيىندىن قايماقلىق ئەتكەن چاي تارتىلدى. ئاخىرىدا سادەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رىھان قۇدا، ئەتە موشۇ مېھمانلار بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە چىلاققا. مېھمانلار ھەممىڭلار كېلىشىپ بېرىڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپتىكى توي تۈگەپ، ئاياللار تارقاشتى. ئېندى كەچتە ياسلار ئۈچۈن ژىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان ئولتىرىشقا قىزغىن كۆرۈلۈۋاتاتتى. ئاياللار تويىنى تۈگىتىپ كەلگەندە، ئۆيدە تەييارلىق قىلىپ قالغانلار ئالدىغا چىقىپ:

— سادەت ھەدە، ئامانجاننىڭ نىكاسى مۇبارەك بولسۇن، — دەپ تەبرىكلەشتى. بۇ چاغدا ھويلىغا قويۇغانئۇزۇن ئۇستەللەرنىڭ ئۈستى راسلىنىپ بولغان ئېدى.

— ھەدە ئۇستەللەرنى راسلاپ بولدۇق، ئەندى بىر قاراپ چىقىڭ، كام يەرلىرى بولسا تولۇقلايلى، — دېدى مېھرىبان.

رەنا بىلەن سادەت بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— چىرايلىق راسلاپسىلەر، بىراق قورۇلغان سەيلەرنى قويماپسىلەرغۇ؟

— بىز سوغ تۇرىدە بېرىلىدىغان يېمەك-ئىچمەكنى قويدۇق،

قورۇلغان سەيلەرنى مېھمانلار ئولتارغاندا، ئىسسىق تۇردە قويىمىزھۇ،
– دېدى مېھرىبان.
تۇرغان بەلدىكدە ئولتارغان ئامانجاننىڭ ئىككى دوستىدىن:
– ژىگىت ئولتارغۇزغان يەرگە باردىڭلارمۇ؟
– ھە باردۇق. بىزىسز ئولتىرىش بولمايدۇدە، ئاكا. ئاۋۇت ئاداش ژىگىرمىچە ژىگىتلەرنى چاقىرىپ، كۆڭۈللۈك ئولتىرىش ياساپ بەردى.
– قىز ئۇلتارغۇزغان ئۆيگە بارمىغانسىلەر؟
باردۇق. ئۇ ئۆيگە بىرىپ تاماشە قىلدۇق.
– نىكادىن كىيىن نەگە باردىڭلار؟
– قىز-ژىگىتلەر بەش-ئالتە ماشىنىغا ئولتىرىپ ئۆسەككە بىرىپ تاماشە قىلدۇق.
– بۈگۈن كەچتە ئامانجاننىڭ دوستلىرى بىر ياخشى خىزمەت قىلىۋېتىڭلار، كەچ ياخشى ئۆتسۇن.
– ئەلۋەتتە ياخشى خىزمەت قىلىمىز. بىز بىر مەشرەپتىكى ئۇنىمىز، قانداقلا ئىش بولمىسۇن خىزمەتكە تەييار.
– تويىنىڭ بىشى ياخشى باشلاندى. تۇرغان ئاكا. ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ، قايغۇرماڭ. قارىمامسىز، ھاۋا-رايىما شۇنداق ياخشى بولۇپ بەردى.
– رەخمەت ئۇكا!تايىرجان سېنىڭ تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز؟
– خۇدا بۇيرىسا كۈزدە توي ياسايمىز دەۋاتىمىز.
– ياخشى، ياشلارنىڭ ئۆي-ئوتاقلىق بولغىنى – ئاتا-ئانىنىڭ بەختى. جۇر ئۇكا، باغ تەرەپكە بىرىپ ئاشپەزلەرگە ياردەم بېرەيلى،
– دەپ ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى ياشلارنىڭ كەچكى تويىنى ئايالى رەنا بىلەن باشقۇرۇپ ژۈرگەن تۇرغان.
قاراڭغۇ چۈشكەندە مېھمانلار كېلىپ ئولتىرىشتى. ھەر خىل لىنتلار باغلىنىپ ياسالغان بەش-ئالتە ماشىنىدا قىز-ژىگىتلەرمۇ يىتىپ كېلىشتى. سادەت ئالدىراپ:
– ئوتنى يېقىڭلار، ئىككى ياش ئوتنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن ھويلىغا كىرسۇن، – دېدى.
دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە ئالدىن-ئالا تەييارلاپ تىزىپ قويغان ئوتۇنغا ئوت ياقتى ئامانجان بىلەن گۈزەل قول تۇتۇشۇپ ئۈچ قېتىم ئوتنى ئايلىنىپ ھويلىغا كىرىپ كەلمەكتە. سازەندىلەر ساز چېلىپ، ياشلار چىرايلىق ئۇسسۇل ئويناپ ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. ئامانجان بىلەن



گۆزەل تۆرگە ئۆزلىرى ئۈچۈن ياسالغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

قوش پورەكتەك چىرايلىق بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنداق يارىشىپ تۇراتتى. قارا كاستيۇم، ئاق كۆينەك كىيىپ، بويىنغا گالستۇك تاقىغان ئامانجاننىڭ بېشىدىكى دوپپىسىمۇ شۇنداق يارىشىپتۇ. ئۇچىغا ئاپپاق ئۇزۇن كۆينەك، بېشىغا فاتا كىيگەن قىز سەل ئۇيۇلۇپ يەرگە قاراپ ئامانجانغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېمەكتە. ئۇنىڭ كۆينىكى ئۆزىگە بەك يارىشىپ، بۇگۈن ئېتىغا لايىق گۆزەل بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنىگە قاراپ تۇرغان تۇرسۇن بىلەن سادەتنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى پاقىراپ كەتتى.

ـ سادەت ئىككىمىزگە موشۇنداق توي قىلىش بۇيرىمىغان ئىدى. ئوغلىمىز موشۇ بەختكە يەتكىنىگە ژۈرىگىم يېرىلىپ كەتكىدەك خوشال بولۇۋاتىمەن.

سادەت سۆز قىلىشقا ئاجىز ئىدى. ئىككىلىسىنىڭ ئۆزى بىر بەخت ئەمەسمۇ.

ـ راست دەيسەن، ئۇكام، بۇ بەختكە يەتكەنمۇ بار، يەتمىگەنمۇ بار، ـ دېدى تۇرسۇن ژۈرىگىنى تۇتۇپ.

مېھرىبان ئاكىسىدىن ئەنسىرەپ دورىسىنى ئاچقىپ ئىچكۈدى.

ياشلارنىڭ كىچى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە. كەينى ـ كەينىدىن تەبرىك سۆزلەر ئېيتىلىپ، سوغىلار تاپشۇرۇلدى. ناخشا ساز، ئۇسسۇللار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى ھېچ كىممۇ تۇيماي قالدى. سائات 12 بولغاندا، مېھمانلار تارقاشتى. رەنا ئىككى ياشنى باشلاپ ئۇلارغا تەييارلانغان بۆلمىگە ئېلىپ كىرىپ، ياخشى تىلەكلەر تىلەپ چىقىپ كەتتى.

خىزمەت قىلىپ ژۈرگەن قىز ـ جۇگانلار قاچا ـ قومۇچلارنى ژۇيۇپ، سائات تۆرتلەردە ھەممىنى سەرەمجان بېسىقتۇرۇپ بولدى.

ئەتىگەندە تۇرغان تۇرسۇن بىلەن سادەت ھويلىغا سۇ چېچىپ سۈپۈرۈپ، باغدىكى ئاش باسىدىغان قازانلارنى ژۇيۇپ تەييارلىدى. ئوخنىپ چىققان پاتەم بىلەن زورەم ئاپىسىنىڭ يوغان قازانلارنى ژۇيۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ـ ئاپا، نېمانچىلا ئالدىراپ ئىشلەپ كەتتىڭ، بىز ھازىر ئۆزىمىز تازىلاپ بېرىمىزغۇ.

ـ سىلەرگىمۇ ئىش يېتىدۇ، ئۇنىڭسىزمۇ ھېرىپكەتتىڭلار.

ـ ئاپا، تۇرسۇن دادام ئاغرىپ قالمىسا بولاتتىغۇ، چىرايى بىر قىسمىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— كىچىچە تووۋلاپ چىقتى، مېھمانلار كەلگىچە، ئۇكولنى سېلىپ، دورىسىنى بېرىڭلار.

— ماقۇل.

— بۈگۈنكى توينى چىرايلىق ئۆتكۈزۈپ ئالساق بولاتتىغۇ، — دەپ ئەندىشە قىلدى سادەت.

زورەم قازاننىڭ چۆرىلىرىنى سۈپىرىپ تازىلىدى. پايەم ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ:

— ئاپا، بۈگۈنمۇ ئاياللارنىڭ تويى قىز تەرەپتىكىدەك قالايمىقان بولامدا؟

— ياق، بۈگۈن قالايمىقان يوق، تۈنۈگۈن قىز تەرەپتە بوپا ئىچىش بولدى. بۈگۈن ياش كېلىننى ئاياللارنىڭ ئالدىغا سالامغا ئېلىپ كىرىدۇ.

شۇ چاغدا ھويلىغا رەنا بىلەن مېھرىبان كىرىپ كەلدىدە، سالاملىشىپلا ىزمەتكە كىرىشتى. بىر ئازدىن كېيىن گۈلنىڭ قىزلىرى سېلىمەم، سانىيەملەر كېلىشتى. ھويلىغا كەينى-كەينىدىن ئۇرۇق-تۇققانلار ژىغىلىپ، ھەممىسى بىردەمدىلا ئۇزۇن ئۇستەللەرنى راسلاشقا باشلىدى.

سائەت 21 لەردە ئەرلەر كېلىپ توي باشلاندى. تويمۇ ياخشا-ئۇسۇللار بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈپ، قۇدىلار رازى بولۇپ قايتىشتى.

سائەت ئىككىدە ئاياللار كېلىشكە باشلىدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ژىغىلىپ بولغاندا، قۇدىلار كېلىشتى. ئۇلارنى ئالاھىدە تەييارلىغان ئورۇنلارغا ئولتارغۇزۇپ، چاي تارتىلدى. كىچىكماي تاۋاقلاردا ئاش كەلتۈرۈلۈپ، كەينىدىن توغاچ، ساڭزىلار بىلەن قايماقلىق ئەتكەن چاي قۇيۇلدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندا، نۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىننى سالامغا ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى.

تۆردە ئولتارغان ئانىلار رازىلىقىنى بىلدۈردى. يەرگە ئۈچ مېتر چىرايلىق رەخت سېلىندى. قىز تەرەپتىن كەلگەن نۇرخان ئانا قىزنىڭ بېشىغا ياغلىق يېپىپ، سېلىنغان پىيانداز ىنى دەسسەپ تۇرغۇزدى. مېھمانلار ھەممىسى تىپ-تىنچ تىڭشاپ ئولتاردى. نۇرخان ئانا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىناغچا سالامغا كەلدى خۇدا يولىدا، — دېدى.

تۆردە ئولتارغان ئانىلارنىڭ بىرى:

ـ خۇدا يار بولسۇن! ـ دەپ جاۋاپ قايتۇردى...
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىناغچا سالامغا كەلدى پەيغەمبەرلىرىم يولىدا.
ـ پەيغەمبەرلىرىمىز يار بولسۇن!
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىناغچا سالامغا كەلدى بوۋىلىرى بىلەن مومىلىرىغا.
ـ بوۋىلىرى بىلەن مومىلىرى يار بولسۇن!
ـئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىناغچا سالامغا كەلدى دادىسى بىلەن ئاپىسىغا.
ـ دادىسى بىلەن ئاپىسى يار بولسۇن!
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىناغچا سالامغا كەلدى موشۇ ئولتارغان چوڭ ـ كىچىك ھەممىڭلارغا.
ـ موشۇ ئولتارغانلار ھەممىسى يار بولسۇن!
ياش كېلىن ھەر بىرىنىڭ ئىتى ئاتالغاندا، بېشىنى ئېگىپ سالام بېرىپ تۇردى. توردە ئولتارغانلار بىر ـ بىرىگە: «سىلى تەلىم بەرسىلە»، ـ دېيىشىپ بىربىرىنى خېلە تەكلىپ قىلىشتى. كېلىنگە قۇرۋان ئاكىنىڭ ھەدىسى ئادالەت ئانا تەلىم بەردى.
ـ كېلىناغچا ئەتىگەنلىگى ئەتىگەن تۇرسۇن، كۆن چىققىچە ياتمىسۇن.
ـ خوپ بولىدۇ، ـ دەپ نۇرخان ئانا جاۋاپ بەردى.
ـ ئەتىگەنلىگى ئاتا ـ ئانىسىغا سالام قىلسۇن!
ـ ماقۇل، بولىدۇ.
ـ كېكىناغچا ئۆيلىرىنى پاكىز تۇتسۇن. مېھمانلار كەلگەندە كۆلۈپ قارشى ئالسۇن.
ـ ماقۇل، بولىدۇ.
ـ ئۇ ئۆيىنىڭ گېپىنى بۇ ئۆيگە توشىمىسۇن، سىلىق ـ سىپايە بولسۇن.
ـ ماقۇل، بولىدۇ. بىزنىڭ قىزىمىز ئوقۇغان، ياخشى تەربىيە ئالغان، ئېيتقانلىرىنى قولىغىدا تۇتۇپ، ھەممىنى ئورۇنلايدۇ، ـ دەپ نۇرخان ئانا كېلىناغچىنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنى ئالدى.
گۈزەل ئويۇلۇپ دوستى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئولتارغان ئاياللارنىڭ بىرى يەردىكى پىياندازنى يەردىن ئالدىراپ ئېلىپ:
ـ مەن ئالاي، ئوغلۇم ئۆيلىنىپ، مەنمۇ توي قىلاي، ـ دەپ ئوراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


سومكىسىغا سېلىۋالدى.

— راست، بۇ بۇرۇنتىن كېلىۋاتقان ئىرىمچۇ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتارغان ئايال.

ئاياللارنىڭ تويىمۇچىرايلىق توگەپ مېھمانلار رازى بولۇپ قايتىشتى. جامبۇلدىن كەلگەن مېمانلار قايتايلى دېيىدى، تۇرسۇن: «يەنە بىر-ئىككى كۈن تۇرۇڭلار، ئۆزئارا ئولتىرايلى»، — دەپ ئېلىپ قالدى.

ئەتىسى مېھمانلارغا بىرىنچى قورداق قورىدى. ئۇلار تاماق يەپ ئولتىرىپ تويىنىڭ قانداق ئۆتكىنى توغرىسىدا سۆزلەشتى. قورداق يېيىلىپ بولۇپلا، تاۋاقلاردا مانتا ئېلىپ كەلدى. تۇرسۇن پات-پاتلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قازان بېشىغا بېرىپ سادەتكە ياردەم بەرمەك بولاتتى.

— سىز قازان بېشىدا نېمە قىلىپ ژۈرىسىز؟ مېھمانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتىرىڭ، — دېدى سادەت.

— مېھمانلار تەماق يەپ چىرايلىق ئولتىرىۋاتىدۇ. سادەت، سەنغۇ باتۇر ئايال، شۇندىمۇ ھېرىپ كەتتىڭ. سېنىڭ قېشىڭدا بىر ئاز تۇراي.

مېھرىبان ئاكىسىغا قاراپ قويىدىدە:

— مەن ساڭا دوراڭنى بېرەي، سەنمۇ ھېرىپ قالدىڭ، — دېدى.

— ياق، مەن بۈگۈن ئۆزەمنى شۇنداق يېنىك سېزىۋاتىمەنكى، خوشاللىغىدىن قۇش كەبى ئۇچىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىمەن.

— تويىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈپ ئالدۇق، شۇڭلاشقا ئۆزىڭىزنى يېنىك سېزىۋاتىسىزدە.

سادەت يوغان يېشىل كورىغا قايماقلىق ئەتكەن چاي ئەتتى. مودەنگۈل كېلىپ:

— ھەدە، ئاكام ئىككىڭلار بېرىپ مېھمانلار بىلەن ئولتىرىڭلار. بىز چاينى قۇيۇپ ئاپىرىمىز، — دەپ سادەتنىڭ قولىدىن چۆمۈچنى ئالدى.

ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ قايماقلىق ئەتكەن چېيىنى توغاچ، ئەشمە ساڭزا، سامسىلار بىلەن ئىچىشىپ كۆڭۈللۈك ئولتارغاندا، كۈتۈلمىگەن قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەردى. سادەتنىڭ يېنىدا ئولتارغان تۇرسۇن ئۇنىڭ قولىغىغا پىچىرلاپ:

— سادەت، مەن بىر قىسما بولۇۋاتىمەن، — دەپلا، ئايالىنىڭ قۇچىغىغا ژىقىلدى.

— تۇرسۇن، تۇرسۇن، نېمە بولدىڭىز، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپ

سادەت تۇرسۇننىڭ بېشىنى كۆتىرىپ تەھىيگە ياتقۇزدى.

تۇرغان بىلەن مېھرىبان ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۇگىلاپ، ئۇزىگە سوغ سۇ چاچتى. تۇرسۇننىڭ ئۇزلىرى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، تىنىپ قالدى. سادەتنىڭ ۋاقىرىغان ئۇنىنى ئاڭلاپ قازان بېشىدا خىزمەت قىلىپ ژۇرگەن تۇرسۇننىڭ قېرىنداشلىرى ژۇگىرىشىپ كېلىشتى. شۇنچە قايغۇ-ھەسرەتنى، ئۇزۇن ژىللىق جۇدالىقنى كۆتەرگەن تۇرسۇننىڭ ژۇرىگى ئوغلىنىڭ ئۇچ كۇنلۇك توي مەرىكىسىنىڭ شاتلىغىنى كۇتىرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. باياتىن ياڭراۋاتقان خوش كۇلكىلەر ژىغا-زېرە بىلەن ئالماشتى. ژىغىنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ:

- نېمە ۋاقىە بولۇپ قالدى؟ - دېيىشتى ئاڭ-تاڭ بولۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەن خوشنىلار.

- تۇرسۇن ئاكامدىن ئايرىلىپ قالدۇق، - دەپ ژىغلىدى تۇرغان.

كاژ تەغدىر تۇرسۇننىڭ قېرىنداشلىرىنى، سادەتنى، ئامانجاننىڭ يەنە بىر قېتىم ئالداپ ژىغلىتىپ قويدى. ئۇلار ئەندى ئەڭ قەدىردان كىشىسىدىن ھەقىقەتەن مەڭگۇگە ئايرىلىپ، موشۇنداق كۇنلەرگە قويغان ئۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم لەنەت ئوقۇدى. سادەت بېچارە يا ئۇچىدا ئەمەس، يا تۇۋىدە ئەمەس، يەنە تۇل قالدى.

ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۇرسۇنغا بەش ژىل بولسىمۇ ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ، يالغۇز ئوغلىنىڭ تويىنى كۆرۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئايىغىدا پۇت-قولىنى ئوزىن سۇنۇپ يېتىشقا نېسىپ بولدى. بۇنىڭغىمۇ شۇكرى. سەۋەۋى تەغدىرگە ھېچ كىم قارشى تۇرالمايدىكەنغۇ...

***

- توغرا دەيسىز، مېھرىبان! شۇنچە ژىللار تەنەپ-تەنتىرەپ ژۇرگەندە چىدىگان ژۇرەكنىڭ، ئارمان قىلغان تويىنىڭ شاتلىغىنى كۆتىرەلمىگىنىگە تەغدىرنىڭ يازغىنىدە. توي دېمەكچى، ئېيتىپ بەرگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىلەرنىڭ تويلىرىڭلار قىزىق ئۆتىدىكەن.

- مىڭلىغان ژىللىق تارىخىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئۇرپى-ئادەت، ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قالمىساقمۇ، توي ئۆتكۇزۇش مەراسىمىنى بۇگۇنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. سادەتكە ئاشىق تۇرسۇننىڭ موشۇنداق تويى قىلىش ئارمىنىنى ئۇرۇش ئاپەت ئۇزۇۋەتتى ئەمەسمۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەخت قۇچىغىدا



ھايات يەنە داۋاملىشىپ، تۇرسۇننىڭ ۋاپات بولغىنىغا بىر يىل بولمىسىمۇ، «ئۆلۈكتىن تىرىك ئەلا» دەپ، مېھرىبان بىلەن سېيىتجاننىڭ توينى چوڭ قىلماي، تۇرغان بىلەن رەنانىڭ ئۆيىدە نىكاسىنى قىلىپلا ئۇزاتتى. توي ئوغۇل تەرەپتە چىرايلىق ئۆتتى.

سېيىتجان شەھەر شىپاخانىسىدا ئىشلىگەچكە، ئۆيلىنىپ ئايالى بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ باردى. ئىككى يىل ئىجارىدە تۇرۇپ، كېيىن شەھەرنىڭ يۇقۇرىسىغا چاققان قىلىپ ئۆي سالدى. ئۆي پۈتكەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى چاقىرىپ چاي قىلدى. شۇ كۈنى ھەدىسى پاتى سېيىتجاننى يېنىغا چاقىرىۋالدى.

— ھەي، قېرىنداش، بۇ تۇغماس ئايالىڭنى يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كىرگىچە، ئۇنى قويۇۋېتىپ، ساڭا قوش-قوش ئوغۇللارنى تۇغۇپ بېرىدىغان خوتۇن ئالساڭ بولمامدۇ. ئۆيلەنگىنىڭگە تۆرت يىل بولدىغۇ، ساڭا بالا كېرەك ئەمەسما؟

— ھەدە، ئۇنداق پاراڭنى قىلما. مەن مېھرىدىن ئايرىلمايمەن، بىزنىڭ بالىلىرىمىز بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— قاچان؟ ۋاقىت ئۆتۈپ بارىدىغۇ، قېرىغاندا بالا تاپامسىلەر؟

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ بارغانلىقى راست. ئەلۋەتتە، سىپىتجاننىڭمۇ پەرزەنت سۆيگۈسى كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئايالىنى ئالمۇتىغا ئاپىرىپ دوختۇرغا قارىتىۋىدى، ئۇلار بالا تاپىدىغىنىنى ئېيتقان. ھەدىسىنىڭ گەپلىرىنى ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقىنى يوق. لېكىن مېھرىبان ئىككىسى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلار ئايرىلىپ كېتەلمەتتى. بۈگۈنمۇ ھەدىسىنىڭ گېپىنى ئاخىرىنى تىڭشىماي بۆلمىدىن چىقىۋىدى، مېھرىبان ژىغلاپ ئولتىرىپتۇ.

- نېمىشكە ژىغلاپ ئولتىرىسەن؟ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ «ئېلىڭلار، بېقىڭلار» دېمەمسەن.

- مەن پاتى ھەدەمنىڭ سىزگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

- شۇنىڭغا ژىغلاۋاتامسەن؟ سەن ھەدەمنىڭ مۇجەزىنى ياخشى بىلىسەنغۇ.

- سىپىتجان، ھەدەمنىڭ ئېيتقانلىرى راست، مەن كېتەي، سىز باشقىغا ئۆيلىنىپ، بالا تېپىپ بەختلىك ياشاڭ. مېھرىباننىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى يولدىشىغا گۇناكارلارچە قاراپ تەلمۈردى.

- مېھرى، نېمە دەۋاتىسەن؟ ئىككىمىز ھېچ قاچان ئايرىلمايمىز. بىزنى ئۆلۈم ئايرىسا ئايرىيدۇ، لېكىن تىرىك ئايرىلمايمىز، - دەپ ئايالىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. - ئەنسىرىمە، بىزنىڭمۇ باللىرىمىز موشۇ ئۆيدە شوخلۇق قىلىپ تالاي خوشال قىلىدۇ. جۇر، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقايلى.

مېھرىبان سىپىتجاننىڭ ھەدىسى ئېيتقان گەپلەرنى تالاي ۋاقىتلارغىچە ئۇنتۇلماي بىر قىسما بولۇپ ژۈردى.

شەھەر مەكتەپلىرىدە ئورۇن بولماي باللار باغچىسىدا ئىشلەۋاتقان مېھرىبانغا باللارنىڭ ۋاڭ-چۇڭىدا ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقىنى بىلىنمەتتى. ئۇ گۆدەكلەرنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۈلۈپ، ئامراقلىقى كېلىپ قۇچاقلاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەشۇنداق تاتلىق بالىسى بولۇشىنى ئارمان قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ باللار كۈندىلىك چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپ، قوللىرىنى ژۇيۇپ، ھەر كىم ئۆز ئورۇندۇقلىرىغا كىيىملىرىنى يېشىپ، ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋەتلىرىگە ياتتى. مېھرىبان كارىۋەتلەردە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باللارغا قاراپ: «قاچانمۇ مېنىڭ موشۇنداق باللىرىم بولار»، - دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىشكنى ئېچىپ قويۇپ نېرىقى بۆلمىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پلان يېزىپ ئولتىراتتى، ھەدىسى مودەنگۈل كىرىپ كەردى. مېھرىبان ھەدىسى بىلەن ئاستا تېچلىق سورىشىپ:

– باللار ئۇخلاۋاتىدۇ، جۇر ھويلىغا چىقايلى، – دەپ ماڭدى. ئۇلار باغچە ھويلىسىدىكى بەلدىڭدە ئولتاردى.

– مەن بازارغا كەلگەن، ئالدىغان نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ساڭا يولۇقۇپ كېتەي دېدىم. بىر–بىرىمىزنى كۆرمىگىلىمۇ خېلە بوپتۇ.

– راست دەيسەن، ھەدە، ئىش–ئىش دەپ كۆڭلىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەيمىز.

– مېھرىبان، بىزگە ئانىمىزنىڭ ئورنىدا سادەت ھەدەم بىلەن رەنا ئانا بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ساڭا ئانىلار چېيىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ مىنى چاقىرىپتۇ.

– ئۇ نىمە چاي، نىمە ئۈچۈن؟

– بۇرۇنتىن كېلىۋاتقان ئىرىم بويىچە قوساق كۆتەرمىگەن ئاياللارغا ئانىلار چېيى دەپ ئاتىلىدىغان چاي ئۆتكۈزۈپ، يەتتە ياكى توققۇز چۇڭ ئانىنى چاقىرىدۇ. ئۆي ئېگىسى ژىت سېلىپ، تونۇرغا يوغان قىلىپ ئانىلار نېنىنى ياقىدۇ. توققۇز ئايال كەلگەندە، جوزا راسلاپ ژىتنى، ئانىلار نېنىنى قويىدۇ. ئانىلارنىڭ ئىچىدىن ئاغزىدىن ئىلمى بار بىرى ژىتقا قۇرئان ئوقۇپ، بارلىق ئۇلۇق ئانىلارنىڭ ئېتىنى ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنداقلا قوساق كۆتەرمىگەن ئايالنىڭ قوساق كۆتىرىپ، ئامان–ئېسەن بوشىنىپ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپ چىقىشىنى تىلەيدۇ. قالغان ئاياللارنىڭ ھەر

بىرى ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. مېھمانلار قايتىدىغان چاغدا ئانىلار نېنىنى ئۇشتۇپ، ھەممىسى ئالىدۇ. ئەر–ئايال ئىككىسى شۇ نانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، خۇدايىمدىن بالا سواپ يەيدۇ. ئۆي ئېگىسى ھەر بىر ئانىنىڭ قولىغا بىردىن ياغلىق تۇتقۇزىدو. ئاللانىڭ شەپقىتى تولا دېيدۇ، ساڭىمۇ شۇنداق چاينى ئۆتكۈزسەك، ئانىلارنىڭ دۇئاسى بىلەن قوساق كۆتىرىپ قالساڭ، نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى. مېھرىبان ھەدىسىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتاردى.

– ئەگەر سەن ماقۇل دېسەڭ، ئانىلار چېيىنى چارشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ كۈننى ئانىلىرىمىزنىڭ كۈنى دەيدېكەن.

– مەن ماقۇل دەيمەنغۇ، لېكىن سادەت ھەدەم بىلەن رەنا ھەدەم ئاۋارە بولىدىغۇ.

— ئۇلار ئۆزلىرى: «ئاپام بولسا، چوقۇم، ئانىلار چېيىنى قىلاتتى. ئاپام بولمىسىمۇ، بىزنىڭ ئانىلارنى چاقىرىپ، دۇئا ئېلىپ بېرەيلى»، — دەيدۇ.

— ھەدە، سېيىتجان ئىككىمىز ئۇ چايغا كېرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەچتە چىقايلى.

— بوپتۇ، مەن ماقاي، ئاۋتوبۇسقا كەچ قالماي يەنە، — دەپ ئېغىر قارا سۇمكىسىنى كۆتىرىپ ماڭدى مودەنگۈل.

مېھرىبان ھەدىسىنى ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ قېشىغىچە باردى.

— راستلا، بىزنىڭ مەلىگە ئالمۇتىدىن ئۇيغۇر تېياترى كەلدى. بۈگۈن «ئانارخان» ئويۇنىنى قويىدىكەن، كەچتە باللار بىلەن ھەممىمىز بارىمىز.

— شەھەردە تونۇگۈن كەچتە بولدى. سېيىتجان ئىككىمىز باردۇق، ياخشى ئىكەن.

سايىتنى — ئەخمەت شەمىيېۋ، گۈلزارخاننى — رىزۋانگۈل توختاخۇنوۋا، ئانارخاننى — روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا، باقىنى — مەخپىر باقىيېۋ ماھىرلىق بىلەن ئوينىدى.

— مەنمۇ شۇ، مۇرادىغا يەتمىگەن ئاشىقلارنىڭ تەغدىرىگە قاراپ ئادەمنىڭ ژۈرىگى چىدىمايدۇ. بوپتۇ، سىڭلىم، خوش، ئاۋتوبۇس كېتىپ قالمىسۇن.

ھەدىسى كەتكەندىن كېيىن، مېھرىبان سائەتىغا قارىۋېدى باللارنى ئوختىتىشقا تېخى ۋاقت بار ئىكەن. ئۇ گۆدەكلەر ئۇخلاۋاتقان بۆلمىگە كىرىپ ئويغا كەتتى. «ھەجەپ، ھەممە قېرىنداشلىرىمنىڭ تۆرت-بەشتىن باللىرى بار، خۇشال-خۇرام ياشاۋاتىدۇ. مەن نېمىشكە بۇنداق بولۇپ قالدىم؟ خۇدايىم بىزگە نېمىشكە پەرزەنت بەرمەيدۇ؟ باللىق چېغىمدا تولا ئاغرىدىم، مۇمكىن شۇلارنىڭ كاساپىتىمېكىن. ئىرىملارنىمۇ قىلىپ كۆرەيلى، نەتىجە بولمىسا،

باللار ئۆيىدىن بىر قىز بىلەن ئوغۇل ئېلىپ باقىمىز، ئۇنىڭغا سېيىتجانمۇ قارشى بولمايدۇ».

— مېھرى كۇربانوۋا، مەن ئىشككە چىقىمەن، — كۆزىنى ئېچىپ ئۇيقىدىن ئوخانغان بۆدرە چاچلىق قىزچاقنىڭ ئۈنى مېھرىبانىنىڭ ئويلىرىنى بۆلۈۋەتتى...

چارشەنبە كۈنى مېھرىبان ئىشتىن سورىنىپ مەلىگە چىققاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


سادەت بىلەن رەنا ژىت سىلىپ، ئانىلار نېنىنى يېقىپ، جوزىلارنى راسلاپ قويۇپتۇ.

سائات ئون ئىككىلەردە چاقىرغان ئانىلار كېلىشكە باشلىدى.

— بۇ جانلارمۇ ئازلا قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى مېرۋانەم ئانا.

گۈلى ئانا كۈلۈپ:

پۇت-قولىمىزنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي، ھاسىمىزنى تايىنىپ چاقىرغان يەردىن قالمايمىز، — دەپ دوستىغا چاقچاق قىلدى.

— ھە، شۇنى دېگىنە، دوستۇم، چاقىرغان يەرگە بېرىپ، كونا دوستلار بىلەن بىر ئاز ئولتۇرۇپ مۇڭداشساق، ياشىرىپ قالىمىز ئەمەسمۇ.

ھەممىسى ئولتارغاندىن كېيىن بىر-بىرى بىلەن تېچلىق سوراشتى.

— ئادالەت ھەدەمنىڭ يوقلۇغى بىلىنىپلا تۇرىدەي قاراڭلار. ئۇ سالاپەتلىك ھەدىمىزنىڭ تۆردە ئولتۇرۇپ بەرگىنىنىڭ ئۆزى بىر-بەرىكەت ئەمەسمىدى، — دېدى زەينەپخان.

قالغانلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ: «ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!» — دېيىشتى.

— مانا موشۇنداق بىرىمىز ئەتىگەن، بىرىمىز كەچ كېتىدىغان ئالەم بۇ، — دېدى زۇنارەم ئانا بېشىدىكى ياغلىقىنى جۆندەپ.

باياتىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتارغان رۇقىيەم گەپكە ئارىلاشتى.

— ھەجەپ ئۆلۈمنىڭ پارىڭىنى قىلىپ كەتتىڭلار. ئاران بىر ژىغىلغاندا ياشلىغىڭلارنى ئەسلەپ، ياخشى پاراڭلارنى قىلىڭلارا.

— ھاي، رۇقىيەم، ياشلىغىمىزدا ئېتىزدا ئىشلەپ سالامەتلىكتىن ئارىلدۇق، ھازىر بولۇپ قالغىنىمىز مونۇ. كولخوز بىزنىڭ شۇنچە ژىل ئىشلىگىنىمىزگە بارى-يوقى 21 سوم پېنسىيە بېرىدۇ، — دېدى مېرۋانەم ئانا.

— باللىرىڭ شۇنداق ياخشى بېقىۋاتىدۇغۇ، سالامەتلىگىڭ بولسا سېنى ئاچ قويمايدۇ. ھەممىگە شۈكرى قىلايلى، باللىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز ئامان بولسۇن، — دېدى سارەم ئانا.

ئانىلار شۇنداق گەپلەر بىلەن ئولتارغاندا، مەرييەم بېشىغا ئاق داكا ياغلىق تاڭغان، سەل مۈكچىيىپ ماڭىدىغان قېرىراق ئايال بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئولتارغانلار ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام قىلىشتى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار، مەن رازى.

– ژۇقۇرى ئۆتسلە، – دېيىشىپ تۆردىن ئورۇن بەردى.
موماي تۆرگە ئۆتۈپ ئولتىرىپ دۇئا قىلدى.
– مەرىيەم ئانىلار چېيىغا چاقىرغان دېۋىدى، بىللە كىرىپ دۇئا بېرەي دېدىم، قاراڭلار.
– خويما ئوبدان بوپتۇ، سىلىنى خۇدايىم ئېلىپ كەپتۇ بىزگە، – دېدى سادەت خوشال بولۇپ.
مەرىيەم ئولتارغانلارغا بۇ ئانىنى توشتۇرۇپ ئۆتتى.
– بۇ زورەم چوڭ ئاپام بولىدۇ، يېشى سەكسەندىن ئاشتى، ياركەنتتە ئانىلار چېيىنى قىلغانلار چوڭ ئاپامنى چاقىرىپ ئاپىرىدۇ. بۈگۈن خويما ئوبدان چىقىپ قاپتېكەن، باشلاپ كەلدىم.
– خۇش كەپتىلا، زورۇمدە، بۈگۈن سىلىمۇ بىزگە تولىمۇ كېرەك، – دېدى گۈلى ئانا.
شۇ چاغدا سېپىتجاننىڭ ئاپىسى گۈلسۇمخان ئانا قىزى پاتى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارغىمۇ هۆرمەت بىلدۈرۈپ، ژۇقۇرىغا تەكلىپ قىلىشتى. هەممىسى ئولتارغاندا، گۈلى ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، چىرايلىق قېرىپ، پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاق چاچلىق زورەم ئانىغا ئىلتىماس قىلدى.
– زورۇمدە، بۈگۈنكى بۇ ئىشنى سىلىگە تاپشۇردۇق. هەممىمىز سىلىنىڭ ئاغىزلىرىغا قارايمىز.
ئولتارغانلارمۇ:
– ئارىمىزدا ئەڭ چوڭىمىز سىلى، زورۇمدە، سىلىگە يولنى بەردۇق، – دېيىشتى.
– بوپتۇ، هەممىڭلار ئولتىرىڭلار، دۇئا ئالىدىغان قىزىمىزنى چاقىرىڭلار. سادەت چىقىپ مېهرىباننى باشلاپ كىردى.
– مانا دۇئا ئالىدىغان قىزىمىز، ئىسمى مېهرىبان.
–بولدىما، كېلىدىغان كېلىپ بولسا، باشلايلى، – دەپ زورەم موماي ژىتقا قۇرئان ئوقۇپ، ئاندىن بۇۋى مەرىيەم، بۇۋى ئامىنەم، بۇۋى ئايشەم، بۇۋى خېلىچەم، بۇۋى پاتەم، بۇۋى زورەم، بۇۋى زىمىنەپ، بۇۋى هەجەر دەپ جىمىكى ئۇلۇق ئانىلارنىڭ ئېتىنى ئاتاپ دۇئا قىلىپ، مېهرىباننىڭ قوساق كۆتىرىپ، ئامان-ئېسەن بوشىنىپ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپ چىقىشىنى ئاللا تائالادىن سورىدى. هەر بىر ئايال ئۆز تىلىگىنى ئېيتىپ «ئامىن!» دېگەندە، ئولتارغانلار هەممىسى قوشۇلۇپ «ئامىن!» دەپ دۇئا قىلىشتى. توققۇز ئانىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان مېهرىبان:

www.uyghurkitap.com



– ئانىلىرىم! ھەممىڭلارغا رەخمەت! سىلەرنى ئاۋارە قىلغىنىمغا كەچۈرۈم سورايمەن، – دەپژىغلاۋەتتى.

زۆرەم ئانا مېھرىبانغا قاراپ:

– ژىغلىماڭ، قىزىم، ئىلاھىم بىزنىڭ تىلەكلىرىمىز ئاللانىڭ قولىغا يەتكەي. خۇدايىمنىڭ قۇدرىتى ئۇلۇق. ئاللا بۇيرىسا، توققۇز ئايدىن كېيىن بۆشۈك تويىغا كېلەيلى، ھەممىمىز ئامان بولايلى، – دەپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى. مودەنگۈل چەينەك كۆتىرىپ كىرىپ مېھمانلارغا چاي قۇيدى. سادەت بىلەن رەنا ئىككى تاۋاقتا مانتا، ژۇتا ئېلىپ كىردى. سادەت ھەر بىرىنىڭ ئالدىدىكى تەخسىلەرگە مانتا، ژۇتا سېلىپ:

– ئېلىڭلارا مېھمانلار، قانداق بولىدىكىنتاڭ؟ – دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

– بىز ئوخشاش چىشى يوقلارغا ئۇبدان بولدى. ژۇتانىڭ خېمىرى قەغەزدەك نېپىز يېيىلىپتۇ. سەۋزىنىمۇ قىلدەك توغراپسىلەر، تولىمۇ ئوخشاپتۇ، قولۇڭلارغا دەرت بەرمىسۇن، – دېدى زورەم ئانا.

مېھرىبان بىلەن مودەنگۈل قايماقلىق ئەتكەن چاينى چىنىلەرگە قۇيۇپ ئولتارغانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئانىلار تاماق يېگەچ ئۇزاق ئولتىرىپ پاراڭلاشتى. زورەم ئانا ئانىلار نېننى ئۇشتۇپ ھەممىسگە بىر پارچىدىن بەردى ۋە ئوتتۇرىسىنى مېھرىبانغا ئۆز قولى بىلەن ئوزىتىپ:

– قىزىم بۇ ناننى يۇلدىشىڭىز بىلەن تەڭ بۆلۈپ ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يەڭلار، – دېدى.

مېھمانلار دۇئا قىلىشتى. رەنا ئۇلارغا بىردىن ياغلىق قويۇپ:

– قولۇڭلار قۇرۇق چىقمىسۇن، سىلەرنىڭ تىلەكلىرىڭلار قوبۇل بولسۇن، – دېدى.

مېھمانلار كېتىپ، ئۆز ئارا چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، مېھرىبان ئورنىدى تۇرۇپ:

– سادەت ھەدە، رەنا ھەدە! سىلەرگە رەخمەت! ئانىمىزنىڭ يوقلۇغىنى بىلىندۈرمەي ماڭا ئىرىم بولسۇن دەپ بۇ چاينى ئۆتكۈزۈپ بەرگىنىڭلارغا، – دەپ مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى...

ئارىدى ئايلار ئۆتۈپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، مېھرىبان قوساق كۆتەردى. بۇ دوختۇرلارنىڭ داۋاسىنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ياكى ئانىلار دۇئاسىنىڭ ئۇلاۋۇقلىغىدىنمۇ، ئەيتەۋىر، مېھرىبانىنىڭ قوساق كۆتەرگىنىگە ھەممىسى خوشال. سېيىتجان بىلەن مېھرىبانىنىڭ

خوشاللىقىنى ئېيتىپ يەتكۈزۈش تەس. مېھرىبان كەچ يېتىپ، ئەتىگەن تۇرۇپ خۇدايىمدىن ژۇرنىڭنىڭ ئاستىدا ياتقان بالىسىنىڭ تەل-تۆكۈز موشۇ يورۇق دۇنياغا كېلىشىنى تىلەيدىغان بولدى. ئۇ ئورۇقلاپ، ئۆزىگە داغلار چۈشۈپ، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ ئارانلا ماڭاتتى. ئۇ ھەر دايىم ئۆينى ۋە ئىشىك-ئارامنى تازا سەرەمجان تۇتقاچقا، دوخقۇرخانىغا يېتىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولماي، ھەدىلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. مودەنگۈل بىلەن ماھىنۇر كېلىپ سىڭلىسىنىڭ ئۆينى ئاقارتىپ، كىر-قاتلىرىنى ژۇيۇپ لەززەتلىك تاماق تەييارلىدى.

ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۈچى ئۈزۈم باراڭ ئاستىدىكى بوگلۇكتە تاماق ئىچىپ ئولتارغاندا، مېھرىبان ھەدىلىرىگە:

– كېيىنكى كۈنلىرى پات-پاتلا ئاپام يادىمغا كېلىدىغان بولدى. چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قالىدۇ، – دېدى.

– ئاپام سېنى يۆلەپ ژۈرۈپتۇ مودەنگۈل.

– بېچارە ئاپام ھازىر ئارىمىزدا بولۇپ، موشۇ ياشلىقلارنى كۆرگەندە، قانچىلىك خوشال بولاتتى، – دېدى ماھىنۇر.

– دادام بىلەن ئاپام بىزنى باقىمىز دەپ ھېچ دۆلەت كۆرمىدى. ئەندى ھەممىمىزنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ، قەدىردانلىرىمىزنى باشتىن-ئاياق كىيىندۈرۈپ، تۆرت قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتارغۇزۇپ باقىدىغان چاغدا، ئۇلار يوق، – مودەنگۈل كۆزىگە ياش ئالدى.

ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ ژىغلاپ ئولتارغاندا، سېپىتجان كىرىپ كەلدى.

– بۇ نېمە ئىش، بىزنىڭ ئۆيدە ماي يېتەرلىك ئەمەسمېدى، – دەپ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

مودەنگۈل بىلەن ماھىنۇر بىر ئاز ھادۇق ئېلىپ ئولتىرىپ:

– بىز ئەندى قايتايلى، ئاخىرقى ئاۋتوبۇستىن قالمايلى، – دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. – ئەندى سىلەردىن خۇش خەۋەر كۈتىمىز.

ھەدىلىرىگە رەخمەت ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرگەن مېھرىبان ئەينەككە قاراپ:

– سېپىتجان، قاراڭا سەتلىشىپ كەتكىنىمنى، – دېدى ئەركىلەپ.

– تاق، ياق، ئۇنداق گەپنى قىلما، سەن ئانا بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان گۆزەل ئايال – دەپ قۇچاقلاپ سۆيدى.

– قاچانمۇ ئۆز ئەكسىمگە كېلەرمەن، – يوغان قۇسىقىنى سىيىپدى مېھرىبان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ساناقلىق كۈنلەر قالدى، چىدا جېنىم! بىز بۇ كۈنلەرنى قانچە ژىللار كۈتتۇق، بالا دەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى ئەمەسمۇ.
— ئاز قالغانسىرى مېنىڭدە بىر قورقۇنۇچ پەيدا بولۇۋاتىدۇ.
— قورقما، مەن يېنىڭدا بولىمەن. ھەممە نەرسە ياخشى بولىدۇ، سەۋىر-تاقەت قىلايلى، — دېدى سېيىتجان.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، كېچىسى مېھرىبان بېلىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سېيىتجاننى ئويغىتىپ كەتمىسۇن دەپ، ئېرىقى بۆلمىگە چىقىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ سائەتقا قاراپ قويدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە، ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ ئۇ تولغاپ كەتتى. مېھرىباننىڭ تولغىغان ئۈنىنى ئاڭلىغان سېيىتجان ئېتىلىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا:
— تولغاق باشلاندىما؟ مەن تېز ياردەم ماشىنىسىنى چاقىراي، — دەپ تېلېفوننى ئالدى.

كۆپ ئۆتمەي سېيىتجان مېھرىباننى تېز ياردەم ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. نۆۋەتچى دوختۇر گالىنا ئىۋانوۋنا كىرىپ مەھرىباننى تەكشۈرەپ، بىر ئاز ۋاقتى بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبان تولغاقنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋاقىراپ 4-5 سائەت قىينالدى. تاڭ ئاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئىنجىقلىغىنىنى ئاڭلىغان گالىنا ئىۋانوۋنا كىرىپ:
— ۋاقتى كەلدى، ئۈستەلگە ئالايلى. سېيىتجان، سەنمۇ دوختۇرغۇ، مېنىڭ بىلەن بىللە بول، — دېدى.

مېھرىباننى ئۈستەلگە ياتقۇزۇپ ئۇكول سالدى. سېيىتجان مېھرىباننىڭ قولىنى تۇتۇپ، ماڭلىيىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ، ئايالىنىڭ ئىنجىقلىغىنىغا قاراپ، پۇت-قولى تىترەپ، قارا تەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ بارىدۇ. گالىنا ئىۋانوۋنا ئاق كىرلىكنى ئالدىدە، ئاكۇشېركىغا بىر چېتىنى تۇتقۇزۇپ، مېھرىباننىڭقوسىغىنى بېسىپ:
— مېھرى، بار كۈچۈڭ بىلەن ئىنجىقلىغىن! بول، بول! بالا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ، — دەپ ۋاقىرىماقتا.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئانا بار كۈچى بلەن ئىنجىقلىغاندا، بالا يەرگە چۈشتى. بايا تىن قارا تەرگە چۈشۈپ، پۈتۈن تېنى تىترەپ تۇرغان مېھرىبان ئانا بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئۆزىنى يېپ-يېنىك

سەزدى. گاللىنا ئىۋانوۋنا بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، دادىسىغا تۇتقۇزدى.

— مانا سېنىڭ كۈتكەن قىزىڭ.

سېيىتجان قىزىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

— قىزىم، يورۇق دۇنياغا كەلگىنىڭىز مۇبارەك بولسۇن! ئۇ كۆزئاچماي ياتقان ئايالىغا: — مېھرى، كۆزۈڭنى ئاچ، قىزىڭنى قارا، — دېدى.

ماغدىرىدىن كەتكەن ئانا كۆزىنى ئارانلا ئېچىپ قىزىغا قاراپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كۆزىنى ژۇمدى. ھەمشىرىلەر بوۋاقنى ئاغىز-بۇرنىنى تازىلاپ، ئوراپ ئېلىپ كەتتى. سېيىتجان گاللىنا ئىۋانوۋناغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئايالىدىن ئەنسىرەۋاتقىنىنى ئېيتتى.

— سەن ئۆزەڭ دوختۇر، ھەممىنى بىلىسەنغۇ، بۇ- بىرىنچى تۇغۇتى، ئۆزىنىڭ يېشى چوڭ، شۇڭلاشقا تۇغۇتى ئېغىر بولدى.

مېھرىبانىنى پالاتىغا ئەكىرىپ كارىۋەتكە ياتقۇزدى. ھادۇق يېتىپ كەتكەچكە، ئۇ بىردىنلا ئۇيقىغا كەتتى.

چۈش مەزگىلىدە سېيىتجان پالاتىغا كىرىپ، ئايالىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ ئوخاتتى. ئۆز-كۆزى ئىششىپ كەتكەن مېھرىبان كۆزىنى ئاران ئاچتى.

— مەن بالىلار ياتقان بۆلمىگە كىرىپ، قىزىمغا قاراپ چىقتىم. 4 كىلو 200 گرامم تۇغۇلۇپتۇ، يارايسەن مېھرى! ئۆزەڭ قانداق بولۇۋاتىسەن؟

— مەن ئۆزەمگە كېلەلمەيۋاتىمەن، ماغدىرسىزلىقتىن بولۇشى كېرەك ئۇيقىدىن باش كۆتىرەلمەيمەن.

تۇغۇتۇڭ ئېغىر بولدى ئەمەسمۇ، ئاستا-ئاستا ماغدىرىڭغا كېلىسەن. مەن مەلىگە خەۋەر بەرگەن، ئاپام بىر تېرموستا ئەتكەن چاي، گۆش نان پىشىرىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئولتارغىنە، ئىسسىق-ئىسسىق چاي ئىچ، گۆش ناندىن بىر كېسىم يە، ماغدىر كىرىدۇ، سۈت چۈشىدۇ.

مېھرىبان بېشىنى ئارانلا كۆتىرىپ ئولتاردى. سېيىتجان سىركايىغا ئىسسىق چاي قۇيۇپ مېھرىبانىنىڭ قولىغا بەردى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ تۇراتتى.

— گۆش ناندىن كىچىككىنە بولسىمۇ يە، — دەپ بىر پارچە گۆش ناننى تەخسىگە سېلىپ ئالدىغا قويدى.

ئۇسساپ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەن مېھرىبان ئىسسىق چاينى ئالدىراپ ئىچىۋالدى ۋە گۆش ناندىن بىر كېسىم يەپلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ــ سىيىتجان، رەخمەت، ئولتارغىنىدەك ماغدىرىم يوق، ــ دەپ بېشىنى تەھىيىگە قويۇپ كۆزىنى ژۇمۇۋالدى.

ــ مېھرى، بوپتۇ، مەن كەچتە كىرىمەن، ــ دەپ چىقىپ كەتتى سىيىتجان.

كەچتە مېھرىبان بوۋاقنى ئېمىتىپ ئولتارغاندا، سىيىتجان كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىنى قولىغا ئېلىپ:

ــ سەن تاماقلىنىۋال، مەن قىزىمنى تۇتۇپ ئولتىراي، ــ دەپ قىزىنىڭ قاپ-قارا چاچلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ، تويماي قاراپ:

ــ مېھرى، قارا ماڭا ئوخشايدىكەن، ــ دېدى خوشال بولۇپ.

ــ مېھرى، بۈگۈن بىرىنچى سىنىپتىكىلەرگە. ھەممە باللار قوللىرىغا گۈلدەستىلەرنى تۇتۇپ مەكتەپكە كېتىپ بارىدۇ. قىزىمىز يەتتە ياشقا كىرگەندە، بىزمۇ ئۇنى يېتىلەپ مەكتەپكە بارىمىز.

ــ مېھرىبان يولدىشىغا قاراپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

ــ مېھرى، بىز ئىش بىلەن تالدىقورغانغا ماڭىمىز. بىر-ئىككى كۈندە كېلىمىز.

ــ سىز بارمىسىڭىز بولمامدا؟

ــ مېنىڭ بېرىشىم كېرەك، بىز تۆرت دوختۇر بارىمىز.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلمىگە كىرىپ كەرگەن ياش ھەمشىرە قىز بۆلدى. ئۇ سىيىتجاننىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئېلىپ مېڭىۋېدى:

ــ سىڭلىم، مېنىڭ قىزىمغا ياخشى قاراڭ، ــ دەپ قويدى. ــ سەن دېمىڭنى ئال، مەن ئۆيگە قايتاي.

ــ سىيىتجان مېھرىبان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىچە يامغۇر ياغدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارمۇ مۇنداق ۋاقىتتا ژىغلىشىپ ئۇخلىماتتى. كېچىسى سائات 21 دە باللىرىنى ئانىلىرىغا ئېلىپ كىردى. بوۋىغىنى ئېمىتىپ ئولتارغان مېھرىباننىڭ قىزىغا ئانىلىق مېھرى چۇشۇپ، تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بوۋاققا قاراپ تويماتتى. ئۇ قىزىنىڭ كىچىككىنە پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ، قوساقلىرىنى سىيپاپ، باللىنىڭ تەل-تۆكۈز تىغقىلغىنىغا كۆزى يېتىپ، قايتىدىن ئوراپ قويدى. ھەمشىرە بوۋاقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە، مۇبارەكنىڭ يېنىدا بوش تۇرغان كارىۋەتكە يېڭىدىن بوشانغان ئايالنى ئېلىپ كىرىشتى.

ــ ھەدە، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى، بىر سىركاي چاي بېرىڭا.

ــ سىڭلىم، تېچ-ئامان بوشاندىڭىزمۇ؟ ــ دەپ تېرموستىن بىر سىركاي ئىسسىق ئەتكەنچاينى قۇيۇپ جوگانغا بەردى.

جۇگان:

ـ رەخمەت، ھەدە، ـ دەپ چاينى ئىسسىق-ئىسسىق ئىچىپ ئالدىدە، كۆزىنى ژۇمۇپ يېتىپ قالدى.

مېھربانمۇ تېپ-تېچ ياتتى. نېمشكىدۇ ئۇنىڭ ژۈرىگى ئەنسرەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى تۇغۇتنىڭ ئېغىرلىغىدىن دەپ ئويلىدى. ئانا بولماق ئاسان ئەمەسكەن. شۇڭلاشقا «ئانائىنىڭ قەدرىگە ئانا بولغاندا يېتسەن» دېيىدىدە دانا خەلقىمىز.

سەھەردە مېھربان چۇشىدىن چۆچۈپ ۋاقىراپ ئۇخىنىپ كەتتى. ئۇ تەرلەپ، چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ ياتاتتى. مېھربانىنىڭ ۋاقىرىغىنىدىن يېنىدىكى جۇگانمۇ ئويخاندى.

ـ ھەدە، چۇشۇڭىزدە بىر نېمىدىن چۆچۈپ قالدىڭىزغو دېيمەن.

ـ ھە، شۇنداق، قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ.

مېھربانىنىڭ ئۈيقىسى قېچىپ كەتتى. تالادا شاقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ تاڭنى كۆز ژۇمماي ئاتقۇزدى.

يامغۇر ئەتىسى ئەتىگەندە بىرلا توختىدى. مېھربان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز-كۆزىنى ژۇيۇۋاتقاندا، سىڭلىسىنىڭ بوشانغىنىنى ئاڭلىغان مودەنگۈل بىلەن ماھىنۇر تاماق ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار سىڭلىسىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تەبرىكلەپ:

ـ تاماقنى ئىسسىغىدا يەپ، ئىسسىق-ئىسسىق چاي ئىچ، سۇت چۈشسۇن، ـ دەپ خوشلىشىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ سېيىتجان بىر قۇچاق گۈل ئېلىپ كىرىپ كەلدىدە:

ـ مانا مەن كەلدىم، قېنى مېنىڭ قىزىم، ژۈگرەپ ئالدىمغا چىقمايدىغۇ، ـ يولدىشىنىڭ ئامان-ئېسەن كەلگىنىنى كۆرگەن مېھربانىنىڭ ژۈرىگى ئورنىغا چۈشتى.

بوشىنىپ توققۇز كۈن بولغاندا، مېھربان دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان بولدى. ئۇ كۈنى سېيىتجان بىلەن بىللە ئامانجان بىلەن گۆزەلمۇ گۈلدەستىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. سېيىتجان دوختۇرلارغا رەخمىتىنى ئېيتىپ، مېھربان بىلەن قىزىنى ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. ئۆيدە ئۇلارنى سېيىتجاننىڭ ئاپىسى گۈلسۈمخان بىلەن مېھربانىنىڭ ھەدىلىرى كۈتۈپ تۇردى. گۈلسۈمخان موماي باياتىن كىچىككىنە تۆمۈر جاۋۇرغا سېلىپ رەتلەپ قويغان ئەدراسمانىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇردىدە، بوسۇغىدا تۇرغان مېھربان بىلەن بوۋاققا ئىسنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۈۋدەپ، ئىسرىق سېلىپ ئۆيگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن قالغان بۆلمىلەرنىمۇ بىر قۇر ئىسلىدى. ھەممىسى يېڭىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتنىڭ بۇ ئۆيگە بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكىگە خوشال بولۇپ، تاماقنى ئىچىپ بولۇپ ئولتارغاندا، سېيىتجاننىڭ ئانىسى:

– بالام، سىلەر قىزىڭلارنى بۆشۈككە بۆلەمسىلەر بىلمەيمەن، مونۇ بۆشۈكتە سەن ئۆزەڭ ياتقان، ئەندى قىزىڭ يېتىپ چوڭ بولسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم، – دېدى.

رەخمەت، ئاپا!

سادەتمو ئۆز ئويىنى ئېيتىپ:

– مەن مېھرىباننىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئايالى بولغاچقا يولۇم چوڭ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مايىسمەم ئاپام تىرىك بولغاندا، ئۇرپى–ئادىتىمىز بويىچە مېھرىباننى دوختۇرخانىدىنلا ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، قىرىق كۈن قىزى بىلەن نەۋرىسىنى بېقىپ، بۆشۈك توي ياساپ، ئاندىن ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئاپام بولمىسا، مەن مېھرىباننى بوۋىغى بىلەن ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قىلىق كۈن باقاي دەپ سىلەردىن سوراپ كەلدىم، – دېدى.

گۈلسۈمخان موماي سادەتنىڭ بۇ مېھرىۋانلىقىغا رەخمەت ئېيتىپ تۇرۇشىغا، سېيىتجان:

– سادەت ھەدە، سىزنىڭ ئاپىمىزنىڭ ئورنىدا قىرىق كۈن باقاي دەپ خېرىدار بولغىنىڭىزغا مىڭ بىر رەخمەت. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىز قىزىمىزنى ئالتە ژىل كۈتتۇق. مانا ئەندى ئۆيىمىزگە كۈننىڭ نۇرى بولۇپ كىرگەن، بەختىمىزگە بەخت قوشقان قىزىمنى ئۆيدىن قىرىق كۈن ئەمەس، بىر سائاتقىمۇ ھېچ ياققا ئەۋەتمەيمەن. مېھرىبان بىر ئاز ماغدىرىغا كەلگىچە، قايىسىڭلارنىڭ ۋاقتى بولسا كېلىپ ياردەم بېرىڭلار. سادەت ھەدە، خاپا بولماڭ، سىز بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ، ئۆيۈمىز ئازادىغۇ، – دەپ ئىلتىماس قىلدى.

سېيىتجاننىڭ سۆزىدىن كېيىن گۈلسۈمخان ئانا بىلەن سادەت ھەدە ئىككىلىسى قالدى.

بىزنىڭ ئۇرپى–ئادىتىمىز بويىچە، بوۋاق تۇغۇلۇپ، 12 كۈن بولغاندا، ئىدەرى چىقىپ، بوۋاققا ئىسىم قويۇلىدۇ. مېھرىباننىڭ بوشانغىنىغا ئەتە 12 كۈن بولىدۇ دېگەندە گۈلسۈمخان ئانا ئوغلىغا:

– بالام بوۋاقنىڭ ئېتىنى نېمە دەپ قويىماقچىسىلەر؟ – دەپ سورىدى.

-مەن «ئىسمىڭىزنىڭ مەناسى نېمە؟» دېگەن كىتاپنى ئوقۇپ، قىزىمنىڭ ئىسمىنى سامىيا دەپ ئاتىماقچىمەن.

ئانا ئويلىنىپ قىلىپ:

-سامىيا دېگەن نېمە مەنا بىلدۈرىدىكەن؟ - دەپ سورىدى.

- سامىيا ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ئېگىزلىك، كۆتۈرۈلمەك، ئۇلۇغلىماق دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ دەپ يېزىپتۇ كىتاپتا.

- بوپتۇ، بالام، ئۆزەڭلار لايىق كۆرگەن بولساڭلار مەيلى.

ئەتىسى بوۋاقنىڭ ئېتىنى قويۇش ئۈچۈن سېيىتجان ئەيسا مولامنى ئېلىپ كەلدى. گۈلسۈمخان ئانا بىلەن سادەت دەستىخان تەييارلاپ، پولۇ دۈملەپ قويدى. تاماق ئىچىلىپ بولغاندا، موللام ئورنىدىن تۇرۇپ:

- بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا ئىسىم بېرىش ئاتا-ئانىنىڭ بىرىنچى پەرزى دېيىدىكەن. بۈگۈن سىلەر بىرىنچى پەرزىڭلارنى ئادا قىلىۋاتىسىلەر، - دەپ بوۋاقنى دادىسىنىڭ قولىدىن ئالدى ۋە سۈرىلەرنى ئوقۇدى.

- سېيىتجان بالام قىزىڭىزنىڭ ئىسمىنى نېمە دېۋىدىڭىز، - دەپ قايتىلاپسورىدى ئەيسا موللام ئوقۇپ بولۇپ.

- سامىيا.

موللام بوۋاقنىڭ ئېتىنى قويۇپ بولۇپ:

- مۇبارەك بولسۇن! بالام، قىزىڭىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق، ئىنساپلىق، بەختلىك بولسۇن، - دەپ ياخشى تىلەكلىرىنى ئەيتىپ بوۋاقنى سېيىتجانغا بەردى.

قالغانلارمۇ مېھرىبانىنى بىلەن سېيىتجاننى تەبرىكلەشتى.سېيىتجان موللامغا رەخمەت ئېيتىپ، قىزىنى كۆتىرىپ نېرىقى بۆلمىگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى.

گۈلسۈمخان ئانا كەچتە:

- مەن ئۆيگە چىقىپ كېلەي، كېلىناغچا بالىلىرى بىلەن قىينىلىپ قالدىمېكىن. مال بار ئەمەسمۇ، غەيرەتجان ئىشتا، - دەپ ھۆرۈرخانلىق سورىدى.

- گۈلسۈمخان ھەدە، بوپتۇ سىلىگە رۇخسەت. مەن مېھرىبانىنى قىرىق كۈن باقاي، مايسەمەم ئانامنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالسۇن، - دېدى سادەت.

- رەخمەت سىزگە، سادەت. بۈگۈن مانا 21 ئىدارى چىقتى، قىرىق كۈنمۇ بىر دەمدىلا توشىدۇ، - دەپ ئورنىدىن تۇردى موماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇنى كۆرگەن سېيىتجان:

— ئاپا، كەچ كىرگەندە، نەگە بارسەن، ئۆيۈڭگە ئەتە چىقارسەن، — دەپ قويۇپ بەرمىدى.

كۈز ئايلىرى بولغاچقا، ئاخشىمى-ئەتىسى سوغ. پات-پاتلا يامغۇر يېغىپ، ئېتىزدىكى كۆمۈقوناق ژىغىش ئىشلىرىغا بىر ئاز ئېغىرچىلىق تۇغدۇرماقتا. ئۈچ كۈن ئۇدا ياتقان يامغۇردىن كېيىن، ئاران كۈننىڭ كۆزى كۆرۈنۈپ، يەر جاھان قۇرۇپ قىلىنىۋېدى، ئادەملەر يەنە ئىشقا كىرىشتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېھرىباننىڭ قىزىغىمۇ قىرىق كۈن بولدى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا بالىغا 40 كۈن بولغاندا بۆشۈك توي قىلغاچقا، سېيىتجان بىلەن مېھرىبانىمۇ تەييارلىق كۆرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ قېرىنداشلىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، دوستلىرىنى تويغا چاقىردى.

مېھمانلار كېلىپ ئولتارغاندا، پاتى قازانغا پولۇنى بېسىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ مېھمانلار بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سورىشىپ:

— مانا، سېيىتجان ئۇكام ئوتتۇزدىن ئاشقاندا ئاران بالا كۆردى. راستمۇ يالغانمۇ دەپ تۇرىمىز، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشتى مېھمانلار.

— مەنغۇ بولدى ئاجراش، باشقىسىغا ئۆيلەن، قۇرۇق ياغاچ بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتەمدۇ دېۋىدىم.

تۆردە ئولتارغان ئىمھانەم ئانا:

— يا، ئاللا، پاتەم، ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا، بىز ئالدىرىغان بىلەن خۇدايىم ئالدىرىمايدۇ ئەمەسمۇ.

يېنىدىكى ئايال:

— مېھرىبانىمۇ ئەندى ئارقا-ئارقىسىدىن ئوغۇللارنى تۇغۇپ بېرەر تېخى، — دېدى پاتىنىڭ سۆزىنى ياراتماي.

— شۇنىڭغا يەتكۈزسۇن، ئاغزىڭىزغا ماي، — دېدى پاتى.

ئۆيگە مېھرىباننىڭ كىچىك ئانىلىرى گۈلى بىلەن رۇقىيەملەر كىرىپ كەلدى. پىشىق تاماق قىلىپ كەلگەچكە، ئىككىلىسىنىڭ قوللىرىدا دەستىخانغا ئورالغان تاۋاقلار. مېھرىبان كىچىك ئانىلىرىنى سۆيۈپ، قولىدىكى تاۋاقلارنى ئالدى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم! ماغدىرىڭغا كېلىپ قالدىڭمۇ؟ قىزىڭ چوڭ بولدىمۇ؟

— رەخمەت، قېنى ژۇقۇرى ئۆتۈڭلار.

گۈلى ئانا بىلەن رۇقىيەم مەسە-كالاچلىرىنى يېشىپ بۇگلۇكنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئۆيدە ئولتارغان ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىككىسىگە تۆردىن ئورۇن بېرىشتى.

گۈلى ئانا خېلىلا قېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئورۇقلاپ، ئۇزىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپىيىپ، كۆزلىرى ئولتىرىشىپ كېتىپتۇ. مېڭىشىمۇ ئارانلا. ئۇلار يېڭىلا ئولتىرىشىغا نېرىقى بۆلمىدىن گۈلسۇمخان چىقىپ:

- تېچ-ئامان كەلدىڭلارمۇ؟ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولۇشتى، سىلەرگىلا قاراپ چاي تارتماي ئولتاردۇق، - دەدى.

- سالامەتلىكىم يوق، كەلمەي دېسەم، قېرىنداشىمنىڭ قىزى. رۇقىيەم يۆلەپ ژۇرۇپ ئارانلا كەلدىم. بىز سەل كېچىكىپ قاپتىمىز، كەچۈرۈڭلار، - دەپ ئۆيدىكى ئايالارغا قارىدى.

ئولتارغان ئايالار:

- ھېچقىسى يوق، بىز كۈندە بىر-بىرىمىزنى كۆرمەيمىزغۇ، سىلەر كەلگىچە خويما ئۇبدان پاراڭلىشىپ ئولتىرىشتۇق، - دېيىشتى.

مودەنگۈل، ماھىنەر، گۆزەللەر چاي قۇيۇپ، مېھمانلارنى كۈتمەكتە. مېھمانلار جوزىدىكى نازۇ-نېمەتلەر، سامسا-ساڭزىلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، گۈلى ئانا ئۆزىنىڭ ئۇددۇلىدىكى سادەتكە قاراپ:

- ھەدەمنىڭ يوقلۇغىنى بىلىندۇرمەي مېھرىبانىنى قىرىق كۈن بېقىپ، موشۇ ئۆيدە تۇرغىنىڭىز ئۈچۈن چوڭ رەخمەت، - دەپ مىنەتدارلىغىنى بىلدۇردى.

- سامىيا چوڭ بولغاندا، مېنى باققان مومام دەپ يوقلاپ ژۈرمەمدۇ،

- دەپ كۈلدى سادەت.

چاي ئىچىلىپ بولغاندا، گۈلسۇمخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

- مېھمانلار، جوزىدىكى تاتلىق-تۈرۈملاردىن ئېلىڭلار، بۆشۈك توينىڭ چاچقىسىغا باللار، نەۋرىلەر ئېغىز تەگسۇن، - دېدى.

ھەممىسى تاتلىق-تۈرۈملارنى ئوراپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئادىمەتچىلىك قويۇشقا كەلدى. ئادىمەتچىلىك قويۇشنى سېيىتجاننىڭ ئانىسى گۈلسۇمخان باشلىدى. ئۇ بىر تاۋاق سامسا، ئوغلىغا سىم-كوستيۇم، كېلىنىگە بىر كۆينەكلىك رەخت، نەۋرىسىگە كىيىم-كېچەكلەرنى جوزىغا قويۇپ:

- بۇ دادىسى ئىككىمىزنىڭ سوغىسى. شۇنداقلا نەۋرەمگە دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ئوغلۇم يېتىپ چىڭ بولغان بۆشۈكنى ئەكېلىپ بەردىم، - دەدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مېھرىبان:

— رەخمەت، ئاپا، بىكار جوۋاپتىلا، — دېيىشكە پاتى ئورنىدىن تۇردى.

— بۈگۈن تويىنىڭ ئىشىنى باسمەن دەپ پىشىق تاماق قىلالمىدىم. سىيىتجان ئۇكام ئوتتۇزدىن ئاشقاندا بالا كۆردى دەپ، ئىنىمغا كۇرتكا، كېلىنىمگە كوستيۇم، سامىيا يېتىپ چوڭ بولسۇن

نەۋرىمىزگە كولەسكا، — دەپ كۆك كولەسكىنى ئەكىرىپ كۆرسەتتى.

— رەخمەت، ھادا، بەك ئاۋارە بوپسىز.

— ئەندى ئۇكامغا قوش-قوش ئوغۇللارنى تۇغۇپ بېرىڭ.

گۈلى ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە رازى بولايلى. سىيىتجان بىلەن مېھرىبان ئامان بولسا، ئوغۇللارمۇ بولىدۇ، — دېدى پاتىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرماي.

ئاياللار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. گۈلى ئانا دەستىخاننى ئېچىپ جوزىغا بىر تاۋاق مانتىنى قويدى. تاۋاقنىڭ قېشىغا سىيىتجانغا كۆينەك، مېھرىبانغا چىرايلىق بىر كۆينەكلىك رەخت، بوۋاققا باشتىن-ئاياق كىيىمنى رەتلەپ قويدى. رۇقىيەممۇ ئادىمەتچىلىكنى قويۇپ، ئاندىن ئىككىسى سادەتكە بىر كىيىملىكتىن قىزىل گۈللۈك چىرايلىق رەخت قويۇشتى. مېھرىبان:

— رەخمەت، نېمانچىلا ئاۋارەبولدۇڭلار، — دەپكۆزىگە ياش ئالدى.

بۆشۈك تويىغا كەلگەنلەر ئادىمەتچىلىك قويۇپ بولغاندىن كېيىن، تاۋاقلاردا ئاش، خام سەي كەلدى. تۇققانلارنىڭ پىشىرىپ كەلگەن سامسا، مانتا، ژۇتالىرىنى تەخسىلەرگە سېلىپ ئېلىپ كىردى. مېھمانلار تاماق يېيىش بىلەن بىللە چاقچاق قىلىپ كۈلۈشۈپ، ناخشا ئەيتىشىپ كۆڭۈللۈك ئولتاردى. گۆھەربانۇم دۇتار چالغاندا، ياشلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندا، دۇتارچى:

— ھەي، چىرايلىق جۇگانلار، سىلەر مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار، ئەندى چوڭلارغا بىر ئاز ساز قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دەپ چوڭلار ئولتاغان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى.

گۆھەربانۇم چوڭلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئانىلار، سىلەرگە ئۇسسۇلغا چالايمۇ ياكى ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— دەپ سورىدى.

- بىزگە كونا ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىڭ، - دېدى تۆردە ئولتارغان ئانىلار. دۇتارچى ئانىلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلاپ كونا ناخشىلارنى بابىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ بەردى.

تاماق ئىچىلىپ، ھەممىسى دۇئا قىلغاندىن كېيىن، سادەت مېھرىبانىنىڭ ئانىلارغا تەييارلىغان ئادىمەتچىلىكىنى قويدى. چوڭلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئۇششاق گۈللۈك ئاق ئېپەكتىن بىر كۆينەكلىك، بىردىن ياغلىق، بىر ئەر كىشىنىڭ كۆينىكىنى قوشۇپ قويدى. ياشلارغا بىردىن ياغلىق قويدى. شۇ چاغدا گۈلسۇمخان:

- ھاي، سادەت، قىرقى سۈيىنى قۇيمايمىزمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ - دېدى.

- ياق، ئۇنتىمىدۇق، ھازىر ئەكىرىمىز، - دەپ ئىككى كىچىك كورا كۆتىرىپ كىردى. بىرىدە كىچىككىنىدىن ماي، چاي، تۇز، قەنت، ئەدراسمان قوشۇپ ۋە تۆمۈر تىيىن، ھالقا، ئۈزۈك، مارجان سېلىپ تاييارلىغان سۇ بار. قىرىق سۈيىنى قۇيۇشنى تۆردە ئولتارغان ومايلاردىن باشلىدى. دەسلەپ ئىككى كورىنى ئاق ئۈزلۈك، تولۇق كەلگەن، ئاق ياغلىقى بىلەن ئاق كرېپدېشىن كۆينىكى ئۆزىگە بەك ياراشقان ئىمھانەم ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئانا يەڭلىرىنى تۈرۈپ:

- بىسمىللاھىر راھمانىر راھىم، - دەپ كورىدىن بىر قوشۇق سۈنى ئېلىپ، - مېھرىبان، قىزىڭىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، ئىنساپلىق، ئەقىللىق بولسۇن، - دەپ ئالغان سۈنى قۇرۇق كورىغا قۇيدى ۋە سۇ بار كورىنىڭ تېگىدىن بىر تال تىيىن، مونچاق ئېلىپ، كورىنى يېنىدا ئولتارغان گۈلى ئانىغا بەردى.

ئۇمۇ بىر قوشۇق سۈنى ئېلىپ:

نەۋرىمىز چىرايلىق قىز بولۇپ، بەختىلىك بولسۇن! - دەپ سۈنى ئىككىنچى كورىغا قۇيۇپ، بىر تال تىيىن ۋە ھالقا ئالدى.

كەلگەن مېھمانلار نوۋەت بىلەن قىرىق قوشۇق سۈنى ساناپ قۇيۇپ، ھەر بىرى ياخشى تىلەكلىرىنى ئېيتىپ بولغاندا، رەنا يوغان بىر تاۋاقتا تونۇردا سىڭىپ پىشقان قىرىق تال ئۇششاق توغاچنى، يەنە بىر تاۋاقتا تاتلىق-تۈرۈم ئېلىپ كىردى. ئۇ تاۋاقلارنى تۆردە ئولتارغان چوڭلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

- قىرىق توغاچتىن، چاچقىسىدىن بېقىڭلار، - دەپ تەكلىپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېھمانلار بىر تالدىن توغاچ ۋە چاچقىسىدىن ئېلىپ، ئۆي ئىگىلىرىگە رەخمەت ئېيتىپ، دۇئا قىلىپ قايتىشتى.

گۈلسۇمخان ئانا:

– گۈلى، رۇقىيەم، سىلەر كېلىڭلار. ئۇچىمىز بوۋاقنى چۆمۈلدۈرۈپ، چىچىنى، تىمىغىنى ئېلىپ، ئاندىن قايتايلى، – دەپ تۇتۇۋالدى.

تويدا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ قىرىق قوشۇق قۇيغان سۇنى قايىنىتىپ، مارلىن بىلەن سۈزۈپ تەييارلىدى. قايىنىتىپ سوۋۇتقان ئىلمان سۇ بىلەن بوۋاقنى ژۇيۇپ، ئاندىن قىرىق سۇيى بىلەن چايقاپ، ئوراپ ياتقۇزدى. شۇ چاغدا ئۆيگە سېيىتجان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئانىلار بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سورىشىپ:

– بۆشۈك توي قانداق ئۆتتى؟ مېھمانلار رازى بولدىمۇ؟ – دەپ سورىدى.

– شۇنداق ياخشى بولدى، مېھمانلار رازى. قىزىڭىزغا نۇرغۇن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، مانا ھازىر چۆمۈلدۈرۈپ، ئوراپ، ياتقۇزۇپ قويدۇق، – دېدى گۈلسۇمخان ئانا.

گۈلى ئانا ئۆزىنىڭ يوغان، ژىرىك قوللىرىغا قاراپ:

– سېيىتجان بالام، بوۋاقنىڭ چېچىنى ئۆزەڭ چۈشەرگىن، بىزنىڭ قوللىرىمىز تىترەپ تۇرىدۇ. دادىسى بىلەن ئانىسىغا ئوخشىسا، يامان بالا بولمايدۇ، – دېدى.

– ماقۇل، سىلەرگە كۆپ رەخمەت، – دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. «ئۇلارنىڭ ئالدىراپ تۇرغىنىنى بايقىغان مېھرىبان:

– نەگە ئالدىرايسىلەر، كۈندە كەلمەيسىلەرغۇ، بىر كېچە قونۇپ، ئەتە كېتىڭلار،– دەپ خېرىدار بولدى.

– ياق، قوزام، ئۆيۈمىزگە يېتەيلى، بىز ئوخشاش قېرىلارغا ئۆز ئۆيى ياخشى، رەنجىمە، قىزىم، – دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

سېيىتجان بىر يېڭىنىڭ ماشىنا تېپىپ، ئۇلارنى ئولتارغۇزۇپ قويدى. مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، سېيىتجان:

– مېھرى، سەن قىزىمنى تۇتۇپ ئولتار، مەن چېچىنى چۈشىرەي،

– دەپ ئاۋايلاپ قىزنى ئەركىلىتىپ ئولتىرىپ چېچىنى چۈشەردى.

– ئەندى قىزىمنىڭ تىماقلىرىنى ئېلىۋېتەي، – دەپ ئاۋايلاپ ئالدى.

ساميا دادىسىنىڭ ئەركىلەتكىنىنى چۈشەنگەندەك، ژىغلىماي تېپ-تېچ قاراپ ياتاتى.

– مېھرى، قارىغىنە، ئاغزىنىڭ كىچىكلىكى ساڭا ئوخشاپتۇ، پېشانىسى، قاش-كۆزى، بۇرنى ماڭا ئوخشايدىكەن.

– كىم بوۋاقنىڭ بىرىنچى بولۇپ چېچىنى، تىمىغىنى ئالسا، بالىنىڭ مۆجىزە شۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ دېيدىكەن. سېيىتجان، ئەندى قىزىڭىزنىڭ ئۆزىما، مۆجىزە سىزگە ئوخشايدىغان بولىدۇ، – دەدى مېھرىبان يولدىشىنى تېخىمۇ خوشال قىلىپ.

ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى. شۇنداق بولمايچۇ؟ ئۇ بۇ كۈنگە يەتكىچە قانچە تۈنلەرنى ژىغلاپ ئۆتكۈزدى. مانا ئەندى ئارمىنى ئەمەلگە ئېشىپ، قىزىنى باغرىغا بېسىپ، خوشاللىغىدىن يايراپ ژۈرىدۇ...

*****

– مېھرىبان، سىز ئېيتقان ئانىلار چېيى دېگەن ئىرىمغا ھەيران قالدىم، – دېدى رۇس.

– بۇ ئىرىم بۈگۈنگىچە ساقلانغان.

– سامىيا راستلا شۇ ئىرىمدىن كېيىن تۇغۇلدى دەپ ئويلامسىز؟

– قىزىقتى رۇس.

– مەن ئىرىملارغا ئىشىنىمەن، – دېدى مېھرىبان.

– قەھرىمانلىرىڭىزنىڭ تەغدىرى مۇڭلۇق نوتىدا ئاياقلىشىۋاتاتتى، دېگەن بىلەن بۇ ھېكايىڭىز شاتلىق بىلەن ئاياقلاشتى.

– ھېكايەم تېخى تۈگىمىدى. داۋامىنى تىڭشاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈزۈلگەن ئارمان



ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
ژىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا ژىللار ــ ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ھە، يالقۇنلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغىنىدەك، ژىللار، ھەقىقەتەنمۇ، ئىلدام ئۆتمەكتە. موشۇ ئاخىرقى ژىللاردىلا ھۆرمەتلىك نۇرانىي ئانىلىرىمىز بىرىدىن كېيىن بىرى كۆز ژۇمدى. كىتاۋىمىنىڭ باش قەھرىمانى گۈلى ئانىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ھەدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان رۇقىيەمنى ئالمۇتىدا ئوقۇپ، شۇ يەردە ئىشلەپ قالغان باللىرى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا قايتا قۇرۇش دەۋرى باشلىنىپ، ھەر كىم ئۆز غېمىدا بولۇپ قالدى. دۇكانلار قۇرۇق، يېمەك-ئىچمەك يوق، كۆپلىگەن ئىشخانىلار يېپىلىپ، خەلىق ئىشسىز قالدى، ئىشلەۋاتقانلارغا ئايلىق ۋاقتىدا بېرىلمەي، قىيىنچىلىقنىڭ ئۈستىگە قىيىنچىلىق بولدى. بۇ دەۋىردە مۇقەددەس ژوت ياركەنتنىڭمۇ بەرىكتى ئۇچۇپ، ئىلگەركى گۈزەللىگى

يوقاپ، مىسكىنلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئادەملەر ئائىلىسىنى قانداق بېقىشنى بىلمەي باشلىرى ساڭگىلاپ، روھى چۈشۈپ كەتتى.

مانا شۇ قىيىنچىلىق زاماندا خىتاينىڭ چېگارىسى ئېچىلدى. «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانەڭگە باق» دېگەندەك، ئىشسىز قالغانلار خىتايدىن مال ئاچىقىپ سېتىپ، جان باقىدىغان بولدى. ئادەملەر ئاخچا تېپىش غېمىدىلا بولۇپ كەتتى. بۇ ئىشقا ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار چاپسان ئەپلەشتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن بازارغا قاتراپ، كەچتە تاپقان پۇلىنى ساناپ، ئاتا بالىسىغا، ئانا قىزىغا قارايدىغان ۋاقتى يوق بولدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئىختىسادىي ئەركىنلىك بېرىلگەچكە، چەت ئەلنىڭ ئەھمىيتى يوق، ھەر خىل مەزمۇندىكى كىنولىرىغا يول ئېچىلدى. ئىشسىزلىقتىن تېرىكىپ، زېرىكىپ چەت-ئەلنىڭ ئەيشى-ئىشرەت ئوچۇقتىن-ئوچۇق تەسۋىرلەنگەن كىنولىرىنى كۆرگەن ياشلار ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، نومۇس-ھايانى بىر ياققا قايرىپ، سېسىق تاماكىغا، ھاراققا، ئوغرىلىققا ئۆگەندى. قىزلارمۇ تاماكا چېكىپ، ئىچىملىك ئىچىپ، تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان بولدى. ئاستا-ئاستا ئادەملەردىكى بىر-بىرىگە بولغان كۆيۈم، مېھراۋانلىق، ئادەمگەرچىلىك ئوخشاش خىسلەتلىرى يوقاشقا باشلىدى.

شۇنداق ئېغىر زاماندا سېيىتجان يېتىپ قالدى. بارلىق ئېغىرچىلىق مېھرىبانغا چۈشتى. شۇ كۈنلەردە سېيىتجان ئايالىغا بۇ ئاغرىققا قانداق دۇچار بولۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئېسىڭدىمۇ، مېھرى، سامىيا قىزىمىز تۇغۇلۇپ ئەتىسى مېنىڭ تالدىقورغانغا كەتكىنىم. شۇ كۈنى يامغۇر قاتتىق يېغىپ تالدىقورغانغا كىرىپلا، تېيىلغاق يولدا شوفيور رۇلغا ئېگە بولالماي، ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتى. ھەممىمىز يېنىك جاراھەت ئالدۇق. بىر دەمدىلا تېز ياردەم ماشىنىسى يېتىپ كېلىپ بىزگە ياردىمىنى كۆرسەتتى. شۇ چاغدا مەن بېلىم بىلەن ماشىنىنىڭ تۆمۈرىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپتىمەن. كېيىن قانچە ژىل بېلىم ئاغرىپلا، دورا ئىچىپ، ئۇكول ئېلىپ ئاغرىققا بوي بەرمەي ژۈرگەن ئىدىم. مانا ئون يەتتە ژىل دېگەندە بۇ ئاغرىق مېنى ياتقۇزدى.

مېھرىبان سېيىتجاننىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ:

— سىز ماڭىدىغان شۇ كۈنى مەن چۈشۈمدە ئەشۇ بولىدىغان بالانى كۆرگەن ئىدىم، لېكىن موشۇ كۈنگىچە ھېچ كىمگە ئېيتمىغان، — دېيىشىگە دەرۋازىنى بىرى ئۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېھرىبان چىقىۋېدى،پوچتالىئون قىز خەت بەردى. مېھرىبان خەتنى سېيىتجانغا كۆرسىتىپ:

— قىزىڭىزدىن خەت كەپتۇ، — دەپ كونۋېرتنى ئاچتى.

خەت بىلەن سامىيا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئانا قىزىنىڭ سۈرىتىنى سۆيۈپ سېيىتجانغا بەردى.

— قاراڭا، قىزىڭىزنىڭ سىزگە ئوخشىغىنىنى، چېچىنىڭ بۆدرىلىگى، پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى، قاش-كۆزى، بۇرنى — ھەممىسى سىزگە ئوخشىغان، ئەگەر ئوغول بولغان بولسا، ئىككىنچى سېيىتجان بولاتتى.

سېيىتجان قىزىنىڭ كۈلۈپ چۈشكەن رەسىمىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى.مېھرىبان قىزىنىڭ خېتىنى ئوقۇماقتا.

«قەدىرلىك دادا، ئاپا، سالامەتلىكىڭلار قانداق؟ قايتا قۇرۇلۇش دەۋرى سىلەرگە قانداق تەسىر قىلىۋاتىدۇ؟ ئالمۇتىدا زاۋود-فابرىكىلار يېپىلىپ، كۆپلىگەن خەلىق ئىشسىز قالدى. دۇكانلاردا يېمەك-ئىچمەك يوقنىڭ ئورنىدا. قولىدا دىپلومى بارلارمۇ ئىشسىز. بىز، ستۇدېنتلار، كېلەچەكنى ئويلاپ قورقىمىز. بولدىلا، مەن سىلەرە كۆڭۈلسىز نەرسىلەرنى يېزىپ قورقۇتماي. بىز بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، ياخشىلىقلار ئالدىمىزدا دەپ ئويلايمىز. ماڭا ئىنگلىز تىلىنى ئوقۇش تولىمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، لېكىن تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمەن. ياتاقخانىدا رۇس، قازاق، تاتار، ئۇيغۇر بولۇپ تۆرت مىللەتنىڭ قىزلىرى بىللە تۇرىمىز، بىر-بىرىمىز بىلەن دوست بولۇپ كەتتۇق. ھەر بىرىمىز نوۋەتچى بولغاندا، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تاماقلىرىنى ئېتىمىز. مەن سىلەرنى بەك سېغىندىم. دادا، ئاپام سېنىڭ ساقلىغىڭ يوق دەپ يېزىپتۇ، مەن سېنىڭدىن بەك ئەنسىرەيمەن. مۇمكىن بولسا، بېرىپ سىلەرنى كۆرۈپ كەلمەكچىمەن. خۇدايىمدىن سىلەرنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭلارنى تىلەيمەن. س ىلەر ھايات بولساڭلار، مەن بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشايمان». خەتنىڭ شۇ يېرىگە كەلگەندە تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. مېھرىبانىنىڭ ھەدىسى مودەنگۈل ئىكەن.

— رەخمەت، ھەدە، سىلەر بولمىساڭلار مەن خىتايغا كىرىپ نەدىن تاۋار ئېلىپ چىقاتتىم دەيسەن. ماقۇل، ئەتە سائەت ئالتىدە بازاردا سىلەرنى تاپىمەن، — دەپ تېلېفون نوگىيىنى قويدى مېھرىبان.

مېھرىبانىنىمۇ يوقسىزچىلىق بازارغا چىقىپ خىتاينىڭ تاۋارلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر قىلدى. سېيىتجان ئالمۇتىغا بېرىپ دوختۇرلارغا قارىلىشى ئۈچۈن پۇل كېرەك. بۇنى ياخشى چۈشەنگەن مودەنگۈل

بىلەن ماھىنۇر خىتايدىن سىگىلىسىغىمۇ تووار ئېلىپ چىقتى. لېكىن بىرىنچى كۈنى ئىككى ھەدىسىنىڭ قېشىدا توۋارلارنى پوكەي ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ ئولتارغان مېھرىبان، تونۇش ئادەملەرنى كۆرۈپ قالسىلا، پوكەينىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ:

- ھەدە، ئەۋۇ مېنى تونۇيدىغان ئاياللار، شۇگىلاشقا ئۇيۇلىۋاتىمەن، - دەپ ئۇلار ئۆتۈپ كەتكىچە پوكەي ئاستىدا ئولتىراتتى.

مودەنگۈل خاپا بولۇپ:

- سەن ئوغرىلىق قىلىۋاتقىنىڭ يوققۇ، خەق سېتىۋاتقان توۋارنى سېتىۋاتسەن. قارىغىنە، ئەۋۇ دوختۇر، مۇئەللىملەرنى. مونۇ ئېغىر زاماندا جان بېقىش ئۈچۈن ھەممىسى بازاردا سودا قىلىۋاتىدۇ، سەن نېمىگە ئۇيۇلىسەن، - دېدى.

ماھىنۇر كۈلۈپ:

- ھەدە، مەنمۇ بىرىنچى كۈنى ئۇيۇلۇپ ساتالمىغانىغۇ، مانا ئاستا- ئاستا ئۆگەندىم. راستلا، بايا تۆرت ئاۋتوبەستا ئۆزبەكلەر كېلىدېكەن دەپ ئاڭلىدىم. خۇدا بۇيرىسا، بۈگۈن سودىمىز بولىدۇ، - دەپ مېھرىباننى قوللىدى.

- مەن سېيىتجان ئالمۇتاغا بېرىپ دوختۇرلارغا قارىلىپ، دورا- دەرمەك ئالغىدەك ئاخچا تاپسام بولاتتى.

- ئاخماق بولما، قىيىنچىلىق ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ياخشى، سەن سودا-سېتىقنى ئۆگەن. قىزىڭنى ئوقۇتىۋاتىسەن، سېيىتجان ئالمۇتىغا بىر بارغاندىلا ياخشى بوسا ياخشىدىغۇ، كىم بىلىدۇ، - دەپ توختاپ قالدى مودەنگۈل.

- ھەممىگە پۇل كېرەك دېگىنە.

ياركەنتنىڭ بازىرى يوغىرىپ، رەت-رەتلەردە خىتايدىن ئېلىپ چىققان توۋارلار دوگىلىنىپ ياتىدۇ. چەتتىن قارىساڭ، ياركەنت تەۋسى خەلقىنىڭ ھەممىسى شۇ بازارغا ژىغىلغاندەك.

كەچتە ھەممىسى يوغان سومكا، مىشكاپلارغا ئۆتمىگەن توۋارلىرىنى سېلىپ تاكسى ياللاپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مېھرىبانمۇ تاكسىغا چۈشۈپ ئۆيگىچە كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن يوغان، ئېغىر سومكىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگىچە بېلى ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى. دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان سېيىتجاننىڭ ئايالىغا ئىچى ئاغرىدى.

- مېھرى، تاشلىغىنە بازارغا چىقىدىغىنىڭنى، ئاچتىن ئۆلمەسمىز، ئۆزەڭ ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭ، ئاغرىپ قالساڭ قانداق قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— توختاڭ مەن ئەندى سودىغا ئۈگىنىۋاتىمەن. بۈگۈن ئۆزبەكلەر كېلىپ، سودىمىز ياخشى بولدى، خېلىلا پۇل تېپىپ كەلدىم. ئەگەر كۈندە سودا ياخشى بولىدىغان بولسا، سىز ئالمۇتىغا بېرىپ دۋالىنىپ كېلىشكە يەتكىدەك ئاخچا تاپىمەن. سامىيا قىزىڭىزغىمۇ پۇل ئەۋەتىش كېرەك، ستىپېندىيا ئالغان بىلەن تاماقفا ئاران يېتىدۇ. قىز بالا بولغاچقا، ياخشى كىيىم كېرەك ئەمەسمۇ.

سېيىتجان ئورۇق، نازۇك ئايالىنىڭ ئىرادىسىگە، غەيرىتىگە ھەيران بولۇپ، بىر دەقىقە ئاغرىغىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

كۆپ ئۆتمەي مېھرىبان سودا ـ سېتىقفا ياخشى ئۈگەندى. ئۇ تاپقان ئاخچىسىنى ژىغىپ سېيىتجاننى ئاكىسى بىلەن ئالمۇتىغا ئەۋەتتى. بۇ يەردە سېيىتجان دوختۇرلارغا قارىلىۋېدى، ئاغرىغىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئونكولوگىيا ئىنىستىتۇتىغا قەغەز يېزىپ بەردى. ئۇنىڭدىن ئانالىزلىرىنى ئېلىپ تەكشۈرەپ، تۆمۈرگە قاتتىق ئۇرۇلغان ئومۇرتقىسىدا خەتەرلىك ئۇششۇق پەيدا بولغانلىغىنى تاپتى. سېيىتجان ھاياتىنىڭ ئۈچىغا ئېلىنىپ تۇرغانلىغىنى بىلىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى. دوختۇرلارنىڭ كېيىنكى ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىغىغىمۇ كىرمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ: «قانچە ۋاقتىم بار؟» — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ئانالىزلىرىنى قاراپ ئولتارغان ئىككى دوختۇر بىر ـ بىرىگە قارىدى.

— بىز ئۇنى ئېيتالمايمىز. ئۆزىڭىز دوختۇر ئېكەنسىز، ئەھۋالىڭىزنىڭ قانچىلىك جىددىي ئېكەنلىگىنى چۈشىنىپ تۇرىسىز. سىزگە قانداق داۋالىنىشنى يېزىپ بېرىمىز.

ئىككىسى ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتىرىپ ئاق ۋاراقلارغا بىر نېمىلەرنى ئۇزاق يازدىدە، ئۇنى سېيىتجانغا بېرىپ؛

— موشۇ يېزىپ بەرگەن دورا ـ ئوكوللارنى ئېلىپ بىر ئايدىن كېيىن يەنە كېلىسىز، قانداق نەتىجە بەرگەنلىگىنى تەكشۈرەيمىز، — دېدى.

ئۇ كەيپىياتى چۈشكەن ھالدا تالاغا چىقىپ: «بۇ يورۇق دۇنيادا قانچەرەك ئۆمرىم قالدى؟» — دەپ ئۆزىگە ـ ئۆزى سوئال بەردى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ئاجىز ئېكەنلىگىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقا تالادا كۈتۈپ تۇرغان ئاكىسىغا ھېچ نېمە سەزدۈرمەسكە تىرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزىنىڭ ياتاقخانىسىغا كەتتى.

قىزى بىلەن يېرىم سائەتچە سۆزلىشىپ ئولتاردىدە:
- قىزىم، بىز بوگۈن قايتىمىز، ياخشى ئوقۇپ، دىپلوم ئېلىشقا ئېرىشىڭ. ئاپىڭىز بازاردا سودا قىلىپ سىزگە ئەۋەتتى، - دەپ كونۋېرتنى قولىغا تۇتقۇزدى.
- دادا، ئەندى ئاپام ماڭا ئاخچا ئەۋەتمىسۇن، ستىپېندىيام يېتىدۇ. ئۆزەڭلار ياخشى تاماقلىنىپ يەڭلار.
- بىز ئاچ قالغىنىمىز يوق، سىزنىڭ غېمىڭىزنى بىز قىلمىساق، كىم قىلىدۇ؟
- دادا، مونۇ ئېغىر زاماندا ئوقۇشۇمنى سىرتتىن ئوقۇپ، ئىشلىسەم دەيمەن.
- ياق، ياق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز قىزىم؟ ئىنگلىز تىلىنى سىرتتىن ئوقۇش تەس بولىدۇ. قىزىم، بىزنىڭ بارىمىزدا ئوقۇۋېلىڭ.
ساميا دادىسىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. سېيىتجان، خۇددى قىزى ئۇنىڭ ئاغرىغىنى تۇيۇۋاتقاندەك، ئالدىراپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئاكىسى ئىككىسى ياركەنتكە ماڭىدىغان تاكسىغا ئولتىرىپ يوغىغا چىققاندا، ئۇ ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن چەكسىز يولغا قاراپ، باش-ئۇچى يوق خىياللارغا بېرىلدى. موشۇ تاپتا سېيىتجان ئۇچۇن دۇنيا دوم كۆمۈرۈلگەندەك بولۇۋاتاتتى، چۈنكى ئۆزى دوختۇر بولغاچقا، بۇ ئاغرىقتا جېنىنىڭ قانچىلىك قىينىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا: «يېقىنلىرىم مېنىڭ قىينالغىنىمنى كۆرۈپ قانداقمۇ چىدار»، - دەپ ئويلىدىدە، قورقۇنۇچ پەيدا بولدى. سەيىتجان ئۇزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەمەس،ئۇ بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مېھرىبان بىلەن قىزىغا چۈشىدىغان ئېغىرچىلىقلاردىن قورقۇپ: «ئەڭ بولمىغاندا قىزىم ئوقۇشنى تۈگىتىپ دىپلوم ئېلىپ كەلسە، مېھرى يالغۇز قالماتتى. ئۇ ۋاقىتقىچە زامانمۇ بىر ئاز جۆندىلىپ قالار»، - دەپ ئويلىدى.
ئۇ ئىشلەپ ژۈرۈپ ئاغرىقخانىلاردا قانچە ئۆلۈملەرنى كۆردى. ياش بولسۇن، قېرى بولسۇن ئەشۇ ئىنسانلار ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئارمانلىرىغا يېتەلمىگىنىنى ئېيتىپ كۆز ژۇمدى. مانا ئەندى ئۆزىمۇ ئۇلار ئوخشاش ئارمان قىلماقتا.
سېيىتجان ئۆيگە گۇگۇم چۈشكەندە كەلدى. مېھرىبان بازاردىن كېلىپ تاماق ئېتىپ كۈتۈپ ئولتارغان ئېكەن. سېيىتجان ھېچ نېمىنى بىلىندۈرمەسكە تىرىشىپ خوشال كىرىپ كەلدىدە، ژۇيۇنۇپ ئاشخانىغا كىردى. ئۈستەل ئۈستىدە ھەممە تەرسە تەييار ئېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— دوختۇرلار نېمە دەيدۇ؟
مېھرىبلىن ياماقلىنىۋاتقان يولدىشىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتىراتتى.
— نېمە دەتتى، ئويدە داۋالان دەپ، بىر قۇچاق قەغەز يېزىپ بەردى.
— دورا-دەرمەكلەرنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟
— ھە، ھەممىنى ئېلىپ كەلدىم.
— سىزنىڭ ئاغرىغىنىڭىزنى خوۋۇپسىز دەمدا؟
— مېنىڭ ژۇرنگم ئەنسىرەپلا تۇرىدۇ.
— ژۇرەك دورىسىنى ئىچ، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە بازاردا ئولتىسىلەر، ئېغىر سومكىلارنى كۆتىرىسلەر، شۇڭلاشقا ژۇرەك ئاغرىيدۇ. قىزىمىزنىڭ ياتاقخانىسىغا بېرىپ بىر ئاز ئولتاردۇق، سەن ئەۋەتكەن ئاخچىنى بەردىم.
— سامىيا قانداق ئېكەن ئورۇقلاپ كېتىپتىما؟
— ياق، ياخشى تۇرۇپتۇ، سىرتتىن ئوقۇپ، ئىشلىسەم دەيدۇ. مەن ئۇنىمىدىم بىزنىڭ بارىمىزدا ئوقۇۋېلىڭ دېدىم.
— دۇرۇس دەپسىز، سىرتتىن ئوقۇغان ئېغىر بولىدىغۇ. خۇدايىم، قىزىمىز دىپلومنى ئېلىپ، بىز ئۇخشاش بازاردا ئولتارمىسا دەيمەن. بىللە تۇرىدىغان قىزلارنى كۆردۇڭىزمۇ؟
— ياق، قىزىر كىتاپخانىغا كەتكەن ئېكەن.
مېھرىبان يولدىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ:
— مېنىڭچە، سىز بىر نېمىنى يوشۇرىۋاتىسىز.
— قويغىنە، مېھرى، يەنە چۈش كۆردۇم دېگىنە.
— ياق، چۈش كۆرمىدىم لېكىن كۆڭلۈم بىر يامانلىقنى سېزىۋاتىدۇ.
— ئەگەر ياخشىلىقنى ئويلىساڭ، ياخشىلىق بولىدۇ، يامانلىقنى ئويلاپ قورقۇپلا ياشىساڭ، يامانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كۈنىنىڭ يورۇغىنى كۆردۈڭمۇ، يەر دەسسەپ تۇردۇڭمۇ، مانا موشۇ بىر بەخىت دەپ ئويلاش كېرەك.
— راست دەيسىز، يېمەك-ئىچمەكتىن قىينىلىۋاتقىنىمىز يوق. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ 23 ژىل بىللە ياشاۋاتىمىز. بۇ، ئەلۋەتتە، بەخىت.
— مانا شۇنى دە، بىزدىن بەختلىك ئادەم يوق، — دەپ ئايالىنى

قۇچاقلىدى. ئىككىسى تاماقتىن كېيىن بىر سىركايدىن ئەتكەن چاي ئىچىپ ئالدىرىماي ئولتىرىپ پاراڭلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مېھرىبان بازارغا كەتتى، سېيىتجان دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالمۇتىدىن ئېلىپكەلگەن قەغەزلەرنى كۆرسەتكەندە، ئىشداشلىرى ئاغرىقىنىڭ راك ئىكەنلىكىنى بىلدى. سېيىتجانغا نېمە دېيىشنى بىلمىگەن كەسىپداشلىرى شۇ كۈنىلا داۋالاشنى باشلىدى ۋە ئۇنى ناكالار توپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قەغەزلەرنى ژىغدى. سېيىتجان يا ئۇزاق ئولتىرالمايدۇ، يە ئۇزاق ئۆرە تۇرالمايدۇ، يا ئۇزاق ياتالمايدۇ. دوختۇرلار ئۆز ئارا كېلىشىپ ئۇنى كۈندۈزى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاپ، كەچتە ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. سېيىتجان ئۆيىگە كەلگەندە ئايالىغا بىلىندۈرمەي خۇشخۇي بولۇپ ژۈرەتتى. لېكىن بۇ خۇشخويلۇقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىپ، ئايالىنىڭ، قوم-قېرىنداشلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىشكە تەييارلىدى.

ئۇنىڭ قالغان ھاياتىنىڭ ھەر بىر كۈنىنى كۆڭۈللۈك ياشىغۇسى كېلەتتى. كىچىككىنە ياخشى بولسا، ئاغرىقلارنى يوقلاپ كېلەتتى، نۇرغۇن ۋاقىتنى قېرىنداشلىرى، دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگۈسى كېلىپ، پات-پاتلا ئۇلارنى چاقىرىۋېلىپ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى، ناخشا ئېيتقۇزاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ دۇئا-تەكبىرمۇ قىلىپ كەلدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مېھرىبانغا: «ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، يالغۇز قالغاندا مۇنداق قىلىش كېرەك»، - دەپ نەسىھەت قىلىدىغان بولۇۋالدى. مېھرىبان يولدىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا كۆز يېشى قۇرمايدىغان بولدى. ئۇ سېيىتجانىنىڭ ئاغرىقىنى بىلگەندىن كېيىن بازارنى تاشلاپ، يولدىشىنىڭ قېشىدا تۈنلەرنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى تۈنلەرگە ئۇلاپ، تاڭلارنى ئۇيقۇسىز ئاتقۇزدى. ئىككى تەرەپنىڭ قېرىنداشلىرى ژىراقنى يېقىن قىلىپ، يوقنى بار قىلىپ، كېلىپ ياردەم بېرىپ مېھرىبانغا يار-يۆلەك بولۇشقا تىرىشتى. سامىيا پات-پات كېلىپ دادىسىنى كۆرۈپ، بىر-ئىككى كۈن بولسىمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى.

سېيىتجان ئۈچ ژىل داۋالىنىپ ئالمۇتىغا بەش-ئالتە قېتىم باردى، لېكىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە ئولتىرىشىپ، ياڭاق سۆيەكلىرى تېشىغا چىقىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئورنىدا تۆرت ئاي ئىغىر يېتىپ قالدى. لېكىن گەپ-سۆزدىن قالمىدى. ئۇنىڭ قىينالغىنىنى تىل بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزۈش تەس. ئىشداش دوستلىرى كۆندە كېلىپ ئۇكول سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىغىنى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلىتىشكە تىرىشتى.

سېيىتجان ئىغىر ئاغرىقنىڭ دەردى بىلەن ياتقاندا، باھارپەسلىمۇ كېلىپ يەتتى. باغدىكى مېۋىلەر چېچەكلەپ، گۈللەر غۇنچىلاشقا باشلاپ، ئوچۇق دېرىزىدىن باھارنىڭ ھىدى كىرىپ تۇراتتى. سېيىتجان غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن ئالما دەرىخىگە قونۇۋېلىپ چىرايلىق سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ ياتاتتى، ئۆيگە ئۇنى يوقلاپ ئاغىنىلىرى ھاكىم بىلەن ئالىم كىرىپ كەلدى. سېيىتجان ئۇلار بىلەن تېچلىق سورىشىپ:

— مېنىڭ سىلەرگە بىر ئىلتىماسىم بار، — دېدى.

— قانداقلا ئىلتىماسىڭ بولسا، بىز ئورۇنلاشقا تەييار، ئاداش، ئېيت، — دېدى ھاكىم.

— مېنى ئۆسەككە ئاپىرىپ كەلسەڭلار، باھاردا تاللار چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇ.

— بولدى، ئاداش، ھازىر ماشىنىغا ئولتىرىپ بېرىپ كېلىمىز، — دەپ يۆلەپ سېيىتجاننى ماشىنىغا ئولتارغۇزدى.

ئۇلار كۆپ ئۆتمەيلا ئۆسەككە يېتىپ كەلدى. ھەر بىر پەسلىنىڭ ئۆز گۈزەللىگى بولىدۇ، لېكىن باھاردەك گۈزەل پەسىل بولمىسا كېرەك. مەجنۇنتاللار چوكان-جالا چاقىرىپ، ئۆسەكنىڭ ئىچى بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ھاكىم بىلەن ئالىم سېيىتجاننى ماشىنىدىن چۈشەرمەكچى بولغاندا: «ياق، مەن مەشەدە ئولتىرىپ كۆرەي»، — دەپ چىقمىدى. ئۇ ماشىنىدا ئولتىرىپ ئەتراپتىكى گۈزەللىككە زوقلىنىپ قاراپ: «ئېي، نازۇك تاللار، دۇنيادا سىلەردىن گۈزەل دەرەق بارمىدۇ؟ ئەگەر شائىر بولسام، گۈزەللىكىڭلارنى مەدھىيلەپ قانچىمۇ شېئىرلارنى يازغان بولار ئىدىم. مانا بۈگۈن موشۇ يەرلەردە ئۆتكەن ياشلىقىمنى ئەسلەپ، سىلەر بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىشقا كەلدىم»، — دەپ پىچىرلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بولا ماشىنىدىن چىقماي ئولتارغان دوستلىرىنىڭ زۇرەكلىرى ئاغرىپ، ئۆزلىرىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى، سېيىتجان:

— ئالىم ئاداش، ئۆسەك توغرىسىدىكى ناخشىنى ئېيتقىنە، — دېدى.

ئالىم ئىككىلەنمەيلا ئاستا باشلىدى:
يار كەنت بويىدا ئۆسەك،
ئۆسەكنى بىرىپ كۆرسەك.
ئۆسەكتىكى دوستلارنى،
قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيسەك.

ناخشا ئاياقلاشمايلا، سىپىتجان:
— بولدى، ئاداش، رەھمەت مېنى ئۆيگە يەتكۈزۈگىلار، — دېدى.

ئالىم بىلەن ھاكىم ئالدىرىشىپ ئاغىنىسىنى ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلار سىپىتجاننى ئېلىپ كىرىپ، كارىۋەتكە ياتقۇزىۋېدى، يولدا كەلگەچكە ئاغزى قۇرۇپ كەتكەچكە، مېھرىباندىن سۇ سوراپ ئىچتى.

— مېنىڭ چىدىغىدەك ھالىم قالمىدى. خۇدايىم ئالدىغان ئامانىتىنى ئالسۇن، مەن رازى. ئاغرىق كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، مەن كۈندىن-كۈنگە ناچارلاپ بارىمەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغاندە دېرىزىدىن بۇلبۇلنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قاراڭلارا، بۇلبۇل كۈندە كېلىپ سايراپ مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ھاكىم.

— ھەي، ئاداش، مېنىڭ كۆڭلۈم ئەندى خوش بولمايدۇ دېگىنە. مەن باھار ئايلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم، مانا ئەندى باھار ئايلىرىدا كېتىدىغان بولدۇم.

شۇ ئارىدا مېھرىبان ئولتارغانلارغا چاي قىلماق بولۇپ كىرىۋېدى، سىپىتجان:
— مېھرى، ھەممە ئىشىڭنى قوي، يېنىمدا ئولتارغىنە، — دېدى.

مېھرىبان يېنىغا كېلىپ ئولتاردى. سىپىتجان ئۆيىنىڭ ئىچىگە تەكشى بىر قاراپ چىقتى. تامدا يوغان سائات چىكىلداپ ماڭماقتا، قېرىنداشلىرى ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قېشىدا ئولتىراتتى.

— ئەتە مەن بۇ ئۆيدىن مەڭگۈگە كېتىمەن، — دېدىدە، مېھرىبانغا تويماي تەلمۈرۈپ قاراپ، تەھىيىگە ياشلىرى دومۇلاپ چۈشتى.

مېھرىبانىنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام-تارامياشلار مەڭزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئاقماقتا. ئىككىسى قوللىرىنى مەككەم تۇتۇپ، بىر-بىرىنى قىيالماي ئولتىرىپلا، سىپىتجان تىنىپ قالدى. قاراپ ئولتارغان قېرىنداشلىرىمۇ ئۇن چىقارماي ژىغلىماقتا. ياسىن ئوقۇپ ئولتارغان ئەيسا موللام:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ژىغلىماڭلار، بالا ئارام ئالدى، — دېدى ۋە ئۆلۈكنىڭ ئىڭىكىنى چىڭىتىپ، ئۆزىنى ئاق رەخت بىلەن يېپىپ قويدى...

مېھرىبانغا 12 ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئۆلۈمى قانچىلىك قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا، سېيىتجاننىڭ ئۆلۈمىمۇ شۇنداق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ھەممە ئارمانلىرى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ، بۇ دۇنيانىڭ قىزىغىمۇ قىلالمىغاندەك بىلىندى. مېھرىباننىڭ سېيىتجانسىز ياشىغىسىمۇ كەلمەي ئالمۇتىدىن كەلگەن كىچىك ئانىسى رۇقىيەم:

— مېھرىبان، قىزىم، سادەت ئىككىمىز كۆزۈڭىزگە قاراپ بىر ئايدىن ئاشتى قېشىڭىزدا سىز بىلەن تەڭ ژىغلاپ ئولتارغىلى. سىز مېنىڭ ھاياتىمنى تىڭشاڭا، — دەپ ئېغىر تەغدىرىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا ژىغلاپ: — ماڭا قارىغاندا، مونۇ ئولتارغان سادەت ھەدىڭىزگە قارىغاندا، ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك ئانىڭىزغا قارىغاندا سىز دېھختلىك ئەمەسمۇ؟ ئويلاڭا، ئۆزىڭىز سۆيۈپ تەككەن يارىڭىز بىلەن ژىگىرمە بەش ژىل چىرايلىق ئۆي تۇتتىڭىز. قىزىڭىز بار، بوگون-ئەتە دىپلوم ئالىدۇ، ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولۇپ ھايات كەچۈرۈش كېرەك ئەمەسمۇ،— دەپ نەسىھەت قىلدى.

— راست دەيدىلا، ژىغا-ژىغىنى كەلتۈرىدۇ دەيدىكەن. مېھرىباننىڭ ژىغىسىنىڭ سېيىتجانغا ھەچ پايدىسى يوق. كۆپ ژىغلاۋەرسە، ئەرۋا ئۇ ئالەمدە سوغا چىلىشىپ قالغىدەك دەيدۇ، — دېدى سادەت.

مېھرىبان بۇ ئىككى ئانىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ، ئۆزىگە-ئۆزى سەۋرىلىك بېرىپ، ژىغىسىنى توختىتالماي، ئۆزەمنىڭ ئېغىر ھاياتىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— دۇرۇس بوپتۇ. سېيىتجان ئاكام بىلەن مېھرىبان چىرايلىق ياشىدى. ئەندى مېھرىبانغا ئۆزەمنىڭ رازىلىغىنى ئېيتاي دەيمەن، قارىسىلا، رۇقىيەم ھەدە. سېيىتجان ئۈچ ژىل تۆرت ئاي ئاغرىدى ئىننىمنى مېھرىبان ياخشى كۆتتى، تامىغىنى ۋاقتىدا بېرىپ، پاكىز باقتى، ئۇنىڭغا ھېچ كىم كۆز ژۇمالمايدۇ. ئەندى ئۇكامنىڭ جېنى ئارام ئالدى.

رۇقىيەم ھەدە، مەن ئون يەتتە يېشىمدا نۇرۇمغا تورۇشقا چىقىپ، بىر ئايدىن كېيىنلا ئۇرۇش باشلىنىپ، نۇرۇم ئۇرۇشقا كەتتى. ئۇرۇش توختىدى دەپ پۈتۈن خەلىق خوشال بولغان كۈنى، مەن قارا خەت ئالدىم. مانا مەن ژىغلىسام بولىدۇ، مەنما شۇ ئەرگە ئاشىق بولۇپ تەككەن، قېنى ئۆلمىدىمغۇ، ئۆز قولۇم بىلەم يەرلىگەن بولسامچۇ

كاشكى. نۇرۇمنىڭ ئۆلۈگى قەيەرلەردە قالدى، بىر ئاللا بىلىدۇ. ھەر نەرسىگە سەۋرلىك قىلىش كېرەك. سېيىتجان قانچىلىك قىينالدى، كۆزۈمىز بىلەن كۆردۇق. كەينىدىن ژىغلىدۇق، قاخشىدۇق. بىراق قېنى تىرىلگىنى. ئەندى ئىنىمغا ئاتاپ دۇئا-تەگبىر قىلىشتىن باشقا چارە يوق.

ئايالار پاتەمنىڭ بەختىسىز تەغدىرىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئاجىزنىڭمۇ كۆڭلى ياش چېغىدىنلا يارا ئېكەن»، - دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئېچىندى.

- پاتەم، بۇ دۇنيادا مۇرات-مەخسىتىگە يەتكەن كىم بار؟ - ھەسرەت ئىچرە تىل قاتتى رۇقىيەم.

سادەت بىلەن مېھرىبان تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ئاچچىق-چۇچۇك سۇيۇق ئاشنى ئىچىپ ئولتىرىپ، ئۆتكەن كەچكەننى سۆزلەپ بىردە ژىغلاپ، بىردە كۈلۈشتى.

سېيىتجاننىڭ ۋاپاتىغا تۆرت ئاي بولغاندا، سامىيا دىپلوم ئېلىپ، ئالمۇتىدا بىر تۇرىستىك شىكاتكە ئىشقا كىرگىننى ئېيتىپ كەلدى.

- ئاپا، مەن ئىجارىگە ئىككى بۆلمىلىك ئۆي تېپىپ، سېنى ئالمۇتىغا ئېلىپ كېتەي.

مېھرىبان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ:

- مەن داداڭنىڭ ژىلىنى بەرمەي ھېچ ياققا كەتمەيمەن، - دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە رۇقىيەم بىلەن سادەتمۇ قوشۇلدى.

- ئاپىڭىز يالغۇز دەپ سادەت ئىككىمىز يار-يۆلەك بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. دادىڭىزنىڭ ژىلىنى بېرىپ كۆچۈرۈپ كېتىڭ قىزىم.

- سىلەرگە چوڭ رەخمەت. بوپتۇ، ئاپا، دادامنىڭ ژىلىغىچە تۇرغىن. مەن ھەر ئايدا ئالغان ئايلىغىمنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن. ۋاقىت يار بەرسە، كېلىپ تۇرىمەن، - دەپ بىر ھەپتە تۇرۇپلا، يەنە ئالمۇتىغا كەتتى.

بىر ژىلنىڭ ئىچىدە ئىككى ياقنىڭ قېرىنداشلىرى، دوست-بۇرادەرلەر، ژۇتداشلار كېلىپ مېھرىباننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، كېرەك يەردە ياردەم قولىنى سوزدى، سېيىتجانغا ئاتاپ دۇئا-تەگبىر قىلىپ تۇردى.

قىزى سامىيا بىلەن قېرىنداشلار بىرلىشىپ سېيىتجاننىڭ ژىلىنى چوڭ قىلىپ بەردى. ژىل نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، قىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇققانلارنىڭ رازىلىقى بىلەن يېزىدىكى ئۆيىنى سېتىپ، مېھرىبانىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى...

***

— ھەقىقەتەنمۇ، ئالدىراپ خۇلاسەچىقىرىپتىمەن. بۇ قەھرىمانىڭىزنىڭ تەغدىرىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن. شۇنچە ئارمان بىلەن تۇغۇلغان سامىيانىڭ ئاتىسىز ژىتىم قالغىنىنى قاراڭ، — رۇسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— شاتلىق بىلەن غەم-قايغۇ ئالمىشىپ كەلگەچكە، ھايات قىزىق دەپ قويىدۇ، كېكىن ژۇرىگىڭگە مەڭگۈ ئىز سالغان جۇدالىق دەردىدىن كېيىنكى خوشاللىقلارغا كۆڭلۈڭ تويمايدىكەن، ئىچىڭدە بىر يېرىڭنىڭ ئېچىشىپ كۆيۈپ تۇرغىنى تۇرغان، — مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچا ياش دومۇلاپ چۈشتى.

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانداق ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىم چۈشەنمەتتى...

# قاناتلىق ئارزۇلار



ئوچاغلاردا ئالمۇتىدا ئۆيلەر خېلىلا ئەرزەن بولۇپ، ئۇلار ئۆكتەابىرسكايا كوچىسىدىكى قاتار سېلىنغان تۆرت قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن ئۆي ئالدى. سامىيا ئانىسىنى ئالمۇتىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ غەم-قايغۇدىن خېلە نېرى بولدى. ئۇ ئىشتىن كېلىپ، دادىسىنى ئويلاپ ژىغلاپلا ئولتارغان ئانىسىنى ئۇيغۇر تېياترىدا بولۇۋاتقان كونسېرت، سپېكتاكللارغا ئاپىرىپ، بىر ئاز بولسىمۇ كۆڭلىنى كۆتىرىشكە تىرىشاتتى. مېھرىبان يەر ئۆيدە ياشاپ ئۆگەنگەچكە، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئېگىز ئۆيگە زادى ئۆگىنەلمەي، بوش ۋاقتى بولسىلا، تالاغا چىقىپ كوچىلارنى ئايلىنىپ، ژۇتىنى، ئاتا-ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر تەغدىرلىرىنى ئويلاتتى.

كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قولىغا يوغان ئاق كونۋېرت تۇتقان سامىيا ئىشتىن خوشال كىرىپ كەلدى.

– ئاپا، ئولتاغىنە، مەن ساڭا بىر خوشاللىق ئېيتىمەن. بىر كۈنى ئىشتا ئولتارسام، بىللە ئىشلەيدىغان قىز: «مونۇ ئېلاننى ئوقۇپ كۆرۈڭا»، – دەپ ئۆزى ئوقۇۋاتقان «كاراۋان» گېزىتىنى ماڭا بەردى. ئوقۇسام، ئامېرىكىدا ياشاشنى خالىغۇچىلار «گرىن كارتوچكا» ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن قانداق ھۆججەتلەرنى تولتۇرۇپ ئەۋەتىشى كېرەكلىكىنى يازغان ئېلان ئىكەن. ئېلاننى ئوقۇپلا بىللە ئىشلەيدىغان بەش قىز كېرەكلىك ھۆججەتلەرنى ئەۋەتىۋەتكەن ئىدۇق. مانا ئارىدىن بىر ژىل ئۆتمەي ماڭا ئامېرىكىدىن خەت كەپتۇ. قارا، ئاپا، مەن...مەن«گرىن كارتوچكا» ئۇتۇپ ئاپتىمەن، ــ دەپ خوشاللىقىنى ئېيتىپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

ــ ۋاي، نېمە دەيسەن قىزىم! ساڭا ئامېرىكىدا نېمە بار؟

ــ ئاپا، جېنىم ئاپا، چۈشەنگىنە، سەن ئوقۇغان ئايالغۇ. بۇ ماڭا خۇدايىمنىڭ بەرگەن ئامىتى. مەن ئىنگلىز تىلىنى بىلىمەن، ئۇ يەردىمۇ ئىشلەپ ئوقالايمەن. بىلەمسەم، ئاپا، ھازىر بايلارنىڭ ھەممىسى بالىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتماقتا. دادامنىڭ مېنى «ئوغۇل قىزىم» دەيدىغىنى ئېسىڭدىمۇ؟ شۇڭلاشقا مەن ئوغۇل بالىدەك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دادامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشىم كېرەك.

ــ مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتەمسەن؟

ــ ئاپا، مەن بېرىپ ئىشقا كىرىپ، باش ـ ئايىغىمنى تاپقاندا، ساڭا ۋىزا، ئاخچا ئەۋەتىمەن، سەنمۇ بېرىپ ئامېرىكىنى كۆرىسەن.

ــ مەن ئىنگلىزتىلىنى بىلمىسەم، ئۇ جاھانئەمنىڭ تۆرىگە قانداق بارىمەن؟

ــ مەن ساڭا ئىنگلىزچە خەت يېزىپ بېرىمەن، سەن ئۇ خەتنى ئەلچىخانىدا كۆرسىتىسەن، ئۇلار ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

ــ جېنىم بالامەي، مەشەدە ئىشلىسەڭمۇ يېتەتتىڭغۇ، ــ ژىغلىدى مېھرىبان.

ــ ئاپا، مەن بوگۇنلا كەتمەيمەنغۇ، بۇ ئىش ئالتە ئاي ئىچىدە ھەل بولۇشى كېرەك.

ــ قانداق؟

مەن موسكۋادىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا يولۇقۇپ، مونۇ كونۋېرتنى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئامېرىكىغا بېرىشقارۇخسەت قەغەز بېرىدۇ، ئاندىن يولغا چىقىمەن.

ــ سامىيا، مەن داداڭدىن ئايرىلغىنىمنى ئاز دەپ ئەندى سېنىڭدىن تىرىك ئايرىلسام، بۇ يورۇق دۇنيادا قانداق ياشايمەن؟

ــ جېنىم ئاپا، سەن ئوقۇغان، ئاق ـ قارىنى چۈشىنىدىغان تۇرۇپ قېرى مومايلارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ. ئۆزەڭمۇ تېخى ياش، كېلەچىگىڭ ئالدىڭدا. ئەندى ئۆزەڭ ئۇچۇن ياشىغىنە، ھەتتا ئۆزەڭنى

تاپقىنە. مەن ساڭا قولۇمدىن كەلگىچە ياردەم قىلىمەن، — دەپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن مېھرىبان ئۆيلىنىپ قالدى.

— ئاپا، قوسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق ئېچەيلىچۇ.

— تاماق تەييار، ئۆزەڭگۇ بېشىمنى قايدۇرغان.

ئانا-بالا ئىككىسى ئۇزاق پاراڭلىشىپ، ئاخىرىدا ئانا قىزىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىدىمۇ رازىلىقىنى بەردى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، سامىيا موسكۋادىكى ئەلچىخانىسىدىن رۇخسەت قەغىزىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ تونۇشلار ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ، ئاخىرى وس-ئاندژېلېستا ياشايدىغان پولات بىلەن پەرىدەمنىڭ تېلېفوننى تاپتى.

ئامېرىكىغا كېتىشتىن بۇرۇن تۇغۇلغان يۇرتىغا بېرىپ تۇققانلار بىلەن خوشلىشىپ، دادىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ دۇئا-تەكبىر قىلىپ كەلدى.

قىزىنى ژىراق يولغا ماڭغۇزىۋاتقان مېھرىبان ژىت سېلىپ، رۇقىيەم كىچىك ئانىسى بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرى گۈزەل، نۇرانىيەلەرنى چاقىردى. ھەممىسى سامىياغا ئاق يول تىلەپ دۇئا بېرىشتى.

— ئاپام سىلەرگە ئامانەت، تېلېفون ئارقىلىق بولسىما پات-پات ئاپامنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ تۇرۇڭلار. بىرەر ژىلدىن كېيىن ئاپامنى ئامېرىكىغا چاقىرتىپ ئالىمەن، شۇنىڭغا خۇدا نېسىپ قىلسۇن، — دېدى سامىيا ئۇلارغا رەخمەت ئېيتىپ.

— سىز بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىزمۇ ئامېرىكىنى كۆرۈپ كېلەرمىز، — دېيىشتى گۈزەل بىلەن نۇرانىيە.

— ئەگەر مەن ئۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ئۈگىنىپ يول تېپىپ كەتسەم، سىلەرنىڭ باللىرىڭلارنىڭ ئامېرىكىدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىغا، چوقۇم، ياردەم قىلىمەن.

— نىيىتىڭىزگە يېتىڭ، قىزىم. سامىيا، مەن بەرگەن تېلېفون ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن خەۋەرلەشتىڭىزمۇ؟ — دېدى رۇقىيەم.

— ياق، ئەتە تېلېفون قىلىپ ياردەم سورايمەن.

— ئۇ ژىراق ئەلدە قانداق تىل تېپىپ، ھايات كەچۈرىمەن دەيدىكىنتاڭ بۇ قىز، — دەپ ئەندىشە قىلدى مېھرىبان.

— ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار ئاز ياشايدۇ، شۇڭلاشقا بىر-بىرىگە مېھرىۋان-قەدىردان بولىدۇ، قورقماڭ، سىزمۇ يالغۇزچىلىق تارتمايسىز، مەن بار. بىيىل مودەنگۈلنىڭ كەنجە قىزى ئوقۇشقا كېلىدۇ، شۇ قىزنى

ئۆيۈڭىزدە تۇرغۇزۇڭ. يېڭىڭىزدا بىرىنىڭ بولغىنى ياخشىغۇ، ــ دەپ مەسلىھەت بەردى رۇقىيەم.

گۆزەل سۇمكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چىقاردى.

ــ سامىيا، سىڭلىم، ئاز بولسىمۇ مونۇ بىزنىڭ سىزگە قىلغان ياردىمىمىز.

ــ رەخمەت.

ــ ئاپا، سەن قونامسەن؟ بىز قايتايلى، ئەتە ئىشقا بېرىش كېرەك.

ــ ھە، مەن مېھرىبانىنىڭ قېشىدا بىر ئاز كۈن تۇراي. سامىيا كەتسە، يالغۇز قالامدۇ.

گۆزەل بىلەن سىڭلىسى ئىككىسى خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن سامىيا يوغان قىزىل چېمودانغا كىيىملىرىنى، كىتاپلىرىنى، ئۆزىگە كېرەك-ياراقلىرىنى سېلىپ ژىراق يورغا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئىككى ئانا بۇ چىرايلىق، ئورۇق قىزنىڭ قورقۇمسىزلىغىغا ھەيران قېلىپ قاراپ ئولتۇردى.

سامىيا ئەتىسى لوس-ئانژېلېستا ياشايدىغان پولاتقا تېلېفون قىلدى.

ئەسسالام، پولات ئاكا! مەن قازاقستانلىق سامىيا دېگەن قىز، گرىن كارتوچكا ئۇتۇۋالدىم، ئەندى ئامېرىكىغا ماڭماقچىمەن. ئۆزەم ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلىمەن، لېكىن ئۇ ياقتا ھېچ تونۇشۇم يوق، شۇڭلاشقا سىزدىن ياردەم سوراپ تېلېفون قىلىۋاتىمەن.

ــ ياخشى بولغان ئېكەن، ھۆججەتلىرىڭىز دۇرۇسمۇ؟

ــ دۇرۇس.

ــ قاچان يولغا چىقىسىز؟

ــ 31-ئىيۇل كۈنى، ئۇچاققا بىليت ئالدىم.

ــ مېنىڭدىن قانداق ياردەم كېرەك؟

ــ ئەگەر مۈمكىن بولسا، لوس-ئانژېلېس ئاېروپۇرتىدا كۈتۈۋالسىڭىز.

ــ بولىدۇ، كۈتۈۋالىمىز، قولۇمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز. قورقماي يولغا چىقىۋېرىڭ.

سامىيا خوشاللىغىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ:

ــ ئاپا، مېنى ئاېروپورتتا قارشى ئالىدىغان بولدى، دۇنيادا بەرى-بىر ياخشى ئادەملەر كۆپ، ــ دېدى ھاياجىنىنى باسالماي.

بۇ گەپلەردىن مېھرىبانىنىڭ ژۈرىگى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ:

– خۇداغا شۈكرى، – دەپ كۈلۈپ رۇقىيەمگە قارىدى.

– ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەلاخاننىڭ بىكار چايغا چاقىرمىغان ئېكەنمەن. ئۆزىنىڭ گەپ-ئاغزى سىلىق، ماڭا ئوخشاش بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغ ئۆتكەن كۆرۈنىدۇ. ئەلاخان يالغۇز ئىنىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ: «ئىنىم بېجىڭدا چوڭ ئوقۇشلارنى ئوقۇپ، دىپلوم ئېلىپ، ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەتتى. كەتكىنىگىمۇ بەش-ئالتە ژىل بولەپ قالدى. ئارىلىقتا ئىككى-ئۈچ قېتىم كېلىپ كەتتى، بىر قىزى بار. ئىنىمنىڭ ئىشى تولا كۆرۈنىدۇ»، – دېگەن ئېدى. مەن سامىيا توغرىسىدا ئېيتىۋېدىم، ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئىنىسىنىڭ تېلېفون نومېرىنى بەردى.

– رەخمەت، كىچىككىئاپا، ئەندى كىچىككىنە كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى، – دېدى مېھرىبان.

ئەتىسى سامىيا ئۈچاققا ئولتىرىپ، ژىراق سەپەرگە ئاتلاندى. تۆمۈر قاناتلار كۆككە كۆتىرىلگەندە، ئويلارنى ئۇنى ژىراق بالىلىق چاغلىرىغا ئېلىپ كەتتى...

ئاتا-ئانىسى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان. باھار ئايلىرىدا دادىسى بىلەن ئاپىسى كىچىككىنە سامىيانى ئېلىپ تاغلارغا بېرىپ گۈللەرنى تېرىپ، تازا ھاۋادا دەم ئېلىپ قايتىدىغان. بەزىدە، دادىسى ئۆسەككە ئاپارغان چاغلىرىدا، نازۇك تاللارغا قاراپ ئۇزاق ئولتىراتتى.

بىر رەت ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇزىدا دادىسى ئۇنىڭغا ئۈزۈشنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ بېلىدىن تۇتۇپ، «قول-ئاياقلىرىڭىز بىلەن ھەرىكەت قىلىڭ» دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۆركەشلەپ ئۇلۇق سۇ كېلىپ، ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدۇدە، سۇ قىزنى قاياقلارغىدۇ ئېقىتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. قورقۇپ كەتكەن دادىسى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ، چاپسان ئۈزۈپ قىزىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئاپىسى بىچارە نېمە قىلارىنى بىلمەي قىرغاق بويىدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋاقىراپ، ژىغلاپ ژۈگرەپ ژۈرىدۇ. شۇ چاغدا دادىسى ئۇنى سۇدىن ئېلىپ چىقىپ: «قىزىم، سىز قايتىدىن تۇغۇلدىڭىز»، – دېگەن ئېدى.

كېيىنىرەك قىزى چوڭ بولغاندا، بىر نەچچە قېتىم ياركەنت مەدرىسىسگە ئەكىرىپ، ئۇنىڭ سېلىنىش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرى ھازىرمۇ سامىيانىڭ يادىدا. ھەر قېتىم مەدرىسىمىزگە بارغاندا، دادام: «بۇ مەدرىسىنىڭ سېلىنغىنىغا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت بولۇپ، ئۇنى ياركەنت تەۋەسىدىن چىققان باي تىجارەتچى ۋېلىۋاي يولداشېۋ سالغۇزغان. ئۇنى خون پىك دېگەن خىتاي ئۇستىنىڭ باشچىلىقىدا بىر مىقسىز ياسىتىپ چىققان ئىكەن. XIX ئەسىردە سېلىنىپ، بوگۈنگىچە تىك تۇرۇۋاتقان مەدرىسە ئەجداتلىرىدىن بىزگە قالغان مەدەنىي مىراس. بىلىپ قويۇڭ، قىزىم، بۇ مەدرىسە - ياركەنتنىڭ گۈلتاجىسى»،

- دەپ قايتا-قايتا مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپ، مەدرىسىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ چىقاتتى.

ئۇ قىزىنىڭ ئەلا ئوقۇغىنىغا خۇرسەن بولۇپ: «ياخشى ئوقۇڭ، سىز مېنىڭ«ئوغۇل قىزىم»، - دەپ قويىدىغان. ئوغلى بولمىغاچقا شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك. ئۆزىمۇ ۋاقىت تاپسىلا، قىزىغا كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى، لېكىن كەچكىچە ئىشلىگەچكە، مۇنداق بەختلىك دەقىقىلەر كۆندە بولىۋەرمەتتى.

يازلىق دەم ئېلىشقا چىقاندا، ئاپىسى بىلەن دادىسى ئىككىسى ئالمۇتىغا ئاپىرىپ ئۈينىتىپ كېلىدىغان. ئويلاپ كۆرسە، ئۇ باللىق چېغىدا ناھايىتى بەختلىك ياشاپتۇ. موشۇلارنى ئۈيلىغان ساميا ئىچىدە: «ئەگەر بىچارە دادام ھازىر ھايات بولغان بولسا، مېنىڭ ئامېرىكىغا ماڭغىنىمنى كۆرۈپ قانچىلىك خوشال بولاتتىكىن»، - دېدىدە، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پاقىراپ كەتتى...

ساميا ئولتارغان ئۇچاق لوس-ئانجېلىس ئايروپورتىغا قوندى. باژخانىدا ئۇنى تەكشۇرەپ: «سەن چۈشىدىغان ئۆيۈڭنىڭ ماكان-جايىنى بىلمەيسەنكەن، بىز سېنى ئايروپورتتىن چىقارمايمىز»، - دەپقويۇپ بەرمىدى. ساميا نېمە قىلارىنى بىلمەي پولاتلارنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ كۆردى، لېكىن ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى. ئاروپورتنىڭ ئىچىدە بەش سائەت زېرىكىپ ئولتارغان سامىيانىڭ قېشىغا بىر ئوفىتسېر ئايال كېلىپ:

- سەن شۇنچە ژىراق يەردىن كەلدىم دېيسەن، نەمىشكە بارىدىغان ئۆينىڭ ماكان-جايىنى بىلمەيسەن؟ بىر ھەپتىدىن كېيىن شۇ ماكان-جايغا سېنىڭ گرىن كارتوچكاڭ كېلىدۇ، شۇڭلاشقا سېنىڭ بارىدىغان ماكان-جايىڭ بىزگە، چوقۇم، كېرەك.

- مەن يەنە تېلېفون قىلىپ كۆرەي.

ئە تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى. ساميا:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



‏_ He is this Polat Iskanders residence? _ دەپ سورىدى.

Yes, it is_

ـ سىز ئۇيغۇرچە سۆزلەمسىز؟

ـ ھە، بۇ كىم؟

ـ مەن سامىيا، قازاقىستاندىن كەلدىم. سىلەرنىڭ ماكان-جايىڭلارنى سوراپ، مېنى ئايروپورتتىن سىرتقا چىقارمايۋاتىدۇ.

ـ يېزىڭ، مەن ئېيتىپ بېرەي.

سامىيا ماكان-جايىنى چاپسان يازدىدە، بىر قولىدا تېلېفون نوگىينى تۇتۇپ تۇرۇپ، قەغەزنى ئوفىتسېر ئايالغا بەردى.

ـ پولات بىلەن قىزىم ئىككىسى سىزنى قارشى ئېلىشقا كەتكەن، سىرتقا چىققاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىسىز.

ـ رەخمەت ھەدە.

سامىيا راستمۇ-يالغانمۇ دەپ سىرتقا چىقتۇېدى، ئورتا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم، خۇددى قېرىندىشىنى كۆرگەندەك، خوشال كۈلۈپ ئالدىغا كەلدى. سامىيا ئۇنىڭ پولات ئېكەنلىكىنى بىردىن بىلدى.

ـ كېلىشىڭىز بىلەن، سىڭلىم!

ـ رەخمەت، مەن سىلەرنى كۆپ-كۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

ـ ھېچقىسى يوق. بۇ بىزنىڭ قىزىمىز خالىدە.

ـ مەن ـ سامىيا.

خالىدا سىم كىيگەن، ئۈستىدە چىرايلىق كوفتىسى بار، چېچى قىسقا، قاش-كۆزى چىرايلىق، بويى پاكا قىز ئېكەن. سامىيا ئىككىسى ماشىنىغا چۈشۈپلا ئىنگلىزچە سۆزلىشىپ كېتىشتى. پولات قازاقىستانلىق بۇ قىزنىڭ ئىنگلىزچە ياخشى سۆزلەپ خالىدا بىلەن بىردىنلا تىل تېپىشقىنىغا خوشال بولدى.

كېچىسى مىڭلىغان چىراقلار يېنىپ تۇرغان كوچىلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، سامىيا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەلمەكتە. خالىدا ئاسمان پەلەك ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ ماڭدى. ئۇلار ئۇزاق مېڭىپ «Bree Park La» دېگەن يېزىغى بار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كۈزەتچى چىقىپ كنوپكىنى بېسىۋېدى، دەرۋازا ئېچىلدى. يەنە بىر ئاز مېڭىپ فونتاننىڭ قېشىدىن ئايلىنىپ، ئون ئىككى قەۋەتلىك ئاق

ئۆيىنىڭ يېنىغا توختىدى. خالىدا ماشىنىدىن بىرىنچى چۈشۈپ:

– مانا بىز تۇرىدىغان جاي، – دەپ قاتار–قاتار سېلىنغان كۆپ قەۋەتلىك ئاق ئۆيلەرنى كۆرسەتتى.

پولات بىلەن قىزلار چېمودان، سومكىلارنى ئېلىپ لىفت بىلەن ئالتىنچى قەۋەتكە كۆتىرىلىپ، ئۆيگە كىرگەندە، ئۇلارنى سامىيا بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئايال كۈلۈپ قارشى ئالدى.

– مەن پەرىدەم ھەدىڭىز بولىمەن، – دەپ تونۇشتۇردى ئۇ ئۆزىنى.

ئۆيىنىڭ ئىچى ئازادە، پاكىز بولۇپ، ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا قويۇلغان. خالىدا سامىيانى ئۆزىنىڭ بۆلمىسىگە باشلاپ كىرىپ:

– ئۇزاق يولدىن ھېرىپ قارىغان بولسىڭىز كېرەك، كىيملىرىڭىزنى يۆتكەپ ژۇيۇنۇۋېلىڭ، ئاندىن تاماقلىنىمىز، – دېدى.

سامىيا ژۇيۇنۇپ–تارىنىپ چىققاندىن كېيىن، ھەممىسى ئولتىرىپ تاماقلاندى. پولات سامىيانىڭ ھاياتى، ئائىلىسى توغرىسىدا بىلمەك بولۇپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە سوئاللارنى قويدى.

– دادام 23 ژىل دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ، بىر ژىل بولدى ئاغرىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاپام – مۇئەللىم، ھازىر ۋاقىتلىق ئىشسىز. مەن يالغۇز قىز، ئاپامنىڭ بۆرىگى ئاغرىپ باشقا بالا تېپىشقا رۇخسەت بەرمىگەن ئېكەن. ياركەنتتە رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇدۇم. ئالىي بىلىمنى ئالمۇتىدا ئالدىم. ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، بىر ژىل تۇرىستىك شىركەتتە ئىشلىدىم. گرىن كارتوچكا ئۇتۇۋېلىپ مانا سىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئامېرىكىدا ئولتىرىمەن. ئاپام ھازىر ئالمۇتىدا ياشايدۇ. ياركەنتتىكى ئۆيۈمىزنى سېتىپ، ئاخچىسىغا مېنى ئامېرىكىغا ئەۋەتتى.

سامىيا سۆزىنى تىڭشاپ ئولتارغان پولات:

– سىز گرىن كارتوچكا ئالغاندىن كېيىن دەررۇ «security namber Social» «ئىجتىمائىي قوغداش نومېرىنى» ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ يېزىلىسىز. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن سىزگە ھۆججەتنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېينلا سىزگە بۇ دۆلەتتە ئىشلەشكە، ئوقۇشقا، نېسىيە ئېلىشقا رۇخسەت. قولۇڭىزغا نېسىيە كارتوچكا بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن دۇكانلاردىن ھەممە نەرسىنى سېتىپ ئالالايسىز، – دەپ چۈشەندۈردى.

پەرىدەم سۆزگە قوشۇلۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئېلىپ كەلگەن پۇلىڭىزنى بانكىغا سېلىپ قويۇڭ، بۇ يەردە نۇرغۇن ئاخچىنى يېنىدا ئېلىپ ژۈرمەيدۇ. ھەممە ئىشنى نېسىيە كارتوچكىسى بىلەنلا پۈتتۈرىدۇ، — دېدى.

ساميا ئۇلارنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى.

— مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ھۆججەتلەرنى قولۇمغا ئالمىغىچە ئىشلەشكە رۇخسەت يوق ئىكەندە؟

— دۇرۇس، سىزنى ئايلىق تۆلەيدىغان يەرگە ئىشقا ئالمايدۇ. لېكىن رېستورانلاردا ئوفىتسانت بولۇپ ئىشلەشكە بولىدۇ، سەۋەۋى ئۇلار كۈندە ئىشلىگەن سائەتىڭىزغا قاراپ شۇ كۈنىلا نەق پۇل تۆلەيدۇ.

ساميا ئوفىتسانت دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. بۇنى بايقاپ ئولتارغان خالىدا:

— ئامېرىكىغا كەلگەنلەر بىردىنلا ئۆز كەسپى بويىچە ياكى ئۆزى خالىغان ئىشقا كىرىپ ئىشلىمەيدۇ. دادامۇ ئوقۇغان، پروفېسسور تۇرۇپ، يېڭى كەلگەن ژىلى ئىش تاپالماي رېستوراندا ئاشپەز بولۇپ ئىشلىگەن. ئاپام مېھمانخانىدا بۆلمىلەرنى تازىلىغان، مەنمۇ شۇ چاغلاردا ئاپامغا ياردەم قىلاتتىم. ھازىر دادام ئالىي ئوقۇش ئورنىدا ستۇدېنتلارغا بىلىم بېرىدۇ، ئاپام — بانك خادىمى. مەن مەكتەپنى تاماملاپ كوللېدژدا ئوقۇۋاتىمەن. ئۇنى تۈگىتىپ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا چۈشىمەن. ھازىر دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىشلەپ، ئۆزەمگە پۇل تاپىمەن. چۈنكى ئامېرىكىدا ئادەملەر بىر-بىرىگە مۇھتاج بولماي ياشايدۇ. سىزمۇ ئاستا-ئاستا شۇ ھايات تەرزىگە ئۆگىنىسىز. ساميا ئامېرىكىدا ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال سىزدە ئىش، تۇرۇشلۇق ئۆي ۋە ئاستىڭىزدا ماشىنا بولۇشى شەرت، — دەپ چۈشەندۈردى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سامىيادا قانداقتۇ بىر قورقۇنۇچ پەيدا بولسىمۇ، كەينىگە قايتىش ئويى بولمىدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتىرىپ سامىياغا ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ زاڭ-زاكونلىرىنى چۈشەندۈردى ۋە قولىدىن كەلگىچە ياردەم بېرىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ۋاقىت خېلە يەرگە بېرىپ قالغاچقا، پولات ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قىزلار، سىلەر دەم ئېلىڭلار. خالىدا، قىزىم، ئاستا-ئاستا بۇ قىزغا ھەممىنى چۈشەندۈرگىن. مەن ساميا بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا شۇنى بىلدىمكى، ئۇ ئەندى كەينىگە قايتمايدۇ، ئالدىغا قويغان مەخسىتىگە، چوقۇم، يېتىدۇ، — دەپ خۇلاسە چىقاردىدە، ئۆزىنىڭ بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى...

***

ـ كۆتمىگەن يەردىن سامىيانىڭ ئامېرىكىغا كەتىشىمۇ تەغدىرنىڭ يازغىنىدە، مېھرىبان. سىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، ئۇنىڭغا بوي سۇنماي ئامال يوق.

ـ شۇنداق ئېكەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# زامان قىسمەتلىرى



قىزى كېتىپ، ئىككى ئېغىز ئۆيدە يالغۇز قالغان مېھرىبانىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، كۈندە دېگىدەك خوشنىسى پولىنا ئاپا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتىراتتى. پولىنا ئاپا بويى پاكا، ئورۇق كەلگەن ئايال بولۇپ، كۆزلىرىدىن غەم-قايغۇ سېزىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ مېھرىبانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئىككىسى ئاشخانىدا چاي ئىچىپ ئولتىرىپ يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ قېتىم پولىنا ئاپا مېھرىبانغا ئۆزىنىڭ بالىسى توغرىلىق سۆزلەپ، دەردىنى بۆلۈشتى.

— يېشىم قىرىقتىن ئاشقاندا ئوغلۇم تۇغۇلدى. ئۇ كىچىكىدە شۇنچىلىك شوخ بالا بولسىمۇ، مەكتەپنى ياخشى تاماملىدى. بىراق ئۇ ژىلى ئىنستىتۇتقا چۈشەلمەي، ئوغلۇمنى ئارمىياگە ئېلىپ كەتتى قارا. چىرايلىق، ئېگىز بويلۇق ژىگىت ئاۋغان ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئىككى ئايىغىدىن ئايرىلىپ، يېرىم جان بولۇپ كەلدى. ھازىر مانا تۆرت تامنىڭ ئىچىدە سولىنىپ قالدى. كۈندە تېلېۋىزورغا قاراپ، كىتاب ئوقۇپ-يېزىپ، تېرىكىپ، گايىدا مېنىمۇ خاپا قىلىدۇ. بىراق قانداق قىلىمەن. ياش تۇرۇپ ناكا بولۇپ قالغانلىقىغا تېرىكىدىغانلىقىنى

چۈشىنىپ تۇرىمەن. بالامنىڭ شۇنچە قىلغان ئارمانلىرى بوشقا ئۇچۇپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن پېنسىيا پۇلى تاماكىسى بىلەن دورىسىغا ئارانلا يېتىدۇ. كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا ۋاقىراپ ئويغىنىپ، تاڭ ئاتقىچە تاماكا چېكىپ چىقىدۇ. «مۇنداق ياشىغىچە ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسەم ياخشىدى»، - دەپ زىغلايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، ئوغلۇم تۆرت تامنىڭ ئىچىگە سولىنىپ يالغۇز قالىدۇ، ئىنىڭغا ھېچ كىم قارىمايدىغۇ، شۇنىڭدىن قورقىمەن. مېنىڭ دەردىم موشۇ، خوشنا.

- ناكا بالىڭىزنىڭ تەلىيىگە خۇدايىم سىزگە سالامەتلىك بەرسۇن. باشقا بالىلىرىڭىز يوقمېدى؟

- بىر قىزىم بار، ئۇ تۇرمۇشتا، ئۇششاق بالىلىق. ئۇنىڭدىن بىزگە پايدا يوق.

ئىككى خوشنا تاماق ئىچىپ خېلە ئولتاردى.

- مەن ئۆيگە چىقاي، بالامنېمە بولۇۋاتىدۇ. سېنىڭ خوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەلگىنىڭ ماڭا ياخشى بولدى، - دەپ پولىنا ئاپا مېھرىبانغا رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبان ئۆيدە يالغۇز قېلىپ قىزىنى ئويلىدىدە: «خۇداغا شۈكرى، مېنىڭ قىزىم ئامان-ئېسەن، ئون ئىككى مۇچىسى تەل-تۆكۈز، خەت كېلىۋاتىدۇ»، - دەپ ئۇنىڭ سۆزلەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ سامىيانىڭ خېتىنى ئەسلىدى. سامىيا لوس-ئاندژېلېسنىڭ چىرايلىق شەھەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «ئاپا، خۇدايىم بۇيرىسا، بۇ گۈزەللىكلەرنى ساڭا كۆرسىتىمەن»، - دەپ يېزىپتۇ. قىزىمغا شەھەر بەك ياققان

ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ چەت ئەلدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپسا، مەن رازى دەپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى.

قىزى كەتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن ئەۋەتىدىغان ئاخچىسىنى كۈتۈپ ئولتارماي، باللار باغچىسىغا ئىشقا كىرىۋالدى. شۇڭلاشقا ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىش بىلەن بەنت بولۇپ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەتتى. مودەنگۈل ھەدىسىنىڭ قىزى ئىنىستىتۇتقا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ ئوقۇۋاتقاچقا، يالغۇزچىلىقتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغان ئېدى.

قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن مېھرىبان چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۇسلىق ئىچىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى. سۈيتنى ياندۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىدە ياتقان دەپتەر بىلەن قەلەمنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ: «بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ، يا كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟!» - دەپ دەپتەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىچىۋېدى، ئىچىگە ھېچ نېمە يېزىلمىغان. مېھرىبان بىر سىركاي سوغ سۇنى ئىچىپ، ئويلىنىپ ئولتاردىدە، دەپتەرنىڭ ئاق بېتىگە ئۆزى كىچىكىدىن بىلىدىغان ئانىلارنىڭ ئىسىملىرىنىيېزىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەغدىرىنى ئويلاپ ئولتىرىپ كەتتى. قانچىلىك ئولتارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، بىراق مانا دەل شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىگە ئىش تاپتى. قىزى: «ئاپا، بۇ يورۇق دۇنيادا ئۆزەڭنى تاپ»، - دېگەن ئەمەسمېدى. مېھرىبان كىچىك چېغىدا دادىسىغا بېغىشلاپ شېئىرلارنى يازغانلىغىنى ئېسىغا ئېلىپ، ئەندى جاپاكەش، غەيرەتلىك ئانىلار توغرىسىدا يېزىشنى ئۆزىنىڭ بورچى دەپ چۈشەندى.

ئەتىسى ئىشتىن قايتقاندا ئۆيىنىڭ يېنىدىكىلا بازارغا كىرىپ ئون تال دەپتەر بىلەن بەش-ئالتە قەلەم ئېلىپ كېلىۋېتىپ،دەرەققە يۆلىنىپ تۇرغان قىزغا كۆزى چۈشتى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

- سىز ئاينۇر ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورىدى مېھرىبان بۇ قىزنى تونۇپ.

- ھە، مەن. مېھرىبان ھەدە، سىزما؟ - ئاستا سورىدى.

ئىككىسى تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى. ئاينۇرنىڭ چىرايى ناچار، كۆزلىرى قىزىرىپ، ئۆزى تاتىرىپ، ماڭغىدەك ماغدىرىمۇ يوقتەك كۆرۈندۇ.

- ساقلىغىڭىز يوقمۇ نېمە؟

- بېشىم قىيىپ، كۆزۈم تولىشىپ كەتتى.

- جۇرۇڭ مەن ئۆيگە ئاپىراي، يېقىنلا تۇرىمەن، - دەپ ئاينۇرنىڭ خىجالەت بولغىنىغا قارىماي ئۆيگە باشلىدى.

مېھرىبان بارىنى ئۈستەلگە قويۇپ چاي قىلدى. ئاينۇر قايناق چاينى ئىچىپ بىرئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى. مېھرىبان چاي قۇيۇپ ئولتىرىپ:

- ئاينۇر، سىز ئالمۇتىغا كەلگىلى كۆپ بولدىما؟ - دەپ سورىدى.

- ھە-ئە. كۆمۈقوناق زاۋودىدا ئىشلەۋاتاتتىم. قايتا قۇرۇش دەۋرىدە كولخوزلار تاراپ، ئەڭ چوڭ مەھكىمىلار دەپ ھېساپلانغان كۆمۈقوناق زاۋودى بىلەن گۆش كومبىناتى يېپىلىپ كېتىپ، ھەممىمىز ئىشسىز قالدۇق. ئاخچىسى بارلار خىتايدىن تووار ئېلىپ چىقىپ سودىغا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن سودىنىمۇ ھەممە ئادەم ئوخشىتالمايدىكەن.

مەن ئائىلىمىزنىڭ چوڭى بولغاچقا سۈدا قىلىپ كۆردۈم، پۇل تاپىمەن دەپ بارىمىدىن ئايرىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم. دادامنىڭ ئىشىدىن ئايرىلىپ ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. ئاپام ئېغىر ئاغرىققا دۇچار بولۇپ دوختۇرخانىغا چۈشتى. دوختۇرلارنىڭ بۇيرىغان قىممەت دورا-دەرمەكلىرىنى ئالىدىغان ئاخچا يوق. تۇققانلاردىن، خوشنىلاردىن ئالغان قەرز ئاخچا ھېچ نېمىگە يەتمىدى. شۇ چاغدا دوستۇم ئىككىلەن ئالمۇتىغا ئىش ئىزدەپ كەلدۇق، بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. ئاپامنى داۋالاش ئۇچۇن تېز ئارىدا ئاخچا تېپىش كېرەك بولدى، - دەپ ئاينۇر قاتتىق ژىغلاۋەتتى.

مېھرىبانىنىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىپ:

- ئاينۇر، سەۋىر قىلىڭ، مېنىڭمۇ بېشىمدىن شۇنداق ئېغىر كۈنلەر ئۆتكەن مەن سىزنى چۈشىنىمەن، - دېدى.

- ياق، مېھرىبان ھەدە، مەن ماڭغان يولدا سىز ماڭغىنىڭىز يوق، مەن كۆرگەن خورلۇقنى ھېچ كىم كۆرمىسۇن. دوستۇم ئىككىمىز ئالمۇتىغا كېلىپ ئىش تاپالماي ئاخىرى سايىنا كوچىسىغا بېرىپ تۇردۇق. ئۇ كوچىدا ھەر مىللەتنىڭ قىز-جۇگانلىرى نۇرغۇن ئىدى. ئامالىمىنىڭ يوقىدىن تېنىمنى سېتىپ، قانچىمۇ خورلۇقلارنى، كامسىتىشلارنى كۆرۈپ تاپقان پۇلۇمنى ئۆيگە ئەۋەتتىم. ئاتا-ئانام بىلەن بەش ئۇكام مېنىڭ ئەۋەتكەن پۇلۇمغا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۆيگە ئىشلەۋاتىمەن دەپ خەت يازغاچقا، نومۇسۇمنى سېتىپ پۇل تاپقىنىمنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ بىر بۆلمىلىك ئۆيدە ئىجارىگە تۇيۇۋاتقان دوستۇمىزئىككىمىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنى ئۇلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدۇ دېيىشكىزچۇ...

مېھرىبانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، سوئالمۇ بەرمەي جىم-جىت ئولتىرىپ تىڭشىماقتا. كۆزلىرىدىن ئەرىكسىز ياشلار تۆكۈلىۋاتقان ئاينۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- شۇنداق يول بىلەن تۆرت-بەش ژىل ئاخچا تېپىپ ئائىلىمىزنى باقتىم. ئۆزەممۇ ياخشى كىيىندىم، ئاستا-ئاستا تاماكا بىلەن ئىچىملىككە ئۆگەندىم. كۈنلەرمۇ شۇنداق ئۆتىۋەردى. لېكىن مۇنداق ھايات ئۇزاققا سوزۇلمىدى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىسسىغىم كۆتىرىلىپ، يۆتىلىپ، تامىغىم ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. دوستۇم سوغ تېگىپتۇ دەپ دورىلارنى بەردى. بىر كۈنى قارىسام تېنىمدا قىزىل داغلار پەيدا بولغىنىنى بايقىدىم، شۇندىمۇ ئېرەڭ قىلماي ژۈرىۋەردىم. كېچىككىنە ياخشى بولۇۋېدىم، يەنە شۇ باياقى ئۆگىنىپ قالغان ئىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم. بارا-بارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاغرىق كۆچىيىپ، ماغدىرسىزلىق مېنى ژىقتتى. ئىشلەشكە چامىم يوق، تۇرۇمدىن ئۆزەم قورقىمەن، كۈندىن-كۈنگە جۇدەپ تاماققىمۇ قارىغۇم كەلمەي قالدى. شۇنداق ژۇرۇپ ئارىدىنخېلە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. يېقىندا دوختۇرغابارسام، قېنىمنى تەكشۇرەپ سېپىد دەپ تاپتى. مېنىڭ ھاياتتا خاتا يولنى تاللاۋېلىپ ياشىغىنىم ئۈچۈن، خۇدايىم ماڭا ئاغرىقنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى سالدى. بۇ كېسەلدىن ساقايمايدىغانلىغىمنى بىلدىم. ماڭا كەچۈرۈم يوق، — دەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ژىغلىدى.

ئاينۇرنىڭ ئېچىنىشلىق تەغدىرى توغرىلىق ھېكايىسىنى تىڭشىغان مېھرىبان قىزغا قانداق ياردەم بېرىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى.

— سەۋر قىلىڭ،سىز ئاپىڭىزنى داۋالاش ئۈچۈن،قېرىنداشلىرىڭىزنى بېقىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئوتقا سالدىڭىز. بۇ يولغا ماڭغان يالغۇز سىز ئەمەسقۇ، ئەشۇ كوچىدا تۇرغان ئاجىزلارمۇ كۈنىنىڭ قاتتىقلىغىدىن تۇرغاندۇ. ھېچ كىمنىڭ ئۇلارنى ئەيىپلەشكە ھەققى يوق.

ئاينۇرنىڭ ئۇز-كۆزى قىزىرىپ، ئاغزى قۇرۇپ، تاۋلىنىپ قالغان چاينى سۈمەردىدە:

— مېھرىبان ھەدە، ژىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ يا تۇتقان ئۆيۈم يوق، يا تەككەن ئېرىم يوق، يا تاپقان بالام يوق. دەرەق ئېچىدە سېسىپ ئۆرۈلگەندەك، مەنمۇ ئېچىمدىن چىرىپ ئۆلۈپ كېتىپ بارىمەن. كۈنۈمنىڭ ئاز قالغىنىنى سېزىۋاتىمەن، — دېدى.

— ئاينۇر، سىزنىڭ ئېسىسىغىڭىز كۆتىرىلىپ كەتكىنىنى سېزىۋاتىمەن. بۇگۈن مەشەدىلا يېتىپ دەم ئېلىڭ، ئەتە سىزنى ئاتا-ئانىڭىزنىڭ قولىغا ئاپىرىپ تاپشۇراي، ماقۇلمۇ

ئاينۇر بارمايمەن دېمىدى. ئۇ ئويلىنىپ:

— مېنىڭ ئاغرىغىمنى ھېچ كىم بىلمىسۇن، ئۆتۈنۈپ قالاي، — دەپ يالۋۇردى.

— سىزگە ۋەدە بېرىمەن، بۇ سىرنى ئىككىلەندىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ، مەن سىر ساقلاشنى بىلىمەن.

— رەخمەت، سىزنى ماڭا خۇدايىم ئۇچراتتى، ئۆلسەممۇ ژۇتۇمغا بېرىپ ياتاي.

ئەتىسى دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ئىككىسى ياركەنتكە ماڭىدىغان تاكسىغا ئولتىرىپ يولغا چىقتى. گۇگۇم چۈشۈپ قالغان پەيتتە ئاينۇرلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. تالادا يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، ئۆيدىن ھېچ كىم چىقىپ قارشى ئالمىدى. ئاينۇر ئۆيگە كىرىشتىن قورقۇپ تۇرۇپ

قېلىشىپتۇ، مېھرىبان قىزىنىڭ سۆمكىسىنى كۆتىرىپ، قولىدىن يېتىلەپ ھويلىغا كىردى. ھويلا تاپ-تازا ھېچ كىم كۆرۈنمەيدۇ. ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىرىشىپتۇ، بۇگۇلۇكتە مەس، مايكىچان ئولتارغان سېمىز، چىرايى سۇرلۇك دادىسى قىزىنى كۆرۈپ قاپىغىنى تۈردى.

– ھە، كوچىدا جالاپلىق قىلىپ ژۈرۈپ، ئەندى ئۆلىدىغانىغا ئۆيگە كەلدىڭما، سەن قانجۇق؟

مېھرىبان:

– ئۇنداق ئەپسانە سۆزلەپ تىللىماڭ، ئۆزىنىڭ قىزىنى، – دېدى.

ئاغرىقچان ئانىسى مەس ئېرىدىن قورقۇپ گەپ قىلالماي تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىنىڭ جېنى يوق، پارالىچ ئىدى. دادا يەنە غەزەپلىنىپ:

– مېنىڭ مۇنداق قىزىم يوق، بۇنىڭ ئالمۇتىنىڭ كوچىسىدا تېنىنى سېتىپ پۇل تېپىپ ژۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. يوقال كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، سېنى قىزىم دېيىشكە نومۇس قىلىمەن، – دەپ تەخىمۇ قاتتىق ۋاقىراشقا باشلىدى.

باياتىن شۇنچە ھاقارەتنىتىڭشاپ چىداپ تۇرغان ئاينۇر بار كۈچىنى ژىغىپ دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ:

– مەنى مۇشۇ يولغا مەجبۇر قىلغان سەن ئەمەسمۇ؟ سەن ئاتا رەتىدەئىشلەپ ئائىلەڭنى بېقىشنىڭ ئورنىغا ھاراقكەش بولدۇڭ. مەن ئۆزەمنى بىلگەندىن بېرى سەن موشۇنداق. مەس بولۇپ ئاپامنى ئۇرۇپ، ئاخىرى پارالىچ قىلدىڭ. سەن دورىغا ئاخچا تاپالماي، بالىلىرىڭنى باقالماي قەرىزگە بوغۇلۇپ ئولتاردىڭ. راست، مەن جالاپلىق قىلىپ پۇل تاپتىم، ئۇنى يوشۇرمايمەن. شۇ پۇلنى ساڭا ئەۋتىپ بەرگىنىمدە، ھەجەپ ژىركەنمەي خەشلىدىڭ. سېنىڭ ئۇخشاش بالا تېپىپ باقالماي، ھاراق ئىچىپ شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، كوندە ئۇرۇش-جېدەل چىقارغىچە، ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ.

دادىسىنىڭ كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ:

– ئاغزىڭنى ياپ، قانجۇق، سەن نېمە دېمەكچى بولىسەن، ھە؟ ھوي، ئاناڭنى – دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋەيلەپ كېلىشىپتۇ، ئاينۇرنىڭ ئىنىلىرى دادىسىنى تۇتۇۋالدى.

– بىلىپ قوي، ھەقىقەت شۇنداق ئاچچىق – دېدى ئاينۇر دادىسىغا غەزەپ بىلەن قاراپ.

بېچارە ئانا قىزىنى بىر قولى بىلەن قۇچاقلاپ:


www.uyghurkitap.com

– جېنىم بالام ، بىز ئۈچۈن ياش جېنىڭنى قۇرۋان قىلدىڭغۇ، – دەپ ھۆكۈرەپ ژىغلاۋەتتى.

مېھرىبانغا ھاۋا يەتمەي ژۈرىگى قىسىلىپ، بۇ ئۆيدە بىر بالانىڭ بولىدىغانلىغىنى سېزىپ، ئاينۇر بىلەن خوشلىشىپ كوچىغا چىقتى.

بۇ چاغدا تالادا يامغۇرمۇ توختاپتۇ. مېھرىبان تازا ھاۋادا نەپەس ئېلىپ تاكسىغا ئولتاردىدە، چوڭ چىغانىغا چىقىپ كەتتى. تۇرغان ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئالمۇتىغا قايتماقچى بولغاندا، ئاينۇرنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدى. مېھرىبان كۆيۈپ ئاغرىۋاتقان ژۈرىگىنى تۇتۇپ:

– ھەي، خۇدا، ئاينۇرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈر، – دەپ پىچىرلاپ كۆك ئاسمانغا قارىدى...

مېھرىبان ئالمۇتىغا كەلگەن كۈنىلا ژۇتىدىن ئېلىپ كەلگەن چىرايلىق توغاچلاردىن پولىناغا ئەكىرىپ بەرمەكچى بولۇپ خوشنىسىنىڭ ئىشىگىنى ئۇردى. ئىشىگى ئوچۇق تۇرغاچقا، ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ كولەسكىدا ئولتارغان ئوغلىنى كۆردى. ساشا شاپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگەنلىكتىن، قاش-كۆزى كۆرۈنمەتتى. مېھرىبان ئىچلىق سورىشىۋېدى، ساشا جاۋاپمۇ بەرمىدى. شۇ چاغدا پولىنا چىقتى.

– مېھرىبان، قاچان كەلدىڭ؟

– مانا ھازىرلا كەلدىم، يېزىنىڭ تونۇرغاياققان توغىچىغا ئېغىز تېگىڭلار، – دەپ ئىككى توغاچى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇشىغا، ساشا قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ:

– ئا نۇ-كا، پوشلا ۋون سۈۋىم خلېبوم. ۋى ۋسې ماسۇلمانې كولبىتى، چۇركى. يا ۋاس نېناۋىژۇ، – دەپ ۋاقىرىدى.

– ساشا، ئاغزىڭنى ياپ، خوشنامنىڭ ئەيىۋى نېمە؟ – دەپ مېھرىبانىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولدى ئانا.

مېھرىبان ئىشىكنى ئېچىۋاتقاندا، ساشا يەنە ۋاقىراپ:

– نېناۋىژۇ پوشلا سۇكا، – دەپ قولىغا چۈشكەن قاچىنى مېھرىبانغا قارىتىپ ئاتتى. تەلەيگە يارىشا، قاچا مېھرىبانغا تەگمىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ ژۈرەك دورىسىنى ئىچىپ روزاغا بولغان ۋاقەنى سۆزلەپ بەردى.

– نېمىشكە كىردىڭىز، پولىنا ئاپا ئۆزى كىرگەندە بېرەتتىڭىزغۇ.

– ئۇنىڭ بالىسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۆچمانلىق قىلىدىغىنىنى نەدىن بىلەي.

– ساشا ئاۋغان ئۇرۇشىدا بولغانلىقتىن مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك



www.uyghurkitapi.com

قىلماقتا. لېكىن بىزنىڭ سولداتلارمۇ ئاۋغاندا مۇسۇلمانلارنى ئۆلتەردىغۇ. ئۇ ياقتىكى مۇسۇلمانلارمۇ رۇسلارغا شۇنداق ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولۇشى كېرەك.

— يا، ئاللا، ئۆچمەنلىك يامان نەرسە. بۇ بالىنىڭ كۆزىگە ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرى كۆرۈنۈپلا شۇنداق ۋەھشى بولۇپ كەتكەن ئوخشامدۇ، بۇ ئۇرۇشقا ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ قاتناشتىغۇ، ئۇلارمۇ مۇسۇلمانغۇ. شۇ ژىلى ئالتۇن كۈز كېلىپ، ئېتىزلاردا ئىش قايناپ، ئاشلىق ژىغىلىپ، تالقان-توكتى بولۇۋاتقان پەيتتە رادىئو، تېلېۋىزورلاردىن ژىراقتىكى مۇسۇلمان دۆلىتى ئاۋغانىستاندا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاق ژىللار خاتىرجەملىك بىلەن ھايات سۈرگەن خەلىقتە قورقۇنۇچ پەيدا بولدى. كېڭەش سولداتلىرىنى ئاۋغان دۆلىتىگە ئۇرۇشقا ئەۋەتكىدەك دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، بالىلىرى ئارمىياگە كېتىپ بارغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ژۈرەكلىرىموجۇلدا.

ھەش-پەش دېگىچە ئاۋغان دۆلىتىدە بولۇۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ساداسى بىزنىڭ ياركەنت ۋادىسىغىمۇ يېتىپ كەلدى. 18–19 ياشتىكى بالىلارنى ھەربىي كومىسسارىياتقا چاقىرىپ، مەدىنىيلىق تەكشۈرەشتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئارمىياغا ئۇزىتىشتىن بۇرۇن يېزا كېڭىشىنىڭ ئالدىغا ئاتا-ئانىلار، ئۇرۇش ۋېتېرانلىرى، ژۇتداشلىر ژىغىلدى. كولخوز رەئىسى ئىۋرايىمجان ئاكا ئالدىدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان ياش ژىگىتلەرگە قاراپ:

— بىز كولخوز باشقارمىسى كېلىشىپ سىلەرنى كولخوزغا ئەزا قىلىپ ئالدۇق. ھەممىڭلارغا ئەمگەك كىتاپچىسىنى ئېچىپ قويدۇق. ئارمىيادىن كېلىپ ئوقۇشقا باماقچى بولساڭلار، ئىككى ژىللىق ئىش ستاژى بىلەن بارىسىلەر. ھەممىڭلارنىڭ ئامان كېلىپ ژۇتۇڭلاردا ئەمگەك قىلىپ، بەختلىك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمىز. بىزنىڭ سىلەردىن ئۈمۈتلىرىمىز چوڭ، ئاق يوللۇق بولۇڭلار، — دېدى.

سۆز نۆۋىتى يېشى ئاتمىشتىن ئالقىغان ۋېتېرانى، قېلىن قارا بۇرۇتى ئۆزىگە بەك ياراشقان ماھمۇت ئاكىغا بېرىلدى.

— بالىلىرىم، — دېدى ئۇ سۆزىنى جىددىي باشلاپ. — بىزمۇ سىلەردەك چېغىمىزدا نېمىس-فاشىست باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىمىز، ۋەتىنىمىزنى نېمىسلاردىن ئازات قىلىمىز دەپ ماڭغان ئىدۇق. ئۇرۇشتا قانچىمۇ دوستلىرىمىزدىن، ژۇتداشلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. شۇ ژىگىتلار ۋەتەن ئۈچۈن قۇرۇۋان بولدى. بىز ئۇلارنى ھېچ قاچان ئۇنتۇمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوغۇل بالا ئۆز ھاياتىدا ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. گەپ ئەينە شۇلارنى يېڭىشنى بىلىشتە. جەڭنىڭ يېنىكى بولمايدۇ. ھوشيار بولۇڭلار! سىلەرنى ئاتا-ئانىڭلار تۆرت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقىنىنى ئۇنتۇماڭلار. ئۆز ئانا زېمىنىڭلارغا داغ كەلتۈرمەڭلار! قەدىرلىك باللىرىم، سىلەر بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، ئامان بېرىپ، ئامان قايتىڭلار!

ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىمىزنىڭ نۇرانىي ئانىسى شېرخان موماي چىقتى. ئۇ ھاسىسىنى تايىنىپ تۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلىدى.

— مەن ئۇرۇشقا قارىغايدەك تۆرت بالامنى ئەۋەتتىم، بىرىمۇ قايتقىنى يوق. تۆرت قېتىم قارا خەت ئېلىپ يىغلاپ، ھازىر كۆزۈممۇ كورمەيدۇ. ھەجەپ بىرېزىنىۋ يىراق ئاۋغان ئېلىدە بولۇۋاتقان ئۇرۇشقا تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ياش ئۆمران نەۋرىلىرىمىزنى ئەۋەتىۋاتىدا. بۈگۈن مەنمۇ نەۋرەم بىلەن بىللە كېتەي دەيمەن.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. يېزا كېڭەشنىڭ رەئىسى كېڭەس مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدىدە، ئۆز ئادىتى بويىچە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن:

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، چوڭئانا — دېدى.

— ھەي، بالام، تۆرت تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتارغاندىن كۆرە، بېرىپ باللىرىمنىڭ تامغىنى ئېتىپ بەرسەم دەيمەنا.

بۇ نۇرانىي ئانىغا ھېچ كىم قاتتىق سۆزلىمىدى. سەۋەۋى تۆرت ئوغلىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز قىزىدىن كۆرگەن نەۋرىسىنى قىياماي سۆزلەۋاتقىنىنى ھەممىسى ياخشى چۈشىنەتتى. ئارمىياگە ماڭغان باللارنىڭ ئارىسىدىن تۇرغاننىڭ ئوغلى مۇرات چىقىپ:

— قەدىرلىك ئانىلار، ئاتىلار! سىلەرنىڭ ئېيتقان تىلەكلىرىڭلارغا رەخمەت. ھەممىڭلار بىزنىڭ ئامان كېلىپ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى خالاۋاتىسىلەر. بىزنىڭمۇ ئارزۇ-ئارمىنىمىز شۇ. بىز سىلەرنى يەرگە قاراتماي، ئۈمۈتلىرىڭلارنى ئاقلاشقا تىرىشىمىز. قەدىردانلىرىمىز، بىز كەلگىچە، سىلەرمۇ ئامان بولۇڭلار! — دېدى.

— موشۇ تۇررغان بىلەن رەنانىڭ ئوغلى خېلىلىگى بار بالا بوپتاي، سۆزلىگەن سۆزىنى قاراڭلارا، — دېيىشتى ژۇت چوڭلىرى. — سالام-سائاتى جايىدا، كىيىم كىيىشگە، مېڭىش-تۇرۇشىغا زوقى كېلىدۇ. باللىرى ئارمىياگە كەتكەن ئاتا-ئانىلار ئىككى ژىلنى ئىندىشە بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى بىزنىڭ يېزىدىن كەتكەنلەر ئارىسىدىن توققۇز بالا ئاۋغانىستانغا بېرىپ، دوزاق ئوتىدىن ئامان كېلىشتى. ئۇلار ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. سەۋەۋى ئۇلار ئاۋغان تاغلىرىدا بولغان ئۇرۇشتا قان كېچىپ، يېنىدىكى جەڭچى دوستلىرىنىڭ ئۆلۈپ

كەتكىنىنى ياكى ياردار بولۇپ ياتقىنىنى، يەنى ئۇرۇشنىڭ نېمە ئېكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كوردى، ھەر دەقىقىدە ئۆلۈم بىلەن ئۆمۈرنىڭ ئارىسىدا يۈردى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا دايىم شۇ دوزاق ئوتى كۆرۈنۈپ، خوشال-خورام ھايات كەچۈرۈشكە قويماتتى. كېڭەش سولداتلىرى ئاۋغانىستاندا بولغان 1979-1989- يىللار ئارىلىقىدا ياركەنت تەۋەسىدىن كەتكەن بىر نەچچە يىگىتنىڭ ئورنىغا سىنكىتىن ياسالغان تاۋۇتلار كېلىپ، ئائىلىلىرىنى دەرت-ھەسەتكە بۆلىدى. قانچىلىگەن ئاتا-ئانىلار تاۋۇتلارنى قۇچاقلاپ زارلاپ يىغلاپ قالدى. ئۆلۈپ كەتكەن ياش يىگىتلەر بىلەن قانچىمۇ ئارزۇ-ئارمانلار قارا يەرگە كۆمۈلۈپ كەتتى دېسىڭىزچۇ... بىراق ئامال قانچە...

روزا ئىككىسى خېلىغىچە ئاۋغان ئۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى...

ساشانىڭ قىلغان قىلغىنى ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن دەپ چۈشەنسىمۇ، ئۇنىڭ بىكاردىن-بىكارلا ۋاقىراپ تىللىشىدىن مېھرىباننىڭ كەيپىياتى بۇزۇلغان ئىدى. باياتىن خاپىچىلىقتا ئامېرىكىدىن خەت كەلگەنلىكى روزانىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھازىر مېھرىباننىڭ كەيپىياتىنى كۆتىرىش ئۈچۈن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

— ھەدە، قىزىڭىزدىن خەت كەلگەن، — دەپ كونۋېرتنى مېھرىبانغا ئۇزاتتى.

قىزىنىڭ خېتىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدىغان مېھرىبان خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، ئالدىراپ كونۋېرتنى ئاچتى. سامىيا خېتىدە: «ئاپا، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە، مەن ئۆگىنىپ قالدىم. ئىككى ئىشتا ئىشلەۋاتىمەن. ئىش ئېغىر، لېكىن سەن بىلىسەنغۇ، مەن قىيىنچىلىقتىن قورقمايمەن. دادام ئىككىڭلار مېنى شۇنداق قورقۇمسىز قىلىپ تەربىيىلىگىنىڭلارغا رەھمەت. سەن بەرگەن ئاخچىنى بانكىغا سېلىپ قويدۇم. ئۆزەم بىر ئېغىز ئۆيدە ئىجارىدە تۇرۇۋاتىمەن. ئاپا، مەنمۇ چوڭ بولۇپ ئۆي تۇتتۇم. پولات ئاكام بىلەن پەرىدەم ھەدەم، شۇنداقلا ئامېرىكىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ياردەم قىلىپ ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى بەردى. قالغان ئۇششاق-چۈشەكلەرنى ئۆزەم ئالىمەن. مانا مېنىڭ چوڭ يېڭىلىغىم. ئەندى شوفېرلىقنى ئوقۇۋاتىمەن، ھۆججەت ئالغاندىن كېيىن نېسىيىگە كونا بولسىمۇ ماشىنا سېتىۋالىمەن. سەن يەنە ماشىنىنى قانداق ھايدايدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرمە. بۇ يەردە ئون ئالتە ياشتىن باشلاپلا قىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغۇلنىڭ ھەممىسى، كىچىك بولسىمۇ يول قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ماشىنا ھايداپ ژۈرىدىكەن. ..يوللارمۇ خۇددى ئەينەكتەك تۈزتۈز، سىلىق. ماشىنا ئىلىۋالسام، سانتا-مونىكا كوللىدژىغا بىرىپ ئوقۇماقچىمەن، سەۋەۋى بۇ يەردە بىرلا ئىنگلىز تىلىنى بىلگەن ئازلىق قىلىدۇ. كوللىدژدا كومپيۇتېر ئۆگىنىمەن، ئىختىساتى، تىجارەت بويىچە بىلىم ئالىمەن.

خالىدا ئىككىمىز يېقىن دوست بولۇپ كەتتۇق. باشقىمۇ ئامېرىكىلىق قىزلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ قىزلارمۇ ئاق كۆڭۈل، شۇنچىلىك ئاددىي، چاپسانلا تىل تېپىشىپ دوست بولۇپ كەتتۇق.

ئاپا، سىنى بەك سېغىندىم. سەن خېتىڭدە ئانىلار توغرىسىدا كىتاپ يېزىۋاتقىنىڭنى ئېيتىپسەن، ئوقۇپ شۇنچىلىك خوشال بولدۇم. ئاپا، مېنىڭچە، سەن ئەندى يازغۇچى بولۇپ كېتىسەن. ئىجادىڭغا ئۇتۇق تىلەيمەن ۋە سېنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئەگەر دادام بولغان بولسا قوللاۋاتقانلىغىنى بىلىمەن. سىنى يالغۇز قويماي بىللە تۇرۇۋاتقانلىغى ئۈچۈن روزىغىمۇ رەخمەت، شۇڭلاشقا مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم.

سىلەردە قىش باشلانغاندۇ، بۇ يەردە قىش بولمايدىكەن، قىشتىمۇ يامغۇر يېغىپ بىردىكى كۆز پەسلىنى ئەسلىتىدۇ. ژىراقتا ئېگىز چوققىلارغا ئىنتىلىپ، سىنى سېغىنىپ، سالامەتلىك تىلەپ ژۈرگەن قىزىڭ سامىيا»، - دەپ يېزىپتۇ.

مېھرىبان قىزىنىڭ ژىراق ژۇتلاردا ئادەملەر بىلەن تىل تېپىشىپ ئىشلەپ، ئۆز ئالدىغا چوڭ مەخسەتلەرنى قويغىنىغ چەكسىز خوشال ئىدى.

- بۇ كۈنلەردە سىپىتجان ھايات بولغان بولسا قىزىنىڭ ئۇتۇغىغا ئۇرتاق بولۇپ، بىشى كۆككە يەتمەتتىمۇ، - دېدى مېھرىبان يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتارغان روزا بىلەن خوشاللىغىنى بۆلۈشۈپ.

ئارىدىن خېلە كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ، كەچتە ئۆيگە پولىنا كىرىپ كەلدى.

- مېھرىبان، بۈگۈن قىزىمنىڭ ئۆيگە بىرىپ بىر كېچە قونۇپ، نەۋرىلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي، سېغىنىپ كەتتىم. ساشانىڭ تامىغىنى بەردىم، ئەتە ئەتىگەندىمېتىپ كېلىمەن. ئاچقۇچنى ساڭا قالدۇراي.

- نېمىشكە؟ - مېھرىبان ھەيران بولۇپ قارىدى.

- كىم بىلىدۇ دېيسەن. ساشاغىغۇ «ئەگەر بىر نېمە كېرەك بولسا تامنى ئۇر، مېھرىبان كىرىپ ياردەم قىلىدۇ» دەپ ئېيتتىم.

- ئۇ بالىڭىز بىزگا شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن، مەن قانداق

ياردەم قىلىشىم مۇمكىن؟

- مېھرىبان، رەنجىمىسەڭ، سەن بىلمەيسەن، ئۇ مېنى قانچىلىك رەنجىتتىدۇ دېگىنە، بىراق قانداق قىلىمەن. ساشكا يېرىم جان بولغانلىقتىن شۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاق، سەن چۈشەن، - دەپ ژىغلاپ يالۋۇرغاندەك سۆزلىدى.

مېھرىبانىنىڭ ئانىغا ئىچى ئاغرىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ قالدى. تۈن يېرىمدا بىرى مېھرىبانىنى«تۇر!» دېگەندەك چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قاڭسىق ئىسىنىڭ پۇرىغىنى سېزىپ، ئەنسىرەپ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى قاراپ چىقتى. ھەممە يەر ساق. ئىسىنىڭ پولىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقىنىنى سېزىپ دەررۇ روزانى ئويغاتتى. ئىككىسى كورىدورغا چىقىپ، مېھرىبان ئىشىكنى ئېچىۋېدى، ئۆيىنىڭ ئىچى كۆپ-كۆك تۈتۈن، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ قاراڭغۇ قورقماي ئۆيگە كىرىپ بېرىپ، دىۋاندا ھوشسىز ياتقان ساشانى تاپتىدە، يوتقان بىلەن سۆرەپ چىقتى. روزا تېز ياردەمگە تېلېفون قىلدى. مېھرىبان ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ، يېنىق تۇرغان تېلېۋىزورنى ئۆچەردى. ھەممە يەرنى تەكشۈرۈپ، ئىسىنىڭ پولغا سېلىنغان پالاستىن چىقىۋاتقانلىغىنىنى كۆردىدە، داستا سۇ كۆتىرىپ كىرىپ ئوتنى ئۆچەردى. پەرەز قىلىشچە، ساشا تاماكا چېكىپ ئۇخلاپ قالغان. ئۆچىرىلمىگەن تاماكا پالاسقا چۈشۈپ ئوت تۇتاشقان. تەلەيگە يارىشا، پالاس سىنتېتىكا بولغاچقا لاۋۇلداپ كۆيمەي ئاستا بىخسىپ كۆيۈپ، ساشا ئىستىن بېھوش بولۇپ ئۇخلاۋەرگەن كۆرۈنىدۇ.

شۇ ئارىلىقتا تېز ياردەم ماشىنىسىمۇ يېتىپ كېلىپ ساشانى ئېلىپ كەتتى. مېھرىبان روزاغا:

- قايسى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكىنىنى يېزىۋال، - دېدى.

ئاڭغىچە خوشنىلارمۇ ئويغىنىپ چىقىشتى. يېرىم كېچىدە قاڭسىق ئىسىنىڭ قاياقتىن چىقىۋاتقىنىنى چۈشەنمەي تۇرغان ئۇلار، مېھرىبانىنىڭ قىلغان ئالىيجاناپ ئىشىغا رازى بولۇپ:

- مېھرىبان، سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز باتۇرلۇق، - دېيىشتى.

ساشكىنىڭ ئانىسى قاياقتا؟ - سورىدى قېرى جەملە ئاپاي.

مېھرىبان ئۇنىڭ قاياققا كەتكەنلىگىنى ئېيتىۋېدى، جەملە ئاپاي:

- ھېلىما بېچارە پولىنا ناكا بالىسىغا قاراپ ھېچ ياققا بارمايدۇ. ئۇنىڭ تىلىنى ئاڭلاپ، گايىدا تايىغىنىمۇ يەيدۇ. تېنىدىن كۆك كەتمىسىمۇ، بالىسى ئۇچۈن چىداپ ژۈرىدۇ، - دېدى خوشنىسىغا ئىچى ئاغرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئوخشىماس چىققانلار ھەممىسى پولىنانىڭ ئۆيىنى يەنە بىر تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئىشىگىنى قۇلۇپلاپ، ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كەلگەن پولىنا كېچە بولغان ۋاقىەنى مېھرىباندىن ئاڭلىدى ۋە ئىككىسى بىللە ئۆيگە كىردى. كېچىچە دېرىزە ئوچۇق تۇرغاچقا، كۆك ئىس تارقاپتۇ، لېكىن قاڭسىق پۇرىقى قاپتۇ. پولىنا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

― مېھرىبان، ساڭا چوڭ رەھمەت، ئەگەر سەن بولمىساڭ، بالام ئىستا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى، ― دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

― ئوغلۇڭىز راستلا چىرايلىق ژىگىت ئىكەن. مەن ئودېيالغا سېلىپ سۆرەپ چىقىپ قارىسام، سۈرەتتەكلا چىرايلىق ياتىدۇ.

― چىرايلىق بولغىنى بىلەن بەختسىز بولۇپ قالدى.

― ژىغلىماڭ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوغلۇڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىڭ. مەن ئۆيگە چىقاي، ئىشقا بېرىشىم كېرەك.

― مەن ھازىر توخۇ شورپىسىنى ياساپ ئېلىپ بېرەي، ― دەپ خوشلىشىپ قالدى پولىنا.

ئارىدىن بىر ئاز كۈنلەر ئۆتۈپ كەچتە پولىنا كىرىپ كەلدىدە:

― ساشكىنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقتىم، بالام سېنى كۆرسەم دەيدۇ، ― دەپ مېھرىبانىنى باشلاپ ماڭدى.

كولەسكىدا ئولتارغان چىرايلىق ژىگىت مېھرىبانىنى كۆرۈپ:

― سپاسىبو تېبې، سوسېدكا، ― دەپ قىسقىلا رازىلىقىنى ئېيتتى.

مېھرىبان ژىگىتنىڭ كۆزلىرىدە بەخىت ئۇچقۇنلىرىنى سەزگەندەك بولدى. شۇ چاغدا ئوچۇق ئىشىكنى قېقىپ، ئاق چاچلىق بىر قىز كىرىپ كەلدىدە، تېچلىق سورىشىپ، خىجالەت بولغاندەك ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپقالدى. ساشانىڭ كۆزلىرى خوشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.

― ئاپا، بۇ ئىرىنا، مەن ياتقان دوختۇرخانىدا ھەمشىرە بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ماڭا تۇرمۇشقا چىقىشقا رازى بولدى.

قىز سەل ئۇيۇلۇپ ساشكىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

― ھە، بىز شۇنداق كېلىشتۇق، ― دېدى.

ساشا ۋاقىراپ:

― ئاپا ئاڭلىدىڭمۇ؟ ― دەپ سورىدى ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

― ئاڭلىدىم، بالام، ئاڭلىدىم. سەن بەختلىك بولساڭ، مەنمۇ بەختلىك، ― دەپ كېلىپ ساشا بىلەن ئىرانى قۇچاقلاپ سۆيدى.

مېھرىبانمۇ كۆزلىرىدىن بەخىت نۇرى چاقنىغان بۇ ئىككى ياشنى تەبرىكلەپ ئۆيگە چىقتى ۋە روزاغا بولغان ۋاقىەنى سۆزلەپ بەردى.

– تووۋا، روزا پالاسىنىڭ كۆيگىنى ساشاغا بەخىت ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بەختلىكلىگىنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ چىقتىم.

– ئەندى ساشا ئۆزگىرىپ قالار.

– ئەلۋەتتە، ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ، – دەپ ئۇمۇت قىلدى مېھرىبان...

***

باياتىن مېھرىباننىڭ ھېكايىسىنى دىققەت قويۇپ تىڭشاپ ئولتارغان رۇس ئاۋغان ئۇرۇشى توغرىلىق ئاڭلاپ سۆزگە قوشۇلدى.

– سىلەرنىڭ سولدات باللىرىڭلار ئاۋغاندا قازا تاپقاندەك، بىزنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان سولدات باللىرىمىز ۋيېتنام ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن. نۇرغۇنلىرى شۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بىر ئۆمۈر ناكا بولۇپ قېلىشتى. مېنىڭ ئاكاممۇ ۋيېتنام ئۇرۇشىنىڭ ۋېتېرانى. ئۇ بېلىدىن يارىدار بولغاچقا، ماڭالماي ئۆمۈرلۈك ناكا بولۇپ قول ھارۋۇدا ئولتىرىپ قالدى. ياش تۇرۇپلا ناكا بولۇپ قالغىنىغا چىدىمىغان ئاكامنىڭ مۇجەزى ئۆزگىرىپ، ناھايىتى تېرىككەك بولۇپ، ئەسەبى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇجەزىگە چىدىماي ئايالى ئاجرىشىپ كەتتى.

ئامېرىكىدا ۋيېتنام ئۇرۇشىدا قازا بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە، ناكا بولۇپ كەلگەنلەرگە ياخشى ئايلىق تۆلەيدۇ. مېنىڭ ئاكامنىڭ ئايلىغىمۇ ئۆي خىزمەتكارى بىلەن ئۇنى كۈتۈپ باققۇچىغا يېتىدۇ. ئايالى مەيرەملەردە كېلىپ ھالىنى سوراپتۇرىدۇ. ئاكام ئوخشاش ۋيېتنام ئۇرۇشىنى قارغاپ ئولتارغان ناكا ژىگىتلەر كۆپ. سىزنىڭ خوشنىڭىز پولىنا ئوخشاش ھەسرەت چېكىپ ژۈرگەن ئاتا-ئانىلارمۇ نۇرغۇن.

– ھەممە دۆلەتلەردە دەرت چېكىپ ژۈرگەنلەر ئاز ئەمەس دەڭا. خۇدايىم تېچلىق بولسۇن. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىر-بىرىنى چۈشىنىپ، تېچلىق تەرەپدارى بولسۇن، – دېدى مېھرىبان.

– دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەر تېچلىقنى تىلەيدۇ. مەنزىلگە يېتىدىغانلىغىمىزغىمۇ ئاز قالدى، ھېكايىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، يەنە ئاخىرى چىقماي قالمىسۇن، – دېدى رۇس.

مېھرىبان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلاپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇدى.



www.tuyghurkitap.com

# ژىراقتىكى چەت ئەلدە



كېيىنكى ۋاقىتلاردا مېھرىبان كېچە-كۈندۈز كىتاپ يېزىش تۇغرىلىقلا ئويلايدىغان بولدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بالىلىق چاغلىرى، ئاتا-ئانىسىنى ئىېغىر تەغدىرى، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردى بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، كېچىلىرى ئۇيقىسى قېچىپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئاشخانىغا كىرىپ كىتاۋىنى يېزىشقا ئولتىراتتى. قىش كۈنلىرى رۇقىيەم كىچىك ئانىسى كېلىپ ئۆتكەن-كەچكەن تارىخ-ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندە، مېھرىبان زېھىن قويۇپ تىڭشاۋاتىندە، كېيىن ھەممىنى قەغەزگە چۈشىرەتتى. گايىدا يازغانلىرىنى روزاغا ئوقۇپ بېرەتتى، ئۇنىڭ تەسىراتىنى سوراتتى، پىكىر-مەسلىھەتىنى تىڭشاتتى. كىتاپ يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەچكە، مېھرىبانىنىڭ ئىلگەرىكىدەك كەچكىچە سېپىتجانىنى ئويلاپ ژىغلايدىغان ژىغىسى بېسىلىپ، چىرايىمۇ كۈندىن-كۈنگە جۆندىلىپ قالغان ئېدى.

كىتاۋىنى يېزىپ بولۇپ ئارىدىن بەش ژىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى نەشىر قىلىشقا ئاخچا بولمىغاچقا، مېھرىبان قول يازمىسىنى ئوراپ ساندۇققا سېلىپ قويىدى. كىتاۋى يورۇق كۆرمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئىېغىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەۋىرلەردە جاپا-مەشەقەتلەرنى تارتقان مېھرى دەريا ئانىلارنىڭ روھى ئالدىدا قەرزىنى ئادا قىلغاندەك يېنىك ھېس قىلدى ۋە ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولدى.

شۇ ژىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئەتىگەنلىك سائات يەتتىدە سامىيا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئانا-بالا قۇچاقلىشىپ، ژىغلىشىپ كۆرۈشتى. مېھرىبان قىزىغا تويماي قاراپ:

- سەن كەتكىلى بەش ژىل بولدى. ھەجەپ چەت ئەلگە كەتتىڭغۇ، قىزىم، - دەپ ئۇنى باغرىغا باستى.

- ئاپا، ژىغلىما، مەن چەت ئەلدە چىنىقتىم، بىلمىگىنىمنى بىلدىم، ئۆگەندىم. بەش ژىل بىكار كەتكىنى يوق، بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن قانچىمۇ سىناقلاردىن ئۆتتىم، ئايىغىمدا مەككەم تۇرغىدەك بولدۇم.

شۇ ئارىدا روزا ئويغىنىپ چىقىپ سامىيا بىلەن كۆرۈشتى. سامىيا ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىر ئارىلاپ چىقتى. بەش ژىلدا ھېچ نىمە ئۆزگەرمەپتۇ، ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا. ئۇ ژۇيۇنۇپ-تارىنىپ چىقىپ، ئانىسى تەييارلىغان تۇخۇم پوشكال بىلەن چاي ئىچىپ ئولتىرىپ ئالدىرىماي سۆھبەتلەشتى ۋە ئامېرىكىدا چۈشكەن رەسىملەرنى كىرسەتتى.

- ئاپا، بۇ ماڭا ياردەم بەرگەن پولات ئاكام بىلەن پەرىدەم ھەدەم، مونۇ قىزى خالىدا. مانا بۇ سۈرەتتىكى مېنىڭ بىلەن ئوقۇيدىغان ئامېرىكىلىق دوستلىرىم. ئاپا، مونۇ مېنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيۈم.

- ۋاي، نىمە دېگەن چىرايلىق ئۆي، - دەپ مېھرىبان بىلەن روزا سۈرەتنى ئۇزاق قارىدى.

سامىيا لوس-ئانژېلېسنىڭ چىرايلىق يەرلىرىدە چۈشكەن رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، ئۇ تەرەپتىكى ھايات توغرىلىق ئۇزاق سۆزلەپ بەردى. تىڭشاپ ئولتارغان روزادا قىزىقىش پەيدا بولۇپ:

- سامىيا ھەدە، سىز قانداق بەختلىك. قانچە ئىغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، شۇنداق چىرايلىق شەھەردە ئىشلەپ، ئوقۇپ، دوستلارنى تېپىپ قىزىق ياشاۋاتىسىز. مەن سىزگە قاراپ پەخىرلىنىمەن، - دېدى.

مېھرىبان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

- دادىسى بېكار «ئوغۇل قىزىم» دېمىگەن ئىكەن، شۇ سۆزگە لايىق بولدى، - دەپ قىزىنى يەنە قۇچاقلاپ سۆيدى.

- سامىيا ھەدە، ئامېرىكىغا بارغاندىن باشلاپ كەچۈرگەن بەش ژىللىق ھاياتىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭا؟

- ئامېرىكىدا چاپسانلا ئۇتۇقلارغا يېتىش تەس. باشتا ئاپامنى،

ئۇرۇق-تۇغقانلارنى، دوستلارنى سېغىنىپ، يېڭى يەرگە ئۆگىنەلمەي بەك قىينالدىم. ئۇ ياقتا ھېچ كىم بېرىپلا ئىش تاپالمايدۇ. سەۋەبى مېنىڭ ئوخشاش چەت ياقتىن كەلگەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن، ھەممىسىگە ئىش تېپىپ، قوساق بېقىش كېرەك. دەسلەپ مەن ۋاقىتلىق ئىشلاردا ئىشلىدىم، ئوفىتسانت بولدۇم. ئىش ئېغىر، تا ئاخىرقى خېرىدار كەتكىچە، يەنى سائەت ئون ئىككى-بىرگىچە ئۆرە تۇرۇپ خىزمەت قىلىمىز. ئىككىنچى ئىشىم — ھەپتىسىگە بىر قېتىم بىرىنىڭ ئۆيىنى تازىلاپ، سەرەمجان قىلىش

مېھرىبان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئالمۇتىدىكى شۇنداق ياخشى ئىشىڭنى تاشلاپ، چەت ئەلگە بېرىپ ئوفىتسانت، ئۆي خىزمەتكارى بولۇپ ئىشلىدىڭما؟

— بۇ ئىشلاردا ۋاقىتلىق ئىشلىدىم. ئاپا، ئۇ ياقتا كوچا سۈپۈرگەن ئادەملەرمۇ ئىش تاپقىنىغا رازى. شوفيورلۇق ئوقۇشىنى ئوقۇپ ھۆججەت ئالدىم، نېسىيىگە ماشىنا ئالدىم.

— ھازىر ماشىنا ھايداپ ژۈرەمسىز؟ — دېدى روزا ھەيران بولۇپ.

— ھە، سانتا-مونىكا كوللېدژىغا ماشىنىدا بېرىپ ژۈردۈم. بۇ ئوقۇش دەرگاھىدا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. كېيىنىرەك مۇئەللىملەر مېنى ئاسسىستېنت-مۇئەللىم قىلىپ ئىشقا ئالدى. ھازىر ستۇدېنتلار دەم ئېلىشتا، مەنمۇ ئون كۈن ئالىمەن. شۇڭلاشقا ئاپامنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم.

— ئون كۈنلا تۇرامسەن؟ — دېدى ئانا ھەيران بولۇپ.

— ھە، ئون كۈن. ئۇ ياقتا بىز ئوخشاش بىر ئاي دەم ئالمايدۇ. ئاپا، ئەتە مەن سېنى فۇرمانوۋ كوچىسىدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ئاپىرىمەن. ئۇ يەردىن ۋىزا ئالىمىز، ئۇنىڭسىز سېنى ئامېرىكىغا كىرگۈزمەيدۇ.

ئانا قىزىنىڭ بەش ژىل ئىچىدە ئۆزگىرىپ، ئىشەشلىك سۆزلەپ، ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، ئالدىغا قويغان مەخسىتىنى پلانلاشقا ئۆگەنگەنلىكىنى بايقىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئەلچىخانا ئالدىغا كېلىپ نۆۋەتتە تۇردى. ئىچكىرىدىن ئېتى ئاتالغان ئادەملەر كىرىپ-چىقماقتا. بىر چاغدا مېھرىباننىڭ ئېتى ئاتالدى، سامىيا ئاپىسى بىلەن بىللە كىردى. بۆلمىدە ئولتارغان ئورتا ياشلىق ئايال ئۇلارغا قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئولتىرىڭلار، — دېدى.
ساميا ئۇ ئايال بىلەن ئىنگلىزچە خېلە سۆزلەشتى. ئەلچىخانا خادىمى مېھرىبانىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرەپ كۆرۈپ:
— سىز ئىلگىرى ئامېرىكىغا بارغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، مەن ھېچ قاچان چەت ئەلگە بارمىغان.
— سىز ئامېرىكىغا نېمە ئۈچۈن بارغاقچى؟
— قىزىم ماڭا ئامېرىكىنى كۆرسەتمەكچى.
— سىزنىڭ ئامېرىكىدا قالىدىغان ئويىڭىز بارمۇ؟
— ياق، مەن ژۇتۇمغا قايتىپ كېلىمەن.
— بۇ يەردە كىمىڭىز بار؟
— بىر ئاكام، ئىككى ھەدەم تۇققانلىرىم بار.
— ئالمۇتىدا ئۆيىڭىز بارمۇ؟
— ھە ـ ئە، ئىككى ئېغىز ئۆيۈم بار، ئىشلەۋاتقان ئىشىم بار.
— ياخشى، — دەپ ئالدىدىكى قەغەزلەرگە قول قويۇپ، مېھرىبانىنىڭ پاسپورتىغا ۋىزا ئاچتى. — سىزگە ئامېرىكىغا بېرىشقا رۇخسەت، — قولىدىكى پاسپورتنى مېھرىبانغا بەردى.
ساميا رەخمەت ئېيتىپ ئاپىسىنى باشلاپ سىرتقا چىقتى.
— ئاپا، كۆردۈڭمۇ قانداق سوراقلارنى بەرگىنىنى؟ ئۇلار بۇ ياقتىن بارغان ئادەملەرنى ئامېرىكىدا قالمىسۇن دەيدۇ.
— ھە، چۈشەند.
ئۇلار ئۆيگە كەگەندە، ساميا سۇمكىسىدىن ۋاراقچىسىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ:
— ئاپا، بىز ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەي، ياركەنتكە بېرىپ، تۇققانلارنى يوقلايلى، دادمنىڭ بېشىغا بېرىپ دۇئا ـ تەگبىر قىلىپ كېلەيلى، — دېدى.
— قىزىم، بۇگۈنلا ماڭماسمىز؟ كەچتە رۇقىيەم ئانامنى كۆرۈپ خوشلىشىپ كېلەيلى.
— بوپتۇ، مەن ئەكەلگەن سوغىلىرىمنى ئالاي. روزا كەلگەندىن كېيىن، ئۈچىمىز بىللە بارايلى.
مېھرىبان كەچتە بارىدىغانلىغىنى تېلېفوندا خەۋەر قىلىپ قويغاچقا، رۇقىيەم ئانا قىزى نۇرانىيە بىلەن دەستىخان يېيىپ كۈتۈپ ئولتىرىپتۇ. رۇقىيەم ئانا خېلىلا قېرىپ قاپتۇ: بېلى مۈكچىيىپ ئۈچىسىغا كىيگەن كەڭ كۆينىگى، بېشىغا تاڭغان ئاق داكا ياغلىغى ئۆزىگە بەك يارىشىپ

تۇردى. ئۇ سامىيا بىلەن كۆرۈشۈپ: «مانا ھاياتنىڭ دولقۇنلىرىدا چىنىققان باتۇر قىز»، ــ دەپ پېشانىسىدىن سۆيدى.

ئۇلار تاماقلىنىپ ئولتارغاندا سامىيا:

ــ ئانا، سىز ماڭا تېپىپ بەرگەن تېلېفون ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياخشى ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇم. پولات ئاكا بىلەن پەرىدەم ھەدەم ماڭا چوڭ ياردەم بەردى. ئۇلار بىلەن قېرىنداشتەك بولۇپ كەتتۇق، ــ دەپ ئۆزىنىڭ چەت ئەلدىكى بەش ژىللىق ھاياتىنى سۆزلەپ بەردى. ئانىغا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ــ «جاپا چەكمەي، ھالاۋەت يوق» دېيدىكەن، بالام، چەت ئەلگە بېرىپ جاپا تارتساڭمۇ، ئۆيۈڭ، ئىشىڭ، ماشىناڭ بار ئىكەن. بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ، قورقۇمسىزلىقىڭ. سالامەتلىكىڭلا بولسا، ئىشلىگەنگە ھېچ نېمە بولمايسەن. ھاياتتا ئالدىڭغا قانداق مەخسەت قويغان بولساڭ، شۇ مۇرات ــ مەخسىتىڭگە يەت، بالام.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتارغان نۇرانۇيە:

ــ سىز يەنە ئوقۇيمەن دېيسىز، قاچان تۇرمۇشقا چىقىسىز؟ ــ دەپ قالدى. مېھرىبان شۇ سوئالنى كۈتۈپلا تۇرغاندەك:

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، بىر بېشى ئىككى بولسا، مەنمۇ خاتىرجەم بولاتتىمغۇ، ــ دېدى.

سامىيا ئويلىنىپ ئولتىرىپ:

ــ مەن ھازىر تۇرمۇش توغرىسىدا ئويلىغىنىممۇ يوق. ئىككى ژىل بولدى ئۇنىۋېرسىتېتقا چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتىمەن. ئۇ ئوقۇشقا چۈشۈش ئاسان ئەمەس، گاپ ئالدىمغا قويغان مەخسىتىم شۇ. ئۆزەمگە لايىق ژىگىتنى تېخى ئۇچراتمىدىم. ئەگەر شۇنداق ژىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان بولسام، ئۇنى كۆرەرمىز، ــ دەپ كۈلۈپ قويدى.

سامىيانى تىڭشاپ ئولتارغان روزانىڭمۇ چەت ئەلگە بارغۇسى كەلدى.

ــ سامىيا ھەدە، مېنىڭمۇ شۇ ياقلارغا بېرىشىمغا ياردەم قىلسىڭىز. مەنمۇ ھەر قانداق ئېغىرچىلىققا قارىماي بىلىمىنىڭ چوققىسىغا چىقسام دېيمەن، ــ دەپ كۆڭلىدىكى ئارمىنىنى ئېيتتى.

ــ مەن لوس-ئانژېلېستا قازاقستانلىق ستۇدېنتلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار دۆلەت پرېزىدېنتىنىڭ فوندى ھەم «بولاشاق» پروگراممىسى ئارقىلىق چەت ئەلدە ئوقۇۋېتىپتۇ. سىزمۇ ياخشى ئوقۇپ، «بولاشاق» پروگراممىسى ئارقىلىق بېرىشقا تىرىشىڭ. ئەگەر ئۇ بولمىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن پولات ئاكام بىلەن سۆزلىشىپ، سىزگە ستۇدېنتلىق ۋىزا ئارقىلىق بېرىشىنىڭ يولىنى تېپىپ، بىر خەۋىرىنى بېرىمەن.

ئەندى مېھرىبان ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا بارىدىغانلىقىنى خەۋەرلەپ:

ــ رۇقىيەم ئانا، سامىيا ماڭا ئامېرىكىنى كۆرسەتمەكچى، قارا.بۇ قىز ئۇن كۆنگىلا كەپتۇ، ــ دېدى قېرى ئانىنىڭ پىكرىنى بىلمەك بولۇپ.

ــ «كۆزۈڭ باردا شە كۆر» دېگەن ئېكەن،قىزىڭ ئاپىرىمەن دېسە، بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن. ياخشىنى كۆرمەك ھەق دەيدۇ ئەمەسمۇ. كۆپ تۇرمايدىغانسەن؟

ــ ياق، كۆپ بولسا ئالتە ئاي تۇرارمەن.

ــ بوپتۇ بېرىپ ئويناپ كەل. بۇ جانلاردىمۇ ئىشەش يوق، قېرىپ قالدىم. بالىلىرىمنى باقىمەن دەپ تىكىنچىلىك قىلىپ ژۇرۇپ، كۆزلىرىممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ــ ھالىنى ئېيتتى ئانا.

نۇرانىيە كۈلۈپ:

ــ ئاپا، سەن تېخى تىمەن، ژىراق يولغا ماڭىدىغان ئادەملەرنى قورقۇتمىساڭ، ــ دېدى.

ــ «جان بار يەردە، قازا بار»، قىزىم، مەنغۇ يېگىنىمنى يېدىم، ئىچكىنىمنى ئىچتىم، سىلەر ياشلار، ئامان بولۇڭلار. مېھرىبان، شۇ چىرايلىق ژۇتلارنى كۆرۈپ ئامان-ئېسەن بېرىپ كەل، مېنىڭدىن قايغۇرما، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

ــ ھە، مۇنداق دېسەڭ، ئادەمنى قورقۇتماي، ــ نۇرانىيە ئاپىسىغا قارىدى.

ئەتىسى سامىيا ئاپىسى بىلەن ياركەنتكە بېرىپ، بىر-ئىككى كۈن تۇققانلارنى كۆرۈپ، دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، دادىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ دۇئا-تەگبىر قىلىپ قايتتى.

ئۇن كۈن كۆزنى ژۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتتىدە، مېھرىبان ئۇزاق سەپەرگە ئاتلاندى. موشۇ كۆنگىچە ئالمۇتىدىن نېرى بارماي، بىرىنچى قېتىم بۇ يوغان ئۇچاققا ئولتارغاچقا: «ھېلىما قىزىم يېنىمدا، ئەگەر يالغۇز بولسام قانداق قىلاتتىم؟» دەپ ئويلىدى. سامىيا ئىللىيۇمىناتورنىڭ قېشىدىكى كرېسلىغا ئاپىسىنى ئولتارغۇزۇپ، ئۆزى يېنىدا ئولتىرىپ خوۋۇپسىزلىق بەلدىكلىرنى بەكىتتى. ئۇچاق كۆتىرىلىشكە تەييار دەپ ئېلان قىلغاندا، موتورلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈكۈرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مېھرىبان: «بىسمىللاھىر راھمانىر رەخىم! ئۇن ئىككى ۋاقلىق ژىگىرمە

تۆرت سائەت»، ــ دەپ پىچىرلاپ سىرتقا قارىدى. تۆمۈر قاناتلار كۆككە قاراپ ئۇچۇپ، ئۇنى ئۆز ژۇتىدىن ژىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. ئۇچاق بەلگۈلەنگەن ئېگىزلىككە كۆتىرىلگەندە، چىرايلىق ستيۇاردېسسا قىزلار ھەر بىر يولۇۋچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇستەلنى ئېچىپ:

ــ توخۇ گۆشى بىلەن گۇرۇچ، بېلىق بىلەن قورۇغان ياڭيۇ، قايسىسىنى خالايسىلەر، ــ دەپ سورىدى.

مېھرىبان:

ــ بوپتۇ، توخۇ گۆشى بىلەن گۇرۇچنى ئالاي، ــ دېدى.

ــ مەن بېلىق بىلەن قورۇغان ياڭيۇ ئالاي، ــ دېدى سامىيا.

ستيۇاردېسسا تائاملارنى پەتمۇسقا سېلىپ كەلدىدە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. پەتنۇستا تاامدىن بۆلەك چايغا پەرىنىڭ بىلەن قەنت بار ئىدى.

مېھرىبان پرەنىكنى قولىغا ئېلىۋېدى، ئۆزىنىڭ باللىق چېغى ئېسىغا چۈشۈپ كەتتىدە، مونۇ بىر ۋاقىەنى قىزىغا سۆزلەپ بەردى.

ــ مەن تۆرتنچى سىنىپنى تاماملىغان ژىلى يازلىق تەتىلدە ئۇقۇغۇچىلار كولخوزدا ئىشلىدۇق. دوستۇم رىمما ئىككىمىزنى ياخشى ئىشلىدى دەپ كولخوزلار ئۇيۇشتۇرغان پىونېر لاگېرىغا ئەۋەتتى. لاگېر تەبىتى گۆزەل يەرگە، سۇ بويىغا جايلاشقان ئىدى. بىزى يوغان پالاتكىلاردا تۇراتتۇق. لاگېردا ئۇچ قېتىم تاماق، سائەت تۆرتتە موشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تال پرەنىك بىلەن چاي بېرەتتى. مەن كۇندە بەرگەن پرەنىكنى يېمەي بىر خالتىغا ژىغدىم. لاگېردا 42 كۇن دەم ئالغاچقا، 42 پرەنىك ژىغىپتىمەن. ياخشى دەم ئېلىپ ئۆيگە كەلگەندە، بىر تاۋاققا سېلىپ جوزىغا قويدۇم. ئۆيدىكىلەر ھەممىسى: دادام، ئاپام، ئۇكىلىرىم خوشال بولۇپ، يەيلى دېسە پرەنىك چىش ئۆتكۇسىز قاتتىق. ئاپام رەھتى مېنى قۇچاقلاپ: «خېنىم قىزىم، ئۆزىنىڭ نەپسىدىن ئايرىپ، بىزنى يېسۇن دەپ ئېلىپ كەپتۇ.ھازىر مەن ھەممىڭلارغا بىر سىركايدىن چاي قۇياي، چىلاپ يەڭلار»، ــ دېدى. ھەممىسى پرەنىكنى ئىسسىق چايغا چىلاپ مەزە قىلىپ يېيىشتى. دادام رەھتى: «كۆيۇمچان قىزىم، كەل بىللە چاي ئىچەيلى»، ــ دەپ يېنىغا ئولتارغۇزدى. ئۇكىلىرىمنىڭ كۆزلىرىدە شۇنچىلىك خوشالىق ئەكىس ئېتىپ تۇراتتىكى، ئۇلارغا قاراپ مەنمۇ خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدىم.

ــ سىلەر تۇرغان يېزىدا پرەنىك ساتماتتىما؟

ــ ساتىتىما، مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغان ئاخچىسى بولمىغان بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئاپا، سەن بالىلىق چېغىمدىنلا كۆيۈمچان، مېھرىۋان ئىكەنسەن. بىكار سېنىڭ ئىسمىڭنى مېھرىبان دەپ قويمىغان دېگىنە، — ساميا ئانىسىغا زوقلىنىپ قارىدى.

ئۇلار تاماقلىنىپ بولۇپ، سۈيتىنى ئۆچۈرۈپ، كرېسلولارنى ئۇخلاش ئۈچۈن قولايلىق قىلىپ سەل ياتقۇزۇپ، ئەدىيالنى يېپىنىپ ياتتى.

مېھرىباننىڭ ئويى سېيتجانغا كەتتى. «ھاياتتىن ھەجەپلا ياشلا كەتتا. ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، قىزىنىڭ ئوتتۇغىغا ئورتاق بولۇپ، بېشى كۆككە يەتمەتتىمۇ؟ بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇچىمىز بىللە ئۇچماتتىقمۇ؟ بۇ شۇنداق تەگشەلمىگەن ئالەم ئىكەن...» — دەپ ئويلاپ، كۆزىدىكى يېشىنى ئېتىپ، قىزىغا قارىدى. ساميا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

توققۇز سائەتتىن كېيىن ئۇچاق ئامستېردامغا ئۇچىدىغان ئۇچاققا ئولتىرىپ يەنە يەتتە سائەت ئۇچۇپ يەرگە قوندى. ئۇزاق يولدىن ھارغان قىزىنىڭ راستلا ئالمىنىڭ تۆرىگە كەتكىنىگە كۆزى يەتتى.

لوس-ئانژېلېس ئايروپورتىنىڭ باژخانىسىدا ساميا ئانىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرستىپ، مېھرىباننىڭ پاسپورتىغا ئامېرىكىدا ئالتە ئاي تۇرۇشقا رۇخسەت دېگەن مۆر باسقۇزۇپ، قول قويغۇزدى ۋە ئۇلار تاكسىغا ئولتىرىپ سامىيانىڭ ئۆيىگە ماڭدى. مېھرىبان شەھەر كوچىلىرىنىڭ كەڭلىكىگە، تۈزلىكىگە، تازىلىقىغا، كوچىلاردا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرھە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزدىن-مېگىز ئىمارەتلەرگە قاراپ گەيران بولۇپ كېلىۋاتاتتى. خېلە نېمىپ ساميا تۇرىدىغان «Park La Bree» غا كەلگەندە، قاتار سېلىنغان ئون ئىككى قەۋەت ئۆيلەرگە، ئۆيلەرنىڭ ئۆپ-چۆرىسىدىكى بوككىدە دەرەقلەرگە، گۈللەرگە قاراپ كۆزنى ئۈزمەي قالدى. ئانا-بالا چېمودانلارنى كۆتىرىپ ئۆيگە كىردى. مېھرىبان قىزىنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرۈپ:

— ماڭا قارىغاندا، سەن ياخشى، شۇنداق چىرايلىق ئۆي تۇتۇپسەن،
— دەپ ئۆينىڭ ئۇ ياق-بۇ يېقىغا قاراپ چىقتى.
ساميا:
— ئاپا، بۇ- ئاشخانا، بۇ- تاماقلىنىدىغان، يەنى ئولتىرىپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان جاي. ژۇقۇرىدىكى بىر ئېغىز — ئۇخلايدىغان بۆلمە، — دەپ ئانىسىنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلىدى.

– سەن بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىمەن دېگەنىغۇ؟
– ئاپا بۇ يەردە ياتىدىغان خانا قانچە بولسا، شۇنىلا سانايدۇ ئەمەسمۇ.
ئىككىسى ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ياغاچتىن ياسالغان يوغان، چىرايلىق كارىۋەتتە ئولتاردى. دېرىزىدىن كۈن چۈشۈپ، ئۆينىڭ ئىچىدە كۈننىڭ نۇرى ئوينap تۇراتتى. سامىيا تامغا چاپلاپ ياسالغان شكافلارنى ئېچىپ:
– بۇ – كىيىم ئاسىدىغان سكاف. مونۇ ئىشىكنى ئاچساق ۋاننا بىلەن تەرەتخانا، – دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەرمۇ شۇنچىلىك تازا، تاملىرى ئاپپاق.
مېھرىبان ھەممە يەرگە قاراپ چىقىپ:
– ژىراق دېمىسە، بېيىشتىلا ياشايدىكەنسەن قىزىم، بۇمۇ ئۆزەڭنىڭ تەلىيى، – دېدى.
– ئاپا، سەن ژۇيۇنۇپ چىقىپ، يېتىپ دەم ئال، مەن ماشىنىغا ئولتىرىپ دۇكاندىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەي، ئاندىن تاماق قىلىمىز، – دەپ ئاپىسىغا ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ ماشىنىسىغا ئولتىرىپ كەتتى.
ئۆيدە يالغۇز قالغان مېھرىبان تامدا ئېسىقلىق سامىيا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈلۈپتۇرغان، سېيىتجان قىزى بىلەن ئۆسەك سۇيىدە چۆمۈلۈۋاتقان، سامىيا دادىسى، ئاپىسى بىلەن ياركەنت مېچىتى ئالدىداتۇرغان، شۇنداقلا سېيىتجاننىڭ ئاق خالات كىيىپ بىر بېمارنى كۆتۈۋاتقان پەيتلەر ئەكس ئېتىلگەن رەسىملەرگە قارىدى. مېھرىبان بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ، سېيىتجان بىلەنبىللە ئۆتكەن ئەڭ بەختلىك دەقىقىلىرىنى يەنە ئەسلەپ ئۆتتىدە، ژۇيۇنىدىغانغا كىرىپ كەتتى.
كەچتە ئىككىسى تاماقلىنىپ ئولتارغاندا:
– ئاپا، بۇ يەردە ئادەملەر ھەممىسى ئىشتا، بوش ۋاقىت يوق، بىز دەم ئېلىش كۈنلىرىلا بىر–بىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىمىز. كۈن ئولتارغاندا، مەن ساڭا ئۆپ–چۆرىنى كۆرسىتىمەن، ھازىر تالا تولىمۇ ئىسسىق، – دېدى قىزى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچىلاردا چىراقلار يانغاندا، سامىيا ئاپىسى بىلەن سەيلىگە چىقتى.
– موشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە يوغان، پاكىز سىنىپتا سېنىڭ ئوخشاش ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن، ئىنگلىز تىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلمەيدىغانلارغا ھەقسىز ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ يەردە ياش-قېرى دېمەي گەممىسى ئوقۇيدۇ. ئاپا، سەن بىر-ئىككى كۈن دەم ئال، ئاندىن مەن سېنى شۇ سىنىپ مۇئەللىمگە ئاپىرىپ تونۇشتۇرىمەن. بىزنىڭ ئۆيگە يېقىنلا، تىل ئۆگىنىسەن.

مېھرىبان ئىنگلىز تىلىنىڭ نېمە كېرىكى بار، ئالتە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېتىمەن، - بالىسىغا رەنجىگەندەك قارىدى.

- ئاپا، تىل بىلگەن ئارتۇق بولمايدۇ، مەن ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئۆيدە بولمايمەن. سەن يالغۇز ئولتارغىچە تىل ئۆگىنىپ، ئۆزەڭ ئوخشاش ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ ژۇرسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

- مەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىش تۇرماق، ھەرىپلىرىنىمۇ بىلمەيمەن، قويساڭ قىزىم.

- بۇ سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار دەسلەپ ھەرىپلەرنى، ئاندىن يېزىشنى، سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ. بېرىپ ئوقۇساڭ، بەلكى، يېقىپ قالار، - دەپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى.

مېھرىبان قىزىنىڭ بۇ پىكرىنى ئانچە قوللاپ كەتمىدى. سامىيا ئاپىسىنى قولتۇقلاپ مېڭىپ فونتاننىڭ يېنىغا كەلدى. فونتان ئەتراپى سالقىن بولغاچقا، چۆرىسىدىكى چىرايلىق ياسالغان بەلدىڭلەردە يېشى يېتىپ قالغان بەزىلەر گېزىت ئوقۇپ، بەزىلەر سۆھبەتلىشىپ ئولتىراتتى. سامىيا بىلەن مېھرىبان ئىككىسىمۇ بوش بەلدىڭدە بىر ئاز ئولتىرىپ دەم ئېلىپ، ئاندىن تۇرۇپ ماڭدى.

- ئاپام مونۇ ئۆينىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدە پەرىدەم ھەدەملەر تۇرىدۇ. ھازىر ئۇلار ھەممىسى ئىشتا. بۇ ناھايىتى چوڭ كومپلېكس، كۆردۈڭمۇ، ئۆيلەرنىڭ چۆرىسى تۆمۈر رېشوتكا بىلەن قورشالغان. مەن ئىشتا چاغدا موشۇ كومپلېكس ئىچىدىكى كوچىلاردا سەيلە قىلساڭ بولىدۇ. لېكىن ژىراق كەتمە، فونتاننى بەلگۈلەۋال. ماقۇلمۇ، - دەپ چۈشەندۈردى سامىيا.

مېھرىبان كوچىلارنىڭ تازىلىقىغا، ئۆيلەرنىڭ چۆرىسىدە ئېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەرگە قاراپ ھەيران بولدى.

- بۇ گۈللەرنى ھېچ كىم ئۈزمەمدا؟

- ئاپا، بۇ يەردە گۈللەرنى ھېچ كىم ئۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۈزسە جەرىمان تۆلەيدۇ.

ئۇ ئاپىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن تۆرت ئۆي ژۇقۇرى باشلاپ كېلىپ:

- ئاپا، باياتىن ساڭا دېگەن سىنىپ مانا موشۇ بىرىنچى قەۋەتكە

ئۇرۇنلاشقان. سەن موشۇ يەرگە كېلىپ ھەپتىسىگە بەشقېتىم ئوقۇيسەن، ـ دېدى.

مېھرىبان يەنە خاپا بولدى.

ـ سامىيا، سەن مېنى ئوقى دەپ قىينىما.

ـ ئاپا،قارشىلىق قىلما،بەرى بىر ئوقۇيسەن،تىل ئۆگىنىسەن،ئەگەر تىل بىلسەڭ چەت ئەلدە ئەركىن ياشايسەن، ـ دېدى ئۇ قەتئىي.

ئۇلار بىر سائەتچە سەيلە قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. كوندىتسىئونېر ئىشلەپ تۇرغاچقا،تالاغا قارىغاندا ئۆي سالقىن ئىدى. ئۇزاق يول ھارغۇزغانلىقتىنمۇ، ئىككىلىسى ئەتىگەن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئارىدىن بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتۈپ، سامىيا ئانىسىنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان سىنىپقاباسلاپ كەلدى. سىنىپتا ئولتارغانلار تۈرلۈك مىللات ۋەكىللىرى بولۇپ، ياشلىرىمۇ بىر خىل ئەمەس ئىدى. سامىيا مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىپ، ئانىسىنى تونۇشتۇردى.

ـ بۇ ـ مېنىڭ ئاپام، قازاقىستاندىن كەلدى، ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدۇ مەن ئاپامنىڭ موشۇ تىلدا سۆزلىششىنى خالايمەن. ئاپام ھازىر قورقۇپ تۇرىدۇ، مەن ئاپامنىڭ تىل ئۆگىنىپ موشۇ ئولتارغانلار ئارىسىدىن دوستلارنى تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ھەم ئۈمۈت قىلىمەن، ـ دېدى.

ئاق ئۈزلۈك كەلگەن مۇئەللىم كۈلۈپ:

ـ ئەلۋەتتە، بىز ھەرىپتىن باشلاپ ئوقۇتىمىز، ئاز كۈندىلا سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىدۇ، قايغۇرماڭ. ـ مېنىڭ ئىسمىم نېنسى، ـ دەپ قولىنى سۇندى.

مېھرىبان ئۇنىڭ قولىنى ئالدى، لېكىن ئۈن قاتماتتى.

ـ ئاپا، سېنىڭ ئىسمىڭنى سوراۋاتىدۇ.

ـ مېھرىبان.

ئۇ نېمىدىندۇ قورقۇپ تۇراتتى. نېنسى مېھرىباننى باشلاپ بىرىنچى پارتىغا ئولتارغۇزدى ۋە سىنىپتىكىلەرگە قاراپ:

ـ بىزگە يېڭى ئوقۇغۇچى كەلدى، ئىسمى مېھرىبان، ئۆزى قازاقىستاندىن، ھەممىمىز ئۇ ياققا ياردەم بېرەيلى، ـ دېدى.

سامىيا سىنىپتىن ئاستا چىقىپ كەتتى. مېھرىبان دەپتىرنى ئېچىپ سىزىپ ئىككىگە بۆلدىدە، بىر تەرىپىگە مۇئەللىمنىڭ تاختىغا يازغان ھەرىپلىرىنى، ئىككىنچى تەرىپىگە ئۇلارنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى يېزىۋالدى. ئىككى سائات دەرىس چاپسانلا تۈگەپ ئۇ تىل

www.uyghurkitap.com


بىلمىگەنلىكتىن خىجالەت بولۇپ ھېچ كىم بىلەنمۇ تونۇشماي ئۆيگە ماڭدى. كېلىپلا يەنە دەپتىرىنى ئاچتىدە، يازغان ھەرپلىرىنى يادقا ئېلىشقا باشلىدى.خېلە مەشغۇلەنگەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە: «تووۋا، 75 ياشقا كىرگەندە ئىنگلىزچە ئوقۇيمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — دەپ كۈلۈپ ئەينەككە قارىدى.

دەم ئېلىش كۈنى ساميا:

— ئاپا، بۈگۈن ساڭا پاسادېنا شەھىرىدىكى «خانتىنگتون كىتاپخانىسى» بېغىنى كۆرسىتىپ كەلمەكچىمەن، — دېدى.

ئۇ باغ باشقا شەھەردە دېسەڭ، ژىراقتۇ؟

— ياق، يېرىم سائەتتا بارىمىز، ئۇ باققا كىرگەن ئادەمنىڭ چىققۇسى كەلمەيدۇ، نېمىشكە دېسەڭ، — توختاپ قېلىپ، — ئۆزەڭ كۆرگەندە بىلىسەن، — دېدى.

ساميا بىلەن ئاپىسى ئىككىسى ماشىنىغا ئولتىرىپ مېڭىپ كەتتى. دېگەندەكلا، يېرىم سائەتتا باققا يېتىپ كەلدى. ماشىنىنى توختىتىدىغان يەرگە قالدۇرۇپ، پىيادە «خانتىنگتون كىتاپخانىسى» دېگەن يېزىغى بار يوغان دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ساميا كىرىشكە بېلەت ئېلىپ، ئاپىسىنى باغ ئىچىگە باشلاپ كىردى. باغنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك تازا، كىرگەنلا يەردە ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل، سېرىق، كۆك رەڭلىك چىرايلىق گۈللەرنىڭ نەپىس ھىدى دىماققا كېلىپ ئۇرۇلدى. مېھرىبان گۈللارگە قاراپ:

— مونۇ سېرىق مېزىگۈل، توپا گۈل، لازا گۈل، قىزىل گۈللەر بىزدىمۇ ئۆسىدۇ، — دەپ ژۇتىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

— ئاپا، باغ توغرىسىدا مەن ساڭا ابىر ئاز سۆزلەپ بېرەي.بۇ باغدا 14 مىڭ تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ئۆسىدىكەن. باغنىڭ بىر چېتىنى بۆلۈپ ياپونىيادە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئالايتەن ئۆستۈرۈپ «ياپون بېغى» دەپ ئاتىغان. قۇرغاقلىقتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئالايتەن ئۆستۈرۈپ «قۇرغاقلىق بېغى» دەپ ئاتىغان. ھازىر ئىككىمىز قۇرغاقلىقتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بېغىدا، — دەپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاتلىرى يېزىلغان تاختايغا قاراپ ئوقۇپ بەردى.

بۇ يەردە كاكتۇسنىڭ نەچچە يۈز تۈرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىل، سېرىق، ئاق ئېچىلىپ كەتكىنىگە قاراپ ھەيران بولىسەن. ئالوي دەرەقتەك ئېگىز ئۆسۈپتۇ.

— ئاپا، مونۇ ئېچىلىپ تۇرغان كاكتۇسلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنا، مەن سېنى رەسىمگە چۈشىرەي، — دەپ مېھرىباننى بىر نەچچە قېتىم رەسىمگە تارتتى.

باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ، لېكىن ھېچ كىمنىڭ ئۈنى چىقمايدۇ. ھەممىسى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرۈپ، رەسىمگە چۈشۈپ، ئاستا پاراڭلىشىپ سەيلە قىلىپ ماڭماقتا. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە ئۆدەكلەر جۈجىلىرى بىلەن ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. سۇنىڭ بېتىدىكى ئاق، سېرىق، قىزىل ئېچىلىپ كەتكەن چىرايلىق گۈللەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

— ئاپا، بۇ گۈللەرنۇ «كۈۋشىنكا» دېيدىكەن. بىز «ياپون بېغىغا» كېتىپ بارىمىز، — دېدى سامىيا.

باققا ياغاچتىن ياپونلارنىڭ ئۆيىنى ياساپ قويۇپتۇ، ئۆپ-چۆرىسىدە ئېگىز ئۆسكەن دەرەقلەر قىزغۇچ رەڭدە ئېچىلىپ يەرگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تېنىدىكىلا ئېرىقتا سۇ شاقىراپ ئاقماقتا. كۆرۈككە كېلىپ سۇغا قارىسا، قىزىل بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگەن. ئەتراپىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرگە قارىساڭ، جەننەتنىڭ ئۆزى. بۇ گۈزەللىكنى تىل بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزۈش تەس. سامىيا يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن يۈزلىگەن قىزىل گۈللەرنى كۆرسىتىپ؟

— بۇ «شېكسپىر بېغى»، — دېدى.

باققا كىرىدىغان يەرگە تۆمۈرنى دوغا قىلىپ ئەگىپ، خۇددى باراڭلىق قىلىپ ياساپ، ئىككى چېتىگە قىزىل، ئاق رەڭدىكى يۆگۈمەچ قىزىل گۈللەرنى ئولتارغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، گۈللەردىن ياسالغان تۈنېلنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولىسەن. گۈللەرنىڭ گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان خۇش ھىدى دىماققا ئۇرىدۇ. باراڭلىقتا كېتىپبارغان مېھرىبان: «بۇ بىر بېيىشقۇ»، — دېدى ھاياجانلىنىپ. ئۇلار باغنى ئارىلاپ مېڭىپ جاڭگال ئوخشاش يەردىن چىقىپ پالما بېغىغا كەلدى.

— ئەندى ئىككىمىز قېدىمقى زامان رەسساملىرىنىڭ سالغان رەسىملىرىنى كۆرۈپ چىقىمىز، — دەپ ئاپىسىنى باشلاپ ماڭدى سامىيا.

مېھرىبان نەچچە يۈز ژىل ئىلگىرى ياسالغان رەسىملەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنى شۇ رەسىمدىكى ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىۋاتقاندەك بولدى. مېھرىبانىنىڭ بېشى ئاغرىپ، قېدىم دەۋىردىن چىقالماي، بىر كوچىغا كىرىپ كېتىپ، چىقىدىغان ئىشىك تاپالماي قىينالغاندەك بولۇپ:

— سامىيا، مېنى سىرتقا ئېلىپ چىققىنە، بىر تۈرلۈك بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككىسى گاللېرېيادىن سىرتقا چىقىپ بەلدىڭدە ئولتاردى. سامىيا سۇمكىسىدىن بىر بودۇلكا سۇنى ئېلىپ ئاپىسىغا بەردى.

— ئاپا، كىچىككىنە سۇ ئىچكىنە، يا دورا ئىچەمسەن، تاتىرىپ كەتتىڭغۇ، — سامىيا ئەنسىرەپ ئاپىسىنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— قورقما، قىزىم، ھېچقىسى يوق، ئۆتۈپ كېتىدۇ. روھلار قورشاۋالغاندەك بولدىغۇ، — دەپ سۇنى ئىچتى.

— ئاپا، ئۆگە ئېلىپ كېتەيلىمۇ؟

— كۆرسىتىدىغان يەرلىرىڭ تۈگىدىما؟

— ياق، كەلگەندىن كېيىن كىتاپخانىنى كۆرۈپ چىقايلى، بۇ كىتاپخانىدا مىللىوندىن ئوشۇق ئېسىل، تېپىلمايدىغان كىتاپلار ساقلانغان.

— خانتىڭتون ئىنتايىن باي ئادەم ئىكەندىم؟ — قىزىقىپ سورىدى مېھرىبان.

— توغرا دىيسەن، خانتىڭتون ئىنتايىن باي، ئاتاقلىق تىجارەتچى بولۇپ، ئۇ دۇنيانى ئارىلاپ ژۈرۈپ، دەرەقلەرنىڭ، گۈللەرنىڭ تۈرلىرىنى ژىغىپ ئېلىپ كېلىپ موشۇ باققا ئولتارغۇزغان ئىكەن. شۇنداقلا دۇنيادىكى ئاتاقلىق رەسساملارنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى سېتىۋېلىپ، ھازىر بىز كۆرگەن رەسىملەر گاللېرېياسىگە، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل، تېپىلمايدىغان كىتاپلارنى سېتىۋېلىپ كىتاپخانىغا قويغان ئىكەن. خانتىڭتون بۇ باغنى 1919-ژىلى ئاچقان ئىكەن، مانا شۇنىڭدىن بېرى بېيىش ئوخشاش بۇ باغ گۈللىنىۋېتىپتۇ. باققا پۈتكۈل دۇنيادىن سەياھەتچىلەر كېلىپ كۆرۈپ، سەيلە قىلىدۇ، — دەپ ئاپىسىغا باغنىڭ تارىخىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى سامىيا.

مېھرىبان بۇ گۈزەللىكنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئوي-پىكىرلىرىنى قىزى بىلەن بۆلۈشتى.

— ئادەم بالىسى ئاخچا تېپىپ باي بولۇپلا قويماي، تاپقان ئاخچىنى ئەقىل بىلەن ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك. پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە مەدەنىيمىراس قالدۇرۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا، خانتىڭتون بايلا ئەمەس، تولىمۇ ئەقىللىق ئادەم بولغان كۆرۈنىدۇ. بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئالىيجاناپ ئىشلىرى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئۈلگا ئىكەن.

ئۇلار كۆك چىمەنگە قويۇلغان بەلدىڭدە خېلە ئولتاردى. ئالدىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆرۈپ، سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مېھرىبان:

— قىزىم، بۇ گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەم كۆز، ھەم ژۈرەك كېرەك، جۇمۇ، — دەپ ماڭدى.

باغنىڭ ئىچىدە يۈزلىگەن كىشى دەم ئېلىپ مېڭىپ ژۈرەتتى. مېھرىبان باغدىن چىقىش ئالدىدا كەينىگە يەنە بىر قاراپ قويدى. ئاپىسىنىڭ گۈزەللىككە تويمايۋاتقىنىنى سەزگەن سامىيا:

— مەن بىرىنچى قېتىم خالىدا بىلەن كۆرگىنىمدە، ساڭا بۇ گۈزەللىكنى كۆرسەتسەم دەپ ئارمان قىلغان ئېدىم. مانا بۈگۈن شۇ ئارمىنىمغا يەتتىم.

ئەتىسى سامىيا ئاپىسىنى مۇھىتقا ئاپاردى. كۈن ئىنتايىن ئىسسىق بولغاچقا، قىرغاق بويىدا ئادەملەر شۇنچىلىك نۇرغۇن. سۇغا چۈشۈپ چۆمۈلۈۋاتقانلار، كۈنگە قاخلىنىپ يېتىپ دەم ئېلىۋاتقانلار، بالا-جاقىسى بىلەن ژۈگرىشىپ ئويناپ ژۈرگەنلەر مىغ-مىغلا.

ئۇ ئۆپ-چۆرىسىدىكى تازىلىققا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. قىرغاقتا مىڭلىغان ئادەم دەم ئېلىپ ژۈرىسمۇ، ھەممە يەر تاپ-تازا. چۈنكى ئادەملەر تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەخلەتلىرىنى چەتلەگە قويۇلغان كۆك تۇڭلارنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، ئاغزىنى يېپىپ كېتەتتى. باياتىن سەپ-سېلىپ قاراپ تۇرغان مېھرىبان:

«بۇ يەردە قانۇننى ھەممىسى يۈز پايىز ئورۇنلايدۇ دېگىنى راست ئېكەن»، — دەپ ئويلىدى.

— ئاپا، بۇ تېچ مۇھىتنىڭ بىر چېتى، — ئۇ سۇ دولقۇنلىرىغا بىر ئاز قاراپ تۇرۇپ: — مەن سۇغا چۈشۈپ چىقاي، — دەپ كىيىمىنى يۆتكەپ سۇغا چۈشتىدە، خېلە ژىراققا ئۈزۈپ كەتتى.

مېھرىبان قىزىنىڭ ئۈزۈپ كېتىپ بارغىنىغا قاراپ، بىر چاغلاردا سەيىتجان بىلەن سامىيانىڭ ئۆسەكنىڭ سۈيىگە چۈشۈپ چۆمۈلۈپ، ئۈزگەنلىرىنى ئەسلەپ: «قانداق بەختلىك كۈنلەر ئېدى شۇكۈنلەر، ئەندى ھېچ قاچان قايتىپ كەلمەيدۇ»، — دەپ ئويلىدى. مېھرىبان ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، سېيىتجان ئۇنى قانچە ئۈگەتمەي دېسىمۇ، ئۇ قورقۇپ سۇغا چۈشمەتتى. ژۈتىدىن مىڭلىغان چاقىرىم ژىراقلىقتىكى تېچ مۇھىتنىڭ قىرغىقىدا تۇرغان مېھرىبان ئەشۇ بىر چاغلارنى سېغىنىپ ئەسلىدى.

سامىيا چۆمۈلۈپ بولۇپ، ئاپىسىغا ئۆزى ئوقۇيدىغان ۋە ئىشلەيدىغان كوللېدژنى كۆرسەتتى. ياپ-يېشىل چىمەنلىكتە ئولتارغان ياشلارنىڭ بىرلىرى سۆھبەتلەشمەكتە، بىرلىرى تاماقلانماقتا، يەنە بىرلىرى لىتاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇماقتا. ئانا-بالا ئەتراپىنى كۆرۈپ كېلىپ ماشىنىغا ئولتاردى.

— ئاپا، بۇ يەرنى سانتا-مونىكا دەپ ئاتايدۇ، ئەندى بىز دۇكانلارنى ئارىلايمىز.

ئۇلار بىر ئاز مېڭىپ قاتار تۇرغان دۇكانلار ئالدىغا كەلدى.

— بۇ دۇكانلاردا ئالىمەن دېگەننىڭ ھەممىسى بار، — سامىيا ئاپىسىنىباشلاپ دۇكانغا كىردى.

راستلا دۇكانلاردا ھەممە نەرسە بار ئىكەن. تەكچىلەرگە قارىسا ئادەمنىڭ كۆزى ئويناپ كېتىدۇ. دۇكانچى قىزلار كۈلۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نېمە سېتىۋالغىڭىز كېلىدۇ؟ مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپا، مەن ساڭا بىر-ئىككى سىم، كوفتا ئېلىپ بېرەي.

— قويساڭ، سىمنى قانداق كىيىمەن؟

— قارىغىنە، نېپىز چىتتىن تىكىلگە، بۇ ئىسسىقتا كۆينەكتە قانداق ژۈرىسەن، — دەپ ئانىسىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئاقۇچ رەڭلىك ئىككى سىم ۋە سىمنىڭ رەڭگىدە كوفتىلارنى ئالدى.

ئۇلار دۇكانلارنى ئارىلاپ بولۇپ شۇ يەردىكى خىتاي رېستورانىغا كىرىپ تاماقلاندى. مېھرىبان ئۆپ-چۆرىسىدە تۈرلۈك مىللەتلەر ئولتىرىپ تاماقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— قىزىم، سېنىڭ موشۇ چوڭ شەھەردە يۈزلىگەن مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزەڭگە ئورۇن تېپىپ ياشاۋاتقىنىڭغا پەخىرلىنىمەن. لېكىن قانچە ياخشى بولمىسۇن، بۇ دۆلەت ساڭا يات. سەن بۇ يەردە يالغۇز، ئانا تىلىڭنى، ناخشا-سازىڭنى، توي-تۆكۈنلەرنى، تۇققانلارنى سېغىنمامسەن؟

— ئاپا، مەن بۇ دۆلەتتە ئەركىن ياشايمەن. بۇ يەردە سېنىڭ مىللىتىڭگە، تېنىڭنىڭ رەڭگىگە ھېچ كىم قارىمايدۇ، ھەممىسى ئوخشاش ئەركىن ياشايدۇ.

— سەن بەش ژىل ئىچىدە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، چوڭلار بالىنى ژىراققا ئەۋەتمە، مېھرى كۆتىرىلىپ كېتىدۇ دەيدىغان، راست ئىكەن.

— دادام ئىككىڭلار قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇققان، ژۇتداش دەپ دايىم ئۇلارغا كۆيۈپ ياردەم بېرىپكەلدىڭلار. بىز باشقىچە ياشايمىز، ئۆزىمىز مۇستەقىل ئايىغىمىزدا چىڭ تۇرۇشقا تىرىشىمىز. ھېچ كىمگە ھال ئېيتىپ ژىغلاپ ياردەم سورىمايمىز. ھايات بىزنى شۇنىڭغا ئۆگەتتى.

— سەن كالتە ئويلىما، قىزىم. ئاغرىق-سىلاق بار دېگەندەك، يالغۇزچىلىقتا قانداق قىلىسەن؟

— ئاپا، ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدىلا، بۇ ماۋزۇنى ياپايلى، — دەپ ھېساپ-چوتنى سوراپ ئوفىتسىانتكىنى چاقىردى.

يول بويى ھەر كىم ئۆز ئويى بىلەن گەپ-سۆز قىلماي كېلىشتى. كەچكە پولات، پەرىدەم، خالىدالارنى مېھمانغا چاقىرىپ قويغاچقا، كېلىپلا دەستىخان يېيىپ، تاماق تاييارلاشقا كىرىشتى.

مېھمانلار كەچكى غىزاغا كىرىپ مېھرىبان بىلەن تونۇشتى. پولات بىلەن پەرىدەم مېھرىبان بىلەن بىر ياشلىق بولغاچقا، ئۇلار چاپسانلا تىل تېپىشىپ، ئۆز بولۇپ كېتىشتى. مېھرىبان بىر تاۋاق ئىسسىق مانتىنى ئوستەلگە قويۇپ، مېھمانلارغا «ئېلىڭلار، يېقىڭلار» دەپ، ھۆرمەتخانلىق بىلدۈرۈپ ئولتاردى.

گەپ ئارا پولات قازاقستان توغرىسىدا، بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بىلمەك بولۇپ كۆپ سوئاللارنى بەردى.

مېھرىبان پولاتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ ئولتاردى.

— قازاقستان 1991-ژىلدىن باشلاپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، ئون ژىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلار يۈز بەردى. قازاقستاندا پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پايتەخت ئالمۇتىدىن ئاستاناغا كۆچتى. ئاستانادا كۆپلىگەن ئىمارەتلەر سېلىنىپ، كۈندىن-كۈنگە چىرايلىق بولۇپ گۈللىنەمەكتە. قازاقستاندا 130 دىن ئوشۇق مىللەت ئىستىقامەت قىلىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدە بىز، ئۇيغۇرلار، ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى، تىلىمىزنى، ناخشا سازلىرىمىزنى يوقاتماي كېلىۋاتىمىز. ئۇيغۇر تېياترىمىز، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىمىز، ئۇيغۇر تىلىدا بىلىم بېرىدىغان مەكتەپلىرىمىز بار. كۆپ مىللەتلىك قازاقستاندا ھەممىمىز ئىناق ياشاپ، ھەر كىم ئۆز تىرىكچىلىگىمىزنى قىلىپ ژۈرىمىز.

مېھرىبان شۇنداقلا پولاتنىڭ ھەدىسى ئەلاخان بىلەن رۇقىيەم ئانىنىڭ ئۇچىشىپ قالغانلىغى توغرىسىدا سۆزلەپ، قىزىغا غەمخورلۇق قىلىپ، قېرىنداش بولۇپ ژۈرگىنىگە پولات، پەرىدەم، خالىدالارغا رەھمەت ئېيتىپ، چوڭ مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى.

— قىزىڭىزنىڭ ئىدرىگى بار، ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىپ كەپتۇ. ئۆزى سۇنداق غەيرەتلىك بولغاچقا، ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، مانا ئەندى ئامېرىكا گراژدانى دېگەن پاسپورت ئالىدۇ. قىزىڭىزنىڭ ئۈمۈتى چوڭ، UKLA ئۇنىۋېرسىتېتىغا چۈشۈپ ئوقۇماقچى، — دېدى پولات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ سامىيا، ئاپىڭىزنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭلار، ــ دەپ خوشلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سامىيا ئىشقا كەتتى. مېھرىبان ئۆينى سەرەمجان قىلىپ، كىتاپ-دەپتىرىنى كۆتىرىپ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە ماڭدى. ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئىنگلىز ھەرىپلىرىنى يادقا ئېلىپ، بىر نەچچە سۆز ئۆگەندى. ئەندى ئۇ بۇ تىلغا ئۆزى قىزىقىپ، سۆزلەرنى يادقا ئېلىش ئۈچۈن، كۆپىرەك لۇغات بىلەن ئىشلەيدىغان بولدى. سىنىپقا كىرىپ بىر-بىرى بىلەن كورۇشكەندە«Good movning!»ــ «خۇشۋاق كۈن!» دېيىشەتتى. دەرىس تۈگىگەندە، «Good_bye!» ــ «خوش!» دەپ خوشلىشىدىغان بولدى. مېھرىبان بەش-ئون كۈن ئىچىدىلا ئەللىكتىن ئوشۇق سۆزنى يادلاۋالدى. سامىيا ئاپىسىنىڭ ئۇتۇغىغا خوشال.

بىر كۈنى كەچتە ئۆزى يالغۇز ئولتارغاندا، ئۇنىڭ زۇرىگى قىسىلغاندەك بولدى. بۇ بېيىش كەبى گۈزەل يەر بولسىمۇ، ئۆز زۇتىغا يەتمەتتى.

ئۇ زۇتىنى، ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداشلىرىنى كىنەپ، ئۆيگە پاتماي قالغاندەك، سىرتقا چىقتى.

ئۇ بىلەن بولۇپ ژىراققا كېتىپ قالغىنىنى باشتا سەزمىدى، كېيىن بىلىپ چۆچۈپ كەتتى. بىر ياقتا ئىندۇسلار قالپىبول ئويناۋاتاتتى، بەلدىڭلەردە ئاياللار باللىرى بىلەن ئولتىراتتى. مېھرىبان ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ فونتان بار كوچىنى ئىنگلىزچە سورىدى. ئاياللار ئىنگلىزچە چۈشەنمەي، ئىككى ئالقىنىنى كۆرسىتىپ، بېشىنى چايقاپ ھېچ جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ نېرىراقتا خىتاي ئاياللىرىنىڭ باللىرىنىڭ ئويىنىشۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىنمۇ سورىدى، بىراق ئۇلارمۇ بېشىنى چايقىشىپ ھېچ نېمە ئېيتالمىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچىلاردا چىراقلارمۇ ياندى. مېھرىباندا قورقۇنۇچ پەيدا بولدى. شۇ چاغدا بېشىغا ئاق كېپكا، ئۈچىغا ئاق مايكا بىلەن ئاق شورت، پۇتىغا ئاق كروسسوۋكا كىيگەن بىر ژىگىت زۈگرەپ كەلمەكتە

ئىدى. مېھرىبان دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ــ Very this is fountain ــ دەپ قولى بىلەن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىنى كۆرسىتىپ، ــ water, water ــ دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر نېمىدىن قورقۇپ تۇرغىنىنى بايقىغان ژىگىت

مېھرىباننى نېرىقى كوچىغا باشلاپ ئاپىرىپ كۆرسىتىپ قويدى. مېھرىبان ئۇ ژىگىتتىن رازى بولۇپ:

– Thank you – دەپ ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ شۇنداق ماڭدىكى، ژۈرىگى سېلىپ، ئۆيگە كىرىپ ژىغلاۋەتتى. سائەتقا قارىۋېدى، قىزىنىڭ ئىشتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئۇ ئۈز-كۆزىنى مۇزدەك سۇ بىلەن ژۇيۇپ، گازنى يېقىپ يېڭىلا تاماقنى ئىسسىتىۋاتاتتى، ساميا كىرىپ كەلدى. قىز ئاپىسىنىڭ قىزارغان كۆزىگە قاراپ:

– ئاپا، سەن ژىغلىدىڭما، نېمە بولدى؟ – دەپ سوراپ كەتتى. مېھرىبان بولغان ۋاقىەنى سۆزلەپ بەردى. قىزى قاقاخلاپ كۈلۈپ:

– مانا، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگىنىڭنىڭ پايدىسى، سوراپ ژۈرۈپ ئۆينى تېپىپ كەپسەن، مەن ئىنتايىن خوشال، – دەپ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

مېھرىبان رەنجىپ:

– ئۆزىمىزنىڭ ژۇتى، قېرىنداشلار، تۇققانلار تۇرسا، كىشىنىڭ ژۇتىغا كېلىپ تېنەپ ژۈرگىنىمگە خاپا بولىمەن، – دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

– بىر ئايدىلا تۇققانلىرىڭنى سېغىندىڭما؟

– ھە-ئە، سېغىنىپ قالدىم، بىرى بىلەن سۆزلىشەي دېسەك كىچىك ئادەمدەك يا تىل بىلمىسەك، قېرىغاندا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ موشۇمۇ ھاياتمۇ؟

– ئاپا، سەن بىر قېتىم تېنەپ قالغىنىڭغا خاپا بولۇپ ژۇتقا كەتكىڭ كېلىۋاتىدۇ. ئويلىغىنا، مەن بەش ژىل ئىچىدە موشۇنداق ئاياقتا تۇرۇش ئۈچۈن قانچىمۇ ئېغىرچىلىقلارنى تارتتىم، ساڭا ئۇنى

ئېيتمايمەن. ھازىر ئىشىم بار، ئۆيۈم بار، ماشىنام بار، ئەندى مېنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىم كېرەك.

– ئالمۇتىدا ئالغان بىلىمىڭمۇ يەتمەمدۇ. تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا تاپىدىغان ۋاقتىڭ كەلدىغۇ. بۇ توغرىلىق مەن ئېيتمىسام، ساڭا كىم ئېيتىدۇ.

– مەن بەش ژىل ئىچىدە بىر نەرسىنىڭ چېكىگە چىققىنىم يوق. ئاپا، مەن سېنى ئالتە ئاي ماڭا يار-يۆلەك بولىدۇ دېسەم، سەن چىدىمايۋاتىسەن. ئەگەر دادام ھايات بولغان بولسا، چوقۇم، مېنىڭ سۆزۈمنى ماقۇل كۆرەتتى، – دېدى خاپا بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېھرىبان جىم تۇرۇپ قېلىپ:
— قىزىم، مەن سېنى قىينالمىسۇن دېگەن ئويدا كۆيۈنۈپ دېدىم،
— دەپ ئۆزىنى ئاقلىغاندەك بولدى.
— ئاپا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاللايدۇ، مەن ئۆزەمگە ئېغىر يول تاللىدىم، بۇنىڭدىن قايتمايمەن.
ئانا قىزىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويغىنىنى بىلىپ:
— بوپتۇ، قىزىم، ئۆزەڭ بىل، سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئەگەر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئىشتىياقىڭ بولسا، مەن قارشى ئەمەس،
— دېدى قىزىنىڭ بېشىنى سىيپاپ، پېشانىسىنى سۆيدى.
— ئاپا، ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ گەپ ئىككىنچى قېتىم قايتىلانمىسۇنچۇ، مەن ئوقۇشنى تاماملاپ، دىپلوم ئالغاندا كۆرىمىز. قەيەردە ئىشلەپ، قەيەردە تۇرىدىغىنىمىزنىمۇ شۇ چاغدا يېشىمىز.
ئارىدىن خېلە كۈنلەر ئۆتۈپ، مېھرىبان دەرستىن كېلىۋاتسا، بەلدىڭدە يېشى يېتىپ قالغان ئىككى ئايال رۇسچە سۆزلىشىپ ئولتىرىپتۇ. مېھرىبان ئۇلارنى كۆرۈپ شۇنداق خوشال بولدىكى، خۇددى ئەڭ يېقىن ئادىمىنى ئۇچراتقاندەك، يېقىن كېلىپ:
— سىلەر روسسىيادىنمۇ
— ھە، بىز لېنىنگرادتىن بولىمىز، — دېدى ھاسا تۇتقان ئايال.
— مەن قازاقستاندىن، ئىسمىم مېھرىبان.
ھاسا تۇتقان ئاق چاچلىق ئايال:
— مېنىڭ ئىسمىم سوفىيا، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.
ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆز ئەينەك تارتقان، دوكچىيىپ ئولتارغان ئايال:
— مەن دىنا بولىمەن، — دېدى.
— كەل ئولتار، — دەپ مېھرىباننى تەكلىپ قىلدى سوفىيا.
ئۇچى، خۇددى كونا تونۇشلاردەك، پاراڭلىشىپ ئولتىرىشتى.
— بىز ئامېرىكىغا كەلگىنىمىزگە ئون ئىككى ژىل بولدى. بىز يېۋرېي بولغاچقا، ئۇ ياقتا قاتتىق قىسىم ئاستىدا قالدۇق. شۇڭلاشقا جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆي-ماكانىمىزنى تاشلاپ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا كېلىپ ياردەم سوراپ تۇرۇۋالدۇق. ئۇ يەردە ئەھۋالىمىزنى چۈشىنىپ، بىزگە رۇخسەت قەغەز بېرىپ، ئۇچاققا ئولتارغۇزۇپ قويدى،
— دېدى سوفىيا. — دىنا مېنىڭ يولدىشىمنىڭ سىڭلىسى. بىز تۆرت ئائىلە بىللە كەلگەن ئېدۇق.
— ئون ئىككى ژىلدا ئۆگىنىپ كەتكەنسىلەر؟

- ئۆگىنىپ كەتسەكمۇ، بەرى-بىر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ژۇتىمىزنى، تونۇش-بىلىش، دوستلىرىمىزنى سېغىنىمىز، - دېدى دىنا.

- لېنىنگراد ئوخشاش چىرايلىق تارىخىي شەھەردە ئۆتكەن بالىلىق، ياشلىق دەۋرىمىزنى سېغىنىپ تولا سۆزلەيمىز. گايىدا ژىغلاپمۇئالىمىز. بىراق ئامالىمىز يوق. - ئەندى سەن قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ - دەپ سورىدى سوفىيا.

مېھرىبان يولدىشىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى، قىزىنىڭ ئارقىسىدا بۇ ئەلگە كېلىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ تەغدىرگە ئېچىنغان سوفىيا:

- سەنمۇ بىز ئوخشاش يالغۇز قاپسەن. بىزنىڭمۇ ئەرلىرىمىز ئۈچ ژىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىپ قالدۇق، - دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مېھرىبان دەرىستىن قايتىپ، بۇ ئىككى ئايال بىلەن سائاتلاپ سۆزلىشىپ ئولتىرىدىغان بولدى. بىر كۈنى سوفىيا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن سۆز باشلىدى.

- مەن مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن ژىلى يېۋرېيلارنى ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ژىغىپ، ماشىنىلارغا بېسىپ ئېلىپ كېتىپ، سوت-سوراقسىزلا ئېتىپ تاشلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭمۇ دادام، ئاپام، ھەدەم بولغان. مەن مەكتەپتە بولغاچقىلا ئامان قالدىم. يالغۇز قېلىپ ئۆيدە قونۇشقا قورقۇپ ژۈرگىنىمنى كۆرگەن خوشنىمىز ۋاسە بوۋاي بىلەن گاھا موماي مېنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تىقىپ ژۈردى. بلوكادا ژىللىرى لېنىنگرادتا ئادەملەر ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولار ئېدىم، لېكىن مېنى يوغان بىر بودۇلكا بېلىق مېيى ئامان ئېلىپ قالدى. ۋاسە بوۋاي بىلەن گالە موماي ۋە مەن ئۈچىمىز شۇ مايدىن كۈندە بىر قوشۇقتىن ئىچەتتۇق. مەن بىر نەچچە قېتىم ئۆلۈپ تىرىلدىم. ئاچلىقتىن ھەممىمىز بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالغاچقا، دايىم ئۇيقۇڭ كېلىپلا، بېشىڭنى كۆتىرەلمەي ياتىدىكەنسەن. گالە موماي ئۆلۈپ قالدى. ۋاسە بوۋاي ئۆلۈم ئالدىدا بودۇلكىدا قالغان ماينى ماڭا بېرىپ: «نۇرغۇن ئىچمە، كۈندە بىر قوشۇقتىن ئىچ»، - دەپ كۆز ژۇمدى. يەنە يالغۇ قالدىم. ماينىڭ پايدىسىمۇ ياكى خۇدايىمنىڭ قۇدرىتىمۇ، ئەيتەۋىر، تىرىك قالدىم. بىز مانا موشۇنداق ئېغىر كۈنلەر ھېچ يادىمدىن چىقمايدۇ، - دەپ ھېكايىسىنى ئاياقلىدى.

سوفىيانىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ ئويلىرى ژىراقلارغا كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۇرۇش ژىللىرى ھەممە يەردە ئاچارچىلىق، يوقسىزچىلىق بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئېغىرچىلىق خېلە ۋاقىت داۋاملاشتى. بىزمۇ ئۇ ئېغىرچىلىقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق، — دېدى مېھربان.

ھەر كىم ئۆز بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىدى...

ئاستا-ئاستا بۇ يەردىكى ھايات تەرتىپىگە ئۆگىنىشكە باشلىغان مېھربان قىزىغا كۆندىلا بىرىپىگىلىق ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ ئۈچ ئاي ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان تۈركىيالىك فاتما، ياپونىيالىك مىمى، ئىندىيالىك ئىندىرا، كورېيالىك بىر قانچە ئايالالار بىلەن تونۇشتى. بۇ ئايالالارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە سۆزلەشنى تېخى ياخشى بىلمىسىمۇ، ژۇتىدىن ژىراقلاردا مۇساپىر بولۇپ ژۈرگەچكە، بىر-بىرى بىلەن دوست بولۇپ كېتىشتى. سامىيا ئاپىسىنىڭ ئۇلار بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىپ، ئارىلىشىپ ژۈرگىنىگە خوشال ئېدى.

بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن كېيىن سامىيا ئاپىسى بىلەن سەيلە قىلىپ ژۈرگەندە، كىچىككىنە قىزى بىلەن پوگزەك ئويناۋاتقان ياش ئايالنىڭ ئۆز ئارا ئىنگلىزچە، ئارىلاپ رۇسچە سۆزلەشكەنلىگىنى ئاڭلىدى. ئۇلار يېقىن كەلگەندە سامىيا:

— ئاپا، بۇ قىز بىزنىڭ ژۇتدىشىمىز بولىدۇ، — دېدى.

ئىككىسى دەسلەپ ئىنگلىزچە سۆزلىشىپ، ئاندىن ئاپىسىنى رۇسچە تونۇشتۇردى.

— كېچۈرۈڭ، قىزىم، سىز قەيەردىن بولىسىز؟

— مەن بىرىنچى ئالمۇتىدىن بولىمەن.

— بىزمۇ ئالمۇتىدىن بولىمىز. مېھربان، خۇددى ئۆزىنىڭ تۇققىنىنى تاپقاندەك، خوشال بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئالىيا، ئالمۇتىدا چەت تىللار ئىنستىتۇتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن. دىپلوم ئېلىپلا ئامېرىكىلىق گېنرى دېگەن بالا بىلەن تونۇشۇپ، تۇرمۇشقا چىقتىم. بۇ ياقتا تۇرۇۋاتقىنىمغا توققۇز ژىل بولدى. ئىككى بالام بار، چوڭى ئوغۇل، توققۇز ياشتا، قىزىم ئايا ئۈچ ياشتا. ئىشقا چىقاي دېسەم، قىزىمغا نەنە تاپالماي ژۈرىمەن.

ئۇلار خېلەپاراڭلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

ئەتىسى 11-سېنتەبىر كۈنى ئەتىگەندە سامىيا ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، مېھربان ئۆي ئىچىنى تازىلاپ بولۇپ تېلېۋىزورنى قويۇۋېدى، ئىككى ئېگىز ئىمارەتكە ئۇچاقنىڭ كېلىپ ئۇرۇلۇپ، قوش ئىمارەتنىڭ

ئۆرۈلۈپ، ئېتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ قورقۇشۇپ، ۋاقىرىشىپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ ژۈرگىنىنى قايتا-قايتا كۆرسىتىشۈردى. مېھرىبان «نيۇ-يورك، 11-سېنتەبر» دېگەندىن باشقا ھېچ نېمىگە چۈشەنمىدىم. شۇڭلاشقا بۇ شۇ يەردە چۈشىرلگەن كىنو بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدى.

بىر پەستە ئىشكنى ئېچىپ ساميا كىرىپلا تېلېۋىزورغا قاراپ:

- ئاپا، ئۇرۇش باشلانغان ئوخشايدۇ، - دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تىتىرەپ چىقتى.

- نېمەدېسەنۇي، قىزىم، ئادەمنى قورقۇتۇپ.

- قارىمامسەن، تېررورىستلار ئۇچاق بىلەن نيۇ-يوركتىكى ئەڭ ئېگىز ئىككى ئىمارەتنى كۆيدۈرۈپ، ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قانچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. كۆللېدژغا بارسام، ستۇدېنتلارنىمۇ، مۇئەللىملەرنىمۇ ئۆيلىرىگە قايتۇردى. بۇگۈن ھەممە يەردە ئىش يوق.

- يا، ئاللا، ئەندى يېمە بولار؟ ئۆيگە كېتەيلى، قىزىم، - دېدى قورقۇپ كەتكەن ئانا.

- ئاپا، بۇگۈن-ئەتە ئۇچاقلار ئۇچمايدۇ دەپ خەۋەرلىدى، قانداق كەتمەكچىسەن؟

ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ تېلېۋىزوردىن تېخىچىلا شۇ ۋاقەنى قايتا-قايتا كۆرسىتىۋاتاتتى. ئانا-بالا ئىككىسى كەچ كىرگىچە ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزوردىن بىر خەۋەر كۈتتى، لېكىن ھېچ بىر يېڭىلىق يوق.

قاراڭغۇ چۈشكەندە: كۆپ قەۋەتلىك ئۆيدىكى تۇرغۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك فونتان ئالدىغا ژىغىلدى. ھەر بىرىنىڭ قولىدا چىراق. ئۇلار نەچچە يۈز يانغان چىراقنى فونتان چۆرىسىگە قويۇپ، ئۆلگەنلەرنى ئەسلىدى، دۇنيادا تېچلىق بولۇشنى تىلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مېھرىبان بىلەن قىزى، لېنىنگرادلىق ئىككى موماي، ئالىيا بىلەن يولدىشى بولدى. ژىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ گىمنىنى ئېيتى، يېرىم سائەتچە تۇرۇپ ئاندىن تاراشتى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ساميا ، ئەگەر بىر نېمە بولسا، پولات بىلىشى كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى.

- قورقماڭلار، بۇ تېررورىستلارنىڭ ئىشى، ھەممە يەردە تەكشۈرەش بولۇۋاتىدۇ. بىر-ئىككى كۈندە ھەممە نەرسە ئۆز قېلىپىغا چۈشىدۇ، - دەپ كۆڭلىنى ياسىدى پولات.

لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئەندى ئامېرىكىلىقلار مۇسۇلمانلارغا

www.uyghurkitap.com



ئۆچمەنلىك قىلىپ، كوچىلاردا مۇسۇلمانلارنى ئۆلتىرىپ، قالايمىقانچىلىق باشلاندى. بۇ توغرىلىق تېلېۋىزوردا يېڭىلاقلاردىن كۆرسىتىپ: «پولىتسىيا خادىملىرى كوچىلارنى كۈزىتىپ، ئادەم ئۆلتەرگەنلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلماقتا»، — دەپ چۈشەنچە بېرىپ، ئادەملەرنى خاتىرجەملىككە چاقىردى. خېلە ۋاقىتلارغىچە خەلق قورقۇپ ياشىدى.

مېھرىبان ھەتتا روسسىيالىك ئىككى ئايالنىڭمۇ ئەندى پۈتۈن ئەرەپ خەلقىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى بايقىدى. مېھرىبان ئۇلارانىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ: «تۆرت تېررورىستنى دەپ پۈتۈن خەلققە دۈشمەنلىك بىلەن قارشى بولماس»، — دەپ ئۆزىنى پىكرىنى بىلدۈرەتتى...

ئۇ نويابىر ئېيىدا ئۆيگە كېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن سەنتەبىر ۋاقەسىدىن كېيىن قىزىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشتىن قورقاتتى.

كۈز ئايلىرىنىڭ كۈن ئىنتايىن ئىسسىق بىر يەكشەنبىسىدە ساميا ئاپىسىنى «خىتاي شەھەرچىسىگە» ئاپاردى. بۇ يەردە جوڭ-چوڭ ئىمارەتلەر، بانكىلار، رېستورانلار، نۇرغۇنلىغان دۇكانلار ۋە يوغان بازار بار ئىكەن. خىتايلار بىر-بىرى بىلەن ئۆز تىلىدا ۋاقىرىشىپ سۆزلەشمەكتە.مېھرىبان ئۇلارنى كۆرۈپ: «بۇلار ئامېرىكىدا ئۆز ۋەتىنىدە ياشاۋاتقاندەكلا ژۈرىدىغۇ. تووۋا، خىتايغا كىرگەندەكلا بولۇپ قالدىم »، — دېدى ھەيران بولۇپ. ساميا ئۇ يەردە ژۈرگەن قېرى مومايلارنى كۆرسىتىپ:

— ئاپا، كۆردۈڭمۇ، مونۇ قېرى مومايلار چېچىدا ئۆز ژۇتىنى تاشلاپ، بالىلىرىنى، نەۋرىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئەركىن ياشاش ئۈچۈن موشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ ژۈرىدۇ، — دېدى.

مېھرىبان ئويلىنىپ قالدى. ئۇلار شۇيەردىكى رېستورانغا كىرىپ تاماقلاندىدە، كەچتە ئۆيگە قايتتى. ساميا ئاپىسىغا بىر نېمىنى ئىيتالماي تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ سۆزىنى ژىراقتىن باشلىدى.

— ئاپا، كېلىپلا بىر ئازدىن كېيىن ژىغلاپ، كەتمەكچى بولغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— ھە، ئېسىمدا.

— ھازىر ئۆگىنىپ قالدىڭ، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەپ دوستلارنى تاپتىڭ. ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپى-ئادەتلىرىنى، تائاملىرىنى ئېتىپ،

ئۇلارنى بىر نەچچە قېتىم چاقىرىپ مېھمان قىلدىمغۇ.
– يېڭى كەلگەندە سىم كىيمەيمەن دەپ قارشىلىق قىلىۋېدىڭ، هازىر سىم كىيىپ، چىرايلىق كوفتىلارنى كىيىپ، كەلگەن كۆڭگە قارىغاندا ياشىرىپ كەتتىڭ. ئۆزەڭمۇ بۇ ئەركىنلىككە ئۆگىنىپ قاپسەن، ماڭمۇ سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىش ئوڭاي ئەمەس.
مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى كۆرۈندى.
– ئاپا، ساڭا ئالتە ئايغىلا رۇخسەت قىلغان. ئەگەر مەن ئىممىگراشىيا خادىملىرىغا سوراپ خەت يازسا، يەنە ئالتە ئايغا رۇخسەت قىلىدىكەن. سەن ئۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟
– ئەگەر مېنىڭ موشۇ يەردە كېرىكىم بولسا، يەنە ئالتە ئايغا قالاي. سېنىڭ بىر مىنۇتمۇ بوش ۋاقتىڭ يوق، دەم ئېلىشتىن دەم ئېلىشقىچە ئىش، ئوقۇش دەپ ۋوگرەپلا ژۈرسەن.
– بۇ يەردە هايات شۇنداق. ئەلۋەتتە، سەن ماڭا كېرەك. مە ئىشتىن هېرىپ كەلگەندە، كۈلۈپ ئالدىمغا چىقسەن، ئۆيدە لەززەتلىك تاماق هىدى پۇراپ تۇرسا، مەن ئەڭ بەختلىك ئادەم ئەمەسمۇ.
مېھرىبان يېقىندىلا تېلېفون ئارقىلىق رۇقىيەم ئانا ۋە نۇرانىيەلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار هەممە ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى يەتكۈزۈپ، قايغۇرماي خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭ دېۋىدى. شۇڭلاشقا مېھرىبان:
– بوپتۇ. قىزىم. هۆججەتلەرنى ئەۋەتىپ كۆرگىن، ئەگەر رۇخسەت قىلسا يەنەيەتتە ئاي تۇراي، – دېدى.
سامىيا كىچىك بالىدەك خوشال بولۇپ:
– ئاپا، سەن دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىۋان ئانا، جۇمۇ، – دەپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.
شۇ چاغدا تېلېۋىزوردا ئافروئامېرىكانكا ئوپرا دېگەن ژۇرنالىستنىڭ ئاياللارغا بېغىشلانغان كۆرسىتىشى باشلاندىدە، مېھرىبان هەممىنى ياخشى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئاخىرىغىچە ئۇزمەي قارىدى. ئاپىسىنىڭ تېلېشوۇغا قىزىقىپ قارىغىنىنى كۆرگەن سامىيا:
– ئاپا، ئوپرا – ئاتاقلىق ژۇرنالىست، ئىنتايىن باي ئايال. ئۇ بۇ شوۇغا ئەڭ ئاتاقلىق ئارتىستلارنى، يازغۇچى، رەسساملارنى ۋە چوڭ ئۇتۇقلارغا يەتكەن ئادەملەرنى تەكلىپ قىلىپ، كۆرەرمەنلەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ شۇنداق ياخشى يېزىلغان كىتاپلار بولسا، ئۇلارنىڭ مۇئەللىپىنى تونۇشتۇرۇپ، كىتاپلىرىدىن نەچچە يۈزنى سېتىۋېلىپ زالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئولتارغانلارغا سوغا قىلىپ تارقىتىپ بېرىدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى.
مېھرىبانىنىڭ كۆڭلىدە ياخشى بىر ئۈمۈت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئويىغا ساندۇقتا سېلىپ قويغان قولىيازمىسى كەلدىدە، خوشاللىق ئىلكىدە:
ــ قىزىم، ئەگەر مەن كىتاۋىمنى چىقىرىپ، ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ قىلىپ ئوپارغا ئەۋەتسەم، ئۇ ئايالغا ياقارمۇ؟ ــ دېدى ئۇنىڭغا قاراپ.
ــ ئامېرىكىلىقلار باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپى-ئادەت، ئەنئەنىلىرىنى، ھايات تەرىزىنى بىلىشكە بەك قىزىقىدۇ. مەن ھازىر بەش خىتاي بالىسىغا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىتىۋاتىمەن. ئۇلاردىن ئالغان ئاخچامنى ژىغىپ، سىزنىڭ كىتاۋىڭىزنى نەشر قىلىشقا بېرىمەن.
مېھرىبانىنىڭ قىزىغا جېنى ئىچىپ كەتتى.
ــ سەن كوللېدژدا ئوقۇپ، ئىشلەۋاتقىنىڭدىن بۆلەك يەنە رېپېتىتۇر بولۇپ ئىشلەۋاتامسەن؟ ئۆزەڭنى ئايىماي نەچچە ئىشتا ئىشلەپ ئاغرىپ قالساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟
ــ ئاپا، سەن چۈشەن، بۇيەردە بىر ئىشتا ئىشلەپ ھايات كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. مەن تېخى ياش، تېنىم تازا. ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملاپ دېپلوم ئالغان چاغدا بىرلا ئىشتا ئىشلەيمەن. ئۇ چاغدا ئايلىغىممۇ ياخشى بولىدۇ.
ــ قىزىم، مەن قېرىپ كەتكىنىم يوق، مەنمۇ ئىشلەي. كىتاۋىمنى نەشر قىلىش ئۈچۈن ئۆزەم پۇل تاپاي، لېكىن مېنى قەيەرگە ئىشقا ئالار، ــ دەپ ئويلىنىپ قالدى.
مېھرىبان ئەشۇنداق دەپ تۇرغاندا، سامىيانىڭ يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى. ئالىيا ئىكەن. سامىيا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ:
ــ مەن ھازىر ئاپام بىلەن سۆزلىشەي، ئاندىن سىزگە جاۋاپ بېرىمەن، ــ دېدى.
ــ نېمە دەيدۇ؟
ــ دېدى بىلگىچە ئالدىراپ مېھرىبان.
ــ ئاپا، سەن ھازىرلا ئىشلىسەم دەپ ئارمان قىلىۋېدىڭ، مانا ساڭا ئىش چىقىۋاتىدۇ.
ــ ۋاي، خۇدايىمەي، قانداق ئىش، قىزىم، ــ خوشاللىقتىن مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.
ــ ئەگەر سەن ھەپتىسىگە بەش كۈن سائات ئىككىدىن ئالتىگىچە ئالىيانىڭ قىزىغا قاراپ بەرسەڭ، ئۇ ئىشقا چىقماقچىكەن، ــ دەپ ئاپىسىغا قارىدى. ــ ئاخچىسىنى ھەر ھەپتىدە تۆلەيمەن دەيدۇ.

مېھرىبانغا بۇ تەكلىپ تولىمۇ ياقتى.

— يا، ئاللا، خۇدايىمدىن نېمە سورىساڭ، شۇنى بېرىدۇ دېگىنى راست. ئەلۋەتتە، ئىشلەيمەن، بېكار ژۈرگىچە بىر بالىنى باقماي نېمە بوپتىمەن، — دەپ ئىشەشلىك سۆزلىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مېھرىبان چۈشكىچە ئىككى سائەت ئىنگلىزچە ئوقۇپ، سائەت ئىككىدىن ئالتىگىچە ئۈچ ياشلىق ئاياغا قارايدىغان بولدى. ئۇ بۇرۇن باللار باغچىسىدا ئىشلىگەچكە، ئايىا بىلەن كۆندە ساۋاق ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن ھويلىدىكى باللار ئويناشئۈچۈن ياسالغان مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتاتتى. ئايىا مېھرىبانغا چاپسانلا ئۆگىنىپ كەتتى. ئەندى مېھرىبانىنىڭ بېكار ئولتىرىدىغان ۋاقتىمۇ يوق ئىدى.

ئىش بىلەن بەنت بولغاچقا كۆنلەرمۇ چاپسانلا ئۆتۈپ، قىش كەلدى. لوس-ئاندژېلېستا قىشلىغى قاتتىق سوغمۇ يوق، بىراق يامغۇر تولا يېغىپ بىزدىكى كۈز ئايلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ھەش-پەش دېگىچە يېڭى ژىلمۇ يېتىپ كەلدى. ئامېرىكىدا يېڭى ژىلغا ئالدىن-ئالا تەييارلىق كۆرۈپ، كوچىلاردىكى، ھەر بىر دۇكان، كارخانىلار ئالدىدىكى ئېگىزدىن-ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلارنى چىرايلىق بېزەپ، رەڭمۇ-رەڭ لامپوچكىلارنى ياندۇرۇۋېتىدېكەن. سامىيا ئاپىسى بىلەن خالىدانى ماشىنىسىغا ئولتاغۇزۇپ لوس-ئاندژېلېسنىڭ ئەڭ چىرايلىق،باي كوچىلارنى كۆرسەتتى. كېيىن ماشىنىسىنى قويۇپ، پىيادە رودېو درايۋ كوچىسىدىكى يوغاندىن-يوغان دۇكانلارغا ئېلىپ كەلدى. بۇ دۇكانلاردا تولىمۇ قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەك، ئاياق-كىيىم، ئالتۇنلار سېتىلىدېكەن. ئۇلار دۇكانلارنى ئارىلاپ ژۈرگەندە، سامىيا ئاپىسىغا بۇ يەردىكە قىممەت كىيىملىرىنى كۆرسىتىپ:

ئاپا،بۇ ئىنتايىن قىممەت دۇكانلار. مەن ئوقۇشۇمنى تاماملاپ،ياخشى ئايلىق تۆلەيدىغان ئىشقا كىرىپ ئىشلىگەندە، ساڭا موشۇدۇكانلاردىن كىيىم ئېلىپ بېرىمەن، ھازىرچە كۆرۈپ كېتىمىز، — دېدى.

— جېنىم قىزىم، نىيىتىڭگە يەتكەيسەن، لېكىن مەن بۇ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ نەگە باراتتىم. مەن ژىراق يېزىدىكى كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ تەربىيىلىگەن قىز، ھازىر لوس-ئاندژېلېسنىڭ چىرايلىق، باي كوچىلىرىدا سەيلە قىلىپ ژۈرگىنىمگە ھەيران بولۇۋاتىمەن. موشۇ يەرلەرنى كۆرگىنىمگە رازىمەن.

— سەن بۇ بەختكە يېتىش ئۈچۈن بالىلىق چېغىڭدىن قانچە ئېغىرچىلىقلارنى، ئاچارچىلىقلارنى كۆردۈڭ. بۇنىڭ ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سېنىڭ تارتقان جاپارىڭغا، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارغا ئاللانىڭ بەرگەن بەختى.

— مېنىڭ ئوخشاش جاپا تارتقان، ئەمگەك قىلغانلار تولىغۇ.

— ئۆزەڭ بەختتى مىڭنىڭ بىرىگە بېرىدۇ دەيسەنغۇ. سەن شۇ مىڭنىڭ بىرىدە، رېستورانىغا كىرىپ تاماقلىنىپ ئولتىرىپ، دۇكانلارنى كۆرۈپ ئالغان تەسىراتلىرى بىلەن بۆلۈشتى. شۇ يەردە ئولتىرىپ خالىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەندە قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى كۆرگەنلىگىنى سۆزلەپ بەردى.

— يېڭى كەلگەندە دادامىمۇ، ئاپامىمۇ ئۆز مۇتەخەسسىسلىگى بويىچە ئىش تاپالمىغاچقا، ئاپام ئۆي تازىلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مېنىڭ بوش ۋاقتىم بولسا ئاپامغا ياردەم بېرەتتىم. ئالغان پۇلىمىزنى تۆلەيدىغان نەرسىلەرگە تۆلەپ، قالغىنى تاماققا يەتمەتتى. بىز ئەڭ ئەرزەن دۇكانلاردىن يېمەك-ئىچمەك ئالاتتۇق. مېنىڭ مۇزشېكەر ۋە باللار يېگەن باشقىمۇ ئېسىل نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىپ ژىغلاتتىم.

بىر كۈنى ئاپام بىرىنىڭ ئۆيىنى ھەپتىسىگە بىر رەت تازىلاپ بېرىشكە كېلىشىپتۇ. ئىككىمىز بېرىپ ئۆيىنى تازىلاپ بولغاندا، مېنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇيدىغان قىز كىرىپ كەلدى. ئۆي ئېگىلىرى ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ئىزا تارتتىمكى، ۋاننىغا كىرىۋېلىپ ژىغلاپ ئولتاردىم. مېنىڭ قانداق ھالەتتە قالغانلىغىمنى چۈشەنگىن ئاپام كەينىمدىن كىرىپ: «قىزىم. مېنى كەچۈر، مەن سېنى نومۇسقا قالدۇردۇم»، — دېدىدە، ھەر ئىككىمىز ژىغلىدۇق. بىز قايتىدىغان چاغدا سىنىپداش قىزنىڭ ئاپىسى ئاپامغا باشتا كېلىشكەن ئاخچىنىبېرىپ، مېنىڭ قولۇمغا مۇزشېكەر ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن ئالايتەن ئاخچا تۇتقۇزدى. مەن ئەتىسى مەكتەپكە بارغاندا، ئۇ قىز مېنى زاڭلىق قىلىپ قىزلارغا ئېيتامدىكىن دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ ھېچ نېمە كۆرمىگەندەك كېلىپ كۆرۈشۈۋىدى، مېنىڭ ژۈرىگىم ئورنىغا چۈشتى. ئاپام ئىككىمىز يېنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى تازىلاشقا بارمىدۇق، — دېدى.

سىلەرمۇ خېلە جاپا تارتقان ئىكەنسىلەر، — دېدى مېھرىبان قىزنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ.

— ھە-ئە، ھازىر ھەممە نەرسە ئورنىدا، بىز ئامېرىكا پۇخراسى دېگەن پاسپورت ئالدۇق. ئۆزىمىزمۇ بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ئۆگىنىپ كەتتۇق.

– ئاپا، مارت ئېيىدا مەنمۇ ئامېرىكا پۇخراسى دېگەن پاسپورت ئالىمەن. مەن ئامېرىكا پۇخراسى بولغاندىن كېيىن ساڭا گرىن كارتابېرىدېكەن، – دېدى سامىيا.

– گرىن كارتىنىڭ ماڭا نېمە كېرىگى؟

– قولۇڭدا گرىن كارتا بولسا، ئامېرىكىغا خالىغان چاغدا كېلىشكە بولىدۇ. ۋىزىنىڭ كېرىگى يوق.

– سەن مېنى بۇ ياققا يەنە كېلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

– ئەلۋەتتە، ئۇپىرا شوۋغا كېلىشنى ئارمان قىلغان كىم؟ – دەپ كۈلدى سامىيا.

خالىدا چۈشەنمەي ھەيران بولۇپ سامىياگە قارىدى.

سامىيا ئاپىسىنىڭ قولىيازمىسى، شۇنداقلا ئۇپىرا بىلەن ئۇچرىشىش ئارمىنى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋېدى، خالىدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ: «ئەگەر ئارمان قىلسىڭىز، چوقۇم ئۇچرىشىسىز»، – دەپ مېھرىبانىنى قوللىدى.

كۈنلەر چاپسان ئۆتۈپ، ئەتىيازمۇ كەلدى. 2002-يىلى 19-مارت كۈنى 700 ئادەم ئامېرىكا پۇخراسى دېگەن پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن كالىفورنىيا شتاتىنىڭ پومونو شەھىرىگە يىغىلدى. ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بىلەن مىڭلىغان ئادەم چوڭ زالدا ئولتۇرۇشتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا مېھرىبان، سامىيا، خالىدالارمۇ بار ئىدى. كالىفورنىيا شتاتىنىڭ رەھبىرى سۆزگە چىقىپ، بۇ يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن سۆزنى سۇدىياغا بەردى. سۇدىيا ئامېرىكا پۇخراسى بولغۇچىلارغا دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ياد قىلغۇزدى. ئاندىن ھەر بىرىنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، قولىغا ھۆججەت بېرىلدى. شۇ كۈنى ئامېرىكا پۇخراسى ئاتالغان ھەر خىل مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر قىزى سامىيامۇ قولىغا ھۆججەت ئالدى. ھەممىسىگە ھۆججەت بېرىلىپ بولغاندا، سەھنىگە بىر ئارتىست چىقىپ ئامېرىكا گىمنىنى باشلىدى. زالدىكى مىڭلىغان ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئامېرىكا گىمنىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن قاتتىق چاۋاكلار بىلەن يىغىن ئاياقلاشتى. ئەتىيازنىڭ چىرايلىق بۇ كۈنىدە ئادەملەرنىڭمۇ كۆڭلى شاتلىققا تولغان ئىدى.

بۇ ئەلۋەتتە، سامىيانىڭ ھاياتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. مېھرىبان بىلەن خالىدا سامىيانىڭ خوشاللىقىغا ئورتاقلىشىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى. ئۈچى خوشال سىرتقا چىققاندا، پولات بىلەن پەرىدەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يانفوندىن سامىيانى تەبرىكلەپ، بۇ خوشاللىقنى ئاتاپ ئۆتتۈش ئۈچۈن كەچكە ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

كۆپ ئۆتمەيلا سامىيا ئاپىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى گرىن كارتا ئېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك يەرگە ئەۋەتتى ۋە ئۆزى كالىفورنىيا شتاتىدىكى لوس-ئاندژېلېس ئۇنىۋېرسىتېتىغا چۈشۈش ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى GMAT ئىمتىھانىنى تاپشۇردى. بۇ ئىمتىھان ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئونىڭدىن ئۆتكەنلەر خالىغان ئوقۇش ئورنىغا ئەرىزە بېرىپ، ئىككى ئىنشا يېزىپ تاپشۇرۇشى كېرەك. ھەممە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە قوبۇل قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان توغرىلىق ئۇنىۋېرسىتېتتىن خەت كېلىدۇ.

سامىيا «GMATنى ياخشى تاپشۇردىڭ» دېگەن خەتنى ئېلىپلا، ئالدىن-ئالا يېزىپ قويغان ئىككى ئىنشانى ۋە UKLA ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەرىزە يېزىپ ئەۋەتتى. بىر ئىنشانى ئەركىن ماۋزۇغا يېزىش كېرەك بولغاچقا، ئۇ «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىڭ تەغدىرى» دېگەن ماۋزۇنى تاللاۋالغان ئىدى. سامىيا ئەنىۋېرسىتېتتىن كېلىدىغان جاۋاپ خەتنى كۈتۈپ، كۈندە ئىشتىن كېلىپلا پوچتىغا قاراتتى. شۇنداق كۈتۈپ ژۈرگەندە، ئاپىسىنى ئىممىگراتسىئون بۆلۈمىگە سۆھبەتكە چاقىرغان خەت كەلدى.

سامىيا بەلگۈلەنگەن كۈنى مېھرىباننى ماشىنىسىغا ئولتارغۇزۇپ ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇزۇن كورىدور بىلەن مېڭىپ كېرەك بۆلمىگە كىردى. ئۇلارنى قارشى ئالغان ئافروئامېرىكان ژىگىت مېھرىباننىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ بىر نەچچە سوئاللارنى بەردى. سامىيا ئىككىسىگە تەرجىمانلىققىلدى. ئۇ يەردىن چىقىپ مېھرىبان ھۆججەتكە رەسىمگە چۈشۈپ تاپشۇردى. ھەممە يەردە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن نوۋەتتە تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ:

– موشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گرىن كارتائېلىش ئۈچۈن تۇرامدا؟ – دەپ سورىدى. مېھرىبان

– ھە-ئە. ساڭا گرىن كارتىنى مېنىڭ ماكان جايىمغا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۈگۈن بىز بىر ئىشنى تۈگەتتۇق. مېھرىبان:

– بۇ نېمە دېگەن چوڭ ئىمارەت، ئىچىنىڭ تازىلىغىچۇ تېخى. يۈزلىگەن ئادەم نوۋەتتە تۇرسىمۇ جېدەل قىلىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىش يوق، – دېدى.

ساميا كۈلدى.

— ئالمۇتىغا بارغاندا كۆرگەنلىرىڭنى تۆققانلارغاسۆزلەپ بېرىسەندە.

— ئەلۋەتتە، چۆچەك ئېيتقاندەك تەسۋىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن دېگىنە. قىزىم، موشۇ ياخشىلىقلارنى كېلىپ كۆرگىنىم — سېنىڭ دۆلىتىڭ. سېنىڭ دۆلىتىڭنى داداڭ ئىككىمىز تەڭ كۆرگەن بولساق بولماتتىمۇ، ئويلىمىسامالا ياخشى، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— دادامنىڭ قىسقا ھاياتىنى يېنىپ ئۆچكەن يۇلتۇزغا قىياس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئىللىق قىياپىتى خاتىرىمىزدىن ھېچ قاچان چىقمايدۇ. دادامنىڭ روھى دايىم بىز بىلەن بىللە.

قايتقىنىدا ساميا بۇلۋار پىكو ۋە بېۋېرۋىل درايۋ كوچىلىرىنىڭ دوخمۇشىغا جايلاشقان ياپون رېستورانى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ:

— ئاپا، مەن سېنى ياپون رېستورانىغا تەكلىپ قىلىمەن، — دەپ باشلاپ ماڭدى.

رېستورانغا كىرگەندە يېشى ئەللىكلەر چامىسىدىكى، قارا فارتۇك تاقىغان، چېچى قىسقا كېسىلگەن ياپون ئايالى ئالدىدە، مېھمانلارنى باشلاپ دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان ئۈستەلگە ئولتىرىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئايال دايىم كۈلۈپ تازىم قىلىپ تۇراتتى. بۇ چاققان رېستوراندا ئادەملەر لىق ئولتىرىپ تاماقلىنىشاتاتتى. مېھرىبان ھەممە يەرگە سەپ-سېلىپ چىقىپ:

— نېمىشكە پەردىلەرمۇ، دەستىخانلارمۇ، پەرتۇقلارمۇ قاپ-قارا، — دەپ سورىدى؟

— بۇ رېستوراننىڭ ستىلى شۇنداق، — دەپ تۇرىشىغا، ھېلىقى قېرى ئوفىتسانت ئايال تاماقلارنىڭ تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن كىتاپچىنى ئەكېلىپ بەردىدە، يەنە كۈلۈپ تازىم قىلىپ كەتتى. ساميا قاراپ چىقىپ، ئوفىتسانتقا قارىۋېدى، ئۇ دەررۇ قەغەز-قەلەم بىلەن كەلدى. ساميا:

— مىسو سۇپ، سۇشى، سالمان تېرىياكى (لاسوس)، دېسېرتقا قورۇلغان مۇزشېكەر، — دەپ تاائقلارنى بۇيرۇتتى.

كۆپ ۆتمەي ئوفىتسانت ئىككى سىركاي بىلەن چەينەكتە كۆك چاي ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر چىنىدىن چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، ياغاچ سىركايلارغا قويۇلغان مىسو سۇپ كەلتۈرۈلدى. مېھرىباننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىركايىدىكى سۈيۈقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاراۋاتقىنىنى كۆرگەن سامىيا:

- ئاپا، مونۇ قاپ-قارا تۇغرالغانلار دېڭىزدا ئۆسىدىغان چۆپلەر، ئىنتايىن پايدىلىق، توفۇ ئاق پوچاق ئۈنۈكىدىن ياسالغان، ئىچىپ كۆرگىن، - دەپ ئۆزىمۇ قوشۇقنى قولىغا ئالدى.

ئۈستەلدە پوچاقتىن ياسالغان سىركە، لازىجان ئوخشاش تۈرلۈك ئاچچىق چۈچۈك سوئۇسلار بار ئىدى. مېھرىبانغا مىسو سۇپ ياقتى. ئوفىتسانت تۆرت بۆرجەك تەخسىلەرگە سېلىنغان تائاملارنى ئېلىپ كېلىپ، سۇشى سېلىنغان تەخسىنى سامىيانىڭ ئالدىغا، سالمان تېرىياكى سېلىنغان تەخسىنى مېھرىبانىنىڭ ئالدىغا قويدى. مېھرىبان سامىيانىڭ ئالدىدىكى تەخسىگە قاراپ:

- بىر چاي قوشۇقتەكلا سېلىنغان مونۇ ياپ-يېشىل نېمىسى؟

- دەپ سورىدى.

- بىر تولىمۇ ئاچچىق، ۋاسابى دەپ ئاتىلىدۇ. مونۇ نېپىز كېسىلگەن - ئىمبىر، ئۇمۇ بىر قوشۇقتەكلا سېلىنغان. مونۇ قارا - دېڭىزدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكنى قۇرۇتۇپ ئۈنۈكىگە پىشقان گۈرۈچنى دۈگىلەك قاتتىق ئوراپ، باشمالتاقتەك كېسىپ، ئۈستىگە بېلىقنىڭ گۆشىدىن كىچىك-كىچىك كېسىپ قويغان، - دەپ چۈشەندۈردى.

سامىيا ئالدىدىكى كىچىك تەخسىگە سىركىنى قۇيۇپ، ھېلىقى ۋاسابىدىن كىچىككىنە سېلىپ ياخشىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن باشمالتاقتەك ئورالغان گۈرۈچ بىلەن بېلىق گۆشىنى چوكا بىلەن ئېلىپ سىركىگە چىلاپ يېدى. مېھرىبان ئۆزىنىڭ تەخسىدىكى بېلىق گۆشىنى يەۋېتىپ:

- ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالغىدەك دەملىك پىشۇرۇپتۇ، - دەپ سىركىدىن كىچىككىنە قۇيدى. - بۇيەردىكى ئاشپەزلەرمۇ ياپونىيادىن كەلگەنلەر بولۇشى كېرەك، ئوفىسانتلارمۇ ياپونلار ئىكەن.

- ھەر بىر مىللەت رېستوران ئاچسا، ئۆز ژۇتىدىن مىللىي تائاملىرىنى ياخشى تاييارلايدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك ئاشپەزلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھەممە رېستورانلار «بىرىنچى دەرىجىلىك رېستوران» دېگەن نام ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئىشىك ئالدىدا يېزىلغان «ئا» ھەرىپىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەشۇ «ئا» ھەرپى رېستوراننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، - ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ سامىيا.

ئوفىسانت بوش تەخسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، دېسېرتقا ئىككى كىچىك تەخسىگە ئۈچ تالدىن ياڭاقتەك دۈگىلەك مۇزشېكەر سېلىپ كەلدى. مېھرىبان تەخسىدىكى مۇزشېكەرگە قاراپ ھەيران بولدى.

- موشۇ ياشقا كېلىپ مۇزشېكەرنى مايغا قورۇيدۇ دېگەننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن.

- دۈگىلەك مۇزشېكەرنى پوچاق ئۈنىڭغا مىلەپ، قىزىغان مايغا سېلىپ دەررۇ ئالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇن مايدا پىشىپ چىقىدۇ‌دە، مۇزشېكەر ئېرىپ ئۈلگەرمەيدۇ، شەكلىمۇ ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ، يەپ كۆرگىنە.

مېھرىبان مۇزشېكەرنىڭ دەمىنى ماختاپ يەپ بولغاندا، ئوفىسانت ھېساپ-چوت ئېلىپ كەلدىدە، ئۇلارغا «ئارىگاتو!» يەنى «رەخمەت!» دەپ، كۆلۈپ تازىم قىلىپ، ئۇزىتىپ قويدى. سامىيامۇ «ئارىگاتو!»دەپ جاۋاپ قايتۇردى. تالاغا چىققاندا:

- ئاپا، كۆردۈڭمۇ، ياپونلارنىڭ مەدەنىيەتلىكلىگىنى، بىزگە رەخمەت دەپ، مېھماننى ئۇزاتقاندەك ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى، - چۈشەندۈردى سامىيا.

- بۇ دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن بىزگە خېلە زامانلار كېرەك دېگىنە، - دېدى قىزىغا مىننەتدار مېھرىبان.

ئاپىسى بىلەن سەيلە قىلىپ ئۆيىگە قايتقان سامىيا كەلگەن خەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزى كۈتكەن خەتنى كۆرۈپ، پۇت-قولى تىترەپ، ئالدىراپ كونۋېرتنى ئاچتى. خەتنى ئوقۇپ خوشاللىقتىن ئۆزىنى بەئەينى ئاسماندا ئۇچۇپ ژۈرگەندەك ھىس قىلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ئاپا، - ئاستا ئۇن قاتتى ۋە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر ۋاراق خەتنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ: - ئاپا، مېنى ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىپتۇ. گرانت ستىپېندىياسىگە ئېگە بوپتىمەن، - ئۇ باشقا سۆز قىلماي ئانىسىنىڭ ئايىغىغا ژىقىلىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئاپىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنى قۇچاقلاپ ژىغلاۋەتتى.

- تووۋا، مۇنداقمۇ بولىدىكەنە؟ - دەپ خوشاللىغىدا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: - ژىتىمنىڭ غېمىنى خۇدايىم يەيدۇ دېگىنى راست، قىزىم، - دەپ قايتا-قايتا تەكرارلىدى.

سامىيا بىرىنچى پولاتقا تېلېفون قىلىپ خوشاللىغىنى يەتكۈزۈپ، كېيىن دوستلىرى بىلەن خالىداغا تېلېفون قىلدى.

ئەتىسى مېھرىبان ئۇستەل راسلاپ، پولاتلارنىڭ ئائىلىسىنى مېھمانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چاقىردى. كەچتە ئۇلار ھەممىسى ژىغىلىپ سامىيانىڭ خوشاللىقىنى بۆلۈشتى. تۆردە ئولتارغان پولات ئېغىر بېسىقلىق بىلەن:
- قىزىڭىز بىلەن بىرىنچى قېتىم سۆھبەتلىشىپلا، ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى ئوغۇل بالىدەك قورقۇمسىزلىقىنى بايقاپ، ئامېرىكىدا چوڭ ئۇتۇقلارغا يېتىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدىم، خاتالاشمىغان ئىكەنمەن،
- دەپ سامىياغا قاراپ مەغرۇرلانغاندەك بولدى.
ئۇنىڭ سۆزىگە پەرىدەم قوشۇلدى.
- ئالتە ژىل ئىچىدە قانچىمۇ ئېغىرچىلىقلارنى كۆردى، ئۇنى ئۆزىلا بىلىدۇ. چەت ئەلگە ئۆزى يالغۇز كېلىپ، ئاياققا مەككەم تۇرۇپ، ئالىي ئوقۇش ئورنىغا چوڭ گرانت ستىپېندىيا ئېلىش ھەر كىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.بۇ سامىيانىڭلا ئەمەس، موشۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ چوڭ خوشاللىقى.
سامىيا كۆزىگە ياش ئېلىپ:
بۇ ئۇتۇققا سىلەرسىز يەتمىگەن بولار ئىدىم، - دېدىدە، باشقا سۆز قىلالمىدى. مېھرىبانىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:
-قىزىم ياشاۋاتقان بۇ چوڭ شەھەرنى، ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرگىنىمگە سىلەر ئوخشاش ئەجايىپ مېھرىۋان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ژۈرگىنىمگىمۇ مەن تولىمۇ خوشال. مېنىڭ كېتىدىغىنىمغا ساناقلىق كۈنلەر قالدى. ھەممىڭلار ئامان بولۇڭلار، قىزىم سىلەرگە ئامانەت، - دەپ ژىغلاۋەتتى.
پولات:
- ژىغلىماڭ، گرىن كارتا ئالغاندا قايتىپ كېلىڭ. ئۆزىڭىزمۇ ئامېرىكىغا ئۆگىنىپ قالدىڭىزغۇ، - دەپ كۈلدى.
پەرىدەمما مېھرىبانغاچاقچاق قىلىپ:
- سىز ئامېرىكىغا كېلىپ ياشىرىپ كەتتىڭىز، خېنىم. قىزىڭىز ياخشى باقتى، جۇمۇڭ. ژۇتقا بارغاندا تۇققانلارتونۇماي ژۈرمىسە، - دەپ كۈلدى.
ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تەغدىرى توغرىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرى ئېيتىپ ئۇزاق سۆزلىشىپ ئولتاردى. بولۇپمۇ ئارىسىدا پولات سۆزگە چېۋەر ئېدى. مېھرىبان بۇ ئادەمنىڭ ئەقىللىقلىقىغا، ئاددىيلىقىغا ھەيران بولاتتى. پولاتنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، مېھرىبان بىر سىركايدىن ئەتكەن چاي قۇيۇپ، ئىسسىق سامسا ئېلىپ كىردى. پەرىدەم قايماقلىق ئەتكەن چاينى كۆرۈپ:

قانچە تاماق يېسەكمۇ. ئەتكەن چېيىمىزنى ئىچمىسەك بىر تۈرلۈكلا تۇرىدۇ، – دەپ ئىسسىق چايدىن سۈمەردى. – لەگمەن شۇنداق ئوخشاپتېكەن بىر تەخسىدىن يەۋالدۇق. سامسا پىشۇرۇپ بېكار ئاۋارە بوپسىز.

خالىدا:

– مەن سامسىنى ياخشى كۆرىمەن، قاتلىما سامسا راسا ئوخشاپتۇ، – دەپ ئىشتەي بىلەن يېمەكتە ئىدى.

سامىيا ئاپىسى قازاقىستاندىن ئېلىپ كەرگەن «دەرۋىشلەر» توپىنىڭ دىسكىسىنى قويدى. دىلمۇرات باھاروۋ «ئانامدىن مىراس» دېگەن ناخشىنى ئېيتماقتا ئىدى. مېھرىبان ئولتارغانلارغا «دەرۋىشلەر» توپىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ناخشىنى ئۆزىگە بەك ياقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممىسى جىم-جىت تىڭشاپ ئولتاردى. ناخشا تۈگىگەندە، پەرىدەم:

– بۇ ناخشا ماڭىمۇ بەك ياقتى، سۆزلىرى نېمە دېگەن تەسىرلىك يېزىلغان. مېھرىبان، بۇ ناخشىنىڭ سۆزىنى بىلسىڭىز ماڭا يېزىپ بېرىڭا، – دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ناخشىنى تىڭشاپ مۈگىلىنىپ قالغان پەرىدەمنىڭ كۆزلىرىدىن ژىراقتىكى ئانا ژۇتىنى، ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداشلىرىنى سېغىنغانلىقىنى بايقاۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى...

ئاپىسىنىڭ كۆڭۈل كۆيىنى چۈشەنگەن خالىدا:

– ئاپا، بۇ ناخشىنى كاسېتقا يېزىپ بېرەي، ماشىناڭغا سېلىپ تىڭشاپ ژۈرگىن، – دېدى.

مېھرىبان ژۇتتىن ژىراقلارغا قېرىنداشتەك بولۇپ، شاتلىقىنى تەڭ بۆلۈشۈپ، كېرەك يەردە ياردىمىنى ئايىماي قىلىۋاتقان بۇ ئائىلەنىڭ سامىيانىڭ ئۇتتۇغاچىن ژۈرەكتىن خوشال بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئائىلىق مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى...

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا مېھرىبانىنىڭ ژۇتىغا قايتىدىغان ۋاقتى توشۇپ، ئۇ يولغا تاييارلاندى. يوغان قارا چېمودان كىيىم-كېچەك ۋە تۇققانلارغا ئالغان سوغىلار بىلەن توشتى. سامىيا ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئاپىسىغا كىتاۋىنى نەشىر قىلىشقا ژىغىپ قويغان ئاخچىسىنى تۇتقۇزدى.

مېھرىبانىنى ئايروپورتقا سامىيا بىلەن خالىدا ئۇزىتىپ كەلدى. خوشلىشىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسىرى يالغۇز قىزىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان مېھرىبانىنىڭ ژۈرىگى كۆيەتتى. مانا خوشلىشىش پەيتىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




كەلدى. ئۇ قىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ:
 – ئەقىللىق قىزىم، ئامان بول، مۇرات–مەخسىتىڭگە يەت، – دېدىدە، خالىدانىمۇ سۆيۈپ: – ئىككىڭلار قېرىنداشتەك ئايرىلماي ژۈرۈڭلار، – ئۇنىڭ كۆزىدە ياش تامچىلىرى كۆرۈندى. ..
سامىيامۇ ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن مەيۈسلىنىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ژۈرىگىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خالىدا دوستىنىڭ كەيپىياتىنى كۆتەرمەك بولۇپ كىنوغا ئېلىپ كەتتى.
ئەتىسى تېلېفون ئارقىلىق ئاپىسىنىڭ ژۇتقا ئامان–ئېسەن يېتىپ بارغىنىنى بىلگەن سامىيانىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، يەنىلا كۇندىلىك تىرىكچىلىككە بېشچە بېرىلىپ كەتتى...

***

– ئادەملەر ئامېرىكىدا ياشاشنى ئارمان قىلسا، سىز يېنىپ كەپسىزدە ياكى ياقمىدىمۇ؟ – سورىدى رۇس.
– ژۇتىنىڭ مېھرى بۆلەك ئېكەن، رۇس. ئەلۋەتتە، لوس–ئاندژېلېس ئەجايىپ چىرايلىق شەھەر ئېكەن. ئۇ يەردە دوستلارنىمۇ تاپتىم، هايات تەرزىگىمۇ بىر ئاز ئۈگەندىم، لېكىن تۇغۇلۇپ–ئۆسكەن يېرىمگە زادىلا ئوخشىمىدى. ئۇيغۇرلاردىكى «كىشىنىڭ ئېلىدە سۇلتان بولغىچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتاڭ بول» دېگەن ماقالنىڭ بېكار ئەمەسلىگىگە ئامېرىكىدا ياشىغان بىر ژىلدا تولۇق چۈشەندىم، – دېدى مېھرىبان.
– بەلكى، سىزنىڭ توغرىدۇ، – ئويلىنىپ ئولتىرىپ قالدى رۇس...

# ئانىلار تەغدىرى - ئىلھام مەنبەسى



مېھرىبان بىر ژىلدا ئامېرىكىدا ياشىغاندا ژۇتتا خېلە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ. بەزى تونۇش ياشلار ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرسا، قېرىلاردىن بەزىلەر يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كۆز ژۇمۇپتۇ. ئۇ كەلگەندە، رۇقىيەم ئانىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا تېخى قىرىق كۈن توشمىغان ئىكەن. مېھرىبان بۇ ژۇدالىققا قايغۇرۇپ، كىچىك ئانىسىنىڭ بالىلىرى نەزەر، گۆزەل، نۇرانىيەلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى.

ئارىدىن بىر-ئىككى كۈن ئۆتۈپ مېھرىبان تۇغۇلغان ژۇتى ياركەنتكە قاراپ ماڭدى. يول بويى ئانا ژۇتتا ئۆتكۈزگەن خوشال كۈنلىرى كۆز ئالدىغا بىر-بىرلەپ تىزىلىپ، يولنىڭ ئۇزاقلىقىنىمۇ بايقىماي قالدى. تۆرت يېرىم سائاتتا سېغىنغان ژۇتىغا يېتىپ كېلىپ، تۇرغان ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. مېھرىبانىنىڭ كۆزىگە تۇرغان ئاكىسى بىلەن رەنا ھەدىسى قېرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىشىپ ئولتارغاندىن كېيىن، چىرايلىق ئىككى قىز مېھرىبان بىلەن كۆرۈشتى.

– نەۋرىلەر چوڭ بولۇپ كەتتى، ئۆي ئىشلىرىغا ياراپ قالدى، – دېدى رەنا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



– مۇراتنىڭ قىزلىرىما؟

– ھە، مۇرات بىز بىلەن تۇرىدۇ، كېلىن ئېغىر بېسىق، ياخشى قىز. كىچىكىنى بۆلۈپ چىقىرىپ قويدۇق، ئۆيى بىزگە يېقىنلا، ئاخشىمى ئەتىسى كىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزىمىز قېرىپ قالدۇق، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، – دېدى تۇرغان.

رەنا نەۋرىسىنى تۇققانلارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۆيدىكى كېلىن قىزلىرى بىلەن جوزا راسلاپ، ئۇلار بىر چىنىدىن چاي ئىچىپ ئولتارغاندا، ئۆيگە سادەت، مودەنگۈل، ماھنۇرلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار مېھرىبان بىلەن كۆرۈشۈپ:

– چىرايىڭىز ياخشى، ياشىرىپ كېتىپسىز، قىزنىڭىز ئۇبدان كۈتۈپتۇ، – دېيىشىپ.

– مېنىڭ باققان نەۋرەم قانداق؟ – دەپ سورىدى سادەت.

– سامىيا ئىشلەپ ژۇرۇپ ئوقۇشقا چۈشتى. ئۇ قىز ئوقۇيمەنلا دەيدۇ. سىلەرگە سېغىنىپ سالام ئېيتتى.

تۇرغان:

– سامىيا بىلىمنىڭ چوققىسىغىلا چىقاي دەپتىدە، ئىنگلىز تىلىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا چۈشۈپ بىلىم ئالسا، ئۇ قىز شۇ يەردىلا قالدىكەندە، – دېدى.

– ئارىمىزدىن بىرى بولسىمۇ ئالىم بولسۇندە، – دېدى سادەت خوشال بولۇپ. مېھرىبان يوغان سومكىسىنى ئېچىپ قىزىنىڭ ئەۋەتكەن سوغىلىرىنى بېرىپ چىقتى. مودەنگۈل سوغىنى قولىغا ئېلىپ:

– ۋايەي، نېمە بىزنى نومۇسقا قويۇپ، بىز سامىياگە ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا ئۇ قىز بىزگە ئەۋەتىپتۇ، – خىجالەت بولدى.

تۇققانلار سامىياگە رەخمەت ئېيتىپ، سوغىلىرىنى ئېچىپ كۆرمەكتە. مېھرىبان ئۇلارنىڭ خوشال بولغىنىغا قاراپ، خۇددى بۇ سوغىلارنى ئۆزى ئالغاندەك مەغرۇرلىنىپ قاراپ ئولتاردى.

– ئالدىرىماي بەش-ئونكۈن تۇرىدىغانسەن؟ – سورىدى ماھنۇر.

– بىر ژىل كۆرۈشمىدۇق، تۇرمىغاندا نەگە ئالدىراتتى، – دېدى سادەت.

– ھە، بىر ئاز تۇرىمەن، ئۆلۈملۈك بولغان ئۆيلەرگە كىرىپ كۆڭۈل ئېتىپ چىقاي. توي قىلىپ كېلىن چۈشەرگەنلەرنى تەبرىكلەپ، كۆرۈشۈپ كېلەي.

– ژۇت چوڭلىرىدىن ھېچ كىم قالمىدى. ژۇت چوڭلىرى بىز بولۇپ قالدۇق، – دېدى تۇرغان.

شۇ چاغدا ئۆيگە ئامانجان بىلەن گۈزەل كىرىپ كەلدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مېھرىبان ئۆزى بىلەن تەڭ چوڭ بولغان ئامانجانغا قاراپ:

- تىرىكچىلىكىڭ قانداق؟ - دەپ سورىدى.

مېھرىباننىڭ كۆزىگە ئۇ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. «يېزايېرىدە تۇتمىسا بولمايدۇ. بېغىنغا كۆكتات تەرمىسە، كوندە بازارغا بېرىپ سېتىپ ئىلىشقا نەنىڭ پۇلى. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە تىرىكچىلىك دەپ ئۆزلىرىنى ئايىماي ژۈگرەپ ژۈرۈپ قېرىپ كەتتىدە»، - دەپ ئۇلارغا قاراپ ئىچى ئاغرىدى. ئامانجان ئالدىرىماي جاۋاپ بەردى.

- كۆپ قاتاردا شەخسىي دېخانچىلىق قۇرۇپ. بەش-ئۇن دېخان بىلەن كوموقوناق ئۆستۈرۈپ ژۈرىمىز. گۈزەل دەم ئىلىشقا چىقىپ، نەۋرە بېقىپ ئۆيدە.

- نەۋرە كۆرۈپ، ئۇنى بېقىش ئۆزى بىر بەخىت ئەمەسمۇ، - دېدى مېھرىبان.

گۈزەل مېھرىبانغا قاراپ:

- ئامېرىكىغا بېرىپ ياشىرىپ كېتىپسىز، ئۇ ياقنىڭ ھاۋا-رايى سىزگە بەك ياققان ئوخشايدۇ، - دېدى.

- قىزىمنىڭ ئۆيىدە كالا ساغىمەن، كۆكتات تېرىيمەن دېمىسەم. راست، بارغاندىن كېيىن بىرەر ئايغىچە سىلەرنى سېغىنىپ ئۆگىنەلمەي ژۈردۈم، - دەپ ئامېرىكىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۇزاق ھېكايە قىلىپ بەردى.

- سامىياچۇ، ئوقۇش ئوقۇپلا تېچ ژۈرۈۋاتامدا، بىز سىنى قىزىنىڭ تويىنى ئويناپ كېلەمدېكىن دەپ ئويلىغان، - دېدى ئامانجان.

- قىزىمنىڭ تۇرمۇشقا چىقىش ئويىدىمۇ يوق. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش نەۋرىلىرىمنى باقسام دەپ ئارمان قىلىمەن.

- ۋاقتى-سائاتى كەلسە، سىزنىڭ توختا دېگىنىڭىزگە قارىمايدۇ، پېشانىسىگە يېزىلغان بىرى باردۇ، - دېدى سادەت.

مودەنگۈلنىڭ ئامېرىكا توغرىسىدە كۆپىرەك بىلگۈسى كېلىپ:

- ئۇ ياقتىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنە، - دەپ ئىلتىماس قىلدى.

مېھرىبان پولاتلارنىڭ ئائىلىسى، مېھرىۋانلىقى، چوڭ ئالىم بولسىمۇ ئاددىيلىقى، ئۇ ياقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆملۈكى، ئۆز تىلىنى، ئۆرپى-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئولتارغانلار قىزىقىپ تىڭشاپ ئولتاردى. ئامانجاننىڭ ئېسىغا بىر نەرسە چۈشكەندەك:

– مېھرىبان كىتاۋىڭنى قاچان نەشىر قىلىسەن؟ – دەپ سورىدى.

– خۇدايىم بۇيرىسا، مەشەدىن بىرىپلا شۇ ئىشقا كىرىشىمەن، ئۇنىڭ يولىدا قانچىلىك ماڭىمەنكىن دېگىنە تېخى؟

– ياردەم كېرەك بولسا ئېيتارسەن، مەن شەخسەن ئۆزەم ياردەم قىلىمەن.

– رەخمەت، ئامانجان، كىتاۋىمنى چىقىرىش ئۈچۈن سامىيا ئاخچا بەردى.

– سېيىتجان ئۇ قىزنى بېكار «ئوغۇل قىزىم» دېمىگەندە. ئامېرىكىغا يالغۇز بېرىپ، يولنى تېپىپ كەتكىنىنى قارىمامسەن، – دېدى سادەت.

ئۇ سامىيانى بوۋاق ۋاقتىدا ئۆزى باققان ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مېھرىبان سامىيا توغرىلىق ئېيتىلغان ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ مەغرۇرۇلانسىمۇ، لېكىن تېخىچە نەۋرەسۆيۈش بەختىنى ھىس قىلمىغىنىغا خاپا بولاتتى.

مېھرىبان تۇغۇلغان ژۇتىدا، قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ژۈرۈپ بەش–ئون كۈن كۈنىنىڭ قانداق غۇيۇلداپ ئۆتۈپكەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

ئۇ ئالمۇتىغا قايتىپ كېلىپلا، كىتاۋىنىڭ قولىيازمىسىنى نەشرىياتقا ئېلىپ باردى ۋە كېرەكلىك خادىملار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەممە نەرسىنى كېلىشىپ كەلدى. كىتاپ چىقىرىش جەريانىدا نۇرغۇن يول مېڭىپ، كېرەك ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقان مېھرىبانغا كىتاپ نەشىر قىلىش كىتاپ يېزىشتىنىمۇ تەستەك تۇيۇلدى.

كىتاۋى يورۇق كۆرۈپ، ئۇنى قولىغا ئالغاندا، تارتقان ھەممە جاپاسى ئۇنتۇلۇپ، ھادۇغى چىققاندەك بولدى ۋە كىتاپنى بىر كېچىدە ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ ئۆز كىتاۋىنىڭ قەھرىمانلىرى – ئانىلارنىڭ رېئال ھاياتىنى ئوي–تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزگەنسىرى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ھەيران بولاتتى. مېھرىبان كۆز ئالدىغا توخسەن ياماق كۆينەك كىيگەن، كەتمەننى مۈرىسىگە سەلىپ ئېتىزغا كېتىپ بارغان ئانىلارنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ–ئۆكسۈپ ژىغلاۋەتتى. ئۇنىڭغا شۇ ئانىلارنىڭ روھلىرى ئۆزىدىن بەك رازى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى.

شۇ كۈنى چۈشلۈگى ئۆيىگە ئامانجان كېلىپ قالدى. ئۇ كىتاپنى قولىغا ئېلىپ:

– يارايسەن، مېھرى، – دېدىدە، يانچۇغىدىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ،

ـ بۇ كىتاۋىڭىزنىڭ كۆرۈملۈكى، ـ دەپ ئۇنىڭغا سۇندى.

مېھرىبان خىجالەت بولۇپ:

ـ ۋاي، نېمە ئاۋارە بولدۇڭ، رەخمەت! ئەگەر كىتاپنى ئېلىپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ ھەممىسى كۆرۈملۈك بەرسە، باي بولۇپ كەتمەيمەنمۇ، ـ دەپ كۈلدى.

ـ بىرىنچىدىن، سەن ئالدىڭغا قويغان مەخسىتىڭگە يەتتىڭ. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ چوڭ ـ چىغان يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتا ـ ئانىلار تارىختا قالدى.

ـ ئامانجان، سەن ئالدى بىلەن ئوقۇپ چىق، ئاندىن باھا بەرمەمسەن.

ـ ئالمۇتىغا بىر ئىش بىلەن كەلدىم، شۇڭلاشقا بۇ يەردە يەنە بىر ـ ئىككى كۈن بولىمەن، كىتاپنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۆز پىكرىمنى ئېيتىپ ئۈلگىرىمەن.

ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتىرىپ كىتاپ توغرىلىق گەپنى داۋاملاشتۇردى.

ـ ئامانجان، مەن ژۇتقا بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلارنى ئەسلەپ بىر خاتىرە كەچ ئۆيۈشتۇرۇپ، شۇ يەردە كىتاۋىمنى ژۇتداشلارغا سوغا قىلسام دەيمەن. بۇ پىكرىمگە سەن قانداق قارايسەن؟

ـ ياخشى ئويلاپسەن، لېكىن خاتىرە كەچنى مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي، سەن كىتاۋىڭنى تارىتىپ بەرگىن.

ـ ئادەمگەرچىلىكىڭگە رەخمەت. بەش ـ ئالتە كىتاپنى ئامېرىكىغا سامىياگە ئەۋەتىۋېتەي دەپ ئويلاۋاتىمەن، ـ مېھرىبان ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق تەييارلاشقا كىرىشتى.

ئامانجان كىتاپنى ئېلىپ نېرىقى بۆلمىگە چىقتىدە، ئوقۇپ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ كىتاپنى تاڭ سەھەردە ئوقۇپ تۈگەتتىمۇ، ئۇخلىغىنى يوق. ئامانجان كىتاپتىكى ۋاقەلەردىن چىقالماي، ئويغا پېتىپ تاڭنى ئاتقۇزدى. مېھرىبان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك چاينى تەييارلىماق بولۇپ ئاشخانىغا كىرگەندە، ئامانجان كەينىدىن كىرىپ:

ـ مېھرىبان، راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ موشۇنچىلىك يازىدىغىنىڭنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. كىتاپنى ئوقۇپ چىقىپ، شۇ دەۋرنى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بولدۇم، ئوقۇۋېتىپ ژىغلاۋەتتىم، ـ دەپ مېھرىباننى قۇچاقلاپ سۆيدى.

www.uyghurkitap.com



مېھرىبان ئامانجاننىڭ سەممىي پىكرىگە رازى بولۇپ:
— بۇ كىتاپ چوڭ چىغان يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئانىلاردىن ياش ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ياشلارغا ئۈلگە بولسۇن دەپ يازدىم، — دېدى.

ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ، ئامانجان ئىش بابى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان مېھرىبان كىتاپنى يېنىپ-يېنىپلا قولىغا ئېلىپ، ژۈرىگىگە بېسىپ قوياتتى. ئۇ بۇ كىتاپقا قانچىلىك كۈچىنى سەرىپ قىلىپ، قانچىلىك مېھرى-مۇھەببىتىنى توككەنلىگىنى ئۆزىلا بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاپ بىباھا قىممەت.

كۆپ ئۆتمەي كىتاپنىڭ تولۇق نۇسخىسى چىقىپ، مېھرىبان ئۆز ئۆيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەخسىتىدە كىتاۋنى ژۇتىغا ئېلىپ باردى. ئامانجانمۇ سۆزىدە تۇرۇپ، ئىنتايىن چوڭ، چىرايلىق خاتىرە كەچ ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. شۇ تەنتەنىدە مېھرىبان ژۇتداشلىرىغا كىتاۋنى تاراتتى.

ھەر قانداق ئىجادىيەت ئادىمى ئۈچۈن ئەڭ ژۇقۇرى باھا — ئۇ خەلىق ئالقىشى. مېھرىبان ئەينە شۇنداق ژۇتداشلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كىتاۋنى ئوقۇغان ژۇتداشلىرى، ئالمۇتىدىكى تونۇشلىرى تېلېفوندا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى پىكىرلىرىنى ئېيتىپ، مېھرىبانغا ئىجادىي ئۇتۇقلارنى تىلەپ تۇردى. بۇ پىكىرلەرمېھرىباننى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇ ئىجات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەككەم بەل باغلىدى...

مېھرىباننى ئالمۇتىدا يەنە بىر خوشاللىق، سامىيانىڭ خېتى كۈتۈپ تۇراتتى. قىزى خەت بىلەن بىللە ئاپىسىغا بېرىلگەن گرىن كارتىنى ئەۋەتىپتۇ. سامىيا خېتىدە ئاپىسىنىڭ كىتاۋنى ئوقۇپ چىققانلىغىنى، ئەندى كىتاپنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغۇزۇپ، ئاندىن كىتاپ قىلىپ چىقىرىپ، ئاپىسى ئارمان قىلغان ئوپرا بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىغىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا: «ئاپا، ئەندى قولۇڭدا گرىن كارتاڭ بار، خالىغان چاغدا ئامېرىكىغا كېلىشىڭگە بولىدۇ. مەن سىنى سېغىندىم، يولۇڭغا قاراپ كۈتىمەن»، — دەپ يېزىپتۇ. مېھرىبان گرىن كارتىنى قولىغا تۇتۇپ: «ئەندى ئىشلەپ ئاخچا تېپىپ، قىزىمنىڭ قېشىغا بارسام»، — دەپ ئويلىدى. ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاڭ-سېزىمىنىڭ ئۆزگەرگەنلىگىنى بايقىغان مېھرىبان، قىزىنى تونۇشلارنىلا ئەمەس، چەت ئەلدىكى ھاياتنى سېغىنىپ قالغانلىغىنى

سەزدى. ئۇ قىزىنىڭ خېتىنى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتارغاندا، روزا كىرىپ كەلدى.

ـ مېھرىبان ھەدە، ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپتە ئىنگلىز تىلىدىن دەرىس بېرىدىغان بولدۇم، ـ دېدى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى خوشاللىغىنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ. بۇ خۇشخوي، قەلەم قاشلىق، قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، دۈگلەك ئۈزلۈك، چىرايلىق يېقىملىق قىزنى مېھرىبان قىزىدەك كۆرەتتى.

ـ مەنمۇ ئىشقا چىقىمەن، كۈنلەر شۇنچىلىك ئىلدام ئۆتىۋاتىدۇ، ـ دەپ دېرىزىگە قارىدى مېھرىبان.


ـ بۈگۈن ئۇيغۇر تىياتىرىدا «مۇقاملار كېچى» بولىدىكەن. مەن ئىككى بىلىت ئېلىپ كەلدىم، بىللە بېرىپ كېلەيلى، ـ دەپ تەكلىپ قىلدى روزا.

مېھرىبان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مىللىي ناخشا-سازنى سېغىنىپ قالغانلىقتىن، دەررۇ ماقۇل بولۇپ تەييارلىق كۆردى ۋە ئىككىسى كونسېرت باشلىنىشتىن سەل ئاۋال تىياترغا يېتىپ بەردى.

سائەت يەتتىدە پەردە ئېچىلىپ، كونسېرت باشلاندى. سەھنە تۆرىگە قاتار قويۇلغان ئۇستەﷲردە داپ، باس خۇشتار، غېجەك، ساتار، چاڭ، راۋاپ، دۇتار، تەمبىر، نەي، دولان راۋاپ ئوخشاش مىللىي ساز ئەسۋاپلىرىدا كىيىملىرى ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك چىرايلىق ياراشقان سازەندىلەر ئولتىرىپتۇ. مېھرىبان ئۇلارغا قاراپ ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمدىن باي مۇزىكا سەنئىتىگە ئېگە خەلق ئېكەنلىگىگە يەنە بىر قېتىم مەغرۇرۇلىنىپ قالدى. سازەندىلەرنىڭ كەينىدە مىللىي كىيىملەر ئۆزلىرىگە بەك ياراشقان نۇرەلەم قۇرۋانباقىېۋا، ساھىبەم مەشرەپوۋا، تولۇناي ئەيساروۋا، دىلبىرىم بۇرھانوۋا، لۇئىزا روزاخۇنوۋا، ماراتجان مەمەتباقىېۋا، نۇرالىم ۋارىسوۋ، پەرھات داۋۇتوۋ ئوخشاش ناخشىچىلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇپتۇ.

ئەرلەرنىڭ بېشىدا دوپپا، ئۇچىسىدا قىزغۇچ رەڭلىك توگادىن تىكىلگان تىك ياقىلىق كۆينەكنىڭ ئۇستىدە ئۇيغۇر نەقىشلىرى بېسىلغان قىزىل مەخمەلدىن تىكىلگەن كالتە پەشمەت، قارا سىم، ئايىغىدا خروم ئۆتۈك.

ئاياللارنىڭمۇ بېشىدا دوپپا، ئۇچىسىدا يەڭ ۋە ئېتەكلىرىنىڭ چۆرىسىگە مىللىي نەقىشلەر بېسىلىپ، ئۈنچە-ماجانلار تۇتقان ئۇزۇن يېشىل شىفون كۆينەك، ئۇستىدە نەقىشلەنگەن مەخمەل پىنجەك.



www.uyghurkitap.com

قوللاقلىرىدا يوغان پەيپەيزە، بويۇنلىرىدا ماجانلار ۋە ئۈچ بۇجەك تىكىلگەن تۇمار ۋالىلداپ پاقىراپ، ئىككى قىلىپ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچلىرىدا چاچ تەڭگىلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئاياقلىرىدا پاشنىسى ئېگىز تۇفلى، ھەممىسىنىڭ پەدىزى ئورنىدا.

ساز چېلىنىپ، مۇقام باشلاندى. مېھرىبانىنىڭ پۈتۈن دىققىتى سەھنىدە. ئامېرىكىدا ژۇرۇپ مۇقاملارنى سېغىنغاچقا، بار ۋۇجۇدى بىلەن تىڭشاۋاتاتتى. زالدا ئولتارغانلارمۇ ئويلىرىدا مۇقاملار يېزىلغان قېدىم دەۋرگە بېرىپ قالغاندەك جىم-جىت. مۇڭلۇق مۇقاملار مېھرىبانغا ئەسىرلەر ساداسى بولۇپ ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە ژىغاياماشتى. ئۇ: «ئەساي بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەغدىرى دەرت-ھەسرەتكە تولۇپ-تاشقاچقا، ناخشىلارمۇ مۇڭلۇق بولسا كېرەك» ـ دەپ ئويلىدى.

مۇقاملارنىڭ مەشرەپ نەغمىسى باشلانغاندا، سەھنىگە ئاققۇشلاردەك نازۇك پەرى قىزلار چىقىپ ئەۋرىشىم ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھەممىسىنىڭ بويلىرى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى، چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن، كىيىملىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەپ تۇرىدىغان ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى تاماشىبىننى قايىل قىلىدۇ.

كونسېرت تۈگىگەند، گۈلداراس چاۋاكلار ئىلكىدە سەنئەتكارلارغا گۈلدەستىلەر تەغدىم قىلىندى.

مېھرىبان بىلەن روزا ئۆيگە كېلىپمۇ خېلە ۋاقىتققىچە كونسېرتتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ ئولتاردى.

ـ «ئون ئىككى مۇقام» ـ مىللىتىمىزنىڭ پەخرى،ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىزگا قالدۇرغان مەدەنىي مىراسى، ـ دېدى پەخىرلىنىپ مېھرىبان.

ـ مۇقاملارنىڭ تارىخى قايسى ئەسىردىن باشلانغان؟

ـ بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى يېقىندىكى خەلىق ئارا ئەخبارات ئاكادېمىياسىنىڭ ئاكادېمىگى، «ناۋا» ئانسامبلىنىڭ سابىق بەدىي رەھبىرى ئازات بۇرھانوۋنىڭ ئېيتىشىچە، مۇقاملارنىڭ تارىخى ناھايىتى ژىراقتىن باشلىنىدۇ. مۇقاملارنى ژىغىپ رەتلەش XVI ئەسىردە قولغا ئېلىنغان بولۇپ، يەكەن خانى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە خانىنىڭ كىچىك ئايالى مۇقامچى، شائىرە ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان يارکەندىي خانلىقنىڭ بارلىق سازەندىلىرىنى ئوردىغا ژىغىپ مۇقاملارنى رەتلىگەن ئىكەن.

كېيىنكى دەۋرىدە، يەنى 1950-ژىلى بۇ ئىش شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاۋتونوم رايونىدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەرلىك مۇقامچى تۇداخۇن ئەلنەغمە 12 مۇقامنى رەتلەپ ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى كومپوزىتورلىرىمىز نوتىغا ئالغان دېيدۇ. بۇ بىباھا مۇزىكا بايلىقىمىزنى شۇنداق ساقلاپ قالغان ئىكەن.

شۇنداقلا ئازات بۇرھانوۋ: «ناۋا ئانسامبلى كومپوزىتور ئىكرام مەسىموۋنىڭ رەھبەرلىكىدە «مۇشاۋرەك» مۇقامىنى ئۆگىنىپ، 2000-يىلى تۈركىيەدە ئوكەن فېستىۋالغا قاتناشتى. ئارتىستلىرىمىز بۇ مۇقامنى بىر يېرىم سائەت ئىجرا قىلدى. تاماشىبىنلار مۇقامنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەندىمۇ بىلمەيمىز، لېكىن بىزنىڭ مۇزىكىمىز ئۇلارنى بىردىنلا ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى. كونسېرت ئاياغلاشقاندا، ھەممىمىزگە دەستە-دەستە گۈللەرنى تۇتتى. شاتلىققا تولغان شۇ دەقىقىلەر ھېچ قاچان ئۇنتۇلمايدۇ»، - دېيدۇ.

روزا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

- «ئون ئىككى مۇقام» باشقا مىللەتلەردە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.


- باشقا مىللەتلەردىمۇ مۇقاملار بار، لېكىن سان تەرەپتىن ئاز. «ئون ئىككى مۇقام» پەقەت ئۇيغۇرلاردىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئىككىسى مۇقاملارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، بۈگۈنكى كونسېرتتىن ئالغان تەسىراتلىرى بىلەن بۆلۈشۈپ يېتىپ كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىنى سەزمىدى...

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنىمۇ باي ئىكەن. سىزنىڭ ھېكايىڭىزنى ئاڭلاپ بۇنىڭغا كۆزۈم يەتتى. مۇقاملىرىڭلارنى ساقلاپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ، كېلەچەك ئەۋلادلىرىڭلارنى روھىي جەھەتتىن بېيىتقىنىڭلار قانداق ياخشى، - دېدى رۇس مېھرىبانىغا زوقلىنىپ قاراپ.

- مېنىڭ كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ كىتاب يازغانلىقىممۇ، شۇ روھىي بايلىقنىڭ غەزىنىسىگە ئۆز ئۈلۈشۈمنى قوشۇپ، ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشقۇ...

# بېباھا مىراس



سامىيا دېپلوم ئېلىپلا، ئامېرىكىلىق دوستى بىلەن بىرلىشىپ تۇرىستىك شىركەت ئاچتى. ئىككىسى يالغۇز ئىشلىگەن دەسلەپكى بىر-ئىككى ژىلدا ئېغىرچىلىقلار بولدى، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇلار قىينالسىمۇ ئىزدەندى، ئۆگەندى، ئىشنى داۋاملاشتۇردى. كۈندىن-كۈنگە شىركەتنىڭ تاپاۋىتىمۇ، ئىشلەيدىغان ئادەملەر سانىمۇ كۆپىيىپ، سامىيا بۇ ئىخچام شىركەتنىڭ پرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى. ئۇ ئېغىر-بېسىق، ھەر بىر سۆزنى ئويلىنىپ، ئالدىرىماي سۆزلەتتى ۋە ئادىدىمۇ ئىشداشلىرى ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. ئەندى ئۇنىڭ ئىشى مېڭىپ، كۆڭلى بىر تەرەپ بولغاندا، ئاپىسىنىڭ كىتاۋىنى ئىنگلىز تىلىدا نەشىر قىلىش ئۈچۈن ئاگېنت ئىزدەپ، ئىنتېرنېتتا ئېلان بەردى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېلانى بويىچە يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ، ئارىسىدىن دانىيېل دېگەن قىزنى توغرا كۆردى ۋە ئۇنى دەررۇ ئۇچرىشىشقا چاقىردى. دانىيېل كالىفورنىيا شتاتىنىڭ مالىبۇ شەھىرىدىكى «پېپپېردايىن» ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئالغان بولۇپ، ھازىر پىار ئاگېنتىۋوسىدا ئىشلەيدېكەن. بۇ ئورۇق، ئېگىز، چېچى قىسقا، ئاق ئۆزلۈك، ئوچۇق قىز يۇتا شتاتىنىڭ ئوگدون شەھىرىدە خىزمەتچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ تەربىيىلىنىپتۇ، بىر ئىنىسى بار ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا-ئانىسىمۇ ئاق كۆڭۈل، مېھرىۋان ئادەملەر ئوخشايدۇ.

بۇ قىز سامىياگە يېقىپ:

- ئاپامنىڭ كىتاۋىنىڭ قولىيازمىسىنى ئوقۇپ چىقىپ ئۆز پىكرىڭنى ئېيتارسەن، - دەپ پاپكىنى دانىيېلغا بەردى.

- ئەلۋەتتە، موشۇ يېقىن ئارىدا ساڭا تېلېفون قىلىمەن. ھەممىسى ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.

- بۇ كىتاپنى نەشىر قىلىش مېنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. سەۋەۋى، بىرىنچىدىن، ئۆز خەلقىمنى ئامېرىكىلىقلارغا تونۇشتۇرۇش. ئىككىنچىدىن، ئانامنىڭ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

- مەن ھازىر بىر نەرسە دەلەلمەيمەن. قولىيازمىنى ئۇقۇپ چىققاندىن كېيىن پىكىرلىشىپ ئىشلەرمىز.

سامىيا دانىيېل بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

- سېنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمغا ئىنتايىن خوشالمەن، - دېدى.

دانىيېلنىمۇ شۇنداق پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خوشلاشتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا سامىيانىڭ يەنە بىر كۆزى يەتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي دانىيېل تېلېفون قىلىپ، كوفى-شوپتا ئۇچرىشىش تەكلىۋىنى بەردى. ئۇلار كوفى ئىچىپ ئولتارغاندا، سامىيا ئۇنىڭ كىتاپ توغرىسىدىكى پىكرىنى بىلىشكە ئالدىراپ:

- دانىيېل، كىتاپتىن ئالغان تەسىراتىڭ قىلىداق؟ ئۇنى ئاڭلاش ماڭا تولىمۇ ھاجەت، - دېدى.

قىز بىر ژۇتۇم كوفېنى ئىچىپ قويۇپ، سۆزىنى ئالدىرىماي باشلىدى.

- بۇ كىتاپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە كۆزۈمنى ئاچتى. بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ، ئۆرپى-ئادەتلىرىمىزنىڭ باشقا بولغىنىغا قارىماي، بۇ دۇنياغا ھەممىمىز سۆيۈش ئۈچۈن، سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈن كېلىمىز، ھاياتتىن ئۆز ئورنۇمىزنى تېپىپ بەختلىك بولۇشقا تىرىشىمىز. بالا تېپىپ، ياخشى بىلىم بېرىپ، تەربىيىلەپ، ئالدىغا قويغان مەخسىتىگە يېتىشىنى كۆرۈش ئارمىنىدا ياشايمىز. سامىيا، مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇپ، ئاپاڭنىڭ بەك مېھرىۋان ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ كىتاۋىدا يامانلىق قىلغان قەھرىمانلىرىنىمۇ سىنىغا ئالماي، بەلكى ئۇلارغا كەچۈرۈم بىلەن قاراپ، قەلبىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپتۇ. بۇ كىتاپ ئاپاڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بىز ئۈچۈنمۇ قىممەت كىتاپ بولىدۇ.

ـ دانىيل، مەن بۈگۈن ئىنتايىن بەختلىك. سىنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ خوشاللىقىمنىڭ چېكى يوق. سەن ئامېرىكىلىق بىرىنچى ئوقۇرمەن بولغاچقا، ھەر بىر پىكرىڭ ماڭا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى.

دانىيلمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. دانىيلمۇ خوشال بولۇپ:

ـ ئەندى مۇھەررىر تېپىپ قولىيازمىنى تاپشۇرىمەن. كىتاپنى دەسلەپ ئاز نۇسخا بىلەن چىقىرىدۇ، ـ دېدى.

سامىيا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خوشال بولۇپ:

ـ دانىيل، مېنىڭ مۇھەررىر بىلەن ئۇچرىشىشىم كېرەكمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق، بۇ ئىشنى ئۆزەم نازارەتكە ئالىمەن، كىتاپ نەشىردىن چىققاندىلا ساڭا خەۋەرلەيمەن، ـ دەپ ئالدىراپ خوشلاشتى.

ئارىدىن خېلە ئايلار ئۆتسىمۇ، دانىيل تېلېفون قىلماي جىم ـ جىت بولۇپ كەتتى. سامىيا ئۆزى تېلېفون قىلىشقا خىجالەت بولۇپ ژۈردى. بىر كۈنى ئەتىگەندە سامىيا يېڭىلا ئىشقا كېلىپ ئولتىراتتى يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى.

ـ سامىيا ساڭا قانداق يېڭىلىق ئېيتىدىغىنىمنى بىلەمسەن؟

ـ دانىيلنىڭ ئۈنىدىن خوشاللىق خەۋەر يەتكۈزىدىغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

ـ ياق، بىلمەيمەن، لېكىن مېنى قىينىماي ئېيتقىنا؟

ـ ئاپاڭنىڭ كىتاۋى ئامېرىكىدا يورۇق كۆردى، تەبرىكلەيمەن.

ـ رەخمەت، دانىيل، كەچتە ئىتالىيان رېستوراندا ئۇچرىشايلى ۋاقتىڭ بارمۇ؟

ـ بولىدۇ، بۈگۈن جۈمە، بىر ھەپتىلىك ئىش ۋاقتى تاماملاندى. كەچتە سائات يەتتىدە ئۇچرىشايلى.

سامىيا بۇ ئۇچرىشىشقا خالىدا بىلەن مېلىسانىمۇ قوشۇپ چاقىرىپ قويدى. كەچتە ژۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ئاق سىم بىلەن ئاق كوفتا، پۈتىغا ئېگىز پاشنىلىق قارا تۇفلى كىيىپ، قولىغا قارا سومكىسىنى تۇتۇپ، ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئەينەككە يەنەبىر قاراپ ماڭدى. يولدا گۈل ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاپ، چىرايلىق ئورالغان بىر قۇچاق قىزىل گۈل سېتىۋالدى.

ئۇ سانتا ـ مونىكىدىكى مۇھىتقا يېقىن يەرگە ئورۇنلاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


«II Fornaio» دېگەن ئىتالىيان رېستورانىغا كەلدى. سامىيا ماشىنىدىن گۈلدەستىنى ئېلىپ، رېستورانغا كىرگەندە، كەينىدىنلا دانىيېل كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىنىڭمۇ قولىدا گۈلدەستە. قىزلار بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتىدە، دەسلەپ دانىيېل گۈلدەستىنى سامىياگە بېرىپ تەبرىكلىدى.

- دانىيېل، بۇ چوڭ ئىشنى سەن ئەمەلگە ئاشۇردىڭ، شۇڭلاشقا سېنى تەبرىكلەيمەن، - دەپ ئۇنىڭغا گۈلنى تۇتقۇزدى سامىيا.

مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغان قىز ئۇلارنى بوش ئۇستەلگە تەكلىپ قىلىپ، گۈللەرنى ۋازىغا چىلاپ قويىدى. ئىككىسى ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، دانىيېل سومكىسىدىن كىتاپنى چىقىرىپ:

- سامىيا، ئارمىنىڭ ئەمەلگە ئاشتى، - دەپ كىتاپنى ئۇنىڭغا سۇندى.

قىز كىتاپنى ئېلىپ سۆيۈپ ژۈرىگىگە باستى.

-دانىيېل، ساڭا رەخمەت، بۇ كىتاپ ئىككىمىزنى ئۆمۈرلۈك دوست قىلدى.

- دۇرۇس دېيسەن سامىيا بىز ئەندى ئۆمۈرلۈك دوست.

- موشۇ يېقىندا ئاپام كەلمەكچى، مەن سېنى ئاپام بىلەن تونۇشتۇراي، ماقۇلمۇ.

ئاشۇغىچە خالىدا بىلەن مېلىسا كىرىپ كەلدى. سامىيا دانىيېلغا دوستلىرىنى تونۇشتۇرۇپ:

- قىزلار، بۇ - دانىيېل، بۈگۈندىن باشلاپ دانىيېل بىزنىڭ دوستۇمىز، دوستلار كۆپەيدۇق، - دەپ خوشال سۆزلەپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن ئېگىز، قويۇق قارا چاچلىق، قاڭشا بۇرۇنلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئوفىتسانت ژىگىت:

- سالام قىزلار! مېنىڭ ئىسمىم - مارىئو، مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىمەن، - دېدى ۋە ھەر بىرىگە تاماقلارنىڭ تىزىمى يېزىلغان كىتاپچىنى تۇتقۇزدى.

سامىيا دوستلىرىغا:

- قىزلار، خالىغان تاماقلارنى بۇيرۇتىڭلار، بۈگۈن مەن ھەممىڭلارنى مېھمان قىلىمەن، - دېدى.

- بۈگۈن قانداق كۈن ئۆزى؟ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئەمەس، نېمىنى ئاتاپ ئۆتمەكچىمىز؟ - سورىدى ھەيران بولۇپ خالىدا.

- ئالدىرىما، - دېدى سامىيا.

– قىزلار، سىلەر تەييارمۇ؟ – دەپ كۈلۈپ تۇردى قولىغا قەغەز – قەلەم تۇتقان ئوفىتسانت. ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلىسىمۇ، تىلىدىن ئىتالىيالىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سامىيا:
– سۇ، سەي بۇيرىتايلى. قىزلار قانداق شاراپ ئىچىسلەر؟ – دەپ سورىدى.
– «Chianti» قىزىل ۋىنودىن بىر بودۇلكا بۇيرىتايلى، – دېدى دانىيل.
– قانداق تاماقلارنى تاللىدىڭلار، – دېدى ئوفىسانت ژىگىت.
– مەن Linguine More Chiako ئالاي، – دېدى سامىيا.
– مېنىڭ ياقتۇرىدىغان تامىقىم Turtei Con Aragosta – دەپ بۇيرۇتتى دانىيل.
مېلىسا:
– مەن دېتىدا ئىدىم، بۈگۈن بۇزىدىغان بولدۇم، al forno Connelloni ئالاي، – دېدى.
– مەن ئىتالىيان رېستورانىغا كەلسەم، دايىم Lasagna ferravese ئالىمەن بۈگۈنمۇ شۇنى بۇيرىتاي، – دېدى خالىدا.
دېسسېرتچۇ؟ – سورىدى ژىگىت.
سامىيا ھەممىسگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تىرامىسۇ تورتىنى بۇيرۇتاي دېۋىدى، قىزلار ئۇنۇماي، ئىتالىان مۇزشېكىرىنى ئالايلى دېيىشتى. كۆپ ئۆتمەەي ئوفىسانت ژىگىت يوغان پەتمۇستا سامساق سۈركەپ، دۇخوۋكىدا قىزارتىپ، ئۈستىگە پومىدور، زىيتۇن، رېھان كۆكى ئۇششاق توغرىلىپ سېلىنغان تۆرتكېسىم نان قويۇلغان تەخسىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى «bruschetta» دەيدېكەن. ئىككى تەخسىدە سەي قويۇپ، بوكاللارغا سۇ قۇيدى. بىر بوكالغا بودۇلكىدىن ئازىراق قىزىل شاراپ قۇيۇپ سامىياگە بەردى. سامىيا شاراپنى پۇراپ، بىر ژۇتۇم ئىچىپ، دەمىنىڭ ياخشىلىغىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ بوكاللىرىغا شاراپ قۇيۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سامىيا بۈگۈن نېمە ئۈچۈن دوستلىرىنى چاقىرغانلىغىنى ئېيتىپ، سومكىسىدىن كىتاپنى ئېلىپ كۆرسىتىپ:
– ئاپامنىڭ كىتاۋى ئىنگلىز تىلىدا يورۇق كۆردى. بۇ ئىشنى دانىيل ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن دانىيل دوستۇمىزغا رەخمەت ئېيتىپ، سىلەرنى ئۆزەمنىڭ خوشاللىغىمنى بۆلۈشۈشكە چاقىردىم، – دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


دوستلىرى سامىيانى تەبرىكلەپ قەدەھلەرنى كۆتەردى. مىلىسا:
— سامىيا، سەن ئاپاڭغا قانچىلىك خوشاللىق ھەدىيە قىلدىڭ، بىلەمسەن، چىن ژۇرىگىمدىن تەبرىكلەيمەن، — دەپ يېنىدا ئولتارغان دوستىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. خالىدا:
— سامىيانىڭ ئىشى كىتاپ نەشىر قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ تېخى ئاپىسىنى ئارمىنىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش كېرەك، — دېدى.
— ئاپىسىنىڭ يەنە قانداق ئارمىنى بار؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى دانىيېل.
— ئاپامنىڭ موشۇ كىتاۋى ئارقىلىق ژۇرنالىست ئوپرا بىلەن ئۇچرىشىش ئارمىنى بار.
ئۇلارنىڭ قېشىغا يەنە پەتمۇس كۆتىرىپ ئوفىتسىانت كەلدىدە، يوغان تېز تەخسىلەرگە سېلىنغان تائاملارنى ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «تامىغىڭلار دەملىك بولسۇن، قىزلار!» — دېدى.
سامىيانىڭ تەخسىدىكى Linguine More Chiakoدېگەن تولىمۇ دەملىك تاماق بىزنىڭ كەسمە لەڭمەننى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭغا دېڭىز يېمەكلىرىنى قايماق سوئۇس، ئىرىمچىك بىلەن قورۇپ ئارىلاشتۇرغان، ئۈستىنى رېھان كۆكى بىلەن بېزەپ قويغان. دانىيېلنىڭ تەخسىدىكى يوغان دۈگلەك، ياپىلاق چۆشۈرە Turtei Con AragostaT دەپ ئاتىلىپ، ئىچىگە لوبستېر سېلىپ پىشۇرۇپ، ئۈستىگە پىياز، سۇ چايىنىنى پومىدور بىلەن قايماق سوئۇسقا قورۇپ، بىر چېتىگە رېھان كۆكىنى قويۇپ بېزەپ قويغان.
مېلىسانىڭ تەخسىدىكى Connelloni al forno دەپ ئاتىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلغان يوغان ماكارونغا توخۇ گۆشى، شپىنات، موگۇ، قۇرۇتقان پومىدور، موسارېللا ئىرىمچىكىنى تومات سوئۇسى بىلەن قورۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، رېھان كۆكىنى سېپىپ قويغان.
خالىدانىڭ تەخسىدىكى تاماق Lasagna ferraveseدەپ ئاتىلىپ، خېمىرنى يېيىپ، يوغانلىغىنى ئالقاندەك قىلىپ تۆرت بۇرجەك كېسىپ، گۆشتىن تاييارلانغان قىيمىسىغا موگۇ، پورمېزان ئىرىمچىگىنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرنىڭ ئۈستىگە نېپىز سېلىپ، ئۈستىگە يەنە بىر قات خېمىر يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قىيما سېلىپ نەچچە قاتلام ياساپ، پەچتە پىشۇرۇپ چىققان.
قىزلار ئىشتەھا بىلەن تاماقلىنىپ، بىر ژۇتۇمدىن شاراپ ئىچىپ ئولتۇرۇشتى. خالىدا سامىياگە چاقچاق قىلىپ:

– كەسمە لەگمەننىڭ تەمى قانداق؟ – دېدى كۆلۈپ.
– دەمنى تېتىپ كۆرەمسەن، – تەكلىپ قىلدى سامىيا.
– ياق، ياق، ئۆزەمنىڭ تەخسىسىدىكىنى يەپ يىپىي تۈگەتسەمما يېتىدۇ.
دانىيل تاماق يەپ ئولتىرىپ سامىياگە:
– سېنىڭ بايا دېگەن سۆزۈڭنى ئويلاۋاتىمەن. بىز بۇ ئاز نۇسخا كىتاپلار سېتىلىشتىن بۇرۇن ئاپاڭنى چاقىرايلى، – دەپ تەكلىپ بەردى.
– نېمە ئۈچۈن؟
– بىز ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئاپاڭ بىلەن ئۇچرىشىشلارنى ئۇيۇشتۇرايلى، شۇ چاغدا كىتاپ سېتىلىدۇ، ئاندىن مىڭلىغان نۇسخا بىلەن چىقىرايلى.
مېلىسا سۆزگە ئارىلاشتى.
– بۇ كىتاپ ئۇپرانىڭ قولىغا چۈشسە، ئوقۇپ قىزىقىپ كېلىشى مۇمكىن.
– قازاقستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئوقۇپ قىزىقىپ قالسا، بىز ئۈچۈن تۈگمەس خوشاللىق بولاتتىدە، – دېدى خالىدا.
تاماق يېيىلىپ بولغاندا، دېسېرت كەلتۈرۈلدى. سامىيا:
– قىزلار، بېكار تورت بۇيرۇتمىدىڭلار، نېمەدېگەن تاتلىق، – دەپ قىزلارنىڭ ئىشتىيىنى ئاچماق بولدى.
قىزلار مۇزشېكەر يەپ ئولتىراتتى، مېلىسا:
– بىز ھېساپ–چوتنى ئېلىپ كېلىپ سامىيانىڭ ئالدىغا قويدى.
– سامىيا، ئوفىتسانتىنىڭ ياخشى خىزمىتى ئۈچۈن بىز تۆلەيلى، – دېدى دانىيل.
ياق، ئۆزەم تۆلەيمەن، سىلەر مېنىڭ مېھمانلىرىم، – دەپ ھېساپ–چوتقا ئوفىتسانتقا 20% ئاخچا قوشۇپ يازدى.
خالىدا:
– 20% كۆپ ئەمەسمۇ؟ – دېدى.
– ياق، كۆپ ئەمەس، مەن ئۆزەم ئوفىتسانت بولۇپ ئىشلىگەچكە، بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئېكەنلىگىنى بىلىمەن.
مېلىسا يەنە چاقچاق قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– مارىئوننىڭ خىزمىتىگە ئەمەس، چىرايلىق ژىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن 20% قوشۇپ يازدى، – دېدى.

قىزلار ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى. ژىگىت رەخمەت ئېيتىپ، دانىيېل بىلەن سامىياغا ۋازىدىكى گۈللىرىنى بەردى. ھەممىسى سامىياگە رەخمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ، ھەر بىرى ئۆز ماشىنىسىغا ئولتىرىپ كېتىشتى.

سامىيا دەررۇ ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ يېڭىلىقنى يەتكۈزدى.

– ئاپا، سىنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىڭ كېرەك.

– مەن قانداق بارىمەن، تۇرغان ئاكام قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولسا، – دەپ توختاپ قالدى.

– ئاپا، بۇ يەردە كۆپ تۇرمايسەن، لېكىن سىنىڭ كېلىشىڭ كېرەك، – دەپ ھەممىنى چۈشەندۈردى.

بۇ ژىلى كىتاۋنىڭ ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مېھرىبان ئامېرىكىغا يەنە ئۈچۈپ كەلدى. دانىيېلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە دىسلەپ ئۇ ئوقۇغان «پېپپېردايىن» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، كېيىن سامىيا ئوقۇغان UKLA ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە ئۇ ئىشلىگەن سانتا-مونىكا كوللېدژىدا ئۇچرىشىشلار بولۇپ ئۆتۈپ، بۇ ئۇچرىشىشلاردا ئاز نۇسخىدا يورۇق كۆرگەن كىتاپ چاپسانلا سېتىلىپ كەتتى. مېھرىبان ئۆمرىدە بۇنچىلىك خوشاللىق بولمىغان ئېدى. ئۇ ئۆزىنى ئېگىز كۆكتە قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ ژۈرگەندەك ھىس قىلدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ خوشاللىغىمۇ ئۇزاققا بارمىدى.


– مېھرىبان، شۇنداق ئۇچرىشىشلار ئىجادىيەت ئادەملىرىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇمۇتلەندۈرسە كېرەك.

– ئەلۋەتتە، ئامېرىكىدىكى ئۇچرىشىشلاردىن چوڭ تەسىرات ئالدىم.

– مۇمكىن، ئۆز ھاياتىم ھەققىدە سىزگە سۆزلەپ بەرسەم، يەنە بىر كىتاپ يېزىۋېتەرسىز. بەلكى، كېيىنكى كىتاۋىڭىزنىڭ قەھرىمانى مەن بولارمەن، – دېدى رۇس.

– بەلكى، سىزنىڭ تەغدىرىڭىز كېيىنكى كىتاۋىمنىڭ سيوژېتى بولار. چۈنكى ھەر بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆزىلا بىر كىتاپقۇ. بىراق ئالدىن-ئالا ۋەدە بەرمەي قوياي، ھەممىنى ۋاقىت كۆرسىتەر، – ئۈيلىنىپ قالدى مېھرىبان.

# قېرىنداشنىڭ ئوتى بۆلەك



كېچىسى تون يېرىمدىن ئاشقان پەيتتە، تۇيۇقسىز قاتتىق جىرىڭلىغان تېلېفوندىن ئانا-بالا چۆچۈپ ئويغاندى. سامىيا قىسقىلا سۆزلىشىپ تېلېفون نوگىينى ئورنىغا قويدىدە:

- ئاپا، تۇرغان چوڭ دادام ۋاپات بوپتۇ، - دېدى ئاستا.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى. سامىيا ئاپىسىنى قۇچاقلاپ:

- ئاپا، ژىغلىما، سەۋر قىل. ئەگەر بارىمەن دېسەڭ، ئەتە ئۇچاققا بېلەت ئېلىپ ئولتارغۇزۇپ قويىمەن. بىراق بەرى بىر نامىزىغا ئۈلگىرەلمەيسەن، ئەتە يەرلەيدىكەن، - دېدى.

- قىزىم، يەرلىگىنىگە ئۈلگىرەلمىسەممۇ بارىمەن. تۇرغان ئاكام بىز، ئاجىز قېرىنداشلىرى، ئۈچۈن ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا ئاتا بولغان. ئاتا-ئانامنىڭ چىرىغىنى ئۈچەرمەي يېقىپ كەلگەن قېرىندىشىم، شۇڭلاشقا، چوقۇم، بېرىشىم كېرەك.

- ئاپا، ماڭا رەنجىمە، مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ماڭىمۇ ئانا كېرەك، 18 سائەت ئۇچاقتا ئۇچۇش ئاسان ئەمەس. ئايروپورتلاردا كۈتۈش ۋاقىتلىرىنى ھېساپلىغاندا ئالمۇتىغا 42 سائەتتە يېتىپ بارىسەنكەن.

- مەن نېمە بولاتتىم، ئۇچۇپ ئۆگىنىپ قالدىمغۇ، سەن ئەنسىرىمە، ئاپاڭ كۈچلۈك ئايال، - دەپ يەنە ژىغلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سامىيا ئاپىسىنىڭ ئۆز سۆزىدىن قايتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى يولغا تەييارلاشقا باشلىدى. مېھرىبان كىچىكچە كۆز ژۇمماي، قىزىغا ئاتا-ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئېغىر ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

سامىيا ئەتىسى بىلىت ئېلىپ، كەچقۇرۇنلۇغى سائات 19.00 دا ئانىسىنى ئۇچاققا ئولتارغۇزۇپ، كەچتە روزاغا تېلېفون قىلىپ، ئاپىسىنى كۈتۈۋېلىپ ياركەنتكە بىللە بېرىشنى ئۆتۈندى.

مېھرىبان ئامستېردامدا 4-3 سائات كۈتۈپ ئالمۇتىغا ئۇچىدىغان ئۇچاققا ئولتاردىدە، ئەتىگەنلىكى سائات بەشتە ئالمۇتىغا كېلىپ قوندى. روزا ئىككىسى ياركەنتكە ماڭىدىغان تاكسىغا ئولتىرىپ يولغا چىقتى. ئامېرىكىدىن ياركەنتكىچە 28 سائات يول مېڭىپ، ئەتىگەنلىكى سائات 10 دا ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە يەتتى. «ئۆلۈمنىڭ ئېتى ژۇگرۇك» دېگىنى موشۇ بولسا كېرەك.

ھەر قاچان تۇرغان بىلەن رەنا مېھرىبانىنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپ قارشى ئالاتتى. بۇ قېتىم دەرۋازا ئۇۋاق ئوچۇق تۇرىدۇ، لېكىن قارشى ئالىدىغان قېرىندىشى يوق. مېھرىبان ئورنى تولماس دەرتكە چىدىماي، ئۈن سېلىپ ژىغلاپ ئۆيگە كىردى ۋە باشلىرىغا ئاق ياغلىق تېڭىپ ئولتارغان ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداشلار بىلەن ژىغا-زېرە بولۇپ كۆرۈشتى. شۇ كۈنى تۇرغان ئاكىسىنىڭ ئۈچى نەزىرگە تاييارلىق كۆرۈلۈۋېتىپتۇ. ئۈچ ئاجىز قېرىنداش تاغدەك يۆلەك بولۇپ ژۈرگەن تۇرغان ئاكىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا كۆيۈنۈپ ئۇزاق ژىغلاشتى. بىراق ئامال قانچە؟ بۇ شۇنداق تەگشەلمىگەن ئالەم دەپ ئۆزەڭگە قانچە سەۋرلىك بەرسەڭمۇ، قېرىنداشنىڭ كۆيۈك ئوتىنى ئارىدىن ئۆتكەن ۋاقىت ئۆچىرەلمەيدىكەن.

ئارىدىن ئايلار ئۆتتى. ژىراق ئامېرىكىدىن سامىيا ئانىسىغاتېلېفون قىلىپ:

- ئاپا، سىنىڭ ئارمىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. ئامېرىكىغا كېلىشىڭ كېرەك، - دېدى سۆزىنى ئاڭلاپ، مېھرىبان ھەممىنى چۈشەندى. شۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھىس قىلسىمۇ: «جاپا تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلغان ئاتا-ئانام، ئىككى قارىغايدەك قېرىنداشلىرىم تۇرسۇن ئاكام بىلەن تۇرغان ئاكام مېنىڭ بۇ خوشاللىغىمنى كۆرسە، ئاڭلىسا بولماتتىمۇ»، - دەپ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى. ھەقىقەتەن، ئەگەر ئۇلار ھايات بولسا، مېھرىبانىنىڭ ئۇتۇغىغا ئورتاق بولۇپ، بېشى كۆككە

يەتمەتتىمۇ؟ موشۇنداق ئارمانلاردا مېھرىبان يەنە ئۇچاققا ئولتىرىپ ئامېرىكىغا ئۇچۇپ كەتتى...

***

جىم-جىت تىڭشاپ ئولتارغان رۇس:
- مېھرىبان. يول بويى ھېكايىڭىزنى تىڭشاپ، سىزنىڭ تولىمۇ ئېغىر ھايات كەچۈرگەنلىكىڭىزنى بىلدى، لېكىن ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ، ھاياتنىڭ قەدرىنى چۈشەنگەچكە بەختلىك ئېكەنسىز. مېنىڭ بالىلىق چېغىم ئېغىرچىلىقسىز، سىزگە قارىغاندا بەختلىك ئۆتتى. لېكىن ئۆزەمنىڭ پىكرىمنى راست دېيەلا، قېشىمدا ژۇرگەن، ماڭا قىممەت بولغان ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ھۆرمەتلىمەي چوڭ بەختتىن ئايرىلىپ قالدىم. ئەندى سىز مېنىڭ ياھاتىم توغرىلىق تىڭشاڭ، - دەپ ئىللىيۇمناتوردىن يېنىمىزدىلا ئۆزۈپ ژۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا قاراپ ئولتىرىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.
مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملاپ ئىشقا ئورۇنلاشتىمدە، تۇرمۇش قۇرۇش توغرىلىق ئانچە ئويلاپ كەتمىدىم. يېشىم ئوتتۇزدىن ئاشقاندا بىر باي ژىگىتكە تۇرمۇشقا چىقىپ، بىر ژىلدىن كېيىن ئوغۇل بوشاندىم. دادىسى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى پېتېر دەپ قويدى. ئوغلۇمىز كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ئېدى. مەن ئۆيدە ئولتىرالمىغاچقا، بوشىنىپ ئاز كۈندىن كېيىنلا، ئوغلۇمنى بالا باققۇچىغا تاشلاپ ئىشقا چىقىپ كەتتىم. ئۆيدە ئاشپەز، ئۆي خىزمەتكارى بار بولۇپ، يولدىشىم ئىككىمىز ئەتىگەندە كېتىپ، كەچتە بىراقلا كېلەتتۇق. شۇنداق ئىشلەپ ژۈرۈپ پېتىنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ قارغىنىنىمۇ بىلمىدۇق.
پېت ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق، ئەقىللىق ژىگىت بولۇپ ئۆستى، لېكىن ماڭا ئوخشاش ئۆز پىكرىنى راست دەپ، بىر سۆزدە قەتئىي تۇرۇۋالاتتى. ئوغلۇمىز مەكتەپنى، كېيىن كوللېدژنى تاماملاپ، يۇرىست بولۇش ئارمىنىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا چۈشتى. شۇ ژىلى بىزنىڭ ئۆيدىكى خىزمەتكار ئايال كېتىپ قالدى، مېكسىكىدىن كەلگەن، ئىنگلىزچە ياخشى بىلمەيدىغان سالىدات ئىسىملىق قىزنى ئىشقا ئالدىم.
سالىدات ئۇزۇن قاپ-قارا چاچلىق، يوغان قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئورۇق، ئېگىز چىرايلىق قىز ئېدى. مەن ئىش بىلەن بەنت بولۇپ باشتا ھېچ نەرسىنى بايقىماپتىمەن، كېيىن دادىسى ئىككىمىز ئاخماق بالامنىڭ ئۆي خىزمەتكارىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدۇق ۋە پېتقا رەنجىپ: «قىزغا يېقىن يولىما، ئۇ مېكسىكىلىق قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىنىڭ خىلىڭ ئەمەس»، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتۇق. لېكىن ئوغلۇم قىزنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئىچىپ ئېيتتى. ئىشىنىڭ مۇنداق بولارىنى ئۈيلاپ قويمىغان دادىسى ئىككىمىز پىت بىلەن جىددىي سۆزلەشتۇق. «ئەگەر سەن بۇ قىزنى تاشلىمىساڭ، بىز سېنىڭدىن رازى ئەمەس، بانكىدىكى ھېساپ-چوتۇڭنى ياپىمىز، ئۇنىۋېرسىتېتقا تۆلەيدىغان ئاخچىنىمۇ تۆلىمەيمىز. سۆزۈمىزگە كىرمەي، ئۆزەڭنىڭ بىلگىنىڭنى قىلساڭ، بىزدىن ساڭا ھېچ قانداق مىراس قالمايدۇ»، — دەپمۇ قورقۇتتۇق. پىت بىزگە ئاچچىق قىلىپ:

— ماڭا سىلەردىن ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ساللىدات بىلەن بالامنى تاشلىمايمەن. سىلەر ماڭا موشۇ ياشقىچە ھەممىنى بەردىڭلار، ئەندى مەن ئۆزەمنىڭ بالامغا شۇنى بېرىشىم كېرەك، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

پىت كەتكەندىن كېيىن، يوغان ئۆيدە دادىسى ئىككىمىز قېلىپ، ئاچچىغىمىزدا نېمىلەرنى دېمىدۇق، ھەتتا پىتنىڭ كەينىدىن ئىزدەپمۇ قويمىدۇق. بىز ئۇنى بەرى-بىر ساللىداتنى تاشلاپ قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدۇق، لېكىن بىز ئويلىغاندەك بولمىدى. ئەكسىنچە، پىت ئوقۇشىنى تاشلاپ ساللىداتنى ئېلىپ نيۇ-يوركقا كېتىپ، ئۇ يەردە ئوت ئۆچەرگۈچىلەرنىڭ ئىككى ژىللىق ئوقۇشىنى ئوقۇپ، ئوت ئۆچەرگۈچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. ساللىدات ئوغۇل بوشىنىپ ئىسمىنى ئالېكس قويىدۇ. پىت نەۋرىمىزنىڭ تۇغۇلغىنى توغرىلىق بىزگە خەۋەر قىلدى، لېكىن بىز خۇش خەۋەرگە ئېرەڭمۇ قىلمىدۇق. ئاچچىغىمىزدىن قايتماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە يالغۇز قايتىپ كېلىشىنى ئۈمۈت قىلىپ ياشىدۇق.

كۆردۈڭمۇ، مېھرىبان، بىز، ئادەملەر، بەزىدە قانچىلىك ئاخماق بولىمىز. بىزمۇ چوڭلىغىمىزدىن نەۋرىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە خوشال بولمىدۇق، ئوغلۇمنىڭ شاتلىغىنى تەڭ بۆلۈشۈشكە بايلىغىمىز بىلەن مەن-مەنلىگىمىز يول قويمىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ساللىدات ئاستا-ئاستا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ، كوللىېدژنى تاماملاپ، ئىشقا كىرىپ ئىشلەپتۇ. بىراق پىت بىلەن ساللىدات نەۋرىمىزنى چوڭ قىلغىچە قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى تارتقانلىغىنى بىلمەيمىز. كېيىن-كېيىن ئىش بىلەن ژۈرۈپ پىتنى ئەسلەشتىنىمۇ قالدۇق.

2001-ژىلى 11-سېنتەبىر كۈنى نيۇ-يوركتا بولغان ۋاقىەنى سىزمۇ كۆرگەن ئىكەنسىز. بىزگە شۇ كۈنى ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇپ ژۈرۈپ قازا بولغان ئوت ئۆچەرگۈچىلەر ئارىسىدا ئوغلۇمىزنىڭ قازا تاپقىنىنى خەۋەرلىدى. پىتتىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالغاندىلا، دادىسى ئىككىمىز

ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ئېغىر خاتالىق ئەۋەتكىنىمىزنى چۈشەندۇق ۋە ئۆزىمىزنى كەچۈرەلمىدۇق. يېنىڭىدا ژۈرگەن، ئۆزەڭگە قىممەت ئادەملەرنىڭ قەدرىنى تىرىكىدە بىلمەيمىز، ئۇلارنىڭ قەلبىگە قولاق سېلىپ، پىكرىنى ھۆرمەتلىمەيمىز. كېيىن قانچە ژىغلاپ پۇشايمان يېسەكمۇ ئورنىغا كەلمەيدىكەن...

بىز نيۇ-يۇركقا 11-سېنتەبىر پاجەسىدە قازا تاپقان ئوت ئۆچەرگۈچىلەرنى يەرلەش مەراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باردۇق. شۇ يەردە تۆرت ياشلىق نەۋرىمىز ئالېكسنى بىرىنچى قېتىم كۆردۇق. نەۋرىمىز دادىسىغا شۇنچىلىك ئوخشاپتۇ، خۇددى پىتىنىڭ كىچىك چېغى ئۆزىلا. سالىداتمۇ بىر چاغلاردا مېكسىكىدىن قېچىپ كەلگەن چاغدىكى قىز ئەمەس، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ، تەزىيە بىلدۈرگەن ئادەملەرگە پىتىنىڭ ئالىي خىسلەتلىرىنى ئېيتىپ ژىغلاپ، يەنە ئۆزىگە سەۋىرلىك بېرىپ ئوغلىنىڭ باش-كۆزىنى سىيپاپ ئولتىراتتى. ئىنگلىزچىنىمۇ تازا سۆزلەيدۇ. دادىسى ئىككىمىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ، ژىغلاپ نەۋرىمىزنى قولۇمىزغا ئالماقچى بولغانىدا، سالىدات بالىنى قۇچاغلاۋېلىپ بەرمىدى. ئۇ رەنجىپ:

– ئەندى كەلدىڭلارما، سىلەر كەچ كەلدىڭلار، پىت سىلەرنى قانچە كۈتكەن، – دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

بىز ئالېكسنى باغرىمىزغا بېسىپ، بىز سېنىڭ بوۋاڭ، موماڭ دېيىشكە ژۈرئەت قىلالمىدۇق، چۈنكى نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويغانلىغىمىزنى بىلدۇق. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا پىتىنىڭ مۇھەببىتىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، پىكرىگە قۇلاق سالغان بولساق، بەلكى بالىمىز ئۆلەتتىمۇ. ئۇ ئوقۇشىنى تاماملاپ يۇرىست بولۇپ ئىشلەتتىمۇ؟ بىزمۇ نەۋرىمىزنى باغرىمىزغا بېسىپ، ئۇنىڭ «موما، بوۋا» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، قانچىلىك بەختلىك ياشىغان بولار ئىدۇق؟ لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئارمان بولۇپ قالدى. بىز بالىمىزدىن ئايرىلغانىدىلا، ھاياتىنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىگە كۆز يەتكۈزۈپ، ساقايماس ھەسرەتتە قالدۇق، – دەپ رۇس جىم-جىت ئولتىرىپ قالدى.

مېھرىبان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

– سىز ئۆزىڭىزنى بىكار قىيناۋاتىسىز، سەۋەۋى ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان چۈشەنمەسلىكلەر ھەممە ئائىلىلەردە ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە، سىلەر پىتنى تولىمۇ ياخشى تەربىيىلەپسىلەر. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى، بالىسى ئۈچۈن سىلەرگە قارشى تۇرۇپتۇ، بىلىمى بار ئۈچۈن ئىشلەپ ئائىلىسىنى بېقىپ، بەختلىك ياشاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيانى تەۋرەتكەن پاجىەلىك جاغدايدا جاسارەتلىك كۆرستىپ قۇرۋان بوپتۇ. بۇ كۆرۈنگەنىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بەرگەن تەربىيەڭلار. سالىداتىنىڭ گېپىچە، پىت سىلەرنى كۆتۈپتۇ. كۆردۇڭۇزمۇ، ئۇ سىلەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەن، شۇڭلاشقا بەرى بىر كەچۈرۈپ، سېغىنىغان، — دېدىدە، رۇسنىڭ يېنىدا ئېگىز، چىرايلىق ژىگىتىنىڭ كۆلۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىر تۇرلۇك بولۇپ توختاپ قالدى.

مېنىڭ دەردىم پىت بىلەنلا تۈگىمىگەن ئېكەن، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى رۇس. — كۆپ ئۆتمەي، يولدىشىم ماشىنا ھايداپ كېتىپ بارغاندا ژۇرىگى توختاپ قېلىپ قازا تاپتى. كۆردىڭىزمۇ، مېھرىبان، مەن شۇنچە دۇنيارىم بىلەن تەنھا قالدىم. سالىداتقا نەۋرەمنى ئېلىپ كەل، بىللە تۇرايلى دېسەم، ئۇنىمىدى. ئۇ تېخىلا پىتنىڭ ئۆلۈمىگە مېنى گۇناھكار دەپ ئويلايدۇ، ئەتىمالىم... پىتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھاياتىمىنىڭ مەزمۇنى تامامەن يوقىغانلىقىنى ئۇ نەدى بىلسۇن. ئىش دەپ ژۇرۇپ بالامغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا قانچە ئۆكۈندۈم...

قازاقستاندىمۇ پات-پات ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىمەن. ھازىر ئۆزەمنى بىر تۇرلۇك سېزىپ، نەگە بارغىنىمنى، نەگە كېتىپ بەرغىنىمنى پەرىق قىلالماي تۇرىمەن. پەقەت سىزلا مېنى كۆرۈپ، گېپىمنى ئاڭلاۋاتىسىز، باشقا ھېچ كىم مېنى كۆرمىگەندەك، ئاڭلىمىغاندەك قىلىدۇ، قاراڭ، — دېگەندە، مېھرىبان يەنە بىر تۇرلۇك بولۇپ قېلىپ، ماڭلىيىدىن مۇزدەك تەر چىقتى.

رۇس سۆزىنى داۋاملاشتىرىپ:

— يولدىشىم بىلەن ئوغلۇمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مېنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ھېچ بىر ئەھمىيتى، قىزىغى قالمىدى. مېھرىبان، سىزگە چوڭ بىر ئىلتىماسىم بار، — دېدى.

مېھرىبان ھەيرانلىقتىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ : «تونۇمىغان، بىلمىگەن بۇ ئايالنىڭ ماڭا قانداق ئىلتىماسى بولۇشى مۇمكىن»، — دەپ ئويلىدى.

— مېھرىبان، ئىككىلەنىنىڭ ئۇراشقىنىمۇ بىكار ئەمەس بولۇش كېرەك، ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز سالىدات بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەممىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈڭ. سالىدات بىلەن نەۋرەم ئالېكسىتىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئۇلار مېنى كەچۈرسۇن. مەن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كەچۈرۈمى ھاجەت. بار دۇنيارىمنى ئالېكسقا مىراس قىلىپ قالدۇردۇم، ئۇ مېنىڭ بىردىن-بىر مىراسخورۇم، ھۆججەت بويىچە ئۇ ئاللېكساندىر كىللىيان،

بىزنىڭ فامىلىيامىزدا، ئالېكس قىسقارتىلىپ ئېيتىلغان ئىسمى. ئالېكس 18 ياشقا تولغاندا، مېنىڭ قالدۇرغان مىراسىم توغرىسىدىكى ھۆججەتنى قولىغا ئالىدۇ. مېھرىبان، سىزگە ھېچ كىم بىلمەيدىغان سىرىمنى ئاچتىم. سىز بىلەن ئۇچراشقىنىم ئۈچۈن رازىمەن... سالىداتنىڭ تۇرىدىغان ماكان-جايىنى ئېسىڭىزدا ساقلاۋېلىڭ...

مېھرىبان رۇس ئېيتقان ماكان-جايىنى ئۇنتۇپ قالمىسام بولاتتىغۇ دەپ ئويلاپ ئولتارغاندا، كەينىدىن ئاپىسىنىڭ «مېھرىبان!» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قارىۋېدى، كۆزىگە ئارقىدىكى كرېسلولاردا دادىسى، ئاپىسى، گۈلى، رۇقىيەم، مېرۋانەم، مەريەم ۋە باشقىمۇ ھاياتتىن ئۆتكەن زۇتداشلىرى كۆرۈندى.

– تووۋا، سىلەر ئۇچاقتا قانداق پەيدا بولدۇڭلار؟ سىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «راست دەيسەن، بىز ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن سەن كىتاپ يېزىپ بىزنى قايتىدىن تىرىلدۈردۈڭ»،– دېيىشتى. زەينەپخان كۈلۈپ: «مەن ساڭا قۇملاق ئېچىپ نېمە دېگەن، ئېسىڭدىمۇ؟» – دېدى. قۇرۋان ئاكا: «قىزىم، بىز سېنىڭدىن رازى، بىز دايىم سېنىڭ بىلەن بىللە»، – دېگەندە، ستيۇاردېسسا مېھرىباننى ئاستا ئويغىتىپ:

– كرېسلونى تىك قىلىپ، بەلدىكنى بەكىتىپ ئولتىرىڭ، بىز لوس-ئانژېلېسقا كېلىپ قالدۇق، – دېدى.

مېھرىبان يېنىدىكى كرېسلوغا قارىسا ھېچ كىم يوق. ئۇ ستيۇاردېسسادىن:

– قېشىمدا ئولتارغان ئايال قېنى؟ – دەپ سورىدى.

قانداق ئايال؟ سىز يالغۇز ئولتاردىڭىزغۇ.

يەنىمدا ئولتارغان ئاق سپورت كوستيۇمنى كىيگەن، ئاق چاچلىق ئايالچۇ؟ يول بويى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم، ئىسمى رۇس كىلليان.

ستيۇاردېسسا قىز تاتىرىپ كەتتىدە، مېھرىباننىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتىرىپ ئاستا:

– سىز ئۇنى راست كۆرۈپ، سۆزلەشتىڭىزما؟ – دەپ سورىدى.

– ھە، مەن يول بويى پاراڭلىشىپ كەلدىم.

قىزنىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن تېخىمۇ چەكچەرەپ:

– بىزگە بۇ سىرنى ئېيتىشقا بولماتتى، لېكىن سىزگە ئېيتاي. سىز كۆرگەن ئەشۇ رۇس دېگەن ئايال قازاقستانغا ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ موشۇ كرېسلودا ئۇخلاپ يېتىپ، ژۈرىگى توختاپ قالغان، – دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇ چاغدا ئۇ قىزنى بورت پرووۋودنىڭ چاقىردى. چىرايىدىن تېخى قورقۇنۇچ تارقىمىغان قىز مېھرىبانغا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويۇپ كەتتى. مېھرىبان بۇنىڭدىن ئۇزۇن ژىللار بۇرۇن زەينەپ ئانىنىڭ قۇملاق ئىچىپ: «سېنىڭدە خۇدايىم بەرگەن بىر خىسلەت بار، ھازىر بايقىمايسەن، كېيىن ئۆزەڭ سېزىسەن»، – دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. ئۇ ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كەينىدىكى كرېسلولارغا سەپ سېلىپ قارىدى. ھەممىسىلا ئامستېردامدىن ئۇلتارغان ئادەملەر. «بايا مەن كۆرگەن ئەرۋاھلار قېنى؟ تووۋا، بۇ قانداق ئىس، بېشىم بىر تۈرلۈك بولۇۋاتىدىغۇ».

ئۇ يېنىدىكى بوش كرېسلوغا قاراپ: «رۇس كىللىيانىنىڭ ئىلتىماسىنى چوقۇم ئورۇنلىشىم كېرەك، شۇ چاغدىلا روھىنىڭ روھى خۇش بولۇپ ئارام ئالىدۇ» – دەپ ئويلىدى. مېھرىبان بالىلىق چاغلىرىنى، ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئانىلارنىڭ ئېغىر تەغدىرى توغرىلىق ئاڭلىغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتتى. مەنىڭ كىچىك چېغىمدا ئېغىر ئاغرىقلاردىن ئامان قالغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ، شۇ جاپاكەش، مېھرىۋان ئانىلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۈرىگىگە يەتكۈزۈشئوخشايدۇ. پەرەز قىلىشىمچە، بۇ كىتاپنى يېزىش بىلەنلا ۋەزىپەم تۈگىمەيدىكەن. ئەندى سالىدات، ئالېكسلار بىلەن ئۇرۇشىپ، ھەممىنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك. موشۇلارنى ئويلاۋاتقان مېھرىبان كۆزىگە ياش ئېلىپ: «بۇ دۇنيادا ھېچ كىم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، ھەممىمىز ۋاقىتلىق مېھمان. ئەينە شۇ مېھمان بولغان ۋاقىت ئىچىدە ھەممىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋەزىپىمىز بار. ئۆمۈردە چىرايلىق ياشاپ ۋاقتى-سائاتى كەلگەندە ئۇ دۇنياغا پاك نومۇس بىلەن كېتىشىمىز كېرەك. ئەۋلاتلىرىمىزغا ئاتىنىڭ بېشىدەك ئالتۇننى مىراس قىلىپ قالدۇرماسقىمۇ، قىلغان ياخشىلىقلىرىمىز، بالىلىرىمىزغا بولغام مېھىر-مۇھەببىتىمىز مىراس بولۇپ قالسۇن، – دەپ ئويلىدى.

ئۇچاق ئاستا-ئاستا پەسىيىپ، تۆۋەندە لوس-ئاندژېلىس كۆرۈندى. دائۇنتائۇندىكى ئېگىز-ئېگىز ئىمارەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، ئىللىيۇمىناتوردىن قاراپ ئولتارغان مېھرىبان: «بۇ يەردە مېنى قانچىمۇ ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدىكىن تېخى. سامىيا ماڭا كۈتۈلمىگەن سوغا تەييارلاۋاتىمەن دېگەن ئىدى. مۇمكىن قىزىم كۆڭلىگە ياققان ژىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ، تۇرمۇش قۇرۇشقا تاييارلىنىۋاتامدىكىن؟ ئەگەر سامىيا تۇرمۇشقا چىقىپ، مەنمۇ نەۋرە كۆرۈش بەختىگە يەتسەم، نۇر ئۈستىگە نۇر بولماتتىمۇ»، – دەپ ئارمان قىلىپ پىچىرلىدى...

# مۇندەرىجە


كۆمۈچ قاناتلار ئېلىپ ئۇچقاندا.......... 3
مەڭگۈلۈككە سەپەر.......... 6
تەشۋىشلىك يىللار ساداسى.......... 20
چەت يۇرتلاردا.......... 26
يۇرتنىڭ مېھرى بۆلەك.......... 72
جۇدالىق ھەسرىتى.......... 82
كۆڭۈلسىز خەۋەر.......... 94
تەشنا يۈرەكلەر.......... 101
چەيلەنگەن نومۇس.......... 128
ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر.......... 141
ۋىجدان سوتى.......... 146
ئۈزۈلگەن ئۈمۈت.......... 151
ھىجران دەردى.......... 162
قايغۇلۇق كۈنلەر.......... 175
روھلار يۆلەيدۇ.......... 200
ئانا كۆڭلى بالىدا.......... 214
دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر.......... 221
كېچىككەن ۋىسال دەملىرى.......... 228
خوشنىدارچىلىق.......... 240
قانلىق پاجىئە.......... 250
سېغىنىش ئوتى.......... 257
ئارمان قىلغان توي.......... 261
بەخت قۇچىقىدا.......... 276
ئۈزۈلگەن ئارمان.......... 296
قاناتلىق ئارزۇلار.......... 309
زامان قىسمەتلىرى.......... 320
يىراقتىكى چەت ئەلدە.......... 336
ئانىلار تەغدىرى - ئىلھام مەنبەسى.......... 373
بىباھا مىراس.......... 383
قېرىنداشنىڭ ئوتى بۆلەك.......... 391

www.uyghurkitap.com

دۆرنەم مەشۇروۋا

ئانا مىراسى

مۇھەررىر: سادىقجان يۇنۇسوۋ
تېخنىكىلىق مۇھەررىر: زارىنا ئاۋتوۋا
دىزاين: شاھىدا ئازناباقىيېۋا
رەسسام: ھاشىمجان قۇربانوۋ

بېسىلىشقا 26.11.2010 قول قويۇلدى.
ئوفسېتلىق قەغەز.
ھېساپقا ئېلىنىدىغان باسما ۋارىغى25
تىراژى500 .4899 №

"مىر" نەشرىياتى.
ئالمۇتا شەھىرى، ژىبېك ژولى، 64، 803- ئوفىس.
تېل: 89-39-273 (727) 7+
328-12-66



كىچىگىدىنلا ئەدەبىياتقا زور ئىشتىياق باغلىغان دۇرنەم مەشۇروۋا ياركەنت تەۋەسىدە دۇنىياغا كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە ھېكايىلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا داۋاملىق يورۇق كۆرۈپ كەلمەكتە. ئىجاتكارنىڭ “پىراقىڭدا”، “ئانامدىن مىراس” كەبى شېئىرلىرىغا ناخشا يېزىلىپ، ئۇيغۇر سەھنىسىدە ئېيتىلماقتا.

د. مەشۇروۋا ئۆمۈرلۈك جۈپتى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى ئازات مەشۇروۋنىڭ ھايات يولىنى ۋە شۇ دەۋىر روھىنى ھەرتەرەپلىمە يورۇتقان “بېھۇدە ئۆتمىگەن ئۆمۈر” ناملىق ھۆججەتلىك قىسسىسى ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئىللىق ئىنكاسىغا ئېگە بولالىدى.

ISBN 978-601-7272-14-2